ئىسلامجان شېرىپ

# ئەقىل ۋە ھەزىل



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئىسلامجان شېرىپ

# ئەقىل ۋە ھەزىل

مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئوسمان موللەك
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

ئىسلامجان شېرىپ

# ئەقىل ۋە پەزىلەت

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە تارقاتقۇچىسى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1990 - يىل 6 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1990 - يىل 6 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 4.15 يۈەن

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئەقىل ...... (1)
1. ئەقىل ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى...... (1)
2. ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى...... (15)
3. ئەقىل تەركىبىدىكى ئومۇمىي قابىلىيەتلەر...... (26)
4. ئالاھىدە ئىقتىدار ياكى تالانت...... (85)
5. بىلىم، ماھارەت، گۈزەللىك ۋە ئەقىل ...... (112)
ئىككىنچى باب ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ماددىي ئاساس ۋە ھەل قىلغۇچ ئامىل...... (139)
1. ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ماددىي ئاساس...... (139)
2. ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل...... (181)
ئۈچىنچى باب ئەقلىي پەرقلەر...... (208)
1. ئەقلىي پەرقنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقى...... (209)
2. ئەقىل تەرەققىياتىدىكى پەرقلەر...... (215)
تۆتىنچى باب ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھالقىلىرى ...... (246)
1. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش...... (247)
2. ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش...... (276)
3. ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى...... (301)

بەشىنچى باب ئەخلاق ۋە ئەقىل........................ (355)
1. ئەخلاقنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ئەھمىيىتى ...... (355)
2. گۈزەل خىسلەت...................................... (363)
ئالتىنچى باب پسىخىكا پەزىلىتى ۋە ئەقىل.............. (387)
1. پسىخىكا پەزىلىتى.................................. (387)
2. ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەتكە
ئېلىپ بارىدىغان پسىخىكا پەزىلەتلىرى.................. (395)
3. ئەڭ ئەلا پسىخىكا پەزىلەتلىرى...................... (407)
4. ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ
بارىدىغان پسىخىكا ئامىللىرى........................ (433)
يەتتىنچى باب ھېسسىيات ۋە ئەقىل..................... (442)
1. ھېسسىيات ۋە ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى......... (443)
2. ھېسسىيات، كەيپىيات ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىلگە تەسىرى
................................................ (451)
3. ھېسسىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە ھېسسىيات تەربىيىسى
................................................ (466)
4. بالىلارغا ساغلام ھېسسىيات تەربىيىسى بېرىش......... (469)
سەككىزىنچى باب خاراكتېر ۋە ئەقىل .................. (475)
1. ئاسمۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى
................................................ (475)
2. خاراكتېرنىڭ مەزمۇنى................................ (480)
3. ساغلام خاراكتېرلىك كىشىلەرنىڭ ئىپادىلىرى......... (487)
4. خاراكتېرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى............... (488)
5. بالىلارغا قارىتىلغان خاراكتېر تەربىيىسى.......... (501)

توققۇزىنچى باب  ئىرادە ۋە ئەقىل........................ (511)
1. ئىرادە.............................................. (511)
2. مۇرەككەپ ۋە يۈكسەك ئىرادە ھەرىكىتى.................... (516)
3. ئۇگۇشسىزلىقلارنى يېڭىش................................ (523)
ئونىنچى باب  ئەقىل ۋە زامانىمىزدىكى ئادەملەر................ (526)
1. ئەقىل ۋە تەرەققىيات.................................. (527)
2. زامانىۋىلىشىش ۋە ئادەم................................ (534)
3. ئەنئەنىۋى ئادەم ۋە زامانىۋى ئادەم..................... (546)
4. كەلگۈسى ئادەم ۋە ئىجادىيەت............................ (554)

# بىرىنچى باب ئەقىل

ئۇچۇق كۆزدىن زىيرەك ئەقىلدۇر، ئەقىل،
دەنالاردىن يۈكسەك ئەقىلدۇر، ئەقىل.
— ئەبۇ شۈكۈر بەلخى.

## 1. ئەقىل ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى

### 1) ئەقىلنىڭ تەبىرى

ئەقىل ـ پاراسەت ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرغان ئەڭ ئالىي تۇغ. بۇ تۇغ بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئۈچۈن ئىپتىقاندا، خۇددى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى قوشۇننىڭ جەڭگە كىرگەندە تۆزلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدىغان بايرىقىغا ئوخشايدۇ. ئادەمدە ئەقىل بولمايدىكەن مەغلۇپ بولغان قوشۇننىڭ بايرىقى چۈشكەندەك، ئۇنىڭ ئادەملىك قىممىتىمۇ بولمايدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ فاگجېنىدىكى ئۈچ مۇھىم نۇقتىنىڭ بىرىسىدە ئەقلىي تەربىيىنى مائارىپ تەربىيىسىنىڭ مەركىزى ۋەزىپىسى قىلىش ئەقىلنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلىقىدىن بولغان. شۇڭا، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەممە كىشى دېگۈدەك ئەقىل توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. بەزىلەرنى ”ئەقىللىق“ دېسە، بەزىلەرنى ”كەم ئەقىل“ دەيدۇ. ئەمما، ئەقىل توغرىسىدا ھەممە ئادەم گەپ قىلغان بىلەن

قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى كۆرسىتىسە، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئادەمنىڭ بىر جەھەتتىكى ئەقلى بىرنەچچە خىل فۇنكسىيىدىن تەركىب تاپىدۇ، بۇلار تاللاش، ھېسابلاش، خاتىرە قىلىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشتۇر، دەپ قارايدۇ.

دېمەك، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەتبىقلاش كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇلۇپ، تۈرلۈك تەلىماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئۇ تەلىماتلارنى تەتبىقلاش ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئايلاندى. ئىجادىيەت مائارىپى مۇنداق ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ تىپىك ئىپادىسىدۇر.

ئىجادىيەت مائارىپى كىشىلەر ئەزەلدىن يولۇقمىغان، ئويلاپ باقمىغان مەسىلىلەرنى نىشانلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەقلىلىق ۋە ئىجادىي ئادەم تەربىيىلەش، كىشىلەرنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى كەڭ تۈردە جارى قىلدۇرۇش، ھەربىر مىللەتنىڭ دۇنياۋى رىقابەتتە مىللىي ئىززىتىنى ئەقىل جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ۋە مىللىي روھنىڭ جەۋھىرى بولغان يېڭى مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى بىلەن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپ تۈرى بولۇپ، ھازىر دۇنيادا ھەربىر مىللەت ئۆز شارائىتلىرى ئېتىبارى بىلەن باللار، ئۆسمۈرلەر، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ھەتتا 50 ياشلاردىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار بويىچە ئىجادىيەت مائارىپىنى يولغا قويماقتا. شۈبھىسىزكى، دۇنيادىكى تۈرلۈك ئەللەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بىلەن تەتقىق قىلىنىۋاتقان ۋە زور كۆلەملىك مائارىپ شەكلىنى ئېلىۋاتقان بۇ ئىلمىي پائالىيەت يىراق

ئۆنىڭغا بولغان تونۇش ۋە بېرىلگەن تەبىرلەر بىردەك ئەمەس.

ھازىر چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەقىل ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش ۋە تەبىرلىرىنى تۆت خىلغا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — يېڭى مۇھىتقا ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتى، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — ئۆگىنىش قابىلىيىتى، دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — مۇرەككەپ شەيئىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، دەپ قارايدۇ. تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — ئادەمدىكى تۈرلۈك قابىلىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى، دەپ قارايدۇ.

ئەقىل ۋە ئىجادىي قابىلىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا كېچىكىپرەك ئىشقا كىرىشكەن ئېلىمىز پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنىمۇ تۆت تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل ئىندىۋىت خاھىشچانلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان ۋە پائالىيەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان تۈرلۈك بىلىش قابىلىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى، بۇ يىغىندا، شەخسنىڭ ئىدراك ئارقىلىق خاتىرە قىلىش قابىلىيىتى؛ ئابستراكسىيىلەش ۋە يىغىنچاقلاش قابىلىيىتى؛ مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھالدا ئىجادىي ھەل قىلىش قابىلىيىتى قاتارلىق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل تاشقى مۇھىت ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، ئابستراكسىيىلەش ۋە يىغىنچاقلاش، شۇنداقلا ھۆكۈم ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقارغاندا مۇناسىپ ھەرىكەت قوللىنالايدىغان بىر خىل پسىخىك قابىلىيەت، دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆزىتىش

تىن، ئەقىل ئاساسلىقى بىلىش ۋە ھەرىكەتتە يېتىلگەن سەۋىيىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەقىلدىكى قابىلىيەتلەرنىڭ يادروسى ئابستراكت تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىش قابىلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئەقلىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى، توغرىلىقى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى سۈپىتى، سۈرئىتىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەقىل ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك سۈپىتى ئاساسىدا مائارىپ تەربىيىسى، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە شەخسىي تىرىشچانلىق بىلەن يېتىلدۈرۈلىدۇ.

پسىخولوگىيىدە ئەقىل قابىلىيەت كاتېگورىيىسى بولغان بىلەن، ئىقتىسادشۇناسلىقتا ئەقىل بىلەن قابىلىيەت پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەتتىكى كىشىلەر دەپ يۈرگەن "قابىلىيەت"نىڭ دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇ پسىخولوگىيىدە قەيت قىلىنىۋاتقان يۇقىرىقى قابىلىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئەمەلىيەت قابىلىيىتى، ئىجادىي قابىلىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەتتا تېخى تۇغما قابىلىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى تۇغما قابىلىيەتلەر بولسا ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر. مەسىلەن، بىئولوگلار كاللىسى ئېلىۋېتىلگەن قىسقۇچ پاقىنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تېنىدە غىدىقلاشقا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئادەملەر ئارىسىدىكى گالۋاڭلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئاجىز بولىدۇ ياكى ئەقلىي قابىلىيىتى بولمايدۇ، ئەمما ئۇلاردا نورمال ئادەملەردە بولىدىغان تۇغما قابىلىيەت ۋە بەزى پائالىيەت قابىلىيەتلىرى بولىدۇ. چوڭ مېڭە بۇ

بولمىغان كەلگۈسىدە ئەقىل توغرىسىدا تېخىمۇ كەڭ، توغرا ۋە ئىلمىي بولغان تەدبىرلەرنى بېرىدۇ. ھازىرچە بىز تۈرلۈك ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتلار ئاساسىدا ئەقىل مۇنداق دەپ قارايمىز.

ئەقىل دېگىنىمىز ئەقلىي قابىلىيەتلەرنىڭ ئاممىباب ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئەقىل ئادەم مېڭىسىنىڭ خىزمەت قابىلىيىتى، ئادەمنىڭ بىلىش قابىلىيىتىدۇر. ئۇنى ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇچۇرلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش، بىلىش، ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتى دېگەن ئۇقۇمغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

چوڭ مېڭىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى جەھەتتىن قارىغاندا، ئەقىلنى يەنە بىلىم ئېلىش ماھارىتى ۋە بىلىم ماھارىتىنى تەتبىقلاش قابىلىيىتى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئەقىل قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئەقىلنى خاتىرە قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەقىل كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن بىلىش جەھەتتىكى تۇراقلانغان پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يىغىندىسىدۇر. كىمكى پائالىيەتلەردە ئەقىل بىلەن ئوتتۇپ چىقماقچى بولىدىكەن ياكى ئىجادىي قابىلىيەتتە سەكرەپ ئىلگىرىلىمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ئاۋۋال بىلىم ئاساسىنى پۇختىلاش، ئەقىلدىن ئىبارەت قابىلىيەت ھالقىسىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بىراق تۈرلۈك قابىلىيەتلەر مېڭىنىڭ ھالدا قوشۇلۇپ قالغان نەرسە بولماستىن، ئورگانىك ھالدا بىرىكىش ۋە بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىش ھالىتىدە تۇرغانلىق-

# بىرىنچى باب ئەقىل

ئۇچۇق كۆزدىن زىرەك ئەقىلدۇر، ئەقىل،
دەنالاردىن يۈكسەك ئەقىلدۇر، ئەقىل.
— ئەبۇ شۇكۇر بەلخى.

## 1. ئەقىل ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى

### 1) ئەقىلنىڭ تەبىرى

ئەقىل - پاراسەت ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرغان ئەڭ ئالىي تۇغ. بۇ تۇغ بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇددى بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى قوشۇننىڭ جەڭگە كىرگەندە ئۆزلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدىغان بايرىقىغا ئوخشايدۇ. ئادەمدە ئەقىل بولمايدىكەن مەغلۇپ بولغان قوشۇننىڭ بايرىقى چۈشكەندەك، ئۇنىڭ ئادەملىك قىممىتىمۇ بولمايدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ فاكجېنىدىكى ئۈچ مۇھىم نۇقتىنىڭ بىرسىدە ئەقلىي تەربىيىنى مائارىپ تەربىيىسىنىڭ مەركىزى ۋەزىپىسى قىلىش ئەقىلنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلىقىدىن بولغان. شۇڭا، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەممە كىشى دېگۈدەك ئەقىل توغرىسىدا سۆز- لەيدۇ. بەزىلەرنى ”ئەقىللىق“ دېسە، بەزىلەرنى ”كەم ئەقىل“ دەيدۇ. ئەمما، ئەقىل توغرىسىدا ھەممە ئادەم گەپ قىلغان بىلەن

قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى كۆرسەتسە، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئادەمنىڭ بىر جەھەتتىكى ئەقلى بىرنەچچە خىل فۇنكسىيىدىن تەركىب تاپىدۇ، بۇلار تاللاش، ھېسابلاش، خاتىرە قىلىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشتۇر، دەپ قارايدۇ.

دېمەك، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەتبىقلاش كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇلۇپ، تۈرلۈك تەلىماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئۇ تەلىماتلارنى تەتبىقلاش ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئايلاندى. ئىجادىيەت مائارىپى مۇنداق ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ تىپىك ئىپادىسىدۇر.

ئىجادىيەت مائارىپى كىشىلەر ئەزەلدىن يولۇقمىغان، ئويلاپ باقمىغان مەسىلىلەرنى نىشانلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەقلىلىق ۋە ئىجادىي ئادەم تەربىيىلەش، كىشىلەرنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى كەڭ تۈردە جارى قىلدۇرۇش، ھەربىر مىللەتنىڭ دۇنياۋى رىقابەتتە مىللىي ئىززىتىنى ئەقىل جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ۋە مىللىي روھنىڭ جەۋھىرى بولغان يېڭى مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى بىلەن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپ تۈرى بولۇپ، ھازىر دۇنيادا ھەربىر مىللەت ئۆز شارائىتلىرى ئېتىبارى بىلەن بالىلار، ئۆسمۈرلەر، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ھەتتا 50 ياشلاردىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار بويىچە ئىجادىيەت مائارىپىنى يولغا قويماقتا. شۈبھىسىزكى، دۇنيادىكى تۈرلۈك ئەللەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بىلەن تەتقىق قىلىنىۋاتقان ۋە زور كۆلەملىك مائارىپ شەكلىنى ئېلىۋاتقان بۇ ئىلمىي پائالىيەت يىراق

ئۇنىڭغا بولغان تونۇش ۋە بىرىلگەن تەبىرلەر بىردەك ئەمەس.

ھازىر چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەقىل ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش ۋە تەبىرلىرىنى تۆت خىلغا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — يېڭى مۇھىتقا ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتى، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — ئۆگىنىش قابىلىيىتى، دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — مۇرەككەپ شەيئىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، دەپ قارايدۇ. تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — ئادەمدىكى تۈرلۈك قابىلىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى، دەپ قارايدۇ.

ئەقىل ۋە ئىجادىي قابىلىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا كېچىكىپرەك ئىشقا كىرىشكەن ئېلىمىز پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنىمۇ تۆت تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل ئىندىۋىت خاھىشچانلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان ۋە پائالىيەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان تۈرلۈك بىلىش قابىلىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى، بۇ يىغىندا، شەخسنىڭ ئىدراك ئارقىلىق خاتىرە قىلىش قابىلىيىتى؛ ئابستراكسىيىلەش ۋە يىغىنچاقلاش قابىلىيىتى؛ مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھالدا ئىجادىي ھەل قىلىش قابىلىيىتى قاتارلىق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل تاشقى مۇھىت ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، ئابستراكسىيىلەش ۋە يىغىنچاقلاش، شۇنداقلا ھۆكۈم ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقارغاندا مۇناسىپ ھەرىكەت قوللىنالايدىغان بىر خىل پسىخىك قابىلىيەت، دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئەقىل — كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆزىتىش

تىن، ئەقىل ئاساسلىقى بىلىش ۋە ھەرىكەتتە يېتىلگەن سەۋىيىنى كۆرسىتىدۇ.
ئەقىلدىكى قابىلىيەتلەرنىڭ يادروسى ئابستراكت تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىش قابىلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئەقلىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى، توغرىلىقى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى سۈپىتى، سۈرئىتىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەقىل ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك سۈپىتى ئاساسىدا مائارىپ تەربىيىسى، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە شەخسىي تىرىشچانلىق بىلەن يېتىلدۈرۈلىدۇ.
پسىخولوگىيىدە ئەقىل قابىلىيەت كاتېگورىيىسى بولغان بىلەن، ئىقتىسادشۇناسلىقتا ئەقىل بىلەن قابىلىيەت پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەتتىكى كىشىلەر دەپ يۈرگەن "قابىلىيەت"نىڭ دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇ پسىخولوگىيىدە قەيت قىلىنىدىغان يۇقىرىقى قابىلىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئەمەلىيەت قابىلىيىتى، ئىجادىي قابىلىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەتتا تېخى تۇغما قابىلىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى تۇغما قابىلىيەتلەر بولسا ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر. مەسىلەن، بىئولوگلار كالىلىسى ئېلىۋېتىلگەن قىسقۇچ پاقىنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تېنىدە غىدىقلاشقا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئادەملەر ئارىسىدىكى گالۋاڭلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئاجىز بولىدۇ ياكى ئەقلىي قابىلىيىتى بولمايدۇ، ئەمما ئۇلاردا نورمال ئادەملەردە بولىدىغان تۇغما قابىلىيەت ۋە بەزى پائالىيەت قابىلىيەتلىرى بولىدۇ. چوڭ مېڭە بۇ

بولمىغان كەلگۈسىدە ئەقىل توغرىسىدا تېخىمۇ كەڭ، توغرا ۋە ئىلمىي بولغان تەدبىرلەرنى بېرىدۇ. ھازىرچە بىز تۈرلۈك ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتلار ئاساسىدا ئەقىل مۇنداق دەپ قارايمىز.

ئەقىل دېگىنىمىز ئەقلىي قابىلىيەتلەرنىڭ ئاممىباب ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئەقىل ئادەم مېڭىسىنىڭ خىزمەت قابىلىيىتى، ئادەمنىڭ بىلىش قابىلىيىتىدۇر. ئۇنى ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇچۇرلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش، بىلىش، ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتى دېگەن ئۇقۇمغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

چوڭ مېڭىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى جەھەتتىن قارىغاندا، ئەقىلنى يەنە بىلىم ئېلىش ماھارىتى ۋە بىلىم ماھارىتىنى تەتبىقلاش قابىلىيىتى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئەقىل قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئەقىلنى خاتىرە قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەقىل كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىش جەريانىدا شەكىللەندۇرگەن بىلىش جەھەتتىكى تۇراقلانغان پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يىغىندىسىدۇر. كىمكى پائالىيەتلەردە ئەقىل بىلەن ئۇتتۇپ چىقماقچى بولىدىكەن ياكى ئىجادىي قابىلىيىتىنى سەكرەپ ئىلگىرىلىمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ئاۋۋال بىلىم ئاساسىنى پۇختىلاش، ئەقلىدىن ئىبارەت قابىلىيەت ھالقىسىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بىراق تۈرلۈك قابىلىيەتلەر مېخانىك ھالدا قوشۇلۇپ قالغان نەرسە بولماستىن، ئورگانىك ھالدا بىرىكىش ۋە بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىش ھالىتىدە تۇرغانلىق-

تېگىشلىك بولغان ھەرىكەتلىرىدىن مۇرەككەپ ھەرىكەت ئەمەس.

تەبىئىي شارائىتتا ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بولمىغان پائالىيەت قابىلىيىتى چوڭ مېڭىنىڭ "پائالىيەت ئېشىنچىسى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق "ئېشىنچا"غا ئىگە بولغان ئالىي دەرىجىلىك ھايۋاناتلارنىڭ چوڭ مېڭىسىگە ئوخشاش بولمىغان ئادەم چوڭ مېڭىسى بولسا "پەۋقۇلئاددە ئېشىنچا"غا ئىگە.

ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىقتىن ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە ئايلىنىشى ئورگانىزمدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا پەيدا بولغان بولۇپ، بۇنداق ئۆلگىرىلەش ئىنسانلار جەمئىيىتى، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىرسىيەتسىز مەدەنىيەت تەركىبلىرىگە، جۈملىدىن پەن-تېخنىكا ئۈچۈرلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان، ھازىرقى كۈندىمۇ ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئەللەردىكى كىشىلەردىن تۆۋەن بولمىغانلىقى بۇنىڭ پاكىتىدۇر.

ئادەم مېڭىسىنىڭ "پەۋقۇلئاددە ئېشىنچىسى" قانداق پەيدا بولغان؟ ئادەم مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇنداق تەدرىجىي تەرەققىياتنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدىن پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان ئەمگەكنى بىلەن تىلى بەلگىلىگەن. ئىجتىمائىيلاشقان ئورتاق ئەمگەكنىڭ تۈرتكىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان ھەمدە يەككە ئاھاڭدىن ئېنىق بوغۇملۇق ئاھاڭغا تەرەققىي قىلغان تىل ئادەمسىمان مايمۇننىڭ مايمۇنسىمان ئادەمگە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىنى ۋە مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ يېڭىچە ئادەمگە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا چىققان تىل ئوخشاشلا

قابىلىيەتلەردە قانداق رول ئوينايدۇ؟ بۇ مەسىلىدىمۇ بىئولوگلار قىسقۇچ پاقىنى تەجرىبە قىلغان. قىسقۇچ پاقا مېڭىسىنىڭ ۋە قورسىقىنىڭ نېرۋا تۇگۇنچىلىرىنى كېسىپ تاشلىغاندا، قىسقۇچ پاقا تاكى قورسىقى يېرىلىپ كەتكۈچە يەم يېگەن، ئەگەر ئۇنىڭ نېرۋا تۇگۇنچىلىرى كېسىپ تاشلانمىغاندا قورسىقى يېرىلىپ كەتكۈچە يەم يېمىگەن بولاتتى. قىسقۇچ پاقىدىكى بۇنداق تۇغما قابىلىيەت ھەرگىزمۇ ئەقلىي قابىلىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئادەم ۋە ھايۋانلاردا ئورتاق بولىدىغان بۇنداق تۇغما قابىلىيەتلەرنى ئەقىل ياكى ئىقتىدار دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ.

ئالىملار يەنە ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئۆز نېرۋا سىستېمىسىغا تايىنىپ زۆرۈر ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغىنىمۇ ئىلمىي جاۋاب بەردى.

ئالايلۇق، نېرۋا سىستېمىسى يۇكسەك تەرەققىي قىلغان ئىت ئېيىقى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە تەرتىپلىك ھەرىكەتلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئىت ئېيىقنى كۆندۈرگۈچىلەر ئۇنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينىيالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدۇ. ئەمما بۇنداق ماھارەت ئىت ئېيىقنىڭ ھاياتىدىكى زۆرۈر ئېھتىياجى ئەمەس، ئىت ئېيىقى بىلىق تۇتالايدۇ ۋە ھەسەل يىغالايدۇ، مۇرەككەپلىك دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ماھارەتلەر موتىسىكلىت ھەيدەشتىن ئاددىي ئەمەس.

ئىت ئېيىقىدىن باشقا، ئەنگلىيىدە تاغ قۇشقىچى تۇمشۇقى بىلەن سۈت قۇتىسىنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ سۈت ئىچىشنى ئۆگەنگەن. بۇ مۇزتاغ قۇشقىچىنىڭ تەبىئىي مۇھىتتا ماسلىشىش ئۈچۈن تاماملاشقا

قىلغان. دېمەك، ئادەم مېڭىسىنىڭ "پەۋقۇلئاددە ئېشىنچىسى" بوغۇمى ئېنىق تىل بىلەن ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئادەم مېڭىسىنىڭ "پەۋقۇلئاددە ئېشىنچىسى" ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى ياشاش ئۈچۈن موھتاج بولغان پائالىيەتلەردىنمۇ مۇرەككەپ پائالىيەتلەرنى تاماملاش قابىلىيىتىنى بەلگىلىگەن. مانا بۇ ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھايۋاناتلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئادەتتىكى ئېشىنچىلىرىدىن پرىنسىپ جەھەتتە پەرقلىنىدىغان يېرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ئەقىل پەقەت ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ بىلىش قابىلىيىتى بولۇپ، ئىقتىدار ئەقىل ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان ئەمەلىيەت قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيىتىدۇر. ئادەم ھەر خىل ھادىسىلەر ياكى مەلۇم كېسەللىك تۈپەيلى مەلۇم تۇغما قابىلىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما، چوڭ مېڭە زەخىملىنىپ كەتمىسىلا، ئەقىل يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئوستروۋسكى پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان بولسىمۇ، چوڭ مېڭىسى ساق قالغانلىقتىن «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن رومانىنى يېزىپ چىققان. مەملىكىتىمىزدىمۇ پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئەسەر يېزىش بىلەن مەشھۇر بولغان گاۋ شىچىمۇ، پۈتۈن بەدىنى پالەچ بولۇپ قالغان ئەھۋالدىمۇ چوڭ مېڭىسى زەخىملەنمىگەنلىكتىن پروزا ۋە شېئىرىيەتتە كارامەت كۆرسەتكەن. پېشقەدەم مائارىپچى، تارىخچى ۋە ئوت يۈرەك شائىر مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ۋە ئاللىقاچان ماڭالماس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، "سۈزۈك" تەخەللۇس بىلەن ھازىرمۇ قىزغىن يازماقتا. شۇڭا، ئەقىل بىلەن قابىلىيەتنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

تەپەككۇرنىڭمۇ قورالى بولۇپ قالغان. ئەمگەك، تىل ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتى ئادەم مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ھىندونېزىيىنىڭ ھاۋايى ئارىلىدىن تېپىلغان 500 مىڭ يىل بۇرۇنقى مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە مېڭە سىغىمى 870 مىللىمېتر كەلگەن. لېكىن ھازىرقى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ مېڭە سىغىمى پەقەت 235 مىللىمېتىردىن 650 مىللىمېترغىچىلا كەلگەن. فرانسىيىنىڭ سان-راسابېل دېگەن يېرىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئادەمنىڭ مېڭە سىغىمى 1350 مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتكەن. قەدىمكى ئادەم باسقۇچىغا يەتكەندىن كېيىن، ئادەم مېڭىسى چوڭايماستىن، بەلكى تۈزۈلۈشى جەھەتتە داۋاملىق مۇرەككەپلىشىشتەك يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلغان.

قىسقىسى، چوڭ مېڭە بەلگىلىك چوڭلۇق ۋە مۇرەككەپلىك دەرىجىسىگىچە تەرەققىي قىلغاندا، ئىپتىدائىي ئادەم ئالىي دەرىجىلىك ھايۋاناتلار (مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئادەمسىمان مايمۇنى)غا خاس سىگنال ئالماشتۇرۇشلاردىن ئېنىق بوغۇملۇق تىل ئىشلىتىشكە بۇرۇلۇش قىلغان. مۇشۇ چاغدىن باشلاپ، ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى مۇكەممەللىشىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئادەم مېڭىسى يىغىنچاق ۋە ئابستراكت ئۇقۇم ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشقا باشلىغان. بۇنداق ئۇقۇملارنى يىغىنچاقلاش قابىلىيىتى ناھايىتى زور بولغاچقا، ئۇ خاتىرە قىلىش ۋە ئالاقە قىلىشقا ناھايىتى زور دەرىجىدە قولايلىق تۇغدۇرغان. بۇنداق تەپەككۇر قابىلىيىتى ئادەم مېڭىسىنىڭ يۇكسىنى زور دەرىجىدە يېنىكلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ "پەۋقۇلئاددە ئېشىنچىسى"غا كاپالەتلىك

قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى قاتارلىق كۆپلىگەن ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ، شۇڭلاش ئۇچۇن ئۇ مۇئەييەن قۇرۇلما شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

## 2) ئەقىل قۇرۇلمىسى

ئەقىل ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ھازىرقى نەتىجىسى بويىچە قارىغاندا، ئەقىلنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئەقىلنىڭ مۇئەييەن قۇرۇلما شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدۇر. ئەقىلنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى بولغان ئەقىل قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ. ئەقىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلۈك ئامىللارنىڭ رولى، تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا، مۇشۇنداق ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭلاش ئۈچۈن، ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نوقۇل ھالدا بىرەر ئامىلنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، چۈنكى ئەقىل قۇرۇلمىسى ئەقىلدىكى ھەم ئۆزئارا باغلىنىدىغان، ھەم نىسپىي مۇستەقىل تۇرىدىغان تۈرلۈك قابىلىيەتلەر سىستېمىسىدۇر.

ئەقىل قۇرۇلمىسى ئەقىل ئىگىسى ياكى بىرەر ئىختىساسلىقتا ھازىرلانغان دىققەت قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئۇنىۋېرسال گەۋدە بولۇپ، ھەركىمنىڭ ئەقىل قۇرۇلمىسى ئەقىل تەركىبلىرىنىڭ قۇرۇلمىغا بىرىكىش ئەھۋالىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ، ئالايلۇق، كىشىلەرنىڭ بىلىمدىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش قۇرۇلما مەۋجۇتتۇر. ئەگەر بىر كىشى نەچچە يۈز پارچە كىتابنى ئوقۇپ يادلىۋالغان بولسا، ئۇ كىتابلاردىكى

شۇنداق، ئەقىل بىلەن قابىلىيەت بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئادەتتە قەيت قىلىنىدىغان ئىقتىدار دېگەندە، كۆپ ھاللاردا، پاراسەت ياكى ئەقلىي ئىقتىدار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىقتىدارنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئەقىلنى ئاساس قىلىدۇ. ئەقىل، ئىقتىدار ئەقلىي ئەمگەكنى ئاساس قىلغان ئىلمىي خادىملار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەر مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش دەپ ئاتاۋاتىدۇ. بىراق، ئەقىل بىلەن قابىلىيەتنى پەرقلەندۈرۈش مەسىلىلىرىنى ئۆز لىنىيىسىدە چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىشقا تولىمۇ پايدىلىقتۇر.

ئادەمنىڭ ئەقلى ئەمەلىيەت پائالىيىتى جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئورۇندايدىغىنى ئەمەلىيەت پائالىيىتى بولماستىن، بىلىش پائالىيىتى-دۇر. ئۇ، بىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى كەم بولسا بولمايدىغان ئىستەك بىلەن تەمىن ئېتىش ئارقىسىدا ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولغان. ئەقىلنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيى-تىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇشى مەلۇم ياكى بەزى كونكرېت ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بارلىق ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنداشقا زۆرۈر بولغان بىلىش پائالىيىتى ئۈچۈن-دۇر. پسىخولوگىيە مۇنداق دەپ قارايدۇ: بىلىشنىڭ پسىخىكا جەريانىنى تەكشەش ئىدراك، دىققەت، خاتىرە، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق بولىدۇ، شۇڭا، ئەقىل مۇناسىپ ھالدا دىققەت قابىلىيىتى، كۆزىتىش

هازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە قارىغاندا، ئەقىل قۇرۇلمىسى ئىختىساسلىقلارنىڭ تەن قۇرۇلمىسى، پسىخىك قۇرۇلمىسى، ئەخلاقىي پەزىلەت قۇرۇلمىسى، تۇغما قابىلىيەت قۇرۇلمىسى، مىجەز تەبىئىتى قۇرۇلمىسى قاتارلىق قۇرۇلمىلار بىلەن زىچ باغلانغان هالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تارماق قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە نۇرغۇن ئامىللار بار. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ئامىللار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان نېگىزلىك ئامىللارنى دەۋر قىلىپ تۈركۈملەر بويىچە ئەقىلدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن گەۋدىگە مۇجەسسەملىشىدۇ.

ئادەم بەدىنىدىكى قايسىبىر ئەزا ئۆز جايىدا بولمىسا ئادەم بەدىنىدە غەيرىي نورماللىق كۆرۈنگەندەك، ئامىللار تۈركۈمىنىڭ مۇۋاپىق هالدىكى بىرىكىشى بولمىسىمۇ، ئەقىل قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى مۇۋاپىق بولماي ئەقىلنىڭ ئىشقا سېلىنىشىدا كەمتۈكلۈك كۆرۈنىدۇ.

دېمەك، ئەقىل قۇرۇلمىسى خۇددى قۇرۇلۇشنىڭ مودېلىغا ۋە ياكى كاتتا ئىمارەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بېتون تۈۋرۈككە ئوخشاش ئادەمنىڭ قابىلىيەت دەرىجىسى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ئەقلىي كاپالەتتۇر. شۇڭا، ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش كېرەك.

ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنى تولۇق ئىشقا سېلىش كېرەك. چۈنكى مىكرولۇق نۇقتىدىن قارىغاندا، هەركىمنىڭ ئەقىل قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشى-يامان ياكى يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى تۇغما قابىلىيەتتە ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ تۇغما ئاجىزلىقى

بىلىم مۇئەييەن ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ ئەقلىدە بىر بىلىم قۇرۇلمىسى ھاسىل قىلمىسا، ئۇ كىتابلاردىكى بىلىملەر خۇددى بىرنەچچە يۈز پارچە كىتابنى كىتاب جاھازىسىغا تىزىپ قويغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ كاللىسىدا پارچىلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ-دە، ئۇنىڭ بىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ھېچقانچە ئەسقاتمايدۇ. ئۇنىڭ كاللىسى ئەنە شۇ نەچچە يۈز پارچە كىتابنىڭ مېخانىك ھالدا تىزىلىپ تۇرۇشىغا تەڭ بولىدۇ. ئەگەر قايسى ئورۇن ئۇنىڭ ئاشۇ كىتابلارنى يادلىۋالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى يۆتكەپ كېلىپ ئىشلەتسە، پەقەت نەچچە يۈز پارچە كىتاب سېتىۋالغانغا ئوخشاش بىر ئىش قىلغان بولىدۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا مۇنداق قاتماللىق يوق، ئەلۋەتتە. بىراق، كىتابتىكى بىلىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئەقىل قۇرۇلمىسى ھاسىل قىلمايدىكەن، ئۆزىنىڭ تەتبىقلىنىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ. بۇ دەرھەقىقەتتۇر. شۇڭا ئىختىساس-لىقلارنىڭ ئەقىل قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش زامانىمىزنىڭ پەن تەتقىقاتىدا مۇھىم ئىشتۇر.

ئەقىل قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى تەتقىقات چەت ئەللەردە بۇرۇنراق باشلانغان بولۇپ، بىزدە تېخى ئەمدىرەك قولغا ئېلىنىدى. چەت ئەللەر ۋە ئېلىمىزدىكى پسىخولوگلار ۋە باشقا ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەقىلنىڭ قۇرۇلمىسى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، ئەقىل قۇرۇلمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇۋاپىق - مۇۋاپىقسىز، ياخشى - يامان بولىدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ، ئەقىل قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەقىل قۇرۇلمىسىدىكى مۇۋاپىقسىز، يامان تەرەپلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ياخشىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتتى.

تارماق سىستېمىسىدۇر.

## 2. ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1) ئەقىل قۇرۇلمىسىدىكى ئامىللار

ئەقىل قايسى ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ؟ بۇ تېخى مۇنازىرە ئۈستىدىكى مەسىلە. ئەمما ھەرقانداق ئىختىساسلىقنىڭ قابىلىيىتىنى باھالىغاندا ئۇنىڭ ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ۋە ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدىغان نېگىزلىك ئامىللارنىڭ سەۋىيىسىنى كۆزىتىش ئالدىنقى شەرت بولغاچقا، مۇنازىرە ئۈستىدىكى بۇ مەسىلىنى زامانىمىزدىكى چىگىشى توختىغان تەلىماتلار ئارقىلىق چۈشىنىپ، چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى كەلگۈسى تەتقىقاتلارغا قالدۇرىمىز.

بۇ تەلىماتلارنىڭ بىرىنچىسى ئەقىلنىڭ ئىككى ئامىلدىن تەركىب تاپقانلىقى توغرىسىدىكى تەلىمات بولۇپ، بۇ تەلىماتنى ئامېرىكا پسىخولوگى، ستاتىستىكچىسى سپىلمان ئوتتۇرىغا قويغان. سپىلمان ئومۇمىي ئەقىلنىڭ يەككە ئامىلى (ئىچكى ئامىلى) بار دەپ قاراپ بۇ ئامىلنى g دەپ ئاتىدى، ئۇ يەنە ھەرقانداق بىر ئىشنى ئورۇنداشتا g نىڭ رولىلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەقىلنىڭ تەركىبىدە يەنە تاشقى ئامىلمۇ بولىدۇ دەپ قارىدى ۋە ئالاھىدە بولغان بۇ تاشقى ئامىلنى s دەپ ئاتىدى. سپىلماننىڭ بۇ تەلىماتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرسەك گەپ تولا، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئەقىلنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىلدىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئەقىلدىكى ئامىللارنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ.

بولىسمۇ، ئەمما ئەمەلىيەت مېخانىزمىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كەملىكنى تولدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئىرسىيەت جەھەتتە ساقىندى بولىدىغان فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈك ۋە تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ زەربىسىدە پەيدا بولغان ئەقلىي توسالغۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقانداق كىشى ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئوخشىمىغان تۈر ۋە دەرىجىلەردىكى ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنالىشى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنالىشى مۇمكىن. ئەقىل كوئېففىتسېنتى يۇقىرى ۋە ئەقلىي قۇرۇلمىسى نورمال بولغان كىشىلەرنىڭ ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتى چوڭراق بولىسمۇ، بۇ پەقەت بىر خىل ئىمكانىيەت بولۇپ، شەخسىي تىرىشچانلىق بولمىسا، ياكى ئوبيېكتىپ مۇھىت يار بەرمىسە ھەرقانداق تالانت ئىگىسىمۇ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. شۇڭا، ھەر ئىككى ئېھتىماللىقنى نەزەرگە ئېلىش، بولۇپمۇ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنى كۈچەيتىش، تەربىيىلىنىش، مۇھىتنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئەقىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەمما، شۇنى بىلىش لازىمكى، ئەقىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل قۇرۇلمىسىغا مۇجەسسەم بولۇشقا تېگىشلىك قابىلىيەتلەرنىڭ ئاللىقانداق بىرسى ياكى ئىككىسىنىڭ ئەمەس، بەلكى بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. چۈنكى ئەقىل قۇرۇلمىسىدىكى بارلىق ئامىللار ھەم ئۆزئارا باغلىنىدۇ ھەم نىسپىي مۇستەقىل تۇرىدۇ، ھەم بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، ھەم ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. سىستېما نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، ئۇ ئامىللارنىڭ ھەربىرى ئەقىل قۇرۇلمىسىدا بولمىسا بولمايدىغان

دىغان تەلىمات. بۇ تەلىماتنى ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدىن سېئون ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ سىپلىمانغا ئوخشمايدىغان يەنە بىر خىل تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئادەم ئەقلىنى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يەتتە خىل قابىلىيەت يەنى ھېساب چىقىرىش ئەھۋالى، سۆزىنىڭ راۋانلىقى، گەپ ـ سۆزنىڭ مەنىسى، خاتىرە قىلىش، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش، ماكان سېزىمى ۋە سۈرئەت سېزىمى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ يەكۈن چىقاردى. ئۇ ھەربىر خىل قابىلىيەتنى سىناشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ لايىھىلىدى. لېكىن، ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ پسىخىك قابىلىيەتلەرنىڭ مۇستەقىللىكىنى بايقىيالمىدى.

1967 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكا پسىخولوگى جارپوت ئەقىل قۇرۇلمىسى ھەققىدە يېڭى تەلىمات ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ، ئەقىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىللار، پائالىيەتنى مەزمۇن قىلغان ئامىللار ۋە ئەقلىي پائالىيەتنىڭ نەتىجىسىگە ياتىدىغان ئامىللاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈركۈمدىن تەركىب تاپىدۇ، ھەربىر تۈركۈم مۇناسىۋەتلىك ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ، دەپ قارىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەقىلنىڭ بىرىنچى تۈركۈمى ئەقىلدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىللار بولۇپ، ئۇ، ئىدراك قىلىش، ئەستە قالدۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ تەپەككۇر قىلىش ۋە باھالاش قاتارلىق بەش تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقىلنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمى پائالىيەت مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ، ئوبراز، شەرتلىك ئالامەتلەر، سۆز مەنىسى ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت تۆت تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقىلنىڭ ئۈچىنچى تۈركۈمى ئەقلىي پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ، يەككىلىك، تۈر ئايرىمىسى، سىستېما مۇنا-

ئىككىنچىسى ئۈچ مەنبەچىلىك تەلىماتىدۇر. بۇ تەلىمات ئىنسانلارنىڭ تاشقى ئەقلى قابىلىيىتى، تەجرىبە ئەقلى قابىلىيىتى، ئىچكى ئەقلى قابىلىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەلىمات بولۇپ، بۇنى ئامېرىكا پسىخولوگى روبېرت ستېنبېرىست ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ تەلىماتىنى يىغىپ ئېيتقاندا، ئەقىل ئىرسىيەت ئارقىلىقلا ئىگە بولىدىغان يەككە قابىلىيەت ئەمەس. بەلكى ئەمەلىي تەجرىبىلەر جەريانىدا ئىسپاتلىنىدىغان، مەشىقتىن ئۆتىدىغان، راۋاجلىنىدىغان قابىلىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەم ئاشۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. ئەقىل ھەم بىرلىككە كېلەلەيدىغان، ھەم ئايرىلالايدىغان قابىلىيەتلەر سىستېمىسىدۇر. ئۇ بىرلىككە كەلگەن قابىلىيەت بولۇپ ئۇيۇشقاندا، كىشىلەر تۇغما تالانتى بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئەمما ئەقىل ھەربىر ئادەم ياشاۋاتقان ئەمەلىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ كونكرېت "ئىجراچىلىق تەرتىپى"دە ئۆزگىچىلىكى بولغان بىرقانچە تەرەپلەرگە بۆلۈنىدۇ. "ئىجراچىلىق تەرتىپى" تاشقى ئەقىل (مۇھىت ئەقلى)، تەجرىبىۋى ئەقىل، ئىچكى ئەقىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ئۈچ مەنبەچىلىك تەلىماتىدىكى تاشقى ئەقىل ئەقىلغە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇھىتنى كۆرسىتىدۇ. ئىچكى ئەقىل ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تەكىتلەيدۇ. تەجرىبىۋى ئەقىل ئادەمنىڭ يېڭى ئەھۋاللارغا ئۇيغۇنلىشىدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان تەجرىبىلىرىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئۈچ مەنبەنىڭ ئىچىدە تەجرىبە ئەقلى ئەڭ مۇھىم بولۇپ، ئۇ تاشقى ئەقىل بىلەن ئىچكى ئەقىلنى باغلاپ تۇرىدىغان كۆۋرۈكتۇر.

ئۈچىنچىسى ئەقىل كۆپ خىل ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ دەي-

گىيسسىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە قارىغاندا، ئىجادىي قابىلىيەت كۆزىتىش سەزگۈرلۈكى، تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئىگىلەش قابىلىيىتى، تەجرىبىگە كۆچۈرۈش قابىلىيىتى، ياندىن تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، تەپەككۇر-چانلىقلىقى، باھا بېرىش قابىلىيىتى، باغلاش قابىلىيىتى ۋە ئەكس باغلاش قابىلىيىتى، ئالدىن كۆرۈش قابىلىيىتى، تىل تەتبىقلاش قابىلىيىتى، تاماملاش قابىلىيىتى، ئىقتىدار تۈزۈلمىسى قاتارلىق ئاساسلىق 14 خىل قابىلىيەتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئىجادىيەت دېگەن ئادەمنىڭ جىسمانىي قابىلىيىتى بىلەن ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى جىددىي پائالىيىتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەقلىي قابىلىيەت ئاساس، ئۇنداق ئىكەن، بىز ئىجا-دىي قابىلىيەت تەركىبىدىكى بىرمۇنچە ئامىللار ۋە ئىجادىي قابىلىيەت تەركىبىگە كىرمىگەن بىرمۇنچە ئامىللار ئەقىل تەركىبىگە كىرىدۇ، شۇڭا، ئەقىل كۆپ خىل ئامىلدىن تەركىب تاپىدىغان قابىلىيەتلەر سىستېمىسىدۇر، دەپ قارايمىز.

زامانىمىزدىكى كاتتا ئالىملاردىن تارتىپ ھەربىر ئەقىل ئىگىسى-گىچە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ مەسىلىنى بۇ جەھەتتىكى دۇن-ياۋى تەتقىقات تۈرلىرى، مول كەشپىياتلار، تۈرلۈك ئەقىل سىناش مۇسابىقىلىرى، ئەقىل سىناش ھەققىدىكى توم-توم كىتابلارمۇ كۆز ئالدىمىزغا نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئەگەر بىز تۈرلۈك تەت-قىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرىنى دەرھال ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش ئۈچۈن، ئەقىلدىكى ئامىللارنى ھازىرلا بىر-بىرلەپ ئۆگىنىشكە تۇتۇش قىلىدىكەنمىز، بۇرۇنقى تەتقىقات ۋە تەييارلىقلىرىمىزنىڭ پۇختا بولمىغانلىقى بىلەن ناھايىتى كەڭ بىر

سۇەت، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئالتە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ سۇنئىي قاتار قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئەقىل 120 خىل ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

يۇقىرىقى تۆت خىل تەلىماتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، سپىرمان ئەقىلدىكى ئىچكى ئامىلنى g، ئالاھىدە بولغان تاشقى ئامىلنى s دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئەقىلنىڭ ھەربىر خىل پائالىيىتىنى ئورۇندىغاندا g ئۆزگەرمىسىمۇ، s نىڭ مەزمۇنىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئىتىراپ قىلغان. بۇنىڭدىن ئۇ گەرچە ئەقىلنى ئىككى ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ دېسىمۇ، ئۆزگىرىشچان s نىڭ نەچچە خىل بولىدىغانلىقىنى بايقىۋېلىش، يەنى ئەقىلدىكى ئامىللار پەقەت ئىككىلا ئەمەسلىكىنى بايقىۋېلىش مۇمكىن. روبېرت سېتتىنبېرت ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەقىلدىكى ئامىللارنىڭ ئىككى خىل ئامىل بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈرگەن ۋە ئۈچ مەنبەچىلىك نەزەرىيىسىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغان. سېئون ئۆزگىچە بولغان تەھلىل ئۇسۇلى بىلەن ئەقىلدىكى ئامىللارنىڭ كۆپ خىل بولىدىغانلىقىنى ۋە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىلنىڭ يەتتە خىل بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئالدىنقى ئىككى خىل تەلىماتتىن ھالقىپ كەتكەن.

جارپوت بولسا ئەقىلدىكى ئامىللارنىڭ ئۈچ تۈركۈم بويىچە 120 خىلغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈرگەن. بۇ كەشپىياتلاردا، ئەقىلدىكى ئامىللار ئازلىقتىن كۆپلۈككە قاراپ بايقالغان. مېنىڭ قارىشىمچە، ئەقىلدىكى ئامىللارنىڭ كۆپ خىل بولىدىغانلىقى ئەڭ زور ئېھتىماللىق بولۇپ، ئەقىل ئامىللىرىنىڭ بىر، ئىككى ياكى ئۈچ بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. مەسىلەن، ئىجادىيەت پسىخولو-

قابىلىيىت-گە قاراپ-لا ئۇنىڭغا "ئەقىل-لىق" دې-گەن باھانى بېرى-دۇ. ھالبۇكى، بۇ يەردە كىش-لەر بىراۋلارنى "ئەقىل-لىق" دې-گەندە، ئەستە تۇتۇش ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە قارى-غان بىلەن، بۇ ئىككى خىل قابىلىيەت پەقەت ئەقىل قابىلىيىتى-نىڭ بىر قىسمىلا بولىدۇكى، ھەممىسى بولالمايدۇ. بۇن-داق باھالار بىلەن ئەقلىنىڭ پسىخىكىلىق قابىلىيەت-لەر بىلەن باغلىنىدىغانلى-قىنى چۈشەندۈرگىلى بولىسىمۇ، ئەقلىنىڭ قانچە تۈرلۈك قابىلىيەت بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى ۋە بۇ قابىلىيەتلەرگە ياندىشىدىغان باشقا قابىلىيەتلەرنى جەزمەنلەش-تۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئەقىل توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى ئايدىڭ-لاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى قابىلىيەت تەركىبى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

ئەقلىي قابىلىيەتنى بىز مۇنداق بىر ئەمەلىي ئىش ئارقىلىق چۈشىنەيلى. بىركۈنى بىر ياش رەسسام ئۇرۇمچىدىن قەشقەرگە كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىمارەتچىلىكى ئۈستىدە سۆزلىشىپ قالدۇق، ئۇ، ئۇرۇمچىدىمۇ قەشقەردىكىگە ئوخشاش مىللىي ئىمارەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بېرىپ، ئۇرۇمچىدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋە بەزى مەسچىتلەرنىڭ نەقىشلىرىگە مەشھۇر رەسسام غازى ئەمەتنىڭ باشچىلىق قىلغانلىقى ھەققىدە توختالدى.

— ھەيرانمەن، — دېدى ئۇ، غازى ئەمەت قولىدا ھېچ قانداق ئۆرنەك يوق تۇرۇقلۇق ئۇ نەقىشلەرنى گويا قەشقەرنىڭكىدەك ئەينەن سىزىپ بەردى. ئەگەر ئاشۇنداق تالانتلىق ئادەملىرىمىز بولمىسا، مىللىي ئىمارەتچىلىك ئەنئەنىسى قېپقالغان بولاتتى-ھە!

مەشھۇر رەسسام غازى ئەمەتنىڭ شاگىرتلىرىنى ۋە خەلقى ئالەمنى

دېگىمز قايىنىمىغا چۇشۇپ قالغانىدەك تېگىرقاپ قېلىشىمىز مۇمكىن.
شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەيدانغا كەلگەن قىياس ۋە تەلىماتلاردىن تاللىۋېلىنغان ئومۇمىي قابىلىيەتلەر ۋە ئالاھىدە قابىلىيەتلەرنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئۇ قابىلىيەتلەرنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش — ئەقلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىشەنچلىك يولىدۇر.

## 2) ئومۇمىي قابىلىيەت ۋە ئالاھىدە قابىلىيەت

پسىخولوگىيە، ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى ۋە مىكرو ئىختىساسلىقنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەقىل تۈرلۈك قابىلىيەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ھالدا ھاسىل قىلغان قۇرۇلمىسىدۇر. ئادەتتە، كىشىلەر بۇ قابىلىيەتلەرگە تۈرلۈكچە قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم بىر خىل كۆزىتىشى بويىچە ئەقلنىڭ قابىلىيەتلىرىگە باھا بېرىدۇ. بۇنداق باھالار ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر خىل پائالىيەتتىكى مەلۇم بىر خىل قابىلىيەت ئۈستۈنلۈكىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق كىشىنىڭ مەلۇم ئىلمىي پائالىيەتنى ئورۇندىشىدا بىرنەچچە خىل قابىلىيەت بىللە ھەرىكەت قىلغاچقا، زادى قايسى ئامىلنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغانلىقىنى دەرھاللىققا بايقىۋالماق تەس بولىدۇ. ئالايلۇق، بەزىلەر بىراۋنى "بۇ ئادەم ئەجەب ئەقىللىق ئىكەن-ھە، نەچچە ئون يىل بۇرۇنقى ئىشنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ" دېگەندە، ئۇنىڭغا ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىگە قاراپلا "ئەقىللىق" دېگەن باھانى بېرىدۇ، بىراۋنى "يا ئاللا، بۇ ئادەم ئەجەب ئەقىللىق ئىكەن-ھە، شۇنچە قىيىن مەسىلىگە شۇنچە تېز جاۋاب بەردى" دېگەندەك تەپەككۇر

ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىدا ئۇنىۋېرسال گەۋدىگە ئايلانغان بىرمۇنچە قابىلىيەتلەر بىرلىكى ئىقتىدار بولىدۇ. مەسىلەن، رەسساملارنىڭ رەسىم سىزىش پائالىيىتى كۆزىتىش قابىلىيىتى، رەڭلەرنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتى، ئوبرازلىق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە مېڭىدە تاشقى مۇھىتنىڭ تەسۋىرىي ئوبرازىنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىۋېرسال بىرلىكىگە موھتاج بولىدۇ. كومپوزىتورلارنىڭ مۇزىكا ئىجاد قىلىش پائالىيىتى ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق ئەستە تۇتۇش، كۈي تۇيغۇسى ۋە رىتىم تۇيغۇسى قاتارلىق قابىلىيەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال بىرلىكىگە موھتاج بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيىتى نۇتۇق قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تەشكىللەش قابىلىيىتى ۋە دىققەتنى تەقسىملەش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىۋېرسال بىرلىكىگە موھتاج بولىدۇ. تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات پائالىيىتى، ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى، ئەمەلىي مەشغۇلات قابىلىيىتى، ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىۋېرسال بىرلىكىگە موھتاج بولىدۇ.

دېمەك، ئەقىل ھەرقانداق بىر پائالىيەتنى ئورۇنداش داۋامىدا شۇ پائالىيەتلەرنىڭ خاراكتېرىگە لايىق قابىلىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىدۇ. شۇ پائالىيەتلەرنى ئورۇنداشقا لايىق قابىلىيەتلەر ئۇنىۋېرسال گەۋدە بولمايدىكەن ئەقىل تولۇق ئىشلىمەيدۇ، شۇ تۈردىكى ئەقلىي پائالىيەتنىڭ نەتىجىسىدىمۇ كەمتۈكلۈك كۆرۈلىدۇ. ئەقىل قابىلىيەتتىن ئايرىلمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن قابىلىيەت ئەقىل تەركىبىدىكى نېگىزلىك ئامىل بولىدۇ. لېكىن ئەقىل ھەرقانداق پائالىيەتنى ئورۇنداشتا بىرنەچچە

قايىل قىلدۇراتتىقان تالانتى نەدىن كەلگەن؟ روشەنكى، ئۇ بالىلىق دەۋرىدە قەشقەردە ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدىن تارتىپ مەسچىت، مەدرىسلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ كۆرگەن ھەممە رەسىمگە بولغان زور ئىشتىياق بىلەن كۆزىتىش قابىلىيىتى، رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى، ئوبرازلىق ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى، كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق مېڭىدە تاشقى مۇھىتنىڭ تەسۋىرىي ئوبرازىنى ھاسىل قىلىشتەك تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن ھەمدە بۇ قابىلىيەتلەرنى ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقات ئارقىلىق داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇر ئىمارەتچىلىكىدىكى ئەنئەنىۋى نەقىش ئويمىلارنى قەيەرگە بارسا ئىجادىي تەتبىقلاپ يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان تالانت ياراتقان. پسىخولوگىيىدە، ئەمەلىي پائالىيەتلەردە شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان پائالىيەت ئۈنۈمىگە تەسىر قىلىپ مەلۇم بىر خىل پائالىيەتنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ كېتىشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئاشۇنداق پسىخىك ئالاھىدىلىكلەر قابىلىيەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما بىر خىل قابىلىيەت بىلەن مەلۇم بىر خىل ئىجادىي پائالىيەتنى ئورۇنداپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر غازى ئەمەتتە پەقەت كۆزىتىش قابىلىيىتى ۋە رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتىلا بولۇپ، باشقا قابىلىيەتلەر بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇرۇمچىدىكى ئۇ نەقىشلەنگەن مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنىڭ نەقىشكەرلىك ئىجادىيىتىنى ئورۇنداپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا، مەلۇم پائالىيەتنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن، شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە تۈرلۈك قابىلىيەتنىڭ ئۈنۈملۈك بىرلىكى بولۇشى شەرت. قابىلىيەتلەرنىڭ بۇنداق ئۈنۈملۈك بىرلىكى پسىخولوگىيىدە ئىقتىدار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇمىي قابىلىيىتىمۇ مەلۇم جەھەتتە ئالاھىدە قابىلىيەت يېتىشتۈرمىگەن كىشىلەرنىڭكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئۈستۈن بولىدۇ، شۇڭا ئومۇمىي قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ بىرلىكىنى ئوبدان بىلىش كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئومۇمىي قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەت ئورگانىك ھالدا بىر-بىرىگە باغلانغان بولۇپ، ئومۇمىي قابىلىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىچكى شارائىت كۆپلەپ يارىتىلىدۇ. ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرەر ئومۇمىي قابىلىيەتنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى بەكرەك تەرەققىي قىلىپ كەتسە، مەلۇم بىر ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئالاھىدە قابىلىيەتنى ئومۇمىي قابىلىيەتنىڭ ئالاھىدىلىشىشى ۋە كونكرېت ئىپادىسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ماتېماتىكىلىق ماتېرىياللارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىنتىك "قىسقارتىش" ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ماتېماتىكا ساھەسىدىكى بىر خىل ئالاھىدە قابىلىيەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ قابىلىيەتنىڭ ئۆزى ئومۇمىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئالاھىدە پائالىيەتتىكى كونكرېت ئىپادىسى. مۇزىكا ئىقتىدارى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاڭلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىمۇ كىشىنىڭ ئادەتتىكى تەسەۋۋۇر ھەم خاتىرە قابىلىيەتلىرىنىڭ مۇزىكا پائالىيىتىدە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىنكى ئالاھىدە ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، پائالىيەتلەردە ئومۇمىي قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەت دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. ھەرقانداق پائالىيەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى

خىل ئومۇمىي قابىلىيەتنىلا ئىشقا سېلىش بىلەن چەكلەنمەستىن، ھەر خىل پائالىيەتلەردە يەنە ئالاھىدە بولغان قابىلىيەتلەرنىمۇ ئىشقا سالغانلىقتىن، ئەقلىدىكى قابىلىيەتلەر ئومۇمىي قابىلىيەت ۋە ئالاھىدە قابىلىيەت دەپ ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. دىققەت قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى قاتارلىق قابىلىيەتلەر بارلىق ئەقلىي قابىلىيەتلەرنى ئورۇندىغاندا بىردەك ئىشلىگەنلىكتىن ئومۇمىي قابىلىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدىكى مىساللىرىمىزدا قەيت قىلىنغان رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى ۋە رىتىم تۇيغۇسى قاتارلىق ئايرىم پائالىيەتلەردە رول ئوينايدىغان قابىلىيەتلەر بولسا ئالاھىدە قابىلىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى ئايرىم پائالىيەتلەردىلا، مەسىلەن، رەسىم سىزىش قاتارلىق پائالىيەتلەردىلا ئىشلەيدۇ. رىتىم تۇيغۇسى پەقەت مۇزىكا ۋە گىمناستىكا پائالىيەتلىرىدە ئىشلەيدۇ. ئورتاق قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەتلەر ئۆزئارا بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

ھەر كىشىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئالاھىدە چېنىقىشى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى چېنىققان ساھەدىكى ئالاھىدە قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئەمما ھەرقانداق چېنىقىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئومۇمىي قابىلىيەتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئومۇمىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئەكسىچە، ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ بەلگىلىك شارائىتتا ئومۇمىي قابىلىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئالاھىدە قابىلىيىتى يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ئادەملەرنىڭ

بىر ۋاراقلىق يولىيورۇقى ئارقىلىق چۈشىنەيلى.

ئامېرىكا بېتلىم پولات شىركىتىنىڭ باشلىقى سىۋىربونىڭ شىركەتتىكى ئۈنۈم تۆۋەنلەش ئەھۋالىدىن بېشى قاتىدۇ. باشقۇرۇشنى ياخشىلىمىسا شىركەتنىڭ رىقابەتتە سەپتىن چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدۇ. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي ئۈنۈم مۇتەخەسسىسى ئاۋرىلغا شىركەتنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن يولىيورۇق سوراپ مۇنداق دەيدۇ:

— خۇشاللىق ۋە سەممىيەت بىلەن تەلىمىڭىزنى ئاڭلاشقا كەلدىم. ئىشلىرىمىزنى ئۇڭشاشقا يول كۆرسەتسىڭىز، سىز رازى بولغۇدەك ھەق بېرىمەن. سىۋىربو:

— ماقۇل ئەمىسە، 20 مىنۇت ئىچىدە تەلىپىڭىزنى قاندۇرىمەن. ھېچ بولمىغاندا خىزمەتلىرىڭىزنىڭ ئۈنۈمىنى 50% ئۆستۈرگۈدەك بىر چارە كۆرسىتىمەن — دەيدۇ ـ دە، بىر ۋاراق ئاق قەغەزنى ئېلىپ سىۋىربونىڭ ئالدىغا قويىدۇ ۋە — ھەر كۈنلۈكى قىلمىسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەردىن ئالتە تۈرلۈكنى مۇشۇ قەغەزگە خاتىرىلەڭ ۋە مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە تەرتىپكە تىزىڭ.

سىۋىربو زېھنىنى قويۇپ ئالتە تۈرلۈك ئەڭ مۇھىم خىزمەتنى تەرتىپ بويىچە يېزىپ چىقىدۇ.

ئاۋرىل ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن سىۋىربوغا مۇنداق دەيدۇ:

— بۇنى يەنە بىر ۋاراق كۆچۈرۈڭ. بىر ۋاراقنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ نەگە بارسىڭىز ئېلىپ يۈرۈڭ. بىر ۋاراقنى خىزمەت شىرەسى ئۈستىدە قويۇڭ.

ئاۋرىل يۇقىرىقى يولىيورۇقنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن بىردەم جىم تۇرىدۇ ۋە يەنە كونكرېت كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئۇچۇن مەلۇم ئومۇمىي قابىلىيەتمۇ ۋە ئالاھىدە قابىلىيەتمۇ كېرەك بولىدۇ. ئىلمىمىزدە تۆتىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشكە قويۇلىدىغان تەلەپلەر بويىچە كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەركىمنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئومۇمىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئالاھىدە قابىلىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

## 3. ئەقىل تەركىبىدىكى ئومۇمىي قابىلىيەتلەر

### 1) دىققەت قابىلىيىتى

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەر كۈنى دېگۈدەك "دىققەت!" كاماندىسىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. دەرسكە كىرگەندە ئوقۇتقۇچىلار "ھازىر دەرس باشلايمىز، دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار!" دەيدۇ. تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا مۇسابىقە باشلىنىش ئالدىدا، پويىز، ئايروپىلان، پاراخوتلارغا ئولتۇرۇپ يولغا چىققاندا ياكى قايتىپ كەلگەندە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر "دىققەت!..." دېگەن سۆزلەر بىلەن بىزنى تېگىشلىك ئىشلارغا ھازىر بولۇشقا چاقىرىدۇ. دېمەك، دىققەت قابىلىيىتى بىزنىڭ ھەرقاچان ھەرىكىتىمىزگە مەنىۋى قوماندان بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دىققەت پسىخىك پائالىيەتلىرىمىزنىڭ بەلگىلىك شەيئىگە قارىتىلىشى ۋە مەركەزلىشىشى بولۇپ، بارلىق بىلىش پائالىيەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. دىققەت قابىلىيىتىنىڭ مۇنداق مۇھىملىقىنى بىز دۇنياغا مەشھۇر ئۇنىۋېرسال مۇتەخەسسىسى، ۋاقىتنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇشنىڭ چولپانى ئاۋرىلىنىڭ

"ئۆمرۈم بويىچە ئۆگەنگەنلىرىمدىن مۇنچىۋالا زور پايدا ئالالىمىغانىدىم. سادىق دوستۇڭىزدىن" دېگەن بىر ئېغىز گېپى قوشۇمچە قىلىنغانىكەن.

بىرىنچىچە ئېغىز گەپ يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنىڭ بۇنچىۋالا كۈچى بارلىقىغا ئىشەنمەك قىيىن. ئەمما، مۇشۇنداق بىر ئاددىي چارىنىڭ بىر شىركەتنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى شۇنچە زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى بىر پاكىت، بۇ دىققەت ۋە زېھنىي كۈچىنى ئەڭ مۇھىم خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگەنلىكتىن بولغان.

ئامېرىكىلىق باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى بۇرۇنھام يەنە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە ئۈچ پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دېگەن:

"سىز ھەرقانداق خىزمەتنى بىر تەرەپ قىلغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزگە مۇنداق سوئالنى قويۇڭ:

بىرىنچى، بۇنى بىكار قىلسام بولامدۇ، بولمامدۇ؟

ئىككىنچى، بۇنى باشقا خىزمەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرسەم بولامدۇ، بولمامدۇ؟

ئۈچىنچى، بۇ خىزمەتنى ئىشلەيدىغان تېخىمۇ قولايلىق ئۇسۇل بارمۇ، يوق؟"

بارلىق خىزمەت ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ھەممە خىزمەتتە ئۈنۈم قوغلىشىش بولىدۇ. ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋرېل كۆرسەتكەندەك دىققەتنى قايسى خىزمەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈشنى بىلىش ۋە بۇرۇنھام كۆرسەتكەن ئۈچ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، دىققەتنى، زېھنىنى، ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ

— ھەر كۈنى خىزمەتكە چۈشۈشتىن بۇرۇن ئاشۇ خىزمەت تەرتىپىگە قاراڭ. بۇ خىزمەتلەرنى بىرىنچى ماددىسىدىن باشلاپ ئىشلەڭ. بىرىنچى تۈرلۈك خىزمەتنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى تۈرلۈك خىزمەتكە ئۆتۈڭ. ئېھتىمال بىر كۈندە ئۇ خىزمەتلەردىن پەقەت ئىككى-ئۈچ تۈرلۈكىنىلا ئىشلەپ كېتەلىشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق. چۈنكى شۇنداقتىمۇ سىز ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كېتەلەيسىز. ئەگەر سىز مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانماي باشقىچە ئۇسۇل بىلەن بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بولغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا ئۇنۇم قازىنالمايسىز. شۇڭا، بۇنى تۇزۇمگە ئايلاندۇرۇپ ھەر كۈنلۈكى ئاشۇ تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىشىڭىز كېرەك. بۇ ئۇسۇلنى ئاۋۋال ئۆزىڭىزگە تەتبىقلاڭ. ئۆزىڭىز بۇ ئۇسۇلنىڭ قىممىتىگە ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، بۇ ئۇسۇلنى قول ئاستىڭىزدىكىلەرگە ئۆگىتىپ ئىجرا قىلدۇرۇڭ. ناۋادا سىز بۇ ئۇسۇل بىلەن بىرمەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئۇنۇم قازىنالماي قالسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق خىزمەتلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالالمىغانلىقىڭىزدىكى بەختسىزلىك بولۇپ، بۇنىڭغا ھەرگىز باشقا بىر كىشى ئارا تۇرالمايدۇ.

ئىككىيلەن يۇقىرىقىدەك سۆھبەتلىشىۋالغاندىن كېيىن خوشلىشىدۇ. ئاۋرىل شىركەت باشلىقى سىۋىربونىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— ئىشلىرىڭىز قۇتلۇق بولسۇن. مۇۋەپپەقىيەت سادالىرىنى ئاڭلىغايمىز. مەن دېگەن بويىچە ئىش قىلىپ كۆتكەن مەقسىتىڭىزگە يەتسىڭىز، تېگىشلىك ھەققىنى ئەۋەتىپ بەرگەيسىز! — دەيدۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئاۋرىل بانكا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن 25 مىڭ دوللار يېزىلغان بىر چەكنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، چەككە سىۋىربونىڭ

بولىدىغان نەتىجىلەرنى بىلىدۇ. دىققەتنىڭ ئىختىيارى، تۇراقلىق، مەركەزلىك بولۇشى بىزنى بىلىش پائالىيىتىدە، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

دىققەتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمىدىن قارىغاندا، دىققەت ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى خاھىشچانلىقتا ئىگە رېفلېكس بولۇپ، ئۇ ئورگانىزمنىڭ بىزنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتتىكى غىدىقلىغۇچىلارنى ئېنىق سېزىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىنكاس بىلدۈرەلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بۇنداق رېفلېكسنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، مەلۇم بىر شەيئىگە دىققىتىمىز قوزغالغاندا، چوڭ مېڭىمىزنىڭ پوستلاق قەۋىتىنىڭ مەلۇم رايونىدا ئۇستۇن ۋە كۈچلۈك غىدىقلىنىش مەركىزى پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا ئادەمنىڭ بىر ئوبيېكتقا بولغان دىققىتىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. باشقا ئوبيېكتلارنى سېزىشى ئازراق بولىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر دەرستىن يەنە بىر دەرسكە كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ ئەسلى ئۇستۇن ئورۇندا تۇرغان غىدىقلىنىش مەركىزى تورمۇزلىنىدۇ، مېڭىنىڭ قالغان رايونلىرىنىڭ ئەسلى تورمۇزلانغان ھالەتتە تۇرغان قىسىملىرى يېڭى غىدىقلانغان ھالەتكە كۆچىدۇ. چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى رايونىدا كۆرۈلىدىغان غىدىقلىنىش بىلەن تورمۇزلىنىشنىڭ مۇنداق ئورۇن ئالمىششى دىققەتنىڭ يۆتكىلىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما، دىققەت بەزىدە تەبىئىي پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھېچقانچە تىرىشچانلىق كەتمەيدۇ؛ بەزىدە مەقسەتلىك پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دىققەت ئىختىيارسىز دىققەت، ئىختىيارى دىققەت دەپ ئىككىگە

خىزمەتلەرنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈپ كەتكىلى بولىدۇ.
پسىخولوگىيە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئادەمنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت، تەتقىقاتلىرى ئاڭلىق، مەقسەتلىك، پىلانلىق تۈردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىرادە ھەرىكىتىدۇر. كىشىلەر ھەرىكەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنداق ياكى بۇنداق مەقسەتنى كۆڭلىدە پۈكىدۇ. ھالبۇكى، كىشىلەر ئۇنداق ياكى بۇنداق مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەندە يەنە ھەرقاچان ئۇنداق ياكى بۇنداق سۇبيېكتىپ ئېھتىياجنى كۆزلەيدۇ، ئۇنداق ئېھتىياج كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئىلھام بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمەكچى بولغاندا، ئۇلاردا ھەرىكەت مۇددىئاسى بولىدۇ.
بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ھەممەيلەننىڭ ئۆز خىزمەتلىرىمىزدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇددىئايىمىز بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر مۇددىئا بىزنى يۈكسەك بىر غايىگە قاراپ تىنىماي كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە تۇراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئەنە شۇنداق نىشانغا يېتىدىغان ئەڭ ياخشى تاكتىكىدۇر. ئۇنداق بولسا دىققەت قابىلىيىتى دېگەن نېمە؟
دىققەت قابىلىيىتى چوڭ مېڭىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇچۇرلار ئۈستىدە ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تاللاش ئېلىپ بېرىش قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ بارلىق بىلىش جەريانلىرىمىزدا، تۇزىتىش، ئەسلەش، پىكىر قىلىشتەك جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. بارلىق ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەر ئەنە شۇ يول باشلىغۇچى دىققەت قابىلىيىتىنىڭ ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بولۇشى، تۇراقلىق ياكى تۇراقسىز بولۇشى، مەركەزلىك ياكى مەركەزسىز بولۇشى بىلەن ئوخشاش

تۇراقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، دىققەت قابىلىيىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ مېڭىش كېرەك. دىققەت قابىلىيىتىلا بولىدىكەن، بىلىش ھەرىكىتىدە ھامان نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ.

بىزدە، "قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە" دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇ ھېكمەتلىك سۆز ھەرقانداق قىيىن ئىشنى دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ قىلسىلا قىلىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەركىمدە ئەقىل بار، ئەمما ھەركىم ئۇنى قىلماقچى بولغان بىرەر ئىشقا مەركەزلەشتۈرمىسە، ئۇ ئىشلىمەيدۇ. "ئەقىلسىز باش — جانسىز تەن" دېگەن سۆز ھەر كىشىدە ئەقىلنى مەركەزلەشتۈرۈش قابىلىيىتى بولمىسا، ئۇنىڭ كاللىسىمۇ خۇددى تەننىڭ پىكىردىن خالىي ئەزالىرىغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا كۈندىلىك ئۆگىنىش، خىزمەتلىرىمىزدە ھەربىر نەرسىنىڭ تەكتىگە يېتىش ھەققىدە، ھەر ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ قىلىش ھەققىدە تۈرلۈك تەربىيە ۋە نەسىھەتلا بولۇپ تۇرماستىن، دەرس ئۆتۈش، مەجلىس ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە "دىققەت" دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش ياكى ئاڭلاشتىن خالىي بولالمايمىز. بۇ ئەقىلنىڭ تەركىبى بولغان قابىلىيەتلەر ئىچىدە دىققەت قابىلىيىتىنىڭ بارلىق ئىشلاردا، بولۇپمۇ ئىجادىي پائالىيەتلەردە تولىمۇ مۇھىملىقىدىن بولغان.

پسىخولوگلار دىققەت بارلىق پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ئالاھىدە تەرتىپى، ھەرقانداق پسىخىك پائالىيەت دىققەتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇ بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى، دەيدۇ، بەزىلەر "دىققەت — ئىشىكتۇر. تاشقى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر روھىي دۇنياغا مۇشۇ ئىشىك بىلەن كىرىدۇ. دىققەت قەلبنىڭ

بولىدۇ. مەسىلەن، بەزىدە مەجلىس ئېچىۋاتقاندا بىرسى تۇساتتىن ئېشىكنى ئېچىپ كىرسە، بۇ چاغدا كۆپچىلىك ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا قارايدۇ. بۇ ھېچقانداق تىرىشچانلىق كەتمەيدىغان ئىختىيارسىز دىققەتتۇر. بىز تازا كۆڭۈل قويۇپ بىرلەرسە يېزىۋاتقاندا بىرسى دىققىتىمىزنى بۆلۈۋەتسە، بىز دىققىتىمىزنى يېڭىباشتىن يىغىۋېلىپ ئۇنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرىمىز. بۇ بەلگىلىك مەقسەت ۋە تەلەپكە بويسۇنىدىغان ئىختىيارى دىققەتتۇر. بۇنداق دىققەتنى بىز ۋاستىلىك قىزىقىدىغان شەيئىلەر قوزغايدۇ. ئىككى خىل دىققەت ئۆز ئارا ئالمىشىدۇ. ئىختىيارى دىققەتنى چېنىقتۇرغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز دىققەتكە ئايلىنىدۇ. بۇنداق دىققەتنى ئىختىيارلىقتىن كېيىنكى دىققەت دەيمىز. بۇ ئاڭلىق، مەقسەتلىك، لېكىن ئىرادە تىرىشچانلىقىغا موھتاج بولمايدىغان دىققەتتۇر. مەسىلەن، بىر ئوقۇغۇچى ئەسلىدە ماتېماتىكىدا دەرسكە قىزىقمىسىمۇ، لېكىن بەلگىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق دەرس ئاڭلاشقا ئۆز دىققىتىنى بۇرىيالىسا، كېيىنچە ماتېماتىكىغا قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ دىققەت ساقلىشى ئۈچۈن ئىرادە تىرىشچانلىقى كۆرسىتىشىنىڭ يەنە ھاجىتى بولمايدۇ. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان دىققىتى ئەسلىدىكى ئىختىيارى دىققەتتىن ئىختىيارلىقتىن كېيىنكى دىققەتكە ئايلىنىدۇ. دېمەك، ئىختىيارسىز ۋە ئىختىيارى دىققەتنىڭ ھەر ئىككىسى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە بۇلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش لازىمدۇر. چۈنكى ئىختىيارى دىققەتكىلا تايىنىلىدىغان، بىۋاسىتە قىزىقىش بولمىغان ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ ھەمدە ئۇزاققا داۋام قىلالمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى تۈرلۈك دىققەتنى ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەش، دىققەتنىڭ

چىقارغان دىققەتنى مەسئۇل بولۇپ بېسىۋالىدۇ. ئادەم كۆڭلىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنى كونترول قىلىدۇ.

ماڭلاي بۆلىكىنىڭ كەم بولۇپ قېلىشى قوزغاش خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىنى دىققىتىنى ئىشلەۋاتقان ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، بىرىنچىدىن، دىققەتنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنى تۈگىتىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

پسىخولوگلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، دىققەت بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. پەقەت خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە نىسبەتەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن "مېنىڭ بۇرچۇم" دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەندىلا بۇ جەرياندىكى ھەر خىل توسالغۇلارنى غەيرەت بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ دىققەتنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، كۆڭۈل بۆلۈنۈپ كېتىشتەك ھادىسىلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش كېرەك. ئەتراپتىكى مۇھىت قالايمىقان بولۇپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزسە غەيرەت قىلىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش كېرەك. خىزمەت، ئۆگىنىش ۋەزىپىسى ئېغىر بولسا، كىتاب ئاختۇرۇش ياكى باشقا بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك. بىر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن شۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ، شۇ ئىشنىڭ ئېغىر ۋە يېنىكلىك دەرىجىسى، ئالدىراش ۋە ئالدىراش ئەمەسلىكنى ئايرىپ تەدرىجىي ھەل قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۆز ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشنى قىلىش كېرەك. چۈنكى بىر

ئىشلىگەن"، دەيدۇ. بۇ سۆزلەردە دىققەت قابىلىيىتىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى رولى تولىمۇ ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دىققەتنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگەندە، ھەرقانداق شەيئى ۋە تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى كۆرۈۋالغىلى، تارماق مەسىلىلەرگە ئىنچىكە ۋېلىپ، مەسىلىنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىغا سەل قاراپ خاتا يەكۈن چىقىرىپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئىلىم-پەن تارىخىدا، ئالىملار ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا دىققەتنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن مىساللار ناھايىتى كۆپ. بۇ مىساللار كىتابخانلارنىڭ تولىسىغا ئايان بولغاچقا، بۇ يەردە بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ بەرمەي، فرانسىيىلىك ھاشاراتشۇناس ئالىم پايۇلىنىڭ دىققەتنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھاشاراتلار دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئاچقان تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەندە ئېيتقان بىر سۆزىنى ئەسلەپ ئۆتسەك كۇپايە قىلارمەن: "زېھنىي كۈچنى بىر مەركىزىي نۇقتىغا يىغىش كېرەك. ئاشۇنداق قىلغاندا، كۈچ خۇددى پارتلاتقۇچ دورىغا ئوخشاش، تەتقىقاتتىكى توسالغۇلارنى پاك-پاكىز پارتلىتىپ تاشلايدۇ".

ئۇنداق بولسا، دىققەتنى قانداق يىغىش كېرەك؟

پسىخولوگلارنىڭ ھازىرقى زامان پەنلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرىدىن قارىغاندا، ئاڭلىق ھالدا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئادەم مېڭىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇ پائال تۈردە ئىھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنى توپلاپ ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغاتقاندىن باشقا يەنە ئىھتىياجلىق بولمىغان قوزغاتقۇچىلار كەلتۈرۈپ

شەكىللىنىدۇ. بۇ تەسىرات كېيىنكىسىدە بولسا يېڭى شەيئىلەرنى ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش پەيدا بولۇپ، تەسىرات يېڭى شەيئى بىلەن بىرىكىدۇ-دە، كاللىدا يېڭىدىن بىر ئوبراز ھاسىل بولىدۇ. بۇ تەسىراتتىن تەسەۋۋۇرغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت پسىخىكىلىق جەريان، يەنى كۆزىتىشتىن تەسەۋۋۇرغا ئۆتۈش جەريانىدۇر. كىشىلەر ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات جەريانىدا مۇشۇ جەريان بويىچە ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى ئېلىپ بارسا، ئۆزلىرىگە ئىجاد قىلىش، ئىختىرا قىلىش يولىنى ئاچالايدۇ. كۆزىتىش قابىلىيىتى كىشىلەرنىڭ بىلىش پائالىيىتىدە ئەنە شۇنداق مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقتىن، يازغۇچى ۋە ئالىملار ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. ئۇلۇغ رۇس ئالىمى پاۋلوۋ ئۆز شاگىرتلىرىنى تالانتلىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن تەجرىبىخانىسىنىڭ تېمىغا: "كۆزىتىش، كۆزىتىش، يەنە كۆزىتىش" دەپ يېزىپ قويغان ۋە شاگىرتلىرىغا ئۆز تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، كۆزىتىشنى بىلمەيدىغان ئادەم كۆزى بولغان بىلەنمۇ قارىغۇغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان مۆجىزىنى كۆرەلمەيدۇ، دېگەن.

دېمەك، پەقەت مەقسەتلىك ھالدا ئىنچىكە كۆزىتىش ئېلىپ بارغاندىلا ئۆگىنىش، تەتقىقات، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى ۋە ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ.

بۇنداق بولسا كۆزىتىش دېگەن نېمە؟ كۆزىتىش ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ تىپىك، ئەھمىيەتلىك بولغان، توپ خاراكتېرلىك تاشقى ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك نەرسىلىرىنى ئىگىلەش قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ دىققەت قابىلىيىتى

ئادەمدە خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە قىزىقىش بولغاندىلا، ئاندىن دىققەتنى يۆكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگىلى ھەمـدە بۇنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىر قىسىم ياشلار ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ھالقىپ تۇرۇپ، بىردەم چەت ئەلدە ئوقۇپ دوكتور، ئالىم بولۇشنى، بىردەم ئىنژېنېر، زاۋۇت باشلىقى بولۇشنى ئويلايدۇ. بىردەم سىياسەتچى بولۇشنى، بىردەم كۈرەش قەھرىمانى بولۇشنى خىيال قىلىدۇ-دە، دىققىتىنى چېچىۋېتىپ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

## 2) كۆزىتىش قابىلىيىتى

مەلۇمكى، ئىلىمگە تەلپۈنگەن ئادەم ھېچقاچان بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. ئۇ يەنە يېڭى بىلىم، يېڭى ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ. كۆزىتىش قابىلىيىتى ئەنە شۇ قانائەتلەنمەسلىك ئاساسىدىكى ئىدراك قىلىش جەريانى بولۇپ، كۆزىتىشكە ماھىر كىشىلەر شۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ھادىسىلەردىن ئورتاق قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. كىشىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان گادىرماچلىق ئىچىدىكى ساختا بىلەن چىن نەرسىلەرنى بايقايدۇ. بۇنداق بايقاش بىلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجاد قىلىش ۋە ئىختىرا قىلىشنىڭمۇ باشلىنىشى بولىدۇ.

چۈنكى كىشىلەر ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە، خاتىرە قىلغاندا، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر كىشىلەرنىڭ چوڭ مېگە پوستلىقىدا ئىز قالدۇرىدۇ. بۇ ئىزلار چوڭقۇرلاشقانسېرى چوڭقۇر تەسىرات

داروين: "مەندە ئارتۇقچە چۈشىنىش قابىلىيىتى يوق، باشقىلار-
دىن ئۆتۈپ كېتىدىغان زېرەكلىكمۇ يوق، ئېھتىمال غايىب بولۇۋاتقان
شەيئىلەرنى سېزىۋېلىش ۋە ئۇلار ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن
كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش جەھەتتە جامائەتتىن ھالقىپ كەتكەن
بولۇشۇم مۇمكىن" دېگەن.

ئەمەلىيەتمۇ شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ئىنچىكە كۆزىتىش
ئادەمدە يېڭى تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئېلىپ
بارىدۇ. ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى ئادەمنى بىۋاستە كۆزىتىش
ماتېرىياللىرىدىن تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئالالايدىغان، تېخىمۇ كۆپ
مەسىلىلەرنى بايقىيالايدىغان، ئادەتتىكى ھادىسىلەردىن قانۇنىيەت-
لەرنى سېزىۋالالايدىغان ياكى چوڭقۇر ئىزدىنىشنىڭ يىپ ئۇچ-
لىرىنى تۇتۇۋالالايدىغان، شۇ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ
ماھىيىتىنى بىلىپ يېتەلەيدىغان قىلىدۇ. يەنە شۇنداق ئېيتىشقا
بولىدۇكى، كۆزىتىش قابىلىيىتى يەنە ئىلمىي قىياس، تېخنىكىۋى
پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئىسپاتلاشنىڭ ئەقلىي ئاساسى.
ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى بولغاندا، يېڭى ئىلمىي پاكىتلارنى
بايقاش ئاساسىدا ئىلمىي قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، ئاندىن
تەجرىبە قىلىش، تەكرار ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئىلمىي قىياسلارنى
ئىلمىي نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە بولىدۇ.

دېمەك، كۆزىتىش قابىلىيىتى ئەقىل قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ نېگىز-
لىك قابىلىيەت بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك ئەمەلىي پائالىيەت
ساھەلىرىدە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. ئەتراپلىق، توغرا،
سىستېمىلىق كۆزىتىش بولمايدىكەن، كىشىلەر بىرەر ئىلمىي ئىشنى
بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، كۆزىتىش

بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. شۇڭلاشقا كىشىلەر "دائىم دىققەت قىلىپ كۆزىتىپ تۇرۇش"نى تەكىتلەپ، دىققەت قابىلىيىتى بىلەن كۆزىتىش قابىلىيىتىنى چېتىپ سۆزلەيدۇ. كۆزىتىش ئادەتتىكى ئىدراك قىلىشتىن تېخىمۇ چوڭقۇرراق بولىدۇ. يەنى كۆزىتىش جەريانىدىكى ئىدراك قىلىشتا تەپەككۇر پائالىيىتى تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. دىققەت بولمايدىكەن، كۆزىتىشنىڭ رولى ئاجىزلايدۇ. دىققەت بولۇپ كۆزىتىشكە ماھىر بولمىسىمۇ، دىققەتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇ يەردە ئۇنۇملۇك كۆزىتىش ئۈچۈن دىققەت بولۇش، دىققەت بولۇپلا قالماي كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە، كۆز بىلەن كۆرۈش، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش، قول بىلەن تۇتۇش، بۇرۇن بىلەن پۇراش، تىل بىلەن تېتىپ كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى كاللا بىلەن ئويلاپ كۆرۈش كېرەك.

كۆزىتىش ئارقىلىق دۇنيانى بىلىش، ئۇنىڭ يېشىلمىگەن سىرلىرىنى ئىلىم-پەن ئارقىلىق يېشىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىلىم-پەننىڭ سىرلىق ئوردىلىرىغا كىرىپ، يېڭى بىلىم خەزىنىلىرىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئىلىم-پەن كۆزىتىشتىن باشلىنىدۇ.

نېمىس فىزىكى رېنتگېننىڭ رېنتگېن نۇرىنى بايقىشى، ئىنگلىز ھەكىمى گىننىنىڭ ئەمەلىي ئارقىلىق ياۋا چېچەكنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، رۇس فىزىئولوگى پاۋلوۋنىڭ شەرتلىك رېفلېكس تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئىنگلىز خىمىكى دالتوننىڭ ئاتوم نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنچىكە كۆزىتىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەقىللىقلىق تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئاستا ـ ئاستا ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا قىلىشلارغىمۇ قەدەم تاشلاپ كېتەلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە، دىققەتنى تەتقىق قىلماقچى بولغان شەيئىگە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئوشتۇمتۇت پەيدا بولىدىغان ھادىسىلەرگىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. بۇنداقتا ھەم كېمىنى ھەيدەپ ماڭغىلى ھەم كېمىگە سەكرەپ چۈشۈپ قالغان بېلىقنىمۇ تۇتۇپ يېگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن، پېنىتسىللىننىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا قاراپ ئۆتەيلى.

ئەنگلىز باكتېرىيەشۇناسى خېرەيمىن زەھەرلىك خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسىنى تەتقىق قىلىۋاتقاندا، باكتېرىيە ئۆستۈرىدىغان قاچىدا توپ ـ توپ كۆك رەڭلىك باكتېرىيىلەر پەيدا بولۇپ قالغان. باكتېرىيە يېتىشتۈرىدىغان تەجرىبىخانىلاردا بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى نورمال ئىش بولۇپ، بۇنداق ھادىسىلەرنى ئادەتتە سىرتتىن قوشۇلۇپ قالغان باكتېرىيىلەرنىڭ بۇلغىشى كەلتۈرۈپ چىقارغانچىقا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەمما خېرەيمىن ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسىنى نۇقتىلىق كۆزىتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، كۆكەرتىش باكتېرىيىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىپ ماڭغان. ئۇ ئاساسىي نۇقتا بىلەن توساتتىن پەيدا بولغان قوشۇمچە نۇقتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن چوڭقۇر كۆزىتىش داۋامىدا باكتېرىيە قاچىسىدىكى ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. مۇشۇنداق ئاسادىيىي بايقاش ئۇنى زىيادە ھاياجانلاندۇرغان. خېرەيمىن ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئىگىلەشكە بەل باغلاپ، كۆپ

كىشىنى ئەقىللىق قىلىدۇ، كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئاچىدۇ. تېخى-
مۇ ئەقىللىق ئادەم بولۇش، يېرىم-ياتا بىلىملەر بىلەن قانائەتلىنىپ
ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان يامان قىلىقلاردىن ساقلىنىش، دۇنيانىڭ
سىرلىرىنى ئىچكىرىلەپ بىلىش ئۈچۈن شەيئىلەرنى ئىنچىكىلىك
بىلەن كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئۇنداق بولسا، كۆزىتىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قانداق
قىلىش كېرەك؟

بىرىنچىدىن، كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. مۇنداق
دېگەنلىك، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە ھەرقاچان
دىققەت قىلىدىغان، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە شەيئىلەر ئارىسى-
دىكى تۈرلۈك ئىچكى باغلىنىشلارنى كۆرىدىغان، بولۇپمۇ ئوخشاش
خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ جورىلىرىغا ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس
ئۆزگىچىلىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ باشقا
شەيئىلەر بىلەن قانداق باغلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالايدىغان
كۆزىتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ.

كىشىلەر بۇنداق كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى "پاراسەت
كۆزى"نى چېنىقتۇرۇش دەپمۇ ئاتايدۇ. كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىل-
دۈرۈپ، پاراسەتنىڭ كۆزىنى ئاچقاندا، ھەرقاچان ئەتراپىدا يۈز
بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە دىققەت قىلىپ ماشغۇل بولىدۇ. بۇنداقتا يېڭى
بىلىملەر خۇددى ئېرىقتىكى سۇ توختىماي كۆلگە كىرىپ تۇرغاندەك
ئادەمنىڭ مېڭىسىگە كىرىپ تۇرىدۇ. ئادەم مېڭىسى خۇددى تاشپاختا
سۇنى شۈمۈرۈۋالغاندەك، ئۆزىدە يوق يېڭىلىقلار بىلەن ئۆزىنى
تولۇقلايدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە بىلىم دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى كۆزى-
تىش قابىلىيىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. يەنى ئادەم بارغانسېرى

ئۈچىنچىدىن، كۆزىتىش داۋامىدا يوشۇرۇن تۇرغان ياكى كىشىلەر سەل قاراۋاتقان ھادىسىلەرنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بۇنداق كۆزىتىش ئادەتتە شۇ كىشىنىڭ مەلۇم ساھەدىكى بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مەلۇم ساھەدىكى بىلىم ۋە تەجرىبىسى مول بولغانسېرى يوشۇرۇن تۇرۇۋاتقان غەيرىي نورمال ھادىسىلەرنى شۇنچە چوڭقۇر كۆزىتىۋالالايدۇ.

ئالايلۇق، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى داۋامىدا ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى مىكروب ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. بۇ خەلقئارا كېلىشىمگە خىلاپ جىنايەت ئىدى. بۇنى پاش قىلىپ دۇنياغا جاكارلاش ئۈچۈن، جۇڭگودىن شىمالىي چاۋشيەنگە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتكەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا كىشىلەر دىققەت قىلمىغان بىر ھادىسە پروفېسسور ۋۇ جىڭيىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇ ئۆتكۈرلۈك بىلەن بىر تال ياپراققا تىكىلگەن. بۇنداق ياپراق چىقىرىدىغان دەرەخلەر ئەسلىدە شىمالىي ئامېرىكىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، جۇڭگو ياكى چاۋشيەندە ئۆسمەيدىكەن. بۇنىڭ بىلەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ مىكروب ئۇرۇشى ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ بىر جىنايى پاكىتقا ئىگە بولغان، يەنى ئامېرىكا دەرەخ ياپراقلىرىنى مىكروب تارقىتىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىش ئارقىلىق مىكروب ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان.

تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاساسلىقى ۋۇ جىڭيىنىڭ ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى ئارقىسىدا غەلىبىلىك بولۇپ چىققان. روشەنكى، پروفېسسور ۋۇ جىڭيىنىڭ باشقىلار دىققەت قىلمىغان ھادىسىگە دىققەت قىلىپ كۆزىتىشى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى مول بىلىمى بىلەن

قىممىلىق تەجرىبە ئارقىلىق ئەڭ ئاخىردا زەھەرلىك خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئۇززۇمسىمان شارچە باكتېرىيىسىنىڭ بىر خىلى — پېنىتسىللىننى كەشپ قىلىپ ئىنسانىيەتكە بەخت ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1945 - يىلى مېدىتسىنا ۋە فىزىئولوگىيە پەنلىرى بويىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مۇكاپات-لاش يىغىنىدا ئۇ: "مېنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىم بىرلا، ئۇ بولسىمۇ كۆزىتىشكە سەل قارىماسلىقتۇر" دېگەن.

ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. ئۇ ئاساسلىق تېما — ئۇززۇمسىمان شارچە باكتېرىيىسىنى كۆزىتىشكە سەل قارىمايلا قالماستىن، بەلكى ئاساسلىق تېما سىرتىدىكى غەيرىي نورمال ھادىسىلەرنى كۆزىتىشكىمۇ جىددىي قارىغان. كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى شۇكى، خېرەيمەن بۇ كەشپىياتنى يارىتىشتىن ئىلگىرى بەزىلەر بۇ ئەھۋالغا يولۇققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتە قىلىپ تەكشۈرمەي، كەشپىيات يارىتىشنىڭ مۇھىم پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغان.

كۆزىتىش مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن، بىز دىققىتىمىزنى بىرلا دائىرىگە چەكلەپ قويۇپ، "كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر"گە دىققەت قىلمىساق، ياكى كۆرۈپ تۇرساقمۇ ئۇنىڭغا قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاپ كىرىپ كۆزەتمىسەك، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، كۆزىتىشنىڭ يېڭى باسقۇچلىرىنى ئاچالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، دىققەت قىلىدىغان يەردە بىلىم بار. كۆزىتىشكە ماھىر كىشىلەر باشقىلار كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيدۇ، كۆزىتىشكە ماھىر بولمىغانلار ئۇنچە - مەرۋايىتلار چېچىلىپ ياتقان تاغقا چىقىپمۇ قۇرۇق قول قايتىپ چۈشىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى پۇختا ئىگىلىنىشى، كۆزىتىش جەريانىدىن
خاتىرە قالدۇرۇلۇشى قاتارلىقلار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 3) خاتىرە قابىلىيىتى

ئىنساننى قەدىرلىك ۋە ئۇلۇغ قىلىپ تۇرۇۋاتقان نەرسە مېڭە
بولۇپ، خاتىرە قابىلىيىتى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زور بايلىقىدۇر. بۇ
بايلىق خەزىنىسىنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن ئىشلارنى ئەستە قالدۇرۇپ،
ئەستە تۇتۇپ كۆرۈپ بېرىشى ۋە تونۇپ يادىغا ئېلىپ بېرىشى
ئىنسان ھاياتىنى تۈرلۈك-تۈمەن ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە
ئۆزىنى بارغانسېرى گۈزەللىككە باشلاشقا ئاساس بولىدۇ. ئەپسۇسكى،
خاتىرە قابىلىيىتى ئابىدىلەر ياكى كىتابى يازما يادىكارلىقلارغا
ئوخشاش مەڭگۈلۈك بولماستىن، ۋاقىتلىق، شەرتلىك بولىدۇ. بۇ
ھال ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۈچۈن قولايسىزلىق كەلتۈرىدۇ.
شۇڭا، خاتىرە قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈشنىڭ
ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ئالايلۇق، باشقا مىللەتلەرنىڭ
تىلىدىكى سۆزلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئىرادىلىك ئۆگەنگۈچى
ئۇنى ئۆمۈرلۈك خاتىرە قىلالايدۇ. باشقا جەھەتلەردىكى خاتىرە
قابىلىيىتىمۇ ئەنە شۇنداق. خۇددى تىل ئۆگىنىشكە ئوخشاش
جەسۇرلۇق بىلەن باشقا بىلىملەرنى خاتىرە قىلغاندا، بىر تىل
بىلگەن كىشىنى ئۇ تىل شۇنچە قولايلىق شارائىتلارغا ئىگە قىلغاند-
دەك، بىلىملەرنى خاتىرە قىلغۇچىنىمۇ شۇ بىلىم ئاساسىدىكى بارلىق
ئىشلاردا قولايلىققا ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەقىلنىڭ چىرد-
غىنى يورۇتۇش ئادەمنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى بىلەن چەمبەرچەس
باغلىنىدۇ. كىمكى ئەقلي پائالىيەتلەردە يۇقىرى ئۈنۈم قازانماقچى

مۇناسىۋەتلىك.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، كۆزىتىش مول بىلىم ئاساسىدا بولغاندا يوشۇرۇن ھادىسىلەرنى بايقىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مول بىلىمى بار ئادەملەر بىر مەسىلىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىما تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈپ ناھايىتى مۇرەككەپ تەرەپلەرنىمۇ ئويلىيالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلھاملىنالايدۇ، ئىلھام ئارقىسىدا كۆزىتىش قابىلىيىتى يېڭى-يېڭى تەسەۋۋۇر كەپتەرلىرى بىلەن بىللە قانات قېقىپ ئۇچىدۇ. بۇ ھال ئىلمىي كۆزىتىشلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ناھايىتى ماستۇر. چۈنكى جىددىي ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلمىي كۆزىتىشلەر يۇكسەك تەپەككۇرنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. بۇنداق يۇكسەك تەپەككۇرنىڭ بىلىمسىز كاللىدىن ئۇرغۇشى تەس بولىدۇ. بەدىئىي كۆزىتىشلەر ھەرقاچان تەسەۋۋۇر ياردىمىگە تايىنىدۇ. تەسەۋۋۇرمۇ بىلىمسىز كاللىدا پەقەت خىيال تەرىقىسىدە توختاپ قالىدۇ.

يوشۇرۇن تۇرغان ياكى كىشىلەر سەل قاراۋاتقان ھادىسىلەرنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش ئۈچۈن يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بەزىلەر كۆزىتىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئالاھىدىلىككە دىققەت قىلماستىن، قارىغۇلارچە ئىزدىنىدۇ. بۇنداقتا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن چەتلەش كېلىپ چىقىدۇ-دە، كۆزىتىشنىڭ نۇقتىسى بۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقىلار كۆزىتىش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈشتە بىرقەدەر مۇھىم نۇقتىلار بولۇپ، ئاشۇ ئاساستا كۆزىتىش قابىلىيىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ مېڭىش ئۈچۈن، كۆزىتىش جەريانىدا مەقسەت ئايدىڭ بولۇشى، ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللىنىلىشى، پىلانچانلىق كۈچەيتىلىشى، تەپەككۇر پائالىيىتى جانلاندۇرۇلۇشى، كۆزىتىلىدىغان

ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبىلەرنىڭ مېڭىدە ساقلىنىشى ۋە جۇغلىنىشى ئارقىسىدا بىلىمىز ئېشىپ بارىدۇ.

يېقىنقى زامان تارىخىدا، خاتىرە قابىلىيىتى ئۈستىدە يۈز يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان تەتقىقات ئومۇمەن مۇنداق ئىككى تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلدى. بىر تەرەپتىن، خاتىرە قانۇنىيەتلىرى يەنى تاشقى جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغان قانۇنىيەتلىرى، ئالايلۇق، خاتىرە دېگەن نېمە؟ خاتىرە قانداق باسقۇچلارغا بۆلۈنىدۇ؟ نورمال خاتىرە بىلەن كېسەل ھالەتتىكى خاتىرە قانۇنىيەت جەھەتتىن قانداق پەرقلىنىدۇ؟ خاتىرىنى قانداق يول بىلەن ياخشىلىغىلى بولىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر تەتقىق قىلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن، خاتىرىنىڭ فىزىئولوگىيە جەھەتتىن تەييارلىنىشى قانداق ھاسىل بولىدۇ؟ ئۇ مېڭىنىڭ قايسى جايلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟ خاتىرىنىڭ ھاسىل بولۇش جەريانى قانداق بولىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر تەتقىق قىلىندى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىر بىرىنچى تەرەپتىكى تەتقىقات كۆپرەك بولۇپ، بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىككىنچى تەرەپتىكى تەتقىقات تېخى ئەمدى باشلاندى. بۇ جەھەتتە بۇندىن كېيىن تىرىشىپ ئىشلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن خىزمەتلەر بار. ھازىر ئۆگەنگەننى ئەستە تۇتۇۋېلىش ئۈستىدىكى تەتقىقات بىئولوگىيە پېنىدە تەتقىق قىلىنىۋاتقان مۇھىم بىر تېما بولۇش بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا. پسىخولوگىيە خادىملىرى بىئوفىزىكا، نېرۋا فىزىئولوگىيەسى، بىئوخىمىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە بىرقانچە خىل پەن بويىچە بىرلەشمە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مۇشۇ نەتىجىلەر

بولىدىكەن، ئالدى بىلەن خاتىرىدىن ئىبارەت خەزىنىنى ئەڭ پايدىلىق بىلىملەر بىلەن تولدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.
دېمەك، خاتىرە بىلىم ئېلىشنىڭ مۇھىم شەرتى بولۇپ، باشقا ئەقلىي ئامىللارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ ۋە باشقا ئەقلىي ئامىللارغا ئاساس بولىدۇ. خاتىرە قابىلىيىتى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئىگىلىگەن بىلىملەر قانچە كۆپ بولسا، تەجرىبە كۆزىتىشلىرىدە مەسىلەرنى ئاسان بايقىۋالغىلى بولۇپلا قالماستىن، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئويلاش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش جەھەتلەردىمۇ بارغانسېرى يۇقىرىلاپ ماڭغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى كىشىلەر «پاراسەت خەزىنىسى» دەپ ئاتىغان. ئۇنداق بولسا خاتىرە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ بىلىمنى خاتىرە قىلىش شەكىللىرى قانداق بولىدۇ؟
ئەنئەنىۋى پسىخولوگىيىدە خاتىرە ئۆگىنىش، تاشقى دۇنيادىن تەجرىبە ئېلىش دېمەكتۇر. ئەستە تۇتۇۋېلىش بولسا مۇشۇ يول بىلەن ئېلىنغان تەجرىبىنىڭ چوڭ مېڭىدىن ئورۇن ئېلىشى دېمەكتۇر، دەپ قارالغاندى. كلاسسىك فىزىئولوگىيىلىك پسىخولوگىيىدە، خاتىرە نېرۋا توقۇلمىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئالاقە ئورنىتىشىدىن ئىبارەت، ئەستە تۇتۇۋېلىش مۇشۇ خىل ۋاقىتلىق ئالاقە ئورنىتىلغانلىق ئىزىنىڭ ساقلىنىشىدىن ئىبارەت دەپ قارالغاندى. يېقىنقى زامان ئۇچۇر ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پسىخولوگلار ئۇچۇر سىگنالى دېگەن ئۇقۇمنى ئۆگەنگەننى خاتىرە قىلىش نەزەرىيىسىگە كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆگىنىش ئۇچۇر سىگنالىنىڭ نېرۋا سىستېمىلىرىدا بارلىققا كېلىشى ۋە ساقلىنىشى دېمەكتۇر. ئەستە تۇتۇۋېلىش بولسا، مېڭىدە ساقلانغان بارلىق ئۇچۇر سىگناللارنىڭ يىغىندىسى دېمەكتۇر. قىسقىسى، مۇشۇنداق ئۆگىنىش،

تۇرۇش بولسا تونۇش ۋە يادىغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ھالبۇكى، تونۇش ۋە يادىغا كەلتۈرۈش بولسا، ئەستە قالدۇرۇش، ئەستە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئىپادىسىدۇر.

خاتىرىنى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. خاتىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇنى ئوبرازلىق خاتىرە، لوگىكىلىق خاتىرە، ھەرىكەت خاتىرىسى ۋە كەيپىيات خاتىرىسى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. خاتىرە جەريانىدىكى ئۇچۇر زاپىسىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا ئاساسەن، ئۇنى دەرمەھەللىك خاتىرە، قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرە ۋە ئۇزاق ۋاقىتلىق خاتىرە دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئاڭلىق ۋە مەقسەتچانلىقىغا ئاساسەن ئۇنى ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئىختىيارىي ئەستە قالدۇرۇش دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئەستە قالدۇرۇلغان ماتېرىياللارنى چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەنلىكىگە ئاساسەن ئۇنى مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇش ۋە مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

خاتىرە تۆۋەندىكى بىرنەچچە پەزىلەتكە ئىگە: داۋامچانلىق، يەنى خاتىرە ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى؛ ئۆتكۈرلۈك، يەنى خاتىرە سۈرئىتىنىڭ ئاستا ياكى تېزلىكى، توغرىلىق، يەنى خاتىرە مەزمۇنىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى؛ زاپاسچانلىق، يەنى مېڭىدە ئەستە تۇتۇپ تۇرغان مۇناسىۋەتلىك بىلىم - تەجرىبىلەرنى تېز ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى ياكى چىقىرالماسلىقىدىن ئىبارەت. خاتىرە پەزىلىتىنىڭ پەرقى كىشىلەرنىڭ خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىز بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەمگەكچىلەرنىڭ خاتىرە قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە بۆسۈش ئېغىزىدۇر. ياخشى بولغان خاتىرە قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاساسلىقى

بويىچە خاتىرە قابىلىيىتىنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلاش مۇمكىن:

خاتىرە — ئادەم مېڭىسىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن شەيئىلەرگە قارىتا ئىنكاسى، ئىلگىرى ئىدراك قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ چوڭ مېڭىدە قالدۇرغان ئىزى.

خاتىرە ئەستە قالدۇرۇشتىن باشلىنىدۇ. ئەستە قالدۇرۇش قايتا-قايتا ئىدراك قىلىپ ئېرىشكەن بىلىم ۋە تەجرىبە جەريانىدۇر. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار بىر پارچە شېئىرنى كۆپ قېتىم قايتا-قايتا ئوقۇش ئارقىلىق ئەستە قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەستە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەستە تۇتۇپ تۇرۇش مۇستەھكەم ئەستە قالدۇرۇشنىڭ نەتىجىسى. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار بىرەر پارچە يېڭى شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتسىمۇ يەنىلا شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى ئېسىدە تۇتىدۇ. ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئەستە تۇتۇپ تۇرۇش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى ئاساسەن تونۇش ۋە يادىغا كەلتۈرۈشتە كۆرۈلىدۇ. تونۇش ئىلگىرى ئىدراك قىلىنغان ۋە باشتىن كەچۈرۈلگەن شەيئىلەر (مەسىلەن، ئۆگەنگەن چەت ئەل تىلى سۆزلۈكلىرى، ناخشىلار) قايتا ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئۇنىڭ ناھايىتى تونۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش، پەرق ئېتىش ۋە تونۇشتىن ئىبارەت. يادىغا كەلتۈرۈش ئىلگىرى ئىدراك قىلىنغان ياكى باشتىن كەچۈرۈلگەن شەيئىلەر كۆز ئالدىدا بولمىغاندىمۇ، ئۇلارنى يېڭىباشتىن ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر. بۇنىڭغا دەرس تېكىستلىرىنى ياد ئوقۇش، ئوقۇغان ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرىشنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ئەستە قالدۇرۇش، ئەستە تۇتۇپ تۇرۇش، تونۇش ۋە يادىغا كەلتۈرۈش — خاتىرىنىڭ تۆت ئاساسىي جەريانى بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەستە قالدۇرۇش، ئەستە تۇتۇپ

ئەچچە ۋاقىتتىن بىرى كىشلەر ئەستە قالدۇرۇش بىلەن ئۇنتۇش-نى گويا بىرسى-بىرسىگە زىت دەپ چۈشىنىۋېلىپ، ئەستە قال-دۇرۇشنىلا تەكىتلەپ، ئۇنتۇشنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىپ كەلدى. دىئالىكتىك نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، خاتىرە ساھەسىدىكى بۇ ئىككى كاتېگورىيە بىرسى يەنە بىرسىگە ئەسقاتىدىغان ئىناق دوستلاردۇر. چۈنكى ئۇنتۇش ھېچقاچان خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ ناچار-لىقىنى ياكى خاتىرە ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنتۇش بولمىسا ئەستە قالدۇرۇش بولمايدۇ. ئەستە قالدۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇنتۇشقىمۇ ماھىر بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئادەتتە ئۇنتۇش ھەر خىل بولىدۇ. ئىختىيارسىز (پاسسىپ) ئۇنتۇشمۇ بولىدۇ. ئاكتىپ (بەزى ئۇچۇرلارنى مەقسەتلىك تۈردە چەتكە قېقىش) ئۇنتۇشمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەستە قالدۇرۇش ئىختىيارىي ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كىشى كۆزى كۆرگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەستە قالدۇرالمايدۇ ھەمدە بۇنداق قىلىشمۇ ھاجەت بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەستە ساقلاپ تۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرچاغدا، ئىختىيارىي ئەستە قالدۇرۇشنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋې-تىشتىن ساقلىنىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ئاكتىپ تۈردە ئۇنتۇش-نىڭ فۇنكسىيىسى ناھايىتى مۇھىم بولمىغان، ھەر دائىم لازىم بولمايدىغان ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇن ئەستە قالدۇرۇش (ئىختىيارسىز ئەستە ساقلاش) دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېتىشتۇر. بۇنداق ئۇنتۇش داۋامىدا ئۇچۇر خاتىرىدىن ئۆچۈپ كەتمەيدۇ، بەلكى يوشۇرۇن خاتىرە كاتېگورىيىسى تەرىپىدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. لازىم تېپىلغاندا،

يۇقىرىقى تۆت تۈرلۈك پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى شەرت.

خاتىرە پائالىيىتىنىڭ بىلىمنى ئەستە قالدۇرۇش شەكلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى، سىگناللارنى ئەستە قالدۇرۇش بولۇپ، بىلىمنىڭ تاشقى شەكلىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىمنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تولۇق بىلىۋېلىشنى شەرت قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق خاتىرە شەكلىنى پسىخولوگىيىدە "مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇش" دەپ ئاتايدۇ. ئىككىنچىسى، ئۇچۇرلارنى ئەستە قالدۇرۇش بولۇپ، بۇ بىلىمنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىمنىڭ شەكلىنى تولۇق بىلىۋېلىشنى شەرت قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق خاتىرە شەكلىنى پسىخولوگىيىدە "مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش" دەپ ئاتايدۇ. ئۇچۇرلارنى ئەستە قالدۇرۇش سىگناللارنى ئەستە قالدۇرۇشتىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئەۋزەلدۇر. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئىسپاتلاپ بەردىكى، مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش مېخانىكىلىق ئەستە ساقلاشتىن نەچچە ھەسسە ئەۋزەل بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، سىگناللار بىلەن ئۇچۇرلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئەستە قالدۇرۇش بولۇپ، بۇ ئەڭ ئەلا خاتىرە شەكلىدۇر. چۈنكى بىلىمنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى بىلەن ئۇنىڭ تاشقى شەكلى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئورگانىك گەۋدە بولۇپ، ئەستە قالدۇرۇشتا بۇ ئىككى تەرەپنىڭ قايسىبىرسىگە سەل قارالسا، بىلىمنىڭ ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈكىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. تىل ئۆگىنىشنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، سۆز (ئاڭلاش سىگنالى)، خەت (كۆرۈش سىگنالى)، مەنە (ئۇچۇر) بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىبىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئۇنتۇش

سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، "خوپ! خوپ ئۇستام!!" دېدى ـ دە، كۈلكىسىنى بېسىۋالالماي ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىۋالدى. تېلېفون بەرگۈچىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن تېلېفوننى قويۇۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

قارىماسىز، تېلېفون بەرگۈچى دوكتور ئېينىشتېيىنىڭ ئۆزى ئىكەن، بۇ، ئۇنىڭ كالىسىنى جىددىي خىزمەتلەر قاپلاپ كەتكەچكە، ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالماي، كاتىپتىن بۇ مەخپىيەتلىكنى ھېچ ئادەمگە ئاشكارىلىماي، ئۆز ئۆيىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەنىكەن.

بۇ نېمە دېگەن ئۇنتۇغاقلىق ـ ھە؟! ئېينىشتېينلا ئەمەس، ئېدىسونمۇ باج تۆلىگىلى بارغاندا، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، باج تۆلىگەن فاكتورغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى نېمە دەپ يېزىشىنى بىلمىگەندە يېنىدىكى بىرسى "ھەي ئېدىسون ئەپەندىم، سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئېدىسون، ئېدىسون دەپ يېزىڭ" دەپ بەرگەندىن كېيىن "ھە، توغرا، ئىسمىم ئېدىسون" دەپ ئىمزا قىلغاندا، ئەتراپتىكىلەر قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەنىكەن.

بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئالىمنىڭ بىرسى ئۆزىنىڭ ئۆيىنى، يەنە بىرسى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قېلىشى نېمىدېگەن كۈلكىلىك ـ ھە؟! بۇ ئالىملارنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەر ئۇستىدىكى مۇھىم نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرۇشى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە يۇقىرى بولسىمۇ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارنى ئەستە قالدۇرۇشتا مۇنچىۋالا دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟

ئەسلى سەۋەب شۇكى، ئەستە قالدۇرۇش بولىدىكەن، ئۇنتۇشمۇ بولىدۇ. ئۇنتۇش بولمىسا، كېرەكسىز نەرسىلەر كاللىغا كىرىۋالسا،

ئۇنى ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇش كاتېگورىيىسىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە بولىدۇ. يەنى ئۇنى ئەسلەپ ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇنتۇشنى تەكتىلىشىمىز پەقەت ئىختىيارسىز ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا، ئەڭ مۇھىم ئۇچۇرلارنى ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئەرزىمەس ئۇچۇرلارنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇشقىمۇ ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. بۇنداق قىلماي، ھەممە ئۇچۇرلارنى تەڭلا ئەستە قالدۇرماقچى بولىدىكەنمىز، ھېچقانداق ئىجادىي پائالىيەتنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز. بىرەر ئىجادىيەت تېمىسىنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن قوشۇمچە نەرسىلەرنى ۋاقتىنچە يوشۇرۇن خاتىرىگە ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ، بۇ تېمىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇچۇرلارنى يادىغا كەلتۈرۈش بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېين ۋە ئېدىسونلارنىڭ ئۇنتۇغاقلىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئەھمىيەتلىك بولسا كېرەك.

ئېينىشتېين بوستون ئالىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندا، تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ئىشخانىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كاتىپىغا تاشلاپ قويغانىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفون بەرگۈچى دوكتور ئېينىشتېيىننىڭ ئۆيى قەيەردە دەپ سورىدى. ئۇ كاتىپ دوكتور ئېينىشتېيىننىڭ تەتقىقات خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش بولغانلىقتىن، تېلېفون بەرگۈچىگە ھۆزۈر قويۇپ، ئېينىشتېيىننىڭ ئۆيى تۇرۇشلۇق جايىنى ئېيتىپ بەرمىدى.

شۇ ئان تېلېفون بەرگۈچىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى مۇلايىملاشتى. ئۇنىڭ ئاۋازى پەس ۋە ناھايىتى يېقىملىق ئىدى. كاتىپ ئۇنىڭ

پايدىلىنىش كىتابلىرىدىن بىرنى ۋاراقلىغان ھامان تاپقىلى بولىدىغۇ؟ مېنىڭ ئەستە قالدۇرغىنىم كىتابتا يوق نەرسىلەردۇر" دېگەن.

ئەگەر ئۇنتۇش قانچىكى ئاز بولسا، ئۆگىنىش شۇنچە ياخشى بولىدۇ دەپ ئويلاپ، تالىپلار كىتاپ ھەممىنى ئەستە قالدۇرۇش ۋە ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇلسا، ئۇنداق ئادەم بەلكى ئىككى پۈت-لۈك كىتاب جاھازىسىغا ياكى بىلىم ئىسكىلاتىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىر قېتىم روسفۇ ئاسپىرانت قوبۇل قىلغاندا، بىر يىگىت خۇشاللىق بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ ئىمتىھانىغا قاتناشقان، ئەمما ئۆتەلمىگەن. بۇ يىگىت مەيۈسلەنگەن ھالدا: "ئۇستازىم، مەن سىزنىڭ كىتابلىرىڭىزنى پىششىق يادلاپ بولغانىدىم. بۇ قانداق بولغىنى..." دېگەن. پروفېسسور روسفۇ ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ: "مېنىڭ ئەسەرلىرىم «ئىنجىل» ئەمەس، مەن پەقەت يادلاشنىلا بىلىدىغان كاللىغا موھتاج ئەمەس، ئۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىغا موھتاج" دېگەن!

دېمەك، خاتىرە نىشانلىق ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق زۆرۈر شەرتلىرى بار.

ئەستە قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ۋە ئۇسۇللىرى

ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش شەرت:

بىرىنچى، ئېنىق نىشان تۇرغۇزۇش. پسىخولوگلار، ئەستە قالدۇرۇش پائالىيىتى كۈچلۈك ئىختىيارلىق ۋە ئاكتىپچانلىققا ئىگە، شۇڭا، بىرنەرسىنى ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئەستە ساقلاش ئۈچۈن ئېنىق نىشان بولۇشى كېرەك. نىشان قانچە كونكرېت، ئېنىق بولسا،

ئۇلار ئەستە قالدۇرۇش يوللىرىنى توسۇۋالىدۇ-دە، ئەستە قالدۇرۇشنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى قانچە كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ ئالدىغا كەلگەن ھەممىنى ئەستە ساقلاپ ماڭالمايدۇ. مەسىلەن، ئەستە قالدۇرۇش ئوبيېكتىنى ئېلىپ ئېيتساق، بىز بىر ئادەم بىلەن تونۇشقاندا، ئۇنىڭ بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان تەقى-تۇرقىنىلا ئەستە قالدۇرالايمىز ۋە ئەستە ساقلىيالايمىز. باشقا تەرەپلىرىنى چوقۇم ئەستە قالدۇرالمايمىز ۋە ساقلىيالمايمىز. ئەستە قالدۇرۇشنىڭ بۇنداق تاكامۇل بولماسلىقى پايدىلىقتۇر. چۈنكى بۇنداق بولمىغاندا، خاتىرىمىزدە تۈرلۈك تەسىراتلارنىڭ ئىزلىرى تەڭ تۇرۇۋېلىپ ئاساسلىقىغا يول بەرمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېڭى نەرسىلەرنى، مۇھىم نەرسىلەرنى خاتىرىگە ئېلىش قىيىنلىشىپ كېتىدۇ ياكى مۇمكىن بولمايدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، بىر يازغۇچى ئادەم مېڭىسىنى بىر قۇرۇق ئۆيگە ئوخشاتقان ۋە بۇ ئۆيگە ئەڭ كېرەكلىك لازىمەتلىكلەرنى تاللاپ تىزىشنى تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە "بۇ ئۆيگە كەلسە-كەلمەس نەرسىلەرنى دۆۋىلىۋېلىش تازا بىر سارائىلىقتۇر" دېگەن. ئېينىشتېيىن بوستۇندا تۇرغاندا، بوستۇندا ھەممە كىشىدىن پەن بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش ئەۋج ئالغان بولۇپ، بىراۋ ئۇنىڭدىنمۇ ئىمتىھان ئالماقچى بولغان ۋە ئۇنىڭدىن: "ئاۋازنىڭ ھاۋادا تارقىلىش سۈرئىتى قانچىلىك بولىدۇ؟" دەپ سورىغان. ئېينىشتېيىن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: "كەچۈرگەيسىز، بۇ سانىنى مەن بىلمەيمەن. ئەمما ئۇنى ئەستە قالدۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ سانىنى

ئەمما، بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا دەرس مەزمۇنلىرى پۇختا ساقلانمايدۇ. بۇنداق بولۇشى، ئۇلار يۇقىرىقى ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش پرىنسىپتا ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلاردا ئۇلۇغ غايە بولمىغاچقا، بىلىمنى ئۇزاققىچە ساقلاپ تۇرىدىغان ئاڭلىق تەلەپ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى پەقەت ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ئۈچۈنلا بولىدۇ.

ئىككىنچى، قەتئىي تۈردە ئۆزىگە ئىشەنچە تۇرغۇزۇش، ئۆزىگە ئىشىنىش ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۆزىگە ئىشىنىش ئەستە ساقلاشنىڭ يېرىمىغا باراۋەردۇر. چۈنكى ئۆزىگە ئىشىنىش كىشىدىكى ھەر خىل ئويلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە، ئاكتىپ خاتىرە قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ھەمىشە: "مەن ئەستە قالدۇرالمايمەن، مەن ئەستە ساقلىيالمايمەن، تەتقىقاتتا مەغلۇپ بولۇشۇم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ" دەپ يۈرسە، ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ۋە دىققەت قابىلىيىتى تېزلىكتە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەرەپلىرىنى ئەسلەپ، ئەستە قالدۇرۇش قىزىقىشىنى قوزغىسا ۋە ئەستە ساقلاشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشەنسە، ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى بىلىنەر-بىلىنمەس ھالەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، چوڭ مېڭىدىكى ھەربىر ھۈجەيرە خۇددى بىردىن كاتىپقا ئوخشايدۇ. كىشى ئۆزىگە ئىشەنگەندە، ئۇ ھۈجەيرىلەر قوزغىلىپ خاتىرە يېزىشنى باشلىسا، ئۆزىگە ئىشەنمىگەندە تورمۇزلىنىپ خاتىرە يېزىشنى توختىتىدۇ. بىزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمىزدە ناھايىتى كۆپ

ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۇنۇمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىرەر ئىشنى نىشان قىلغان كىشى گەرچە بىرمۇنچە كىتابنى ئوقۇسىمۇ ۋە بەزى كىتابلارنى تەكرار ئوقۇسىمۇ ناھايىتى ئازلا بىلىم ئالالايدۇ. ئەمما، نىشان تۇرغۇزغان كىشىنىڭ خاتىرىسى ئۇنداق بولمايدۇ. ئوقۇش جەريانىدىكى ئىككى خىل ئوقۇغۇچىنى مىسالغا ئالساق، بۇنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش مۇمكىن. ياپونىيىلىك بىر ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، كەلگۈسىدە جەنۇبىي ئامېرىكىغا بېرىپ بىر چارۋىچىلىق مەيدانىنى باشقۇرۇش قارارىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە «قابىلىيەتنى ئېچىش تەتقىقات ئىنستىتۇتى»غا بېرىپ تەلىم سورىغان. بەنبىن ئىسىملىك بىر تەتقىقاتچى ئۇنىڭغا "سىز بىر چارۋىچىلىق مەيدانىنى ياخشى باشقۇرماقچى بولسىڭىز، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى ياخشى ئىگىلىشىڭىز شەرت. بۇنداق بولمىسا، ئوت - چۆپ، تۇپراق تۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنى بىلمەيلا قالماستىن، ماشىنىلارنى ئىشلىتىشنىمۇ بىلەلمەيسىز" دېگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچى، پارتىسىنىڭ يېنىغا: "چارۋىچىلىق مەيدانىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە ۋە بىئولوگىيىلەرنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىمەن!" دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ قويۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئىلھام بەرگەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئىلھاملىنىشى بىلەن ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى دەرس ۋاقتىدا يۇكسەك قوزغىلىش ھالىتىدە تۇرغان. بۇ پەنلەرگە ئائىت ئۇچۇرلار ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىگە تېزلىكتە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ناھايىتى ئېنىق ئىزلارنى قالدۇرغان. دەرس ئۇنىڭ كاللىسىدا پۇختا ساقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ياخشى ھەزىم بولغان.

| ۋاقىت ئارىلىقى (سائەت) | ئۆگەنگەندە تېجەپ قىلىنغان ۋاقىتنىڭ پىرسەنتى |
|---|---|
| 0.20 | 58.2 |
| 1 | 44.2 |
| 8 | 35.8 |
| 24 | 33.7 |
| 48 | 27.8 |
| 114 | 25.4 |
| 744 | 21.1 |

يۇقىرىدىكى جەدۋەلگە ئاساسەن گرافىك ئىشلىسەك، بىر ئەگرى سىزىق كېلىپ چىقىدۇ.




بۇ خىل ئەگرى سىزىق ئادەتتە ئېبىنگ خائۇسنىڭ ئۇنتۇلۇش ئەگرى سىزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەگرى سىزىق ئۇنتۇلۇشنىڭ

بىلىملەرنى خاتىرە قىلالماسلىقىمىز بىزدە خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى مېڭىنىڭ قوزغىلىشىنى پەيدا قىلىدىغان ئاكتىپ پوزىتسىيىنىڭ كەملىكىدىن پەيدا بولغان.

ئۈچىنچى، دىققەتنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش. پسىخولوگىيە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتتا دىققەتنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگەندە، يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۇچۇرلار ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ساقلىنىۋاتقان كونا ئۇچۇرلارنى تورمۇزلىۋېتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەركەزلەشكەن دىققەت نەزىرىدىكى بىلىم تېز ھەم توغرىلىق بىلەن ئورۇن ئالىدۇ. شۇڭا، دىققەتنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىشنىڭ يەنە بىر زۆرۈر شەرتىدۇر.

تۆتىنچى، ئۆز ۋاقتىدا تەكرارلاش. نېمىس پسىخولوگى ئېبىنگ-خائۇس ئۇنتۇلۇش ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە تەجرىبە قىلغان. ئۇ مەنىسىز بوغۇملارنى ئەستە قالدۇرۇش ماتېرى-يالى ۋە ئۆزىنى سىنىئالغۇ قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بارغان: ئۇنىڭ بىر تەجرىبىدىكى ئۇسۇلى مۇنداق بولغان: ئەستە قالدۇرۇلغان ماتېرىياللارنى دەل يادقا ئېلىپ بولغۇچە ئۆگە-نىپ، بەلگىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېڭىباشتىن ئۆگەنگەن. يېڭىباشتىن ئۆگەنگەندە تېجەپ قالغان ۋاقىت ياكى قېتىم سانىنى خاتىرە كۆرسەتكۈچى قىلغان. بۇ تەجرىبىنىڭ نەتىجىسىنى تۆۋەن-دىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بولىدۇ. قانچىكى تۆۋەن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار شۇنچە ۋاقىتتىن كېيىن تەكرارلىشى لازىم. ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، ئېسىدىن ئوڭاي كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، چەت ئەل تىلى ئۆگەنگەندە 24 سائەتتىن كېيىن تەكرارلاش ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىدىكەن.

بۇنىڭدىن تەكرارلاش ئارىلىقى قانچە قىسقا بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ، دېگەن مەنە چىقامدۇ؟ پسىخولوگىيىلىك تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، ئارىلىق ھەددىدىن ئارتۇق قىسقا بولۇپ قالسىمۇ ئەستە قالغان نەرسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن پايدىسىز. بىر تەجرىبە ماتېرىيالىدىن مەلۇمكى، ئۆگىنىش بىلەن تەكرارنىڭ ئارىلىقى يېرىم سائەت بولغاندا ئون بىر قېتىم تەكرارلاشقا، ئىككى سائەت بولغاندا 7.5 قېتىم تەكرارلاشقا توغرا كېلىدىكەن. ئون سائەت بولغاندا بولسا بەش قېتىم تەكرارلاشقا كۇپايە قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، ئارىلىق چوقۇم لايىقىدا بولۇش لازىم.

بەشىنچى، مۇۋاپىق ئۇسۇل بولۇش. مېڭىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش خاتىرە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئەستە قالدۇرۇشنى ئامىي ئۇسۇلغا سېلىش كېرەك.

ئالايلۇق، بەزىلەر تاڭ سەھەردە قوپۇپ ئۆگىنىپ بولغان بىلىملىرىنى يادلاش ئارقىلىق ئەستە قالدۇرىدۇ ۋە ئاسانراق ئەستە تۇتۇپ تۇرالايدۇ. بەزىلەر بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ئويلاش ئارقىلىق ئەستە قالدۇرىدۇ ۋە ئاسانراق ئەستە تۇتۇپ تۇرالايدۇ. بەزىلەر تىنچ مۇھىتتا ئەستە قالدۇرالايدۇ ۋە ئاسانراق ئەستە تۇتۇپ تۇرالايدۇ. دېمەك، ھەركىمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش ۋە

تەرەققىي قىلىپ بېرىشىدىكى مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى ئىسپاتلاپ
بېرىدۇ: ئەستە قالدۇشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنتۇلۇش باش-
لىنىدۇ. ئۇنتۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى تەپتەكشى بولمايدۇ. ئەستە
قالدۇرۇشتىن كېيىنكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنتۇلۇش بىرقەدەر
تېز بولىدۇ. كېيىنرەك تەدرىجىي ئاستىلاپ بارىدۇ. بۇ قانۇنىيەتتىن
ئايانكى، ئۆگىنىشتىن كېيىن جەزمەن ۋاقتىدا تەكرارلاشنى قەتئىي
داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. يەنى ئۇنتۇلۇش تېخى باشلانمىغان چاغدا
تەكرارلاش كېرەك. ئۇنداقتا ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ كۆپ بىلىم
ئالغىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى، ئۆينىڭ تېمىغا زەي ئۆتكەن ھامان،
مۇداپىئە قىلىپ، تام ئۆرۈلۈپ ئۆيدىكى ئادەمنى بېسىۋېلىشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىشقا ئوخشايدۇ. ۋاقتىدا تەكرارلىغاندا ئۇنتۇلۇشنىڭ
ئالدىنى ئالغىلى، خاتىرە قابىلىيىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ ماڭغىلى
بولىدۇ. ئەگەر تەكرارلاشنى ۋاقتىدا قىلماي ناھايىتى كۆپ نەرسە-
لەرنى ئۆگەنگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ ياكى بول-
مايدۇ. ئۇنداق بولسا، ئۆگىنىش بىلەن تەكرارلاش ئارىلىقى قانچە
ۋاقىت بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟
پسىخولوگىيىلىك تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، ئارىلىق ياش-قورام
بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى نەزەرگە ئالغاندا،
يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەكرارلاش ئارىلىقى
ئۇزۇنراق بولسا بولىدۇ. لېكىن تۆۋەن يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچى-
لىرىنىڭ تەكرارلاش ئارىلىقى قىسقاراق بولۇشى لازىم. تەجرىبىلەر
شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر ماتېرىيالنى ئۆگىنىپ بولۇپ، بىر كۈندىن
كېيىن، ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئالتە كۈندىن كېيىن تەكرارلىغان
ئەھۋالدا، بىر كۈندىن كېيىنكىسىنىڭ نەتىجىسى ھەممىدىن ياخشى

كەتسىلە" دېسىمۇ، "خوش" دەپ كېتىۋېرىمىز. ئۇ توغرىدا ئانچە تەسىرات بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىشىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپمۇ يۈرمەيمىز. بۇ ئىككى سېلىشتۇرما شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، مۇددىئانىڭ ئېنىق بولۇشى ياكى ئېنىقسىز بولۇشى ئەستە قالدۇرۇش-نىڭ ياخشى-يامان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئوقۇتۇشلىرىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىنتىلىدىغان مۇددىئا بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئوبيېكتنى چۈشىنىش. يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغاندەك، مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇشتىن مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئەستە قالدۇرماقچى بولغان ئوبيېكتنى چۈشىنىشىمىز قانچە چوڭقۇر بولىدىكەن، ئەستە قالدۇرۇشىمىز شۇنچە تېز بولىدۇ. ئەستە تۇتۇپ تۇرۇش ۋاقتىمۇ ئۇزاقراق بولىدۇ. مەسىلەن، تەبىئىي پەنلەرنىڭ بىرمۇنچە فورمۇلىلىرى ناھايىتى ئىخچام يېزىلغان بىلەن ئۇنى ئەستە قالدۇرماق تەس بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مىساللار ئارقىلىق چۈشىنىپ ئالغاندىن كېيىن ئۇلار ئېسىمىزدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. باشقا مەسىلىلەردىمۇ شۇنداق. ئەستە قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئەستە قالدۇرۇلىدىغان ئوبيېكتنى چۈشىنىش كېرەك.

تۆتىنچى، بىر پۈتۈنلۈكنى قوغلىشىش. مۇئەللىم ماتېماتىكىلىق تەڭلىمىدىن بىرنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ناھايىتى كەڭ مىساللارنى يېشىپ بەرگەندە ياكى چوڭ يىغىندا گەپ ئۆرۈۋاتقان ئېغىز تەرجىمانىنىڭ سۆزلىگۈچىنىڭ بىرمۇنچە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپلا، تولۇق تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە قايىل بولىمىز. بۇلارنىڭ بۇنداق ماھارەتنى يېتىشتۈ-

ئەستە قالدۇرغانلىرىنى ئەستە تۇتۇپ تۇرۇش ئۇسۇللىرىدا پەرق بولىدۇ. ھەركىم ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىدە ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تاللاپ ئالالىسىلا، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ كېتىشى مۇمكىن.

### 4) ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇللىرى

ئەستە قالدۇرۇشنىڭ تۈرلۈك ئەپلىك ئۇسۇللىرى بار. ئۆزىگە يارىشا ئۇسۇل تاللاپ ئالالىغان ۋە ئۇسۇللىرىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەنلەر ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتتا يۇقىرى ئۈنۈم قازىنالايدۇ.

بىرىنچى، ئوبيېكتقا قىزىقىش. بىركىشى بىر نەرسىگە قىزىقسا ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنى ناھايىتى ئاسان ئەستە قالدۇرالايدۇ. مەسىلەن، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى تۆۋەنرەك بولغان بالىلارنىڭمۇ تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى ئەستە قالدۇرۇشى ياخشى بولىدۇ. قىزىقىش ئەستە قالدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غىدىقلىغۇچىدۇر. كىمكى ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئويلايدىكەن، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىدىكى ئەستە قالدۇرۇش ئوبيېكتلىرىغا بولغان قىزىقىشنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

ئىككىنچى، مۇددىئالىق بولۇش. ئادەتتە بىرەر دوستىمىزنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئولتۇرغىنىمىزنى ياكى ياخشى بىر دوستىمىز بىلەن پاراڭلاشقان مەزمۇننى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ تۇرالايمىز. چۈنكى، بىزنىڭ دوستىمىزغا چوڭقۇر مۇھەببىتىمىز بار. ئۇلارنىڭ بىزنى قايسى بىركۈنى سەيلىگە تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېسىمىزدە تېخىمۇ چىڭ ساقلايمىز. چۈنكى بىزنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ھەۋىسىمىز ناھايىتى كۈچلۈك. ئەمما، بەزىلەر ھەر كۈنى "ئۆيگە كىرىپ

لازىملىق كىتابلارنىمۇ تېزلىكتە تېپىۋالالايمىز. بىلىملەرنى ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئەسلەشتىن ئىبارەت خاتىرە پائالىيىتىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىش. ئەستە قالدۇرۇلغۇچى ئوبيېكت بىلەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشى بولىدۇ. يەنى ئەستە قالدۇرۇلغۇچى ئوبيېكتنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا ئىدراك قىلىنىدىغان، تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان ياكى تەپەككۇر قىلىنىدىغان باشقا ئوبيېكتى بولىدۇ. بىر خىل ئىدراك، تەسەۋۋۇر ياكى تەپەك- كۇر ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر خىل ئىدراك، تەسەۋۋۇر ياكى تەپەككۇرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، "ئۇ" ھەرپىنى ئىدراك قىلغاندا، ئۇنىڭغا شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپراق كېتىدىغان "ئۆ"، "ئۇ"، "ئۈ"لەرنى ئىدراك قىلىش مۇمكىن. «ج» نى ئىدراك قىلغاندا "خ"، "چ" لارنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇنداق باغلىنىش بار نەرسىلەرنى ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغاندا، ئەستە قالدۇرۇش دائىرىسىنى سىمۋوللۇق كېڭەيتىشكە ۋە مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇشنى كۈچەيتىشكە بولىدۇ.

يەتتىنچى، قىسقارتىش. بىز ئادەتتە ئارقا-ئارقىدىن تىزىلىپ كېلىدىغان بىرمۇنچە سۆزلەرنى ھەرپلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەننى «ش، ئۇ، ئا، ر» دېگەن ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەيمىز. «جامائەت خەۋپسىز- لىكى ئىدارىسى» دېگەننى «ج خ ئىدارىسى» دېگەن ھەرپ ۋە سۆز بىلەن ئىپادىلەيمىز. باشقا شەيئىلەرنىمۇ چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، ئەنە شۇنداق شەرتلىك ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلەشنى ئۆگىنىش مېڭىنىڭ ئەستە قالدۇرۇش خىزمىتىدىكى ئېغىرچىلىقلارنى

رۇشى بىر پۈتۈن ئەستە قالدۇرۇشقا ماھىر بولغانلىقىدىندۇر.

شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز يېڭى شەيئىلەرنى ئەستە قالدۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە نەرسىلەرنىمۇ ئېسىمىزدە بولسا، ئۇلارنى يېڭىباشتىن ئەستە قالدۇرۇشقا ئالدىرىماي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز ئەمما ئەھمىيەتلىك بولغان مۇھىم نۇقتىلارنى پۇختا ئەستە قالدۇرۇۋالساق، ئۇنىڭغا كاللىمىزدىكى زاپاسنى قوشىمىز - دە، يېڭى شەيئى توغرۇلۇق بىر پۈتۈن پىكىرنى ئەستە قالدۇرالايمىز. مۇئەللىم ۋە تەرجىمانلارنىڭ بايانلىرىدىكى بىر پۈتۈنلۈك ئەنە شۇنداقتۇر. مەسىلەن، مۇئەللىمدە بىر تەگلىمىگە ئائىت نۇرغۇن بىلىم زاپىسى بار. تەرجىماندا مول سۆز زاپىسى بار. ئۇلار يېڭى مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئاشۇ زاپاس ئارقىلىق يېڭى مەسىلىلەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈشكە ۋە تەرجىمە قىلىشقا قادىر بولىدۇ. بولۇپمۇ تەرجىمان سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىنى شۇ مەيداندا ئەينەن تۇتۇۋالالايدۇ. ئۇ جۈملە ياكى بىر ئابزاس سۆزنىڭ مەنىسىنى باشقا سۆزلەرگە ئۇلاش ئارقىلىق بىر پۈتۈن سۆزنىڭ مەنىسىنى تەرجىمە قىلىدۇ.

بەشىنچى، تۈرلەرگە ئايرىش. ئەستە قالدۇرۇش داۋامىدا، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمىزنى كاللىمىزدا رەتلەپ ئېنىق تۈرلەرگە ئايرىۋالغاندا ياكى قىسقا تېزىس ئارقىلىق ئەستە قالدۇرغاندا كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بىرەر تۈرىنى ياكى ئۇ توغرۇلۇق يازغان تېزىسنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۇ بىلىملەرنىڭ ئومۇمىيىتىنى ئەسلەپ كېتەلەيمىز. ئەگەر كاللىمىزغا جۇغلىغان بىلىم ئۇچۇرلىرىنى بىر كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارغا ئوخشاتساق، پەقەت ئۇ كىتابلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە رەتلەپ قويغاندىلا، يېڭى كىتابلارنى قويىدىغان يەر ئېنىق بولىدۇ ۋە شۇ كىتاب تۈرلىرى بويىچە

ئوخشاش بولمايدۇ. ئاڭلاش سېزىمىنىڭ ئۆزىگە خاس يولى بولىدۇ. ئاۋاز چىقىرىشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس يولى بولىدۇ. سېزىم مۇشۇ باشقا-باشقا يوللار بىلەن چوڭ مېڭىنىڭ ئۆزىگە تەۋە رايونلىرىغا يېتىپ بارىدۇ ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىلىدۇ. چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە دائىم چەت ئەل تىلىنى ئۆگەتكەندە "پىكىر قىلىش، ئاڭلاش، ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش"نى بىرلەشتۈرۈشكە ئىلھام بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ. مەسىلەن، بىز خام سۆزلەرنى يادلىغان ۋاقتىمىزدا كۆز، ئېغىز، قۇلاق، كۆڭۈل ۋە قولنى ئىشقا سالساق يادلاشنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە بولىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، خەتنىڭ شەكلىنى كۆز بىلەن كۆرۈش، ئېغىز بىلەن ھەجىلەش، باشقىلارنىڭ تەلەپپۇزىنى قۇلاق بىلەن ئاڭلاش، ھەربىر خام خەتنى ئوقۇغاندا، كاللا ئىشلىتىپ، شۇ خەتنىڭ ئۆز تىلىدىكى مەنىسىنى ئويلاپ بېقىش ھەم تەھلىل قىلىش مۇمكىن. قولنى ئىشقا سېلىش دېگىنىمىز يازغاچ ئوقۇش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئۆز ئەزالىرىمىزنى ئەشۇنداق تولۇق ئىشقا سالساق، مېڭىمىزنىڭ ئېنېرگىيىسى تولۇق ئىچىلىدۇ-دە، دىققىتىمىز تەبىئىي ھالدا يىغىلىدۇ. ئەستە تۇتۇۋېلىشىمىزمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ.

توققۇزىنچى، ئوبرازلاشتۇرۇش. ئوخشاش بالىلارنىڭ ئەستە قالدۇرۇشىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار 1، 2، 3... دېگەندەك مەۋھۇم سانلارنى تېزلىكتە ئەستە قالدۇرالمايدۇ، ئەمما، بىر دانە توشقان، ئىككى دانە كەپتەر، ئۈچ دانە چوكا دېگەندەك ئوبرازلاشتۇرۇلغان سانلارنى ئاسانلا ئەستە قالدۇرىدۇ. دېمەك، بىۋاستە كۆزىتىشكە بولىدىغان شەيئىلەر تونۇرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئەستە

يەڭگىللەشتۈرىدۇ.

سەككىزىنچى، سەزگۈ ئەزالىرىنى ماسلاشتۇرۇش. پسىخولوگلار سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەستە قالدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرگەندە، مېڭىدە قالدىغان ئىزنىڭ يېگانە بىر ئەزاسى ھەرىكەتلەندۈرگەندىن مۇستەھكەمرەك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بۇ مەسىلە ھەققىدە شۇنداقلا سوئال قويۇپ: ئۆگەنگەن ۋاقىتتا پۈتۈن چوڭ مېڭىنى "ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن" ياخشىمۇ ياكى بىر قىسمىنىلا ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن ياخشىمۇ دەپ سورىساق، كۆپچىلىكنىڭ دەرھال: ئەلۋەتتە، پۈتۈن چوڭ مېڭىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن ياخشى، "كوللېكتىپ"نىڭ كۈچى چوڭ بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشى تۇرغان گەپ. لېكىن كۈندىلىك ئۆگىنىشتە كىشىلەر چوڭ مېڭىنىڭ بىر قىسمىنىلا ئىشقا سېلىپ، مېڭىنىڭ پۈتۈن ئېنېرگىيىسىنى ئاچمايدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر چەت ئەل تىلى ئۆگەنگەندە، ئۈن چىقىرىپ ئوقۇشنى ئەمەس، ئىچىدە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار، ئەمەلىيەتتە چوڭ مېڭىنىڭ كۆرۈش سېزىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پوستلاق قەۋىتىنىلا ئىشقا سالىدۇ. بەزى ساۋاقداشلار ئاڭلاشنى ئەمەس، ئۆزى ئۈنلۈك ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارمۇ چوڭ مېڭىنىڭ ئۈنلۈك ئوقۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پوستلاق قەۋىتى رايونىنىلا ئىشقا سالىدۇ. يەنە بەزىلەر يېزىشنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدۇ. يېزىشتىن ئېرىنىدۇ، ئۇلار، ئەمەلىيەتتە، چوڭ مېڭىنىڭ ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خېلى بىر قىسمىنى ئىشلەتمەي قويۇپ قويىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. نېمىشقا بۇنداق ھادىسە كېلىپ چىقىدۇ؟ مۇھىمى، ھەر خىل سېزىملارنىڭ چوڭ مېڭىگە يېتىپ بېرىش يوللىرى

ۋاستىلىك ۋە يىغىنچاق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتىدۇر. كىشىلەر مۇشۇنداق تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تەدرىجىي شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ كىتىپ بېرىش ئەھۋالىنى ئالدىن كۆرىدۇ ۋە بىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

تەپەككۇر ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرىنىڭ يادروسى بولۇپ، بۇ يادرو ئادەمنىڭ بارلىق بىلىش پائالىيەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي جەريانى تەھلىل قىلىش بىلەن سىنتېزلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ. تەھلىل قىلىش دېگىنىمىز بىر پۈتۈن شەيئىنى مېڭىدە قىسىملارغا ئاجرىتىش ياكى بىر پۈتۈن جىسىمنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئايرىم تەرەپلىرىنى ئاجرىتىشتىن ئىبارەت. سىنتېزلاش دېگىنىمىز مېڭىدە شەيئىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى بىرلەشتۈرۈش ياكى شەيئىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئادەم تەپەككۇر قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، ئادەمنىڭ پسىخىكىسى ھايۋانلاردىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ. ئادەملەردە بولىدىغان سەزگۈ، تۇيغۇ، كەيپىيات قاتارلىقلار ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ. بەزى ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ مەلۇم سەزگۈلىرى ھەتتا ئادەمدىنمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ. ئەمما ئادەمنىڭ سەزگۈلىرى ھايۋاندىن نۇرغۇن دەرىجىدە چوڭقۇر بولىدۇ. خۇددى ئېنگېلس كۆرسەتكەندەك: "بۈركۈتنىڭ كۆرۈش ئارىلىقى ئادەمدىن نۇرغۇن دەرىجىدە يىراق بولىدۇ. لېكىن ئادەمنىڭ ئاددىي كۆزىنىڭ پەرق ئېتىشى بولسا بۈركۈتتىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئۈستۈن بولىدۇ. ئىتنىڭ پۇراش سەزگۈسى ئادەمدىنمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم نەزەرىدىكى ھەر خىل ئالاھىدە نەرسىلەرنىڭ ئالامىتى بولغان پۇراقلارنىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ پەرق ئېتەلمەي-

قالدۇرۇش ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چېرشەنىچىنى مەۋھۇم سۆز بىلەن ئەستە قالدۇرۇشتىن ئوڭاي بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بەزى ئىلمىي ئەسەر ياكى ماقالىلاردىكى مەزمۇنلارنى مودىللاشتۇرۇشقا، شەرتلىك بەلگە ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، مۇھىم مەزمۇنلارنى مودىللاشقان ياكى ئوبرازلاشقان ھالدا ئەستە قالدۇرۇش كېرەك.

ئونىنچى، مۇنازىرە قىلىش. نۇرغۇن كىشىلەر ئىلمىي مەسىلەلەردە مۇنازىرە قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ بىلىم ئېلىشقا پايدىسىز. ئەستە قالدۇرۇش قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات جەريانىدىكى ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەستە قالدۇرۇشنى قەدىرلەش كېرەك. چۈنكى مۇنازىرە بولغان ھامان مېڭىدە قوزغىلىش كۈچلۈك بولىدۇ. دىققەت مەركەزلىشىدۇ. نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. ئەستە قالدۇرۇلغۇچى شەيئى تەبىئىي ھالدا مېڭىدىكى قوزغىلىش ئارقىسىدا ئەستە قالىدۇ.

### 5) تەپەككۇر قابىلىيىتى

بىز تاڭ سەھەر ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققاندا، سىرتنىڭ ھۆللىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، گەرچە يامغۇر چۈشۈۋاتقان بولمىسىمۇ دەررۇ كېچىدە يامغۇر ياغقانلىقىنى ئويلايمىز. بۇنداق بىر ئويغا كېلىشتە بىز يامغۇر چۈشكەنلىكىنى بىۋاستە ئىدراك قىلمايمىز. بەلكى، ۋاستىلىك ئۇسۇل بىلەن، يەنى تەپەككۇر ئارقىلىق كېچىدە يامغۇر ياغقانلىقىنى ئاڭقىرىپ ئالىمىز. تەپەككۇر كىشىلەرنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ئەنە شۇنداق ئالىي شەكىل بولۇپ، ئۇ ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيىتىنى

ئۈچىنچى، ئابستراكسىيىلەش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت شەيئىلەرنىڭ ئومۇملۇقىدىن ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئايرىۋېلىپ، مۇستەقىل تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماھىيەتلىك بولمىغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، كونكرېت شەيئىي ئۈستىدىكى بىلىشنى نەزەرىيە سەۋىيىسىگە كۆتۈرىدۇ.

تۆتىنچى، مۇھاكىمە قىلىش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت ئومۇملۇقنى ئاساس قىلىپ، ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلىش، ئورتاقلىقنى چىقىش قىلىپ خاسلىقنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خاسلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىدۇ.

بەشىنچى، يىغىنچاقلاش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت ئالاھىدىلىكنى ئاساس قىلىپ ئومۇملۇقنى تەتقىق قىلىدۇ. خاسلىقنى ئاساس قىلىپ ئورتاقلىقنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئورتاقلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىدۇ.

ئالتىنچى، ئوخشىتىش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت ئاللىقاچان بىلىنگەن شەيئىلەرنى بىلىنمىگەن شەيئىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان جايلىرىنى تاپىدۇ. شۇ ئارقىلىق بىلىنمىگەن شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تاپىدۇ. ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەر ئارىسىدىكى ياكى ئوخشاش بولغان شەيئىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىسىملىرى، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرى، ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى، مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىق بەلگىلەيدۇ.

ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ھەربىر ئادەمنىڭ تەپەككۇرى يەنە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر تەپەككۇر

دۇ"① چۈنكى ئادەمنىڭ تەپەككۇر جەريانى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە سەكرەيدىغان جەرياندۇر. بۇ جەرياندا، كىشىلەر كۆپلىگەن ھېسسىي ماتېرىياللار ئۈستىدە شاكىلىنى ئېلىپ تاشلاپ مېغىزىنى ئېلىپ قېلىش، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ چىنىنى ساقلاپ قېلىش، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىشتىن ئىبارەت رەتلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بايقاپ ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەپەككۇر قابىلىيىتى ھېسسىي ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىدۇر.

تەپەككۇر قابىلىيىتى ئەقلىنىڭ يادروسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەركىبىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەقىل تەركىبىدىكى 120 خىل قابىلىيەتنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تەپەككۇر قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىلدا نىسپىي مۇستەقىل تۇرىدىغان قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك قابىلىيەتلەر بولىدۇ:

بىرىنچى، تەھلىل قىلىش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت ئاساسلىقى بىر پۈتۈن شەيئىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان خاسلىقنى ئايرىۋېلىپ، مۇرەككەپ بىر شەيئىنى بىرمۇنچە ئاددىي شەيئىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، بىلىش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت بىرمۇنچە شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئورتاقلىقنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى بىر پۈتۈنلۈككە تەشكىللەيدۇ. بىرمۇنچە ئاددىي شەيئىلەرنى بىر مۇرەككەپ شەيئىگە ئايلاندۇرۇپ، بىلىش جەريانىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

---

① «ماركس ـ ئېنگلس ئەسەرلىرى»، 20 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 513 ـ بەت.

ئۇلارنىڭ تەپەككۇر كەڭلىكىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش يولىدىكى تۆھپىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى مەڭگۈ قەدىرلەشكە ئېلىپ بارغۇسى.

ئىككىنچى، تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى. ئۇ مەسىلىلەرنى چوڭقۇرلاپ ئويلاشقا ماھىر بولۇشتا، مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىگە ۋە شەيئىلەرنىڭ يادروسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەسىلە پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ پەزىلەت ئارقىلىق كىشى مەسىلىنىڭ ئىچكى-تاشقى سەۋەبلىرىنى كۆرىدۇ. شەيئىلەر پەيدا بولۇشنىڭ تۈرلۈك ئاساسلىرىنى تاپىدۇ. پەيدا بولغان شەيئىلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدۇ ھەمدە ھادىسىلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ كەلگۈسى ئەھمىيىتىنى بىرقەدەر توغرىلىق بىلەن ئالدىنئالا بايقاپ ئېلىپ، كەلگۈسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دانا پىكىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ماركس ئىجتىمائىي پەندە ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى تۇتۇشنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

ئۈچىنچى، تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى. ئۇ ئادەم ئىدىيىسىنى قاتمال، بىر تەرەپلىمە ياكى قۇدۇقتا ئولتۇرۇپ دۇنيانى كۆرىدىغان تار نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللاردىن ئازاد قىلىدۇ. يېڭى ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يېڭى ئەھۋاللارنىڭ تەرەققىياتىغا دەرھال ماسلىشىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى تاپىدۇ. تەپەككۇردىكى جانلىقلىق ئىسلاھات دەۋرىدە، بولۇپمۇ ئىلىم-پەن ئىجادىيىتىدە تولىمۇ زۆرۈردۇر.

تۆتىنچى، تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىللىقى. تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىل-

پەزىلىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. تەپەككۇر پەزىلىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى يەنە تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەپەككۇر پەزىلىتى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، تەپەككۇرنىڭ كەڭلىكى. ئۇ مەسىلىلەرنىڭ كەڭ دائىرىسىنى ئىگىلەپ، ئوخشاش بولمىغان بىلىم ساھەسى ۋە ئەمەلى-يەت ساھەسىدە مەسىلىلەرنى ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشتا، شۇنداقلا مەسىلىلەرنىڭ مۇھىم بولغان ئىنچىكە تەرەپلىرىگە ۋە ئالاھىدە ئامىللىرىغا سەل قارىماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. تالانتلىق شەخسلەردە بۇنداق تەپەككۇر پەزىلىتى يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. پرولېتارىيات داھىيلىرى ۋە نۇرغۇن ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ تەپەككۇرىدا غايەت زور كەڭلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە مەسىلىلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تونۇپ ئالالىغان. قەدىمكى زاماندىكى گرېك پەيلاسوپى ئارستو-تىلنىڭ تەپەككۇر كەڭلىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولسا، ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن فارابى ۋە ئىبنى سىنا، قەشقەردە ئۆتكەن مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، چاغاتاي دەۋرىدە ئۆتكەن ناۋايىلارنىڭ تەپەككۇر كەڭلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرى ياشىغان دەۋردىكى بارلىق بىلىم ساھەلىرىنى دېگۈدەك قازغان ۋە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت مەسىلىلەرنى ئەسەرلىرىدە ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كەڭلىكى «قۇتادغۇبىلىك»تەك ئەسەرلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋاتقانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنى ئىسپىلىك نەزەرىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈردى.

بەشىنچى، تەپەككۇرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى. ئۇ ئاساسلىقى مەسىلىلەرنى تېز ھەم توغرا ھەل قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھەربىي خىزمەتلەردە بۇنداق ئۆتكۈرلۈك تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. رۇس ھەربىي ئالىمى ئالېكساندىر ۋاسىلىۋىچ سۇۋوروۋ: "ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى مىنۇت بەلگىلەيدۇ، شۇڭا، مەن سائەت ۋاقتى بىلەن ھەرىكەت قىلمايمەن، مىنۇت ۋاقتى بىلەن ھەرىكەت قىلىمەن" دېگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، ليۇتچىك، شوپۇر قاتارلىق ماتورلۇق نەرسىلەر ھەيدەيدىغانلارمۇ دەرھال بىر قارارغا كېلىشكە، مەسىلىگە يولۇققاندا كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. تەپەككۇر ئۆتكۈرلۈكى بولمىسا، يۇقىرىقىدەك ئىشلارنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش تەس. دېمەك، تەپەككۇردا ئۆتكۈر كىشىلەر جىددىي مومېنتلاردا ئۆزىنىڭ تۈرلۈك قابىلىيەتلىرىنى تېزلىكتە ئىشقا سېلىپ، مەسىلىلەرنى تېز ھەم توغرا ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ.

تەپەككۇرنى بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. شەخس تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىۋاستە ھەرىكەت تەپەككۇرى، كونكرېت ئوبراز تەپەككۇرى، تىلنىڭ مەنتىقىلىق تەپەككۇرى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسەن كۆندىلىك تەجرىبىلەرگە تايىنىپ ياكى نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىپ ئېلىپ بېرىلىشىغا قاراپ، تەجرىبە تەپەككۇرى ۋە نەزەرىيە تەپەككۇرى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇ چىقارغان ئەقلىي خۇلاسىنىڭ روشەن مۇلاھىزە قەدەم-باسقۇچلىرى ئارقىلىق بولغان-بولمىغانلىقىغا ۋە مۇلاھىزە جەريانىنى ئوچۇق بىلگىلى بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇنى بىۋاستە سەزگۈ تەپەككۇرى ۋە تەھلىل تەپەككۇرى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ

لىقى ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى تۇتۇۋېلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن مۇستەقىل ئويلاپ كۆرۈشتە، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ھادىسىلەر بىلەن قايمۇقۇپ قالماي، مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە ھەل قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر ئادەتتە باشقىلار تەييارلىغان نەزەرىيە، ئۇسۇللارغا تامامەن دېگۈدەك يۆلىنىپ كەتمەيدۇ. ھەرقاچان ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇرى ياكى ئىزدىنىشىگە تايىنىپ يېڭى ئۇسۇللار ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. تەپەككۇرنىڭ بۇنداق مۇستەقىللىقى ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىۋېلىپ، توغرا بولغان نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەردە چىڭ تۇرۇشقا ماھىر بولۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىللىقى يەنە كىشىلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. پەندە يېڭى تەلىمات ياراتقۇچى ئادەملەردە ھەرقاچان تەپەككۇر مۇستەقىللىقى بولىدۇ. ئۇلار خۇراپاتلىقلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا، ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنىڭ خاتا ھۆكۈملىرىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. ئېينىشتېيىن ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ سىرتماقلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ يېڭىلىق يارىتىشقا ۋە تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان زات ئىدى. ئۇنىڭ تەپەككۇر خۇسۇسىيىتىنى خۇراپاتلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشقا يىغىنچاقلىسا خاتا بولمايدۇ. 17-ئەسىردىن باشلاپ كىشىلەر نيوتون دىنامىكىسىنى پۈتكۈل فىزىكا ۋە پۈتكۈل تەبىئەت پەنلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى، بۇنىڭدىن كېيىن تولۇقلاش بولىدۇ دېگەندىمۇ پەقەت ئارماق مەسىلىلەردىلا تولۇقلاش بولىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئەمما، ئېينىشتېيىن نيۇتون دىنامىكىسىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى

بولـدۇ. چۈنـكى قالاقـلىق ۋە راۋاج تاپـماسـلىق جەمئىيەتـنىڭ ئىقتىسادىـي جەدۋىلىدىـكى ستاتىستىكىلانغان سانـلارنىڭ ئىخـچام تەسۋىرى ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر خىـل روھىـي ھالەت، تەپەكـكۇر ھالىتىدۇر. ئالدى بىلەن ئادەملەرنىڭ روھىي جەھەتتە ئىنقىلابىيلىشىشى دۆلەتـنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل، چۈنكى ئۇ زامانىۋىـلاشتۇرۇش جەريانى ئاياغلاشقانـدىن كېيىنكى قوشۇمچە مەھسۇلات ئەمەس، بەلكى زامانىۋىلاشقان تۈزۈم بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەرەققىي قىلىشى ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ھەل قىلـغۇچ شەرت. شۇنىڭ ئـۈچـۈن بىز روھىـي ۋە تەپەكـكۇر جەھەتتىكى تۇرغۇنلۇقنى ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار رامكىسىدىن، خاتا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىن تېرىشىپ ئازاد قىلىشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، ئەنئەنىۋى پىكىـر قىلىشتىـكى بېكىنمىچىلىكنى، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تار نەزەر دائىرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقـنى كۆرۈشـىمىز لازىم. بولۇپـمۇ كەلگۈسـكە يۈزلەنگەن، دەۋر قەدىمىگە يېتىشىۋېلىشقا ئالدىرايـدىغان، يېڭىلىق يارىتىـدىغان ستـراتېگىيىلىـك نەزەرگە ئىـگە بولۇپ، مەسىلـىلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق كۆزىتەلەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئەنئەنىـۋى پىـكىر قىلىشتىـكى بىر ياقـلىمىلىقـنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىـن پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز، بولۇپمۇ كونا يولدا پىرقىـراپ يۈرىدىغان گاڭگىراشنى تۈگىتىپ، ئىجادىـي پىكىر قىلىشـنىڭ ئەپـلىك يولـىنى ئىجاد قىلىشىمىز، كۆزىتىش جەريانىدىـكى چەكلىمىلىكـنى تەسەۋۋۇر كۈچىمىز ئارقىلىق تولۇقلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئەنئەنىـۋى پـىكىر قىلىشـنىڭ بىر خىللىقـلىقـنى

مەسىلە ھەل قىلىش ۋاقتىدىكى نىشانىسىغا قاراپ تارقاقلاشتۇرۇلىغان تەپەككۇر ۋە مەركەزلەشتۈرۈلگەن تەپەككۇر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ قانچىلىك يېڭىلىق يارىتىدىغانلىقى ھەمدە يېڭى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى دەۋەت قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىغا قاراپ دائىمىي تەرتىپلىك تەپەككۇر ۋە ئىجادىي تەپەككۇر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەپەككۇر يەر شارىدىكى ئەڭ چىرايلىق گۈل، مەيلى زىيالىيلارنىڭ ئەقلىي پائالىيەتلىرى ياكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىختىرا قىلىش ۋە ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى بولسۇن تەپەككۇردىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى پۈتكۈل ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ سەۋىيىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىللىق بولۇش دېمەك تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولۇش دېمەكتۇر.

روشەنكى، تەپەككۇرنىڭ يۇقىرىدىكى بەش تۈرلۈك پەزىلىتى ھېچقاچان تارىخىي شارائىت ۋە زاماننىڭ كونكرېت تەلەپلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا جارى بولمايدۇ. ھازىرقى ئىسلاھاتىمىزدا قولىمىزغا كېلىۋاتقان نەتىجىلەر تەپەككۇرنىڭ ئاشۇ پەزىلەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن باغلانغان بولۇپ، پىكىردىكى قاتماللىق تۈپەيلى كېلىپ چىقىۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ ئاشۇ پەزىلەتلەرنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئاددىي ھالدىلا بىر خىل ئىقتىسادىي تۈزۈم ياكى سىياسىي شەكىلنىڭ ئۆزگىرىشى دەپلا قارىماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى بىر خىل روھىي ماھىيەت ياكى پسىخىك ھالەتنىڭ، تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى دەپمۇ قاراشقا

ۋولقانلارنىڭ ئوبرازىنى خىيال قىلالايمىز. چۆچەكلەردىكى تەسۋىرلەش ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولمىغان شەيئىلەر ئوبرازىنىمۇ خىيال قىلالايمىز. مۇزىكانتنىڭ يېڭى مۇزىكا ئىجاد قىلىشى، كەشپىياتچىنىڭ يېڭى ماشىنا ئىجاد قىلىشى مېڭىدە شەيئىنىڭ يېڭى ئوبرازىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

دېمەك، ئىلگىرى ئۇچرىمىغان شەيئىلەر ئوبرازىنى ياكى كەلگۈسىدە رېئاللىققا ئايلىنىدىغان شەيئىلەر ئوبرازىنى مېڭىدە يارىتىشتىكى تەپەككۇر پائالىيىتى خىيالدۇر. مېڭىدە شەكىللەنگەن ئوبرازنىڭ ئىنچىكىلىككە ئىگە بولۇشى تەسەۋۋۇردۇر.

تەسەۋۋۇر ئادەمنىڭ ئەسلىدىكى ئوي - خىيالىغا ئىش قوشۇپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئىدراك قىلمىغان ياكى رېئاللىقتا تېخى مەۋجۇت بولمىغان شەيئىلەر ئوبرازىنى مېڭىدە بارلىققا كەلتۈرىدىغان پسىخىك جەريان. پسىخولوگلار تەسەۋۋۇرنى بىر خىل يەۋقۇلئاددە تەپەككۇر دەپمۇ ئاتايدۇ. "تەسەۋۋۇر قىلىش — ئۇلۇغ ئەقىل - پاراسەتنىڭ بولمىسا بولمايدىغان خۇسۇسىيىتى". ئۇلۇغ پېداگوك ئۇشنىس تەسەۋۋۇرنىڭ رولىغا ئەنە شۇنداق يۇقىرى باها بەرگەن.

بىۋاستە ئوبرازلاشتۇرۇش — تەسەۋۋۇرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. تەسەۋۋۇر پەيدا بولغاندىن كېيىن، مېڭىمىزدە ئىلگىرى كۆرمىگەن شەيئىلەرنى ئۇچ - ۇق كۆرگەندەك، ئاڭلىغان بولىمىز. شۇڭا، تەسەۋۋۇر جەريانى ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز. شۇڭا، تەسەۋۋۇر جەريانى ئومۇم ھەرىكەتتى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تايىنىدىغىنى ئاساسەن ئوي - خىيالنىڭ ھەرىكىتى بولىدۇ. تەسەۋۋۇر پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى يېڭى قائىدىلەرنى يارىتىش بولماستىن، بەلكى ئاساسەن

بۇزۇپ تاشلاپ، ئېخىچە ئېيىشماق ھالىتىدە تۇرغان نەرسىلەرگە چوڭقۇر قىزىقىش تۇرغۇزۇشىمىز، تەپەككۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەقىقەت يولىدا بوشاشماي ئىزدىنىشىمىز، "كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلىۋاتىدىغۇ" دەپ قارىماسلىقىمىز، "كىتابتا مۇشۇنداق يېزىلىپتۇ" دەپ ئۇنىڭغىلا ئېسىلىۋالماسلىقىمىز، ئەمەلىي ئىشلەپ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

ھازىر جەمئىيەت ئۇچقۇر دەۋرىگە قەدەم قويىدى. شۇڭا بىز يېپىقلىق ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ، ئەنئەنىۋى كونىلىقنى ساقلاش روھىي ھالىتىنى تۈگىتىپ، مەدەنىيەت نۇقتىسىنەزەرىمىزنى يېڭىلىشىمىز، پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. چۈنكى ئادەم زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى.

### 6) تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئەينى ۋاقىتتا سەزگۈ ئورگانلىرىغا تەسىر قىلغان شەيئىلەرنى ئىدراك قىلىپلا قالماي ۋە ئەينى ۋاقىتتا كۆز ئالدىدا بولمىغان، لېكىن ئىلگىرى بېشىدىن كەچۈرگەن شەيئىلەرنى ئەسلەپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ بىلىم، تەجرىبىلىرى ئاساسىدا مېڭىسىدە ئۆزى زادى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان شەيئىلەرنىڭ يېڭى ئوبرازىنى شەكىللەندۇرۇشتەك بىلىش پائالىيىتى خىيال دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىلىش پائالىيىتى كۆپىنچە ئىنتايىن روشەن ۋاستىلىك ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقتىن، بەزى پسىخولوگلار خىيالنىمۇ بىر خىل ئالاھىدە شەكىلگە ئىگە تەپەككۇر پائالىيىتى دەپ قارايدۇ. بىز تىل-يېزىق ئارقىلىق تەسۋىرلەشكە ئاساسلىنىپ ئۆزىمىز كۆرۈپ باقمىغان قۇملۇق، دېڭىز-ئوكيان ۋە

دىغانلىقىنى، شەھەرلەر قۇرۇلۇشىدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى مۇستەقىل تەسەۋۋۇر قىلسا، ئۇ ئىجادىي تەسەۋۋۇر بولىدۇ. دېمەك، تەسەۋۋۇر ئەستە ساقلانغان ئوبرازغا ئەمەس قوشۇشتىن كېلىپ چىققان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق يېڭىدىن ئوبراز ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىدۇر. ئۇ دىققەت، كۆزىتىش، خاتىرە، تەپەككۇرنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ئالاھىدە قابىلىيەتتۇر. ئۇنى ئىجادىي تەپەككۇر قانۇنىيىتى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاساسى. ئەقىل قۇرۇلمىسىنىڭ "ئۈستىقۇرۇلما قىسمى"دىن ئىبارەت. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىش، باشقىلارنى چۈشىنىش جەريانىدا، بولۇپمۇ ئىجادىي پائالىيەتلەردە ۋەزىنلىك ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا، فرانسۇز مۇتەپەككۇرى رېدېروت "روھى كۆتۈرەڭگۈ، تەسەۋۋۇرى جانلىق، زېھنى ئۆتكۈر كىشى تالانتلىق كىشىدۇر" دېسە، ئېينىشتېين "تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بىلىمدىنمۇ مۇھىم، چۈنكى بىلىم چەكلىك بولىدۇ. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولسا دۇنيادىكى ھەممىنى ئومۇملاشتۇرالايدۇ. تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ، بىلىم تەرەققىياتىغا بۇلاق بولالايدۇ" دېگەن.

بىز بۇ يەردە ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتنىڭ قانىتى بولغان ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ رولىنىلا تەكىتلەيمىز.

ئىجادىي تەسەۋۋۇر بىر خىل ئىجادىي ئومۇملۇق بولۇپ، ئۇ ئۆزگەرتىلگەن ھەر خىل تەركىبلەرنى يېڭى مۇناسىۋەت بىلەن ئىپادىلەپ چىقىدىغان يېڭىچە مۇكەممەل ئوبرازدۇر. ئەنگلىيىلىك شائىر شىللېي: "تەسەۋۋۇر — ئىجادىي كۈچ، يەنە بىر خىل ئومۇملاشتۇرۇلغان پرىنسىپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئالەمدىكى ھەممە شەيئىلەر ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزىدىكى ئورتاق ئوبرازدۇر" دېگەن. ئەدەبىي

يېڭى ئوبراز يارىتىشتۇر. بۇ جەھەتتە تەسەۋۋۇر ئادەتتىكى مەنتىقىي تەپەككۇرغا ئوخشىمايدۇ.

تەسەۋۋۇرنىڭ مەقسىتى بار-يوقلۇقىغا ئاساسەن ئۇنى ئىختىيارسىز تەسەۋۋۇر ۋە ئىختىيارىي تەسەۋۋۇر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئىختىيار-سىز تەسەۋۋۇر كۆزلىگەن مەقسىتى بولمىغان، مەلۇم غىدىقلاش تەسىرىدە ئىختىيارسىز ھالدا پەيدا بولغان تەسەۋۋۇرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىراۋ "ئالەم قاتنىشى" ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندا، بەزى ئاڭلىغۇچىلار ئىختىيارسىز ھالدا ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئاي شارى-غا، مارسقا چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئىختىيارىي تەسەۋۋۇر — مەلۇم مەقسەتكە ئاساسەن ئاڭلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەسەۋۋۇرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىراۋنىڭ بوغدا كۆلىنى تەسۋىرلىشىگە ئاساسەن، كىشىلەر ئاڭلىق ھالدا بوغدا كۆلىنىڭ ھەر خىل گۈزەل مەنزىرىلىرىنى مېڭىسىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

تەسەۋۋۇرنىڭ مەزمۇنىنىڭ يېڭى بولۇش دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساسەن تەسەۋۋۇرنى تەكرار تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. تەكرار تەسەۋۋۇر تىلسىز تەسۋىرلەرگە ئاساسەن، تېخى ئىدراك قىلىنمىغان مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەر ئوبرازىنى مېڭىدە شەكىللەندۈرىدىغان تەسەۋۋۇرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار تارىخ دەرسىنى ئاڭلىغاندا، دەرسلىك مەزمۇنىدىكى تۈرلۈك تەسۋىرلەرگە ئاساسەن تۈرلۈك شەھەرلەر ۋە تۈرلۈك ۋەقەلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئىجادىي تەسەۋۋۇر تەييار تەسۋىرگە تايانماي، بەلكى مۇستەقىل ھالدا يېڭى ئوبراز يارىتىدىغان تەسەۋۋۇرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا بىناكارلىق سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولى-

كېلىشى ھەممە تەپەككۇردا ئىش قوشۇلۇشى ئارقىسىدا شەكىللىنىدۇ، ئۇ تۇيۇغۇ تەسىرىنىڭ كۆلەڭگىسى ئەمەس. ساپ مەنتىقىلىق يېشىمنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەمەس. كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندا، بۇنداق تەپەككۇر، قىياسلارنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، كاللىسىدا ئوبراز، كارتىنا ياكى مودېل ھاسىل قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىجادىيەت ئىمكانىيىتى مانا مۇشۇنداق ئوبرازلىق تەپەككۇرغا بېقىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئىجادىيەت پائالىيىتى داۋامىدا ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ئويىنى ئىجادىيەتنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرىگە يېتەكچى قىلىدۇ. دېمەك، ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئەدەبىيات - سەنئەتتىلا ئىشلىتىپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىلمىي تەتقىقات جەريانىنىڭمۇ جېنى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئىلمىي بىلىش جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ مول بىلىم ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئۆتكۈر تەسەۋۋۇرى بويىچە مېڭىسىدە ھەر خىل بىلىنمىگەن ئوبيېكتلارنىڭ كارتىنىسى ياكى مودېلىنى يارىتىپ چىقىدۇ.

كىشىلەرنىڭ مول تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى تەبىئەتنىڭ ياخشى ئىلتىپاتىدىن كەلمەيدۇ، بەلكى كېيىنكى تۇرمۇش جەريانىدا، ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. ھازىرقى پەن تەتقىقاتىدا تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ يېتىشتۈرۈشنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا، بىرىنچىدىن، ئوي - خىيالىنى بېيىتىش كېرەك. ھەرقاچان بىرنېمىگىلا بېكىنىۋالماستىن، مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرگە قىزىقىش كېرەك. چۈنكى مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرگە بولغان ئوي - خىيالنىڭ جۇغلىنىشى

ئەسەرلەردىكى شەخسلەرنىڭ ئوبرازلىرىمۇ شۇنداق يارىتىلغان.
بەزىلەر خىيالىي تەسەۋۋۇر دېگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىلا ر
ئوينايدۇ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئىجادىي تەسەۋۋ
ئالىملارنىڭ ئىجابىي پائالىيەتلىرىدىمۇ خۇددى ئەدىبلەرنىڭ ئىجاد
يىتىگە ئوخشاش مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۈيۈك نېمىس ماتېمات
گىلبېرت باشقىلارغا ئۆزىنىڭ بىر تونۇش ئوقۇغۇچىسىنى "ئۇ شائى
بولۇپ كەتتى. ماتېماتىكىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ك
ئىدى" دېگەن.
دېمەك، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىختىساسلىقلارنىڭ قابىلىيە
قۇرۇلمىسىنى ئالغا سۈرگۈچ يەلكەن. ئۇ، ئىنسانلار تارىخىنى
ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىدا سەركە. چۈنكى ئىنسانلا
مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەت تارىخى بولۇپ، ب
جەرياندا ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئىدىيىنى قوشلاشتى
يېڭى تۇرمۇشلىرىنى قۇردى. ھاياتنىڭ يېڭى قىممىتىنى ياراتتى
تېخىمۇ ئېنىق ئېيتساق، ئىنسانلار ھاياتنىڭ ماھىيىتى ئىجادىيەت
ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بۇلىقى ئىجادىيەت. ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ
يىغىلىشى، پىشىپ يېتىلىشى ۋە ئۇرغۇپ چىقىشى ھازىرقى زامان
مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئۇلى ۋە ئۇنىڭ داۋاملىق تۈردە ئۆرلىشىنىڭ
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.
ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئىختىساسلىقلارنىڭ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك
بولغان بەلگىلىك بىلىم ۋە تەجرىبە ماتېرىيالىغا ئاساسەن، تەتقىقات
ئوبيېكتى ئۈستىدە يۈرگۈزگەن ئوبرازلىق تەپەككۇرى ياكى قىياسىدۇر
بۇنداق ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى قىياس چوڭ مېڭىنىڭ تونۇۋېلىش
قابىلىيىتى توپلىغان ۋە خاتىرىگە ئېلىۋاتقان تۇيغۇلارنىڭ ھەرىكەتك

پائالىيەتنىڭ يادروسى، دىققەت قابىلىيىتى ئەقلىي پائالىيەتنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، تەشكىللىگۈچىسى، تەرتىپچىسىدۇر. ئەقىل قۇرۇلمىسىدا ئاشۇ بەش تۈرلۈك ئومۇمىي قابىلىيەت بىر گەۋدە بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئاشۇ ئومۇمىي قابىلىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇشى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى ئەقىل يۇقىرىقى ئومۇمىي قابىلىيەتلەردىنمۇ مۇرەككەپ بولغان مۇكەممەل پسىخىك خۇسۇسىيەتتۇر. مۇكەممەللىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالاھىدە ئىقتىدار ياكى پسىخىك پەزىلەت بابىدىكى مەسىلىلەر تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان مەسىلىدۇر.

## 4. ئالاھىدە ئىقتىدار ياكى تالانت

### 1) ئالاھىدە ئىقتىدار

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەقىل تەركىبىدىكى ئومۇمىي ۋە ئالاھىدە قابىلىيەتلەر ئۈستىدىكى چۈشەنچىمىزدىن مەلۇمكى، ئەقىل ئاساسلىقى بىلىش تەرىپىگە ياتىدىغان پسىخىك ئالاھىدىلىك ياكى خاسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بارلىق ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسى بولالىسىمۇ، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئىقتىدار بولالمايدۇ. ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئايلىنىش ئۈچۈن، جەزمەن باشقا خىلدىكى قابىلىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىپ ئىجادىي قابىلىيەتكە ھەتتا يۇكسەك ئىجادىي قابىلىيەتكە ئايلىنىشى كېرەك. شۇڭا، بىز ئالاھىدە ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلىپ ئىجادىيەت ياكى يۈكسەك ئىجادىي قابىلىيەت دەرىجىسىگە يەتكەن ئەقىل دەپ چۈشىنىمىز. مۇشۇ چۈشەنچىمىز بويىچە قارىغاندا ئالاھىدە ئىقتىدار-

ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شە
بولۇپ، ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ساقلانغان خاتىرە ۋە تەسەۋۋۇر قا
كۆپ بولسا، بۇ ئوي-خىياللار يېڭىباشتىن بىرلىشىپ، يېڭى ئو
شەكىللەندۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئىككىنچىدى
ئادەمدە يۇرەكلىك تەسەۋۋۇر قىلىش ئىرادىسىنى تىكلەش كېرە
چۈنكى، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئىلگىرىكى تەسەۋۋ
ماتېرىياللىرىغا يۇرەكلىك ئىش قوشۇش، ئۆزگەرتىش ئېلى
بارغاندا، ئۇ ماتېرىياللارنى مۇبالىغە قىلغاندا، ئىجادىي ئىل
تۇغۇلىدۇ. بولۇپمۇ يۇرەكلىك هالدا يۈز بېرىۋاتقان مەسىل
لەرگە ۋە كونا نەرسىلەرگە "نېمە ئۈچۈن" دېگەن سوئال
كۆپرەك قويغاندا، تەسەۋۋۇر كەپتەرلىرى ئىلھاملىنىدۇ
ئۈچىنچىدىن، تىل تەسۋىرىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تى
تەسۋىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى جارى
قىلدۇرۇپ، تەسەۋۋۇرنى مەلۇم مەقسەتكە بويسۇندۇرۇش، شۇنىڭ
بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش
ئارقىلىق تەسەۋۋۇرنىڭ بارغانسېرى مول ۋە توغرا بولۇشىنى
ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. تۆتىنچىدىن، شاھانە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى
ئوقۇش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئوبرازچانلىققا ئىگە بولۇش
ئالاھىدىلىكىنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۇرۇش جەريانىدىكى
ئالاھىدە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، كۆزىتىش قابىلىيىتى ئەقلىنىڭ ئىشىكى
ۋە مەنبەسى. خاتىرە قابىلىيىتى ئەقلىي پائالىيەتنىڭ خەزىنىسى ۋە
ئاساسى. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئەقلىي پائالىيەتنىڭ قانىتى ۋە مول
ئىجادچانلىققا ئىگە مۇھىم شەرتى؛ تەپەككۇر قابىلىيىتى ئەقلىي

قىي قىلىۋاتقان يېڭى پەنلەر بويىچە بۆلۈنۈش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، چوڭ-چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بويىچە يۈكسەك ھەمكارلاشماقتا. ھەتتا تېخى ئىجتىمائىي بىلەن يېڭى پەنلەر گىرەلەشكەن ھالدىكى ھەمكارلىق بارلىققا كەلمەكتە. بۇ ھال يەنە يېڭىچە ئۇنىۋېرسال ئالىملارغا موھتاج بولماقتا. ئىسلام دۇنياسىدىكى كاتتا ئالىم ئابدۇسالام 1968-يىلى يازدا قەشقەرگە كەلگەندە "بىز ياشاۋاتقان پىلانېتا ھەققىدە ھازىر تۈرلۈك-تۈمەن كىتابلار بار. بۇنداق بولۇشى بىزنىڭ بۇ پىلانېتنى تولۇق بىلىپ يەتمىگەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز يەر شارىنى تولۇق بىلىپ يەتكەندە، يەر شارىدىن ئىبارەت بىر پىلانېت ھەققىدە ئۇنىۋېرساللاشقان بىرلا قامۇس بولسا كۇپايە" دېدى. بۇ گەرچە تولۇق ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھۆكۈم بولمىسىمۇ، ئەمما، پەننىڭ ئۇنىۋېرسال گەۋدىگە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ كۆپكە ماھىر ئالىملارنىڭ كەلگۈسىدە كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئەقلىي قابىلىيىتى مەلۇم بىر تەرەپتىن ئالاھىدە تەرەققىي تاپقان دېگەندە، بىرمۇنچە قابىلىيەتلەر ئىچىدە بىرەر خىل قابىلىيەتنىڭ ئالاھىدە تەرەققىي قىلىپ، بىرەر ئادەمنى تالانتلىق ئادەملەر قاتارىدىكى پەخرىي ئورۇنغا چىقارغانلىقىنى نەزەردە تۇتىمىز. مەسىلەن، چېن جىڭرۇننىڭ ماتېماتىكا قابىلىيىتى ئالاھىدە بولغاچقا شۇ ساھادە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن، تىيىپجان ئىلىيۇپنىڭ شېئىرىيەتتە ئالاھىدە ئىقتىدارى بولغانلىقتىن شۇ جەھەتتە مەشھۇر بولغان. ئايتىللانىڭ ئۇسسۇل ئىقتىدارى پەۋقۇلئاددە بولغانلىقتىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش يولىدا يېڭىلىق ياراتماقتا. پاشا ئىشاننىڭ ناخشا ئېيتىشتا پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارى بولغانلىقتىن

لىق كىشىلەر ئەقلىي قابىلىيىتى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلەر بولۇپ
ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى كۆ
تەرەپلىمە تەرەققىي تاپقانلىرىمۇ، مەلۇم بىر تەرەپتە ئالاھى
تەرەققىي تاپقانلىرىمۇ بولىدۇ.

ئەقلىي قابىلىيىتى كۆپ تەرەپلىمە تەرەققىي تاپقانلىرىمۇ بول
دېگەندە، ئۇلارنىڭ ھامان بىر خىل قابىلىيەت بىلەن چەكلىنى
قالمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىمىز. مەسىلەن، بىر مۇزىكانتنى ئال
ساق، ئۇنىڭ ئىقتىدارى يالغۇز مۇزىكا سېزىمى بىلەنلا چەكلىنى
قالماي، چۈشىنىش، تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىك
ئىقتىدار بىلەن بىرلەشكەن بولۇشى لازىم. لايىھە ئىشلىگۈچى قابى
ئىنژېنېرمۇ يالغۇز ئۆز تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپلا لايىھە ئىشلەپ چىقال
مايدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى باشقا جەھەتلەردىكى
ئىقتىدارى بىلەن بىرلەشمىسە بولمايدۇ.

پەن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە
ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن ئىقتىدار ياكى تالانت ئىگىسى ئاسان
تېپىلمايدۇ دېگەندىمۇ، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە تالانتلىقلار
ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ماتېماتىكىنىڭ پىرى گائۇس ماتېماتىك
بولۇپلا قالماي، ھەم ئاسترونوم، فىزىك ۋە گېئودېزىيەشۇناس
ئىدى. نيۇتون فىزىك بولۇپلا قالماي، ماتېماتىك، ئاسترونوم ئىدى
ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، ناۋايىلەر بىر
خىل ئىشنىڭ ئەھلى بولۇپلا قالماي، باشقا تەرەپلەردىمۇ ئالىم
ئىدى. دېمەك، ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەردە كۆپ تەرەپلىمە
تەرەققىي قىلغان ئىقتىدار بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە، ئىلىم-پەننىڭ
يۈزلىنىشى ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چەكسىز تەرەق-

يۈكسەك تەرەققىياتى دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ ھەقتە تۈرلۈك تالاش-تارتىشلار بولسىمۇ، ئالاھىدە ئىقتىدار ياكى تالانتنى ھازىرقى زامان ئىلمىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىپ كېتىش مۇمكىن.

يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىلەردە، ئالاھىدە ئىقتىدار ياكى تالانت قارىشى ئالدى بىلەن ئىدېئالىزم ئاساسىدا مەيدانغا چىقتى. تالانت ۋە تالانتلىقلار تۇغما بولىدۇ دېگەن بىر مەنبەچىلىك قارىشى ئاساسى ئورۇندا تۇردى. زامانىمىزغا كەلگەندە بولسا، تۇغما قابىلىيەت بىلەن ئەمەلىيەت بىرلىكى ئېتىراپ قىلىنىپ، ئىككى مەنبەچىلىك قارىشى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى.

"تالانت - تارىخنى ياراتقۇچى ئادەملەردە بولىدىغان تۇغما قابىلىيەتتۇر" دېگەن قاراشنى ئالدى بىلەن كارلۇل ئوتتۇرىغا قويدى. گالتون بىلەن لومبورسو ئۇنى قوللىدى. بۇلارغا يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر بولىشىپ بەردى. بۇلارنىڭ "ئۇلۇغ ئادەملەر" نەزەرىيىسى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بىر ئادەمنىڭ داڭلىق بولۇپ كېتىشى تۇغما قابىلىيەتتىن بولۇپ، تۇغما قابىلىيەت بولمىسا بىركىشىنىڭ ئۇلۇغ بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. تۇغما قابىلىيەت بولغانلىقتىن ئۇلۇغ، داڭلىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشى ئورتاق قانۇنىيەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە شارائىت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئىككىنچى، يۈكسەك تۇغما قابىلىيەتكە ئىگە بولغان ئادەملەرلا تۈرلۈك مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ. ئەگەر ئەلا ئىجتىمائىي مۇھىت بولغاندىمۇ، يۈكسەك قابىلىيەتلىك ئادەم بولمىسا داڭ چىقىرالمايدۇ، ھەممە مەشھۇر شەخسكە ئايلىنالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەقىقىي ئۇلۇغ مۇۋەپ-

شۇ جەھەتتە خىزمەت كۆرسەتمەكتە......

دېمەك، ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەر نورمال ئىختىساسلىقلاردىن ھالقىغان ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تۆھپە قوشىدىغان ئىجادكارلاردۇر. يەنى ئىلىم پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يۇرۇش قىلىش ۋە كونىلىقنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا ئىختىساسلىقلارغا سەركە بولۇپ ماڭىدىغانلاردۇر.

ئەمما، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئالاھىدە ئىقتىدار ۋە تالانت ئۈستىدە بۇ ھەقتىكى تالاش-تارتىشلار كۆپ بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويمايدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇردى. ھازىرقى كۈندىمۇ بىزدە ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى ھۆكۈمەت بەرگەن ئۇنۋانلار تۈرى بويىچە ئاتىسا ياكى "بىلىملىك مۇتەخەسسىس" دەپ ئاتىسا ئادەتتىكىچە ھېس قىلىپ، "تالانتلىق ئادەم"، "ئالىم" دېگەندەكناملار بىلەن ئاتىسا ئەجەبلىنىدىغان ياكى "تالانت" سۆزىنىڭ ئاللىقانداق يامان يېرى باردەك ئۇنى تىلغا ئالمايدىغان ئەھۋاللار بار. بەزىلەر تېخى "تالانت" بارلىقىنى ئېتىراپمۇ قىلمايدۇ ياكى ئۇنى ئىدېئالىستلارنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئاتايدىغان بىر ئاتالغۇسىدەك، ماتېرىيالىستلار بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىشكە بولمايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ.

### 2) تالانت

پسىخولوگىيىدە زېھنى بۆلۈنمىسىنىڭ ئۇستۇنلىكى ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجادىي مېۋە بېرىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارنى تالانت دائىرىسىگە قويۇپ ئۆگىنىدۇ ۋە تالانتنىڭ يېتىلىشىنى ئەقلىي قابىلىيەتلەرنىڭ

ئىرسىيەت ئۆزگىرىشى ئافىنادا ئەقىللىق، دانالارنىڭ كۆپىيىشى ۋە شۇ ئاساستا ئافىنا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس بولغان دەپ قارىدى. كوئول بولسا ئادەمنى نوقۇل بىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە قارشى تۇرۇپ، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كارلۇ بىلەن گالتۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغانراق ھادىسىنى چۈشەندۈردى. ئۇ: ئادەمنىڭ تالانتلىق بولۇپ يېتىلىشىدە رول ئوينايدىغان ئامىللار ماھارەت ئەنئەنىلىرىنىڭ جۇغلىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنداق ماھارەت قىممەتكە ئىگە بولغان تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتلىك پائالىيەتلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە بۇنداق كەيپىيات ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان قىزغىنلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ تۇغما قابىلىيەتنىڭ پەرقىگە سەل قارىمىدى. ئەمما، ئادەمنىڭ قابىلىيىتى بىلەن پايدىلىق ئىجتىمائىي شارائىت ئوخشاشلا ئىنسانلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تالانت تەتقىقاتى بىئولوگىيىلىك تەلىماتلاردىن ھالقىپ چىقىپ جەمئىيەتشۇناسلىق تەۋەلىكىدە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر تالانت ۋە تالانتلىقلار ئۈستىدە تۈرلۈك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى ۋە تالانتنىڭ تۇغما قابىلىيەت بىلەن ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقىشتىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆپ سانلىقلار ئىقرار قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىجادكار ئالىملارنىڭ تۇغما قابىلىيەت جەھەتتە ياخشى بولۇپلا قالماستىن، مۇۋاپىق تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولغانلىقىنى، مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان قورالغا ئىگە بولغانلىقىنى، بىلىم

پەقىيەتلەرنى پەقەت يۇكسەك ئەقلىي قابىلىيەتكە ئىگە مەشھۇر شەخ--
لەرلا يارىتىدۇ.

يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەر خېلى كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۇر-
گەن ھەمدە بەزى جەمئىيەتشۇناسلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بول-
سىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمى يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرنىڭ
قارشى تەرىپىدە تۇردى. بۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى كوئول
بولۇپ، ئۇ تەجرىبە قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلدى.
ئۇ خېلى ئۇزاققىچە تەكشۈرگەندىن كېيىن "ئۇلۇغ ئادەملەر"
نەزەرىيىسىگە قارشى ماقالە ئېلان قىلىپ، ھەرقانداق مەشھۇر شەخ--
نىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى مائارىپ تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچ بولمىغاندا كىچىك ۋاقتىدا
مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ
مۇنداق ھۆكۈم قىلدى: بىر ئادەمدە تۇغما تالانتى ھەرقانچە يۇك-
سەك ۋە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەگەر مائارىپ تەربىيىسىدىن ئايرىلغان
ساۋاتسىز بولسا، ئۇ مەشھۇر شەخس بولالمايدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل ئىلمىي مەزھەپنىڭ ئاساسلانغىنى مۇنۇلار-
دىن ئىبارەت:

گالتون مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى دەۋرىدىكى پەۋقۇلئاددە ئىج-
تىمائىي ھادىسىنى بىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەھەتتىن كۆزەتتى ۋە
مىلادىدىن بۇرۇنقى 530 ـــ 430 ـ يىللاردا گۈللەنگەن ئافىنا مەدەنى-
يىتىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ، ئافىنا مەدەنىيىتى شۇ زاماندا
مۇنەۋۋەر ئاھالىلەرنى پىلانسىز ھالدا تاللاپ يېتىلدۈرگەنلىكتىن
پەيدا بولغان، پىلانسىز يېتىلگەن مۇنەۋۋەر ئاھالىنىڭ ئەلا كېلى-
شىكىسى ئافىنادا تېخىمۇ ئەلا كېلىشكە ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت

لەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە. بولۇپمۇ ئىجادىيەتنىڭ ئۈستۈن ئەقلىي قابىلىيەتكىلا ئەمەس، مەنىۋى ئۈمىدۋارلىق، سولماس خاراكتېر، ئىجادىيەت خاسلىقى، پاك ھېسسىيات، مەغلۇبىيەتلەر ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان قەيسەر ئىرادىگە موھتاجلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇچۇر مەركىزى بولغان تىل ئۆگىنىشكىمۇ موھتاجلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە. ئەمما، بۇ ناھايىتى مۈرەككەپ ۋە تارىخىي ياش تەتقىقات بولغاچقا، بۇ ھەقتە مۇكەممەل يەكۈن چىقىرىش تەس.

تالانت مەسىلىسىدە ماتېرىيالىستلار بىلەن ئىدېئالىستلار قارىمۇ قارشى ئىككى مەيداندا تۇرۇپ تالاش-تارتىش قىلغاچقا، ئۇلاردا بىرسى-بىرسىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تالانت نۇقتىئىنەزىرى شەكىللەنگەن. ئىدېئالىستلارنىڭ تالانت ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرىنى يىغقاندا ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

(1) بىلىش جەھەتتە تۇغما تالانتنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى ئۇ تالانتنى تەقدىرگە باغلاپ تۇرۇپ چۈشىنىدۇ.

(2) فىزىئولوگىيە جەھەتتە "ئاللا ياراتقان تۆرەلمە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ" دېگەننى ئاساس قىلىدۇ.

(3) جەمئىيەت تەرەققىياتى قارىشى جەھەتتە "تالانتلىقلار تارىخنى يارىتىدۇ" دېگەننى ئاساس قىلىدۇ. ئىدېئالىستلار ئەنە شۇ ئۈچ تۈرلۈك نەزەرىيىسى ئارقىلىق تالانت ۋە تالانتلىقلار ھەققىدە ئەكسىيەتچى ئىدىيىۋى سىستېما شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ ئىدىيە مەيدانغا كەلگەن كۈندىن تارتىپلا ئەزگۈچىلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشتىكى قورالى بولۇپ كەلدى.

ئالايلۇق 19- ئەسىردە ئۆتكەن نېمىس ئىدىئالىست پەلسەپىس-

ئېلىشقا ھەرقاچان تەشنا تۇرغانلىقىنى، ماھارەت كۆرسىتىشتە ئامەت-
لىك پۇرسەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى، تالانتلىقلار ھەتتا ياشلىغان
تۇپراق ۋە باشقا تەبىئىي مۇھىتلارنىڭمۇ ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن-
لىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

يولۇپمۇ بۇ مۇنازىرىدە جەمئىيەتشۇناسلارغا ناھايىتى زور بىر
تۈركۈم پىسخولوگلار ھەمكارلىشىپ، تالانتنى ھاسىل قىلغان قابىلى-
يەت تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ، تالانتنىڭ ناھايىتى كۆپ ئامىللارنىڭ
ئۇنىۋېرسال ھەمكارلىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئالىملارنىڭ تەت-
قىقاتى نەتىجىسىدە، كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا تالانت ۋە قابىلى-
يەتنىڭ نوقۇل بىر سوبىستانسىيە ئەمەس، بەلكى تۈرغۇنلىغان قابى-
لىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۇنۇم بېرىش جەريانى ئىكەنلىكىنى
ئېتىراپ قىلماقتا. بولۇپمۇ ئىلىم-پەننىڭ پارتلاپ تەرەققىي قىلىشىغا
ئەگىشىپ، كىشىلەر ئىجادكارلىقتىن ئىبارەت بۇ ساھەگە كۈچلۈك
ئىنتىلىشتە بولماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كىشىلەر ئادەتتىكى
ئەقىل سىناش ھەرىكىتىدىن بەزىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت كوئېففىتسى-
يېنتى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، بىلىمنى كۆپ ئېلىپ ئىجاد قىلىش
جەھەتتە ئاجايىپ تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا ھەيران بولماقتا. كىشى-
لەرنىڭ بۇنداق ھەيرانلىقىغا جاۋاب ئىزدەۋاتقانلار گەرچە ناھايىتى
ئېنىق بولغان بىر ئەندىزە تاپالمىسىمۇ، ئىجادچان كىشىلەرنىڭ
كۆپچىلىكى بىلىملىك بولۇپ، جانلىق ۋە گەۋدىلىك تەپەككۇر قىلى-
دىغان، تەتقىقاتتا مول تەجرىبىگە ئىگە، مۇستەقىل ئىقتىدارى بار،
ئىدىيىسى ئازاد، قاتماللىقتىن خالىي، ئەتراپلىق پىكىر قىلىدىغان،
كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە ھەق-ناھەقنى سۈرۈشتۈرمەي تۇرۇپ ئەگىشىپ
كەتمەيدىغان، يېڭىلىق يارىتىش كويىدا ئىزلىنىدىغان ئالاھىدىلىك-

تالانتلىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشتىكى ئىرسىيەتلىك ماددىي ئاساس بولۇپ، بۇ ماددىي ئاساس تالانتلىقلارنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بۇنداق ئىمكانىيەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا ئادەملەرنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى، ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ئاساسلىق ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. يەنى كىشىلەرنىڭ تالانتى تۇغما ھالەت، تىرىشچانلىق، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تالانت ۋە تالانتلىقلار جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، ھەربىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن تالانتلىقلارغا شۇ دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ. شۇڭا، تالانتلىقلار جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ ھەمدە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدۇ. بىز تالانت ۋە تالانتلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ تالانت نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرىمىز.

ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى

1) ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەردە ئالدى بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت ئەلا دەرىجىلىك ئەقلىي ئىقتىدار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۇلاردىكى ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى ئەقىل قۇرۇلمىسىدىن ئۈستۈن بولۇپ، پەلەمپەي شەكىللىك مۇنارغا، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلى كەڭ ۋە پۇختا، ئۇچى پەلەككە ئۆرلەپ تۇرغان مۇنارغا ئوخشايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى بولۇپ، بۇ قۇرۇلما ئۇلارنى ئىجادىيەت پەلەمپەيلىرىگە چىقىش ئىمكانىيىتىگە

نىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان فىرىدىرىخ ۋىلھېلىم نىتر: دۇنيادا "دەرىجىدىن ھالقىغان" تالانتلىق ئادەملەر بولىدۇ. ئۇلار ئەسىر. ئەسىرلەپ تارىخنى جانلاندۇرىدۇ، پۇقىرالار بولسا "بىر دۆۋە كېرەكسىز نەرسە" دۇر، دەپ قارىغان. روسىيىلىك مخايلوۋسكى تالانتلىقلار بىلەن پۇقىرالار مۇناسىۋىتىنى ئەرەپ سىپىرلىرىدىكى "I" بىلەن "O" نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىپ، تالانتلىق "I" يوباشلىغاندىلا، خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت بىر قىزىق "O" ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، تالانتلىقلار بولمايدىكەن. "O" قانچە كۆپ بولسىمۇ يەنىلا نۆللىكنى قىلىدۇ دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن نارودنىكلار كەلىپ چىققان. دېمەك، ئىدىيالىستلارنىڭ نەزەرىدە ئادەتتىكى ئادەملەر ھەتتا نورمال ئىختىساسلىق ئادەممۇ ئادەملىك رولى يوق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە جەھەتتە نېمە دېگەن بىمەنىلىك — ھە؟! سانى ئاز ۋە ئاددىي خەلقنىڭمۇ ئەلا نەسلىچىلىك، ئىرقچىلىقنىڭ ئۇلارغا تاڭغان ھاقارەتلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەرقاچان ئۆزىنى ياخشىلاش كويىدا بولسا، ئۇلارنىڭ ئىلغارلىققا ئۆزگىرىدىغانلىقى، بۇنداق خەلقنىڭمۇ تالانت ئىگىلىرىنىڭ چىقىدىغانلىقى، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنسە ۋە ھارماي-تالماي ئەمەلىيەتكە قاتناشسا ئۆزىنىڭ يامان ھالىتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك.

ماتېرىيالىستلارنىڭ تالانت قارىشىنىمۇ مۇنداق يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ماتېرىيالىستلار: گەپ تالانت ۋە تالانتلىقلارنى ئېتىراپ قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەمەس، بەلكى تالانت ۋە تالانتلىقلارنى قانداق چۈشەندۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشتا، دەپ قارايدۇ. ماتېرىيالىستلارنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ تۇغما ھالىتى

كىشىنىڭ ھەۋەسىنى قوزغايدىغان گۆھەردۇر. ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەردىكى بۇ گۆھەرنىڭ خالىغان كىشىنىڭ ھەممىسىدە بولۇشى ناتايىن. دېمەك ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەردىكى بىلىم ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەتلەر بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ھالدا بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى ئادەتتىكى كىشىلەردە يوق ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىدار جەھەتتىكى ئۈچ قاتلاملىق ئالاھىدىلىك بىلىمنىڭ توپلىنىشى ۋە ياكى مېخانىكىلىق تەكرارلىنىش بولماستىن، بەلكى ئىجادىي قابىلىيەتنى يادرو قىلغان ھالدا مۇنارنىڭ تېگىدىن ئۇچىغىچە تۇتاشقان بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەردە بۇنداق بىرلىككە كەلگەن يۈكسەك ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ بولۇشى ناتايىن.

2) ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەردە ئەقلىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىپ ئۇچۇرما بولۇشىغا يەنى ئىجادىي قابىلىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە قانات بولىدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، بۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، شەيئىلەرنى ئاڭلىق، پىلانلىق، پۇختا كۆزىتەلەيدۇ؛ ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى تېز ئىگىلەپ، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى، ئادەتتىكىلەر تاپالمايدىغان قانۇنىيەتلەرنى تاپالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى مەلۇم مەقسەت ياكى نىشاننى كۆزلىگەن بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى قارىغۇلارچە، ئوشۇقچە، پايدىسىز، ۋاقىتنى ۋە كۈچنى زايا قىلىدىغان ھەرىكەت بولماستىن، ئەھمىيەتلىك، زۆرۈر ھەرىكەت بولۇپ

ئىگە قىلىدۇ. ئۇلاردىكى بۇنداق ئىقتىدار قۇرۇلمىسى بىر قاتلاملىق ئەكشى يۈزلۈك قۇرۇلما بولماستىن، بەلكى كۆپ ئامىللاردىن تەركىب تاپقان، كۆپ قاتلامغا ئىگە ستىرولۇق قۇرۇلما بولىدۇ. ئۇلاردىكى ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ بۇ خىل "پەلەمپەي شەكىللىك مۇنار" قۇرۇلمىسى بىلىم، ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەت بويىچە ئۈچ قاتلامغا بۆلىنىدۇ. بىلىم بىرىنچى قاتلام بولۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ پەلەمپەي شەكىللىك مۇنارىنىڭ ئۇلى يەنى تۆۋەن قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ. نادان ئادەمدە بۇنداق ئىقتىدار بولمايدۇ دېمەك، ئۇلاردىكى مول بىلىم ئۇلارنى ئەقلىي ئىقتىدارنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەقلىي قابىلىيەتنى ئىجادىي قابىلىيەتكە كۆتۈرۈش جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ.

ئەقلىي قابىلىيەت ئىككىنچى قاتلام يەنى بىرقەدەر يۇقىرى قاتلام بولۇپ، مۇستەھكەم بولغان ئاساس بىلىم ئۈستىگە، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئۈستىدىكى كۆزىتىش پىكىر قىلىش، تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق بىلىش ئىقتىدارىنىڭ يىغىندىسى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ ۋە مۇنارنىڭ تېنى بولىدۇ. مۇنارنىڭ تېنى بولغان ئەقىل ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگەللىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىلىم ئىگەللەش يەنە ئۇلاردىكى ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم يولى ھەم شەرتى بولىدۇ. ئىجادىي قابىلىيەت ئۈچىنچى قاتلام يەنى ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ يۇقىرى قاتلىمى بولىدۇ، ئۇ ئەقلىي قابىلىيەت يېتەكچىلىكىدە بىلىمنى تەتبىقلاپ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ ھەم ھەل قىلىپ كەشپىيات، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىقتىدار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇنار ئۈستىدىكى

پۇستانى "ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ"، يەنە پوكۇنى "بىر مەسىلە ئارقىلىق بىرمۇنچە مەسىلىنى بايقاپ ئالالايدۇ" دېگەن سۆزلەرنى تىلغا ئالىمىز. بۇ سۆزلەر تەپەككۇرنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى، شەيئىلەر ئارا ئىپادىلىنىشى. بۇنداق كىشىلەر يەنە رېئاللىق ئاساسىدا قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاپ، ھەر تەرەپتىن ئاساسلاپ، قانۇنىيەتنى تېپىپ، ئاقىۋەتنى مۆلچەرلەپ، مەسىلىنى ئەڭ ياخشى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپالايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار مەسىلە ھەل قىلىشتا تەشەببۇسكار بولۇپ كۆپ ھاللاردا غەلىبە قىلالايدۇ.

تەسەۋۋۇر مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. تەسەۋۋۇرسىز ئىجادىيەت، ئىختىرا بولمايدۇ. دېمەك، تالانتلىق كىشىلەردە ئۇچرايدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ يۇقىرى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئىجادىي تەسەۋۋۇر قىياس ۋە پىكىرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن كىشى ھەرقانچە قىلسىمۇ كەشپىياتچى بولالمايدۇ. تەسەۋۋۇر جەھەتتىكى ئۇستۇنلۈك ئۇلارنى ھەرقاچان ئىجادىي پائالىيەتكە يېتەكلەپ ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىدىغان ئىجاتكارلارغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئەقلىي قابىلىيىتى تەرەققىي قىلغان تالانتلىق كىشىلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىر تەرەپتىن، ئۇلار مەلۇم تەرتىپ ۋە مەنتىقە بويىچە جىددىي تەپەككۇر قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ھەرقاچان جانلىقلىققا ئىگە، ئۇلار ئۆز تەسەۋۋۇرىنىڭ مەلۇم نۇقتىلىرىدا تۇرۇۋالمايدۇ. خاتا تەسەۋۋۇردىمۇ چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ. تەنقىدنىڭ ئىلگىرىلىشىگە

ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىشانچانلىق پسىخىك پائالىيەتلەرگە ئومۇمەن يېتەكچى بولغاچقا، ئۇلار باشقىلار بىر ئىشنى قىلىپ بولغىچە ئەچ ئىشنى قىلىپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق ئاسان ئورۇنداپ كېتەلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى ئىشانچانلىق يەنە ھەر ئىشنىڭ ئۇششاق ھالقىلىرىدىكى ئىشانىچ ھەرىكەتلەرنى قىسقارتىپ بارلىق پائالىيەتلەرنى ئىشانىدىكى ھەر كەتنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ. دېمەك، ئۇلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان بىرمۇنچە چېچىلاڭغۇلۇقلار يو بولغانلىقتىن، ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان تېمىلارغا ئىشان بويىچە ئۇشكىدەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ، غۇلاچ تاشلاپ ئىلگىرىلەپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

ئۇچىنچىدىن، خاتىرە قابىلىيىتى ئۇستۈن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى ناھايىتى ئۇستۈن كىشىلەر بولۇپ، ھېلى كۆرگەننى ھېلى ئۇنتۇيدىغان كىشىلەر ئەمەس. خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى، ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتە ئۇستۈن بولغانلارنىڭ ئەقلىي پائالىيەتتە ئۇستۈن نەتىجە قازىنىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق تالانت ئىگىلىرىگە ئايلىنىش ئېھتىمالى ئۇنتۇغاق كىشىلەردىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئۇستۈن بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى كەڭ، چوڭقۇر بولۇپلا قالماي، مەلۇم دائىرىدە بىر شەيئىدىن ئالاقىدار بولغان يەنە بىر شەيئىگە ئۆتۈش ياكى بىر شەيئىنى ئالاقىدار بولغان باشقا شەيئىلەر بىلەن باغلاش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بىز ئادەتتە پالانىنىڭ "پىكىر قىلىشى ئەتراپلىق"،

بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىر-ھېسسىياتى راۋانلاشقان بولۇپ، بىرىنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنى بىلىۋالالايدۇ. كۆپىرەك چارىلەرنى ئويلاپ تېپىپ ئۆزىگە خاس قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. (5) ئۆزگىچىلىكى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلاردا ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇلاردا ئۆزگىچە قاراش، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى بولىدۇ؛ ئۇلار ئىجادكارلىق روھىغا ناھايىتى باي بولۇپ كونا قېلىپلارغا زادى ئېسىلىۋالمايدۇ. كونىنى تاشلاپ، يېڭىنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. ئىجادىيەتتە يېڭى ئۇسلۇب يارىتالايدۇ. (6) ئىلمىي شۆھبى-چىلىكى كۈچلۈك بولىدۇ؛ كىشىگە قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ. ھەرقانداق نەزەرىيىگە گۇمانى قاراشتا بولىدۇ. مۇستەقىل پىكىر قىلىپ تەكشۈرىدۇ. (7) چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلاردا جاسارەت ۋە ئىرادە بولىدۇ. دىققىتىنى مەلۇم مەسىلىگە ئۇزاقىچە مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ. (8) ناھايىتى پۇختا ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئىلھام ئۇچقۇنلىرى بىلەن ھاياجانلىنىپلا قالماي يەنە مەسىلىلەرنى ناھايىتى پىششىق ئويلىنىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئانالىز قىلىپ مۇكەممەل بولۇشنى قوغلىشىدۇ. ھەرقانداق گۇمانلىق نۇقتا ھەم مۇجمەل جايلارنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيدۇ. (9) ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى يۈكسەك بولىدۇ. ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئادەتتىكى ئىختىساسلىقلارغا قارىغاندا كۈچلۈك تۈردە ئۆز-ئۆزىنى بىلىپ ئالالايدۇ ۋە تۇتۇپ ئالالايدۇ. ئۇلاردا قاتتىق غەزەپلىنىش، ئەقلىدىن ئېزىش ۋە تولا ۋايساش ناھايىتى ئاز بولىدۇ. (10) يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا باي بولىدۇ؛ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەر "ئايلىنىپ يۈرۈش" نى ياخشى كۆرىدۇ. قىزىقارلىق ئىشلارغا بەكمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. ئۇلاردا يۇمۇرلۇق

قاراپ ئۆزلىرى بېكىتىپ بولغان لايىھەلەرنى خېلى جانلىق ئۆزگە
تىپ، ئاخىرىدا ئۇلۇغ نەتىجە يارىتالايدۇ. ھەرقانداق قىيا
ئالىمنىڭ مۇۋاپىق پىكىر يۈرگۈزۈشى بەدىلىگە كېلىدىغان بولسىمۇ
لېكىن ئۇ بەرىبىر ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمىگەن بولىدۇ
بىرەر چارە تېپىپ ئاشۇ قىياسنى ئاساسلىغىچە، تاللاپ بېكىتىل
بولغان نەرسە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغان يېڭى ئەھۋاللار كۆرۈلۈ
تۇرىدۇ. بۇ تەپەككۇرنىڭ جانلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

دېمەك، ئالاھىدە ئىقتىدارلىق تالانت ئىگىلىرىدە ئىقتىد
قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن باشقا يەنە ئادەتتىكى كىشىلەرد
يوق بىرمۇنچە پسىخىك پەزىلەتلەر بولىدۇ. بىز ئۇلارنى ئېتىرا
قىلمىغاندىن كۆرە، ئۇلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە
ئۆزىمىزنىمۇ تالانت ئاملىرى بىلەن تاۋلاشقا تىرىشقىنىمىز تۈزۈك

3) ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەردە ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلى
بولغان پسىخىك پەزىلەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىسى بولغان ئىجادد
يەت خاسلىقىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئالاھىدە ئىقتىدارلىق
كىشىلەردە (1) باتۇرلۇق ۋە تەۋەككۇلچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ. ب
ئىجادىيەت تېپىدىكى كىشىلەردە بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر
چۈنكى ھەرقانداق ئىقتىدار باتۇرلۇقتىن ئايرىلسا ئىجادىي سەۋىيىگ
كۆتۈرۈلمەيدۇ. (2) تەشەببۇسكارلىق كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلارد
ئۇرغۇپ تۇرغان بىلىش تەشنالىقى ھەم كۈچلۈك ھەيرانلىق بولىدۇ
بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىل
شىگە تۈرتكە بولىدۇ. (3) كۆزىتىش ئىقتىدارى ئۈستۈن بولىدۇ
ئۇلار كۆزىتىشكە ماھىر بولۇپلا قالماي، مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى
ئۆتكۈرلۈك بىلەن ھېس قىلىدۇ. (4) ئۆزگىرىشچانلىق كۈچلۈ

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ مەسىلىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، قابىلىيەت ۋە تالانت ھەربىر كىشىدىكى خاسلىق ۋە دەۋر شارائىتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ. ياش تالانتلىقلار ئۆسۈپ چوڭ تالانت ئىگىسىگە، ئاددىي تالانت ئىگىسى بۈيۈك تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى گەپ كىمنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ چوڭ، كىمنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ كىچىكلىكىدە ئەمەس، بەلكى شۇنداق تالانت بىخلىرىنى ۋاقتىدا بايقاش، تالانتنى تەربىيىلەشتە.

شۇڭا يالغۇز سەنئەت ۋە تەنتەربىيىگە ئوخشاش تۇغما قابىلىيەت ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان كەسىپلەردىلا ئەمەس، باشقا جەھەتتىكى تالانت بىخلىرىنىمۇ ۋاقتىدا بايقاپ تەربىيىلەش، پەرۋىش قىلىش كېرەك. ئۆسمۈرلەر، ياشلارنىڭ تالانت بىخلىرىغا تەتۈر قارايدىغان يامان ئادەتلەرنىڭ ھەرقانداقىغا يول قويماسلىققا تىرىشىش كېرەك.

### 3) ئىجادىيەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەت

ئىجادىيەت ئىنسانلارنى ھايۋاندىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم بەلگە، پاراسەت گۆھىرى بولۇپ، ئۇ بۇرۇنقى تۇرمۇشىمىزدا يوق نەرسىلەرنى پەيدا قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىنسانلار ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا قىلىشنى بىلمىگەن بولسا، تاكى ھازىرقى كۈنگىچە ئىپتىدائىي ئۆڭكۈرلەردىن چىقالمىغان بولاتتى. تۈرلۈك-تۈمەن مەۋجۇداتلار ۋە ئادەمدىن قانچە ھەسسە كۈچلۈك ۋەھشىي ھايۋانلار تالىشىپ تۇرۇۋاتقان بۇ يەر شارىغا خوجايىن بولالمىغان بولاتتى. مۇشۇنداق ئاددىي ئەمما ھەققانىي مىساللار ئارقىلىقلا بىز ئىنسانلار تارىخىنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا بىلەن تولغان تارىخ

خاراكتېرى ئۈستۈن بولغاچقا ئۇلار باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشى ھەم كۆزگە ئىلماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۆز كەيپىياتى ھەم ئىجادىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويمايدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈشىمىز لازىمكى، ئەقلىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ نورماللىقى تالانتنىڭ يېتىلىشىدىكى نېگىزلىك، ئەڭ مۇھىم شەرت بولغانلىقتىن، گالۋاڭ كىشىلەرنى تالانتلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى قابىلىيەت دېگەن كىشىنىڭ تۇغما بولغان ئاناتومىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك تەبىئىتى ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئەمانى رەسسام قىلىپ تەربىيىلەش، يە پاكىرىنى ۋالىبولچى قىلىپ تەربىيىلەش، ئاۋاز پەردىلىرى ياخشى بولمىغان كىشىنى ناخشىچى قىلىپ تەربىيىلەش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا سەنئەت، تەنتەربىيە، ھەتتا باشقا بەزى بەدىئىي ئىشلاردا تۇغما تالانت بولمىسا بولمايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك تۇغما بولغان ئەقلىي ئۈستۈنلۈكنىڭ ئۆزىلا تالانت بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئەقلىدىكى قابىلىيەت ۋە ئالاھىدە قابىلىيەت ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان تالانت ئەنە شۇ ئەقلىي نورماللىق ياكى ئەقلىي ئۈستۈنلۈكتىن ئىبارەت ماددىي ئاساسنى ئاساس قىلىدۇ. باشقىلارغا ئوخشاش ئادەم تەبىئىتى ۋە ئەقلىي نورماللىق ياكى ئەقلىي ئۈستۈنلۈك بولغاندىلا ئاندىن تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەربىيىلىنىش شارائىتلىرىغا قاراپ ئۆسۈپ بارىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بىر مەسىلىگە بولغان تونۇش ئايدىڭ بولمىسا، بەزى تالانتلىقلار ۋاقتىدا بايقالماي كۆمۈلۈپ قالىدۇ. بەزىلەر تېخى ئۆزىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيمۇ ئۆز تەبىئىتى يار بەرمەيدىغان ئىشقا كىرىشىپ قىلىپ ئۆمرىنى زايا قىلىدۇ.

نەرسىلەرنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە دەسلەپكى سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق، ئەمما تەجرىبىسىزلىك تۈپەيلىدىن بەزى نوقسانلارمۇ كۆرۈلدى. مەسىلەن، مال باھاسى ئۆسۈپ كېتىش، تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق، يۇقىرى ئىستېمال خاھىشى ئېغىرلىشىپ كېتىش قاتارلىقلار. بۇ مەسىلىلەرنى يەنىلا خەلقىمىزنىڭ، زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تارىخقا قاراپ باقايلى، تارىختا ئۆتكەن ئالىملار، پرولېتارىيات داھىيلىرى بۇرۇنقى كىتابنامىلار ۋە كونا ئەندىزىلەرگىلا ئېسىلىۋالماستىن، كىشىلەرنى ھەيرانۇ-ھەس قىلىدىغان ئىجادىيەتلىرى بىلەن جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت-سائادەت ياراتتى. ئەنە شۇنداق گىگانت ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىشى بىلەن دۇنيادا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئالايلۇق، ماركسىزم ئىلمىنىڭ بەرپا بولۇشى بىلەن قۇللۇقنىڭ كىشەنلىرى چېقىپ تاشلاندى. ياۋۇز ئىرقچىلىق ۋە ئەلا نەسىلچىلىك ئاساسىدىكى چوڭ مىللەتچىلىك ئىنكار قىلىندى. ئېلېكتر ۋە ئېلېكتر چىرىغىنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر قاراڭغۇلۇقتىن، ھەتتا نامراتچىلىقتىن قۇتۇلدى؛ ماشىنا-مېخانىكىلارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر ئېغىر ئەمگەكلەردىن ئازاد بولدى؛ دۇربۇن ۋە مىكروسكوپلارنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن ئاستورونومىيە، بىئولوگىيە ۋە مېدىتسىنا پەنلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى؛ ئايروپىلان، راكېتا ۋە ئالەم كېمىلىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تارىختىن بۇيانقى

ئىكەنلىكىنى پەملەپ ئالالايمىز. ئىلىم-پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالىرى تېخىمۇ ئۇلۇغ رول ئويناپ، سان-ساناقسىز ئەقىل غۇنچىلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، دۇنيانى گۈزەل مەنزىرىگە پۈركەيدىغانلىقى تۇرغان گەپ، دېمەك، ئەقىل ئاساسىدا بالداقمۇ-بالداق ئۆرلەپ ماڭىدىغان ئىجادىيەت ئىنسانلارغا مەنىۋى ھەم ماددىي جەھەتلەردە چەكسىز بەخت ئېلىپ كېلىدۇ.

ھازىرقى جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتى ئەنە شۇنداق ئىجادىي روھ بىلەن ئېلىمىزدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىلىم-پەن دولقۇنى بولۇپ، ئۇ، جۇڭگو ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغان بارلىق ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇستقۇرۇلمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىقتىسادىي بازىسقا ماسلاشمىغان تەرەپلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، قالاق، خۇراپىي، بىكىنمىچىلىكنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئەۋج ئېلىۋاتقان مىللەتلەر بەيگىسىدە مىللىي ھۆرمەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چىن ۋىجدان بىلەن ئىلىم پەن يولىدا مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئىلىم-پەن يولى بىز ئۈچۈن يېڭى بولغاچقا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھەربىر قەدىمىدە بىز يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. روشەنكى بۇ مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرى بۇرۇنقى ھۆججەت ۋە كىتابنامىلاردا تولۇق ھەل بولۇپ كەتمىگەن نەرسىدۇر. بۇ مەسىلە، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، نۇرغۇن

شۇڭا بۇنىمۇ ئىجادىيەت دېمەي بولمايدۇ.

ئىجادىيەت — پورماتسىيە جەھەتتىن ماددىي بولۇشىمۇ، غەيرىي ماددىي بولۇشىمۇ مۇمكىن. ماددىي ئىجادىيەت ئاساسلىقى ماددىي بۇيۇملارنى ئىجاد قىلىشتۇر. ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، مەنىۋى بۇيۇملارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بولسا غەيرىي ماددا بولغان ئىجادىيەتتۇر. بۇنداق ئىككى خىل پورماتسىيىدىكى ئىجادىيەتنى ئامېرىكىلىق مەشھۇر سوتسىيالوگ پارسونىس خانىم قۇرۇلما خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەت ۋە فۇنكسىيە خاراكتېرلىك ئىجادىيەت دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياۋى نوپۇزى ۋە سوتسىيالوگىيە جەھەتتىكى ئۇلۇغ خىزمەتلىرى ئارقىسىدا ئۇنىڭ ئىجادىيەتكە قويغان نامىمۇ مەدەنىي تىللاردا شىپى كەلتۈرۈلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى لەكمىڭ-لەكمىڭ بولسىمۇ، ئۇلاردا ئاساسلىقى تۆت تۈرلۈك ئالاھىدىلىك بار:

بىرىنچى، ئىجادىيەتنىڭ سۇبيېكتىلىقى.

بۇ ئالاھىدىلىك ئىجادىي پائالىيەتلەر سۇبيېكتىنىڭ خۇدا، ئىلاھ، ئىدىيە ياكى باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى رېئال ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىمۇ بۇ كاتېگورىيىگە كىرمەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىجادىيەتنىڭ كونترولچانلىقى. بۇ ئالاھىدىلىك ھەرقانداق بىر خىل ئىجادىيەتنىڭ سۇبيېكتىنىڭ ئوبيېكتىنى مەقسەتلىك ھالدا كونترول قىلىش، تەڭشەش پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى، سۇبيېكتىنىڭ ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئوبيېكتى، تەبىئىي ئوبيېكت ۋە ئىجتىمائىي ئوبيېكتقا تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئۇچۇر، ماددا ۋە قۇۋۋەت ئالماشتۇرۇش

قۇشلار كەبى ئۇچۇش ئارزۇسى قاندۇرۇلۇپلا قالماي، ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈشتىمۇ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشلەر بولدى؛ ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى كىشىلەرنى تۈرلۈك تەرەپلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئېغىر خىزمەتلەردىن ئازاد قىلدى... ۋەھاكازالار. مانا مۇشۇنداق كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەر ئىنسانىيەتنى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە بارغانسېرى يۈكسەكلىككە ئېلىپ ماڭدى. ئەشۇ كەشپىياتلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەشۇ كەشپىياتچىلار ياشىغان دەۋردىن بۇرۇنقى كىتابلاردا يوق نەرسە بولۇپ، پەقەت ۋە پەقەت ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. يەنى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئەقىل-پاراسەت بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە بۇ جەرياندا ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىش تارىخى، ئەقىل بىلەن ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىياتقا، ئەركىنلىككە، ئازادلىققا ئېرىشىش تارىخى بولغان. بۇندىن كېيىنكى بارلىق يېڭىلىنىشلار، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى يۈكسىلىشلەر، ھەتتا بارلىق مىللىي بەيگىلەر يەنە ئەقىلنى بايراق قىلغان يېڭى ۋە ئىجابىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادىيەتنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش ھازىرقى زاماندىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ جىددىي مەسىلىدۇر.

گەپنىڭ توگىنىنى ئېيتقاندا، ئىجادىيەت دېگەننىڭ ئىككى مەنىسى بار. بىرىنچىسى تۇنجى ئىجادىيەت، ئىككىنچىسى تەكرار ئىجادىيەتتۇر. تەكرار ئىجادىيەت مەۋجۇت ئەقىل مەھسۇلاتلىرىنى ھەزىم قىلىش ئاساسىدىكى يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇش بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە يەنىلا يوق شەيئىنى بار قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

بولمايدىغان ئەشۇنداق قابىلىيەت ئىجادىي قابىلىيەتتۇر.

دېمەك، ئەقىل بىلەن ئىجادىي قابىلىيەت ھەم باغلىنىدىغان ھەم مەزمۇن جەھەتتىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم. بىر تەرەپتىن، ئىجادىي قابىلىيەت ئەقىل ۋە قابىلىيەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت يوق ئادەمدە ئىجادىي قابىلىيەت بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجادىي قابىلىيەت يۇكسەك تەرەققىي قىلغان ئەقىل ۋە يۇكسەك ئىجادچان قابىلىيەتنىڭ يىغىندىسى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بىز يۇقىرى نومۇر ئالغان قابىلىيىتى تۆۋەن تىپتىكى ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق ئادەملەر ئەقلى ئۇستۈن تىپكە كىرىدۇ. ئەمما ئۇستۈن ئىجادىيلىق تىپكە كىرەلمەيدۇ. بۇ زېھنى بۆلۈنمىسى ناھايىتى ئۇستۈن بولسىمۇ، ئىجادىي قابىلىيىتى ئۇستۈن ئەمەس دېگەنلىك. شۇڭا، بىز ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەقلىنى ئۈستۈرىدىغان ئىجادىي قابىلىيەت بۇلىقىنى ئېچىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئەقىل بىلەن ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدە تالاش-تارتىش ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ قاراشلارنى ئىلىم-پەن ساھەسىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش خىلى قىيىن. ئەمما، تالاش-تارتىش بولۇۋاتقان قاراشلاردىكى ئورتاقلىقنى ئىزدىسەك تۆۋەندىكىدەك قاراشقا كېلەلەيمىز:

ئۈستۈن ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، جەزمەن ئەقلىي نورماللىق ياكى ئەقلىي ئۈستۈنلۈك بولۇشى كېرەك. لېكىن ئەقلىي ئۈستۈنلۈك ئۈستۈن ئىجادىي قابىلىيەتكە كېپىللىك قىلالمايدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتتە تۆۋەن بولغانلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىمۇ تۆۋەن

ئېلىپ بارىدىغان جەريان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجادىيەتنىڭ يېڭىلاشچانلىقى. بۇ ئالاھىدىلىك ھەر-قانداق بىر خىل ئىجادىي پائالىيەتنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى نەتىجە پەيدا قىلىشى شەرتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆتىنچى، ئىجادىيەتنىڭ قىممەتچانلىقى. بۇ ئالاھىدىلىك ھەرقانداق بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولۇشىنى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، ئىجادىيەت تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پىشاڭ بولۇپ، بۇنداق پىشاڭ بولمايدىكەن، ھەرقانداق دەبدەبىلىك گەپلەر جەمئىيەتنى گۈللەندۈرەلمەيدۇ، كىشىلەرنى بەختلىك قىلالمايدۇ.

## 4) ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئۇنىڭ ئەقىل بىلەن مۇناسىۋىتى

ئىجادىي قابىلىيەت دېگىنىمىز، ئەڭ ئىخچام سۆز بىلەن ئېيتقاندا يۈكسەك تەرەققىي تاپقان ئەقلىي قابىلىيەتتۇر. چۈنكى بىر ئادەم يېڭى مەسىلىلەرنى كەشپ قىلىش، يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، مەسىلىلەرنى ئىجادىي يوسۇندا ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆزنىتىشكە ئۆتكۈر بولۇش، خاس ئىجادىيلىققا ئىگە بولۇش شەرت. يەنى ئەقلنى تەشكىل قىلغۇچى تۈرلۈك قابىلىيەتلەر يۈكسەك دەرىجىدە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلغاندىلا، ئاندىن ئىجادىي قابىلىيەت شەكىللىنەلەيدۇ. ئەمما، ئەقىل بىلىمنى تەتبىقلاپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. ئەقىل تەركىبىي بىلەن شەرھلەپ بەرگىلى

قىلىشتىن باشقا يەنە ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك خاتىرە قابىلىيىتى ۋە مول تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

ئۇنداق بولسا، كىشىلەرنىڭ تۇغما قابىلىيەت پەرقى بولامدۇ؟ تۇغما قابىلىيەت بىلەن ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ تۇغما قابىلىيەت ئىرسىيەتلىك بولامدۇ - يوق؟ بۇ «ئەقلىي زىيادىلىك ۋە ئەقلىي كەملىك» دېگەن بابتا بايان قىلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ پسىخىكىسى بىلەن ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى چوڭ مېڭىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ مەنبەسىنى شەرھلەش ئۈچۈن چوڭ مېڭىنىڭ "ئىچكى ئەھۋالى" نى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى زامان مېڭە ئىلمى ئۆزىنىڭ 100 يىلدىن ئارتۇق تەرەققىياتى ئارقىلىق خېلى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، چوڭ مېڭىدىن ئىبارەت سىرلىق ئوردىنىڭ سىرتقى پەردىسىنى ئېچىشقا باشلىدى. ھازىرغا كەلگىچە، مېڭە ئىلمى جۈملىدىن پسىخولوگىيە، مېڭە فىزىئولوگىيىسى ۋە مېڭە خىمىيىسىنىڭ بىزگە زادى قانداق مەنزىرىلەرنى سىزىپ بەرگەنلىكى ۋە بىزنى ئىجادىي قابىلىيەت مەنبەسى بىلەن ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە قانداق جاۋابلار بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكى، ئەقىل ۋە تالانتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر «ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە ھەل قىلغۇچ ئامىلى» دېگەن بابتا بايان قىلىنىدۇ.

بولىدۇ. بۇ، ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئىجادىي قابىلىيەت ئوتتۇرىسىغا باراۋەرلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ، دېگەنلىك. چۈنكى، ئىجادىيەتتە ئەقلىي ئامىللاردىن باشقا يەنە غەيرىي ئەقلىي ئامىللارمۇ ئىشلەيدۇ. ئەقلىي ئامىللار ئىچىدە ئومۇمىي قابىلىيەتلەردىن باشقا، ئالاھىدە ئىجادىي قابىلىيەتلەرمۇ بولىدۇ.

زېھنى بۆلۈنمە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، زېھنى بۆلۈنمىسى نورماللىقتىن تۆۋەن ئادەملەردە ئىجادىي قابىلىيەت كەمدىن-كەم بولىدۇ ياكى بولمايدۇ. زېھنى بۆلۈنمىسى ئۈستۈن بولغانلاردىمۇ، ئۇلار تىرىشچان بولسا ئىجادىي قابىلىيەت جەھەتتە ئادەتتىكىلەردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئەھۋالدىن باشقا، ئىجادىي قابىلىيەت تۆۋەن بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋال زېھنى بۆلۈنمىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى يۇقىرى ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتى بولالىسىمۇ، تولۇق شەرتى بولالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا زېھنى بۆلۈنمىلا ئۈستۈن بولۇپ، ئىجادىي قابىلىيەت بولمىسا، ئىجادچانلىقنىڭ ئۈستۈن بولالمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، يۇقىرى ئىجادىي قابىلىيەتلا بولۇپ، زېھنى بۆلۈنمە تۆۋەن بولسىمۇ ئىجاد قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تەپەككۇر كەڭ بىر دائىرە بولۇپ، ئۇ ئىدراك قىلىش، خاتىرە قىلىش قاتارلىق بىلىش جەريانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئەسلىدىكى ئۇچۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈش كېرەك. ئەسلىدىكى ئۇچۇر دائىرىسىدىن ھالقىغاندا يەنە ئەسلىدىكى ئۇچۇرنى تەتبىقلاش، ئۆزگەرتىش، يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇش كېرەك. شۇڭا ئىجادىي قابىلىيەت ئىجادىي تەپەككۇرنى يادرو

بىلىمنى ئۈنۈملۈك تۈردە ئىگەللەشنىڭ شەرتى بولۇپ، ئەقىل ياخشى تەرەققىي قىلسا بىلىم ئۆگىنىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، سەۋىيىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى ھەممىدە جانلىق ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۆلۈك ھالدا ئوقۇپ ۋە يېزىپ مەلۇم دەرىجىدە بىلىم ئىگەللىگىلى بولسىمۇ، ئەمما مېخانىكىلىق، ئۆلۈك ھالدىكى بىلىم بىلەن ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايلا قالماستىن، ھەتتا ئۆزىنى چۈشەپ قويۇشمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلىم ئىگەللەش جەريانىدا ئىشقا ئاشىدۇ، ئىگىلىگەن بىلىم، ماھارەت كۆپ بولغانسېرى ئەقىل تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ. ماھىيەتنى سۈرۈشتۈرگەندە، قابىلىيەت، ئىقتىدار، تالانت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلىمنى ئاساس قىلىدۇ، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارنىڭ سىرى كۆپلەپ بىلىم زاپىسىغا ئىگە بولۇش ھەمدە ئۇ بىلىملەرگە ئىلمىي ئىش قوشۇش ئېلىپ بېرىش، ئىز بىلىملەرنى ئىجادىي تەتبىقلاشتا. شۇڭا بىلىم ئېلىشنىڭ پىلانىنى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلاپ تۇرغۇزۇشتا تىرىشىش كېرەك. كىمكى ھەم بىلىم ئىگەللىيەلىسە، ھەم ئۇنىڭغا ئىش قوشالىسا ھەمدە ئۇنى ئۆز پېتى ئەمەس، ئىجادىي تەتبىقلىيالىسا، ئۇ قابىلىيەتلىك. ئىقتىدارلىق بولالايدۇ. ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولى ئەنە شۇدۇر.

لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئەقىل بىلەن بىلىم بىر ئىش ئەمەس. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. شۇڭا، ئەقىلنى بىلىمنىڭ ئۆزى دەپ قارىماسلىق كېرەك. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىر كىشىنىڭ بىلىمى گەرچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئەقلىي تەرەققىي قىلغان بولۇشى ناتايىن. بىر كىشىنىڭ ئەقلى

## 5. بىلىم، ماھارەت، گۈزەللىك ۋە ئەقىل

### 1) بىلىم ۋە ئەقىل

ئەقىلنى تەكىتلىگەندە بىز بىلىم ئىگىلەشنى مۇتلەق، شەرت قىلىمىز. چۈنكى ئەقىل بىلەن بىلىم ئۆزئارا بېقىنىدۇ ۋە بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىلىم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ نەتىجىسى، ئەقىل بولسا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتىدۇر. بىلىم ئىگىلەش ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش مېۋىسىنى ئىگىلەش جەريانى، ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلىم ۋە ماھارەت ئىگىلەش ئارقىلىق بىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش جەريانىدىن ئىبارەت.

بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەپ شۇكى، بىلىم ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىلمىي تەجرىبە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىلىم-پەن قائىدىلىرى، قانۇنىيىتى، يەكۈنى، نەزەرىيە ۋە ئىدىيە قاتارلىق فورماتسىيىلەر ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇڭا، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىلىم بىلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئەقىل بىزدىكى بىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئالىي تۇغ بولغاچقا، بىلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان بىلىمنى ئىگىلەشكە ئەڭ مۇھتاج بولىدۇ.

ئادەمدە بىلىم بولمىسا، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسى بولمايدۇ؛ ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

ماھارەتـلىرىـنى ئىگەلـلەش ۋە تەتـبىقـلاش ئۇسۇلى دەپ قاراپ كەلدى. بىلىم ئىگەلـلەش سەۋىيـىسى ئىگەلـلىگەن بىلىمنىڭ كۆپ ياكى ئاز، يۇقـىرى ياكى تۆۋەن، پۇخـتا ياكى چېچىلاڭغۇ ئىكەنـلىكىدە ئىپادىـلىنىدۇ. ئەقىلـنىڭ سەۋىيـىسى بولـسا، يول ئېچىش مېڭىش ۋە يېڭـىلىق يارىتىشتا، مۇتەئەسسىپـلىك ۋە تۇرغۇنلۇقـنى ئىرغىتىپ تاشلاشتا ئىپادىلـىنىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتـىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىلىم ئېـلىش يەنـىلا ناھايىتى مۇھىم، لېكىن بىـلىمـنى ماھىـرلـىق، ئىـۆز خاسـلىقـىغا ماس ھالـدا ئىگەلـلەش ۋە تەتبـىـقـلاش تېخىـمۇ مۇھـىم، ئۇ بىر كىـشـىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ترلۇق ئىشـقا سالالايدىـغان بولۇش- بولالماسلىقىدىكى ئاچقۇچ.

بىزنىڭ ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغان جەمئىيىتىمىزدە، ئەسلىدە پەقەت كىشلەر خاتىرىسى ئارقـىلىقلا كۆچ كۆرسىتىدىـغان بىرمۇنچە بىلىملەرنى ئېلېكتىرونـلۇق مېڭە ساقـلاپ بېرىدىغان بولـدى. ھازىر كىشلەرنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى يەنىلا مۇھىم بولسىمۇ، بۇرۇنقىدەك بىردىنبىر ئۆلچەم بولماي قالـدى. ھالبۇكى، بىـلىم تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىدىكى تېزلىك كىشـلەردىن تەتبىقلىيالايـدىغان بىلىملەرنى تالـلاش سەۋىيـىسـىنىڭ مۇھىمـلىقىـنى گەۋدىـلەندۈردى، ئۇ بىر ئادەمنىڭ مۇۋاپىق باسقۇچتا مۇۋاپىق بىلىم كاتېگورىيىـسى ۋە بىلىم ساھەسىنى ئىـگىـلەپ، ئۇ بىـلىمـلەرنى تېخىـمۇ ئۈنۈمـلۈك بولغان يېڭىلىق يارىـتىش جەريانىـدا ئۆزلەشـتۈرۈش- ئۆزلەشتۈرەلـمەسـلىكىنى، قولىدا ئىگەللەپ تۇرغان يېڭى پاراسەتكە ئايلانـدۇرۇش- ئايلاندۇرالماسلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ تەرەققـيات شۇنى كۆرسـىتىپ بېرىدۇكى، ئەقىل بىلىمنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، بىلىمنى ھەرىكەتـ-

زىيادىرەك بولسىمۇ، لېكىن بىلىمى مول بولۇشى ناتايىن. ئەقلىي سەۋىيىسى ياكى بىلىم سەۋىيىسى ئۆزئارا كۆپ پەرقلەنمەيدىغان كىشىنىڭ ئەقلىي سەۋىيىسى بىلەن بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. ئومۇمەن ئەقىل بىلىمنىڭ ئۆزىگە باراۋەر بولمايدۇ، ئۇ بىلىم ماھارىتىنىڭ مېخانىك ھالدا تەكرارلىنىشىدا ئەمەس، بەلكى بىلىم ماھارىتىگە ئېرىشىش جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنى بىلىم ئىگەللەش جەريانىنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى، سۈرئىتى، جانلىقلىقى، مەنتىقىلىقلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە ئەقلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلىم ئىگەللەشكە قارىغاندا ئاستىراق بولىدۇ. دوستخۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئۇزلۇكسىز تولۇقلىنىۋاتقاندا، كىشىلەرنىڭ پاراسىتى تىگرىنقايدۇ."

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز فرانسىس بېكوننىڭ "بىلىم — كۈچ" دېگەن سۆزىنى "بىلىم — ئەقىل" دېگەن مەنىدىمۇ چۈشەندۇق. روشەنكى، ئۇ كاتتا پەيلاسوپ، ئالىم، ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ زور ئىشلىرى توغرىسىدىكى دەنا سۆزلىرى ھېلىمۇ بىزگە ماياك. لېكىن بېكوننىڭ بۇ سۆزى "سانائەت، تېخنىكا جەمئىيىتى"دە بىلىملىك ئادەملەرنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ ئۇلۇغ بولىدىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان. بۇ سۆز ھەقىقەتەن قىممەتلىك بولسىمۇ، ئۇ بىلىمنىڭ ئەقلىنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ھازىرقى كۈندە ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن ئىبارەت سۈنئىي ئەقىل كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلدى. بىلىمنى كىشىلەر ئەزەلدىن مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ جۇغلانمىسىنى ئېلىش، ئىگەللەش، ئۆزلەشتۈرۈش دەپ چۈشەنگەن بولسا، ئەقىلنى بىلىم

كېرەك، دەپ قارايدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى مائارىپ تەربىيەمىزدە بىلىمنى ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەقلىنى يېتىشتۈرۈشكە سەل قارايدىغان ئەھۋال بار، شۇنداق بولغاچقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى مۇستەقىل خىزمەت قابىلىيىتى ئاجىز بولۇش ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا. بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشتە، ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش "بىلىم تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش"نى ئەقلىي ئىقتىدار تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشكە ئۆزگەرتىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيىسىدە ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ باغلىنىشى ۋە پەرقىنى مۇۋاپىق ھالدا ھەل قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى توغرا بىلگىلى، قابىلىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ماتېماتىكا جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىگەللىگەن ماتېماتىكا بىلىمى ئومۇمەن ئوخشاش ياكى ماتېماتىكا ئىمتىھان نەتىجىسى ئاساسەن ئوخشاش بولىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋال، ماتېماتىكا ئىقتىدارى تۆۋەن ئوقۇغۇچىنىڭ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاندىن مۇشۇ سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرسە، ماتېماتىكا ئىقتىدارى يۇقىرى ئوقۇغۇچىدا ئېچىشقا تېگىشلىك يوشۇرۇن كۈچ بارلىقىنى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا ئوخشاش بولمىغان تەلەپ قويۇش، ئالدىنقى خىلدىكىلەرگە ئىلھام بەرسە،

لەندۇرىدىغان جاندۇر. ئەقىل بىلىمدىنمۇ قۇدرەتلىك بولغان ھاياتىي كۈچكە ئىگىدۇر.

بىز بىلىمگە شۇنداق قارىغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھەقتىكى قاراشلار تېخى ئانچە بىرلىككە كەلگىنى يوق.

ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەردە ئاساسلىقى ئىككى مەزھەب بار. بىر مەزھەب، ئىنسانلارنىڭ بىلىمى پايانسىز دېڭىزدەك كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولغىلى ۋە ئۆگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مائارىپ تەربىيىسىدە ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلىم بېرىشتىنمۇ ئەلا، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر مەزھەب، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەخسۇس كەسپىي بىلىملەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ.

ھازىر چەت ئەللەردە بەزى ئالىملار "تەرەققىيات سەۋىيىسى"نى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار نەزەردە تۇتقان "تەرەققىيات" سەۋىيىسى ئاساسلىقى كۆزىتىش قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بەزى بالىلار مەكتەپكە كىرمىگەن تۇرۇغلۇق ناھايىتى ئەقىللىق بولىدۇ، بەزى ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ كىتاب ئوقۇغان تۇرۇغلۇق ئانچە ئەقىللىق بولمايدۇ، بۇنداق بالىلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتى تۆۋەن بولۇپ، "تەرەققىيات" سەۋىيىسى جەھەتتە چېكىنىپ تۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ "تەرەققىيات" سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە تازا كۈچ سەرپ قىلىنسا، ئوقۇتۇشنىڭ سەۋىيىسىنى، ئەقلىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، شۇڭا، ئەقلىي تەربىيىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشنى مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاش

لەشىنىڭ مۇھىم بىر خىل بەلگىسى بولغان دىپلومنى تۈرلۈك
باھالايدۇ. ئايرىم ئورۇن ياكى ئايرىم شەخسلەردە كۆرۈلگەن دىپلوم
بىلەن بىلىم ماھارەتنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلەردىكى ئىپادىسى بىردەك
بولماسلىقنى كۆپتۈرۈپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئاساس
بىلىم ئىگىلەشنى مەركەز قىلغان ئالىي مائارىپ تەربىيىسى
كۆرمەكچى بولغانلىقىنى "دىپلومۋازلىق" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن
بىر تەرەپلىمە مەسخىرە قىلىدۇ. بەزىلەر تېخى ھەممە بىلىم ئەمەلى-
يەتتە دەپ، ھەتتا ئەمەلىيەتنى ئاددىي قول ئەمگىكى دەپ چۈشىنى-
ۋېلىپ بالىلارنى مەكتەپكە بارغۇزمايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن خەتەرلىك!
ئوقۇش قائىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقكى، دىپلوم بىلەن
بىلىم دىئالېكتىك بىرلىك بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى قارىمۇقارشى
قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. دىپلوم ئالغانلارنىڭ مۇناسىپ ئاساس
بىلىم ئىگىلىگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق مەسىلە. گەرچە دىپلوم
ئالغانلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى قابىلىيىتىدە پەرق بولسىمۇ، ئەمەلىيەت
جەريانىدا تىرىشىش ئارقىلىق بۇ پەرقنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. ئايرىم
يولداشلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، دىپلوم ئالغان تۇرۇغلۇق
خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمىگەن بولسا، دىپلومدا گۇنا بولمايدۇ.
جەمئىيىتىمىز ئالىي مەكتەپ دىپلومى ئالغانلارغا، بىلىملىكلەرگە،
ھەر خىل مۇتەخەسسىسلەرگە بەكمۇ مۇھتاج، پۈتكۈل ئىنسانلار
تارىخىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئۆلىما،
ئالىملارغا مۇھتاجلىق بولغان. بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق،
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش، ئالىي مەلۇماتلىق بولۇش، مۇتەخەسسىس
بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ئەڭ شەرەپلىك ئىش.
بۇنىڭغا تۆرە چىقىرىش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىسىز. شۇڭا،

كېيىنكى خىلدىكىلەرگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇش كېرەك.

بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىرگە شۇنىمۇ ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، ئوقۇغۇچىلار بىلىم ئىگىلەش باسقۇچىدا تۇرىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئاساس بىلىملەرنى ئىگىلەش ناھايىتى مۇھىم، ناھايىتى زۆرۈر. گەرچە بىز دەماللىققا ئەسقاتىدىغان بىلىملەرنى تالالاپ، ئۆگىنىشىنى قەيت قىلساقمۇ، ھەر تەرەپتىن ئۆگەنگەن بىلىملەر ئاساس بىلىملەر ئاساسىدا رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. ئىستېمال بىلىملىرى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىپ بارىدۇ، ئەمما ئاساس بىلىملەرنىڭ يېڭىلىنىشى 40 ـ 45 يىللارغا بارىدۇ. دېمەك، ئاساس بىلىم نىسپىي تۇراقلىققا ئىگە. شۇنداقلا ئاساس بىلىم يېڭىلىق يارىتىش پاراسىتىنى قانات قاقتۇرىدىغان ئۇل تاش بولغاچقا، ئاساس بىلىمنى پۇختا ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، چوڭقۇر ۋە يىراقنى كۆرىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىمكانىيىتى ئاساس بىلىمنى ئىگىلىمىگەنلەردىن نۇرغۇن ئۈستۈن بولىدۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ ئاساس بىلىم ئىگىلىمىگەن ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگەنمەي ئاساس بىلىمنى پۇختىلىمىغان كىشىلەرنىڭ قېرىغان چاغدىمۇ خىزمەت پىلانلىرى، ئىجادىيەت نىشانى قاتارلىق ئەقلىي پائالىيەتلەردە بىقارار تۇرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق بىقارارلىق بەزى چاغلاردا بىلىمنىڭ ئەلا ۋە پۇختا بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى، ئاساس بىلىمنى ئىگىلىمىگەنلىكتىن بولىدۇ.

بەزىلەر بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش بىلەن ئاساس بىلىم ئىگىلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئاساس بىلىم ئىگەل-

ئاخىرىدا ئىلمىي پىكىر قىلىشقا ماھىر كىشىلەردۇر.

## 2) ماھارەت ۋە ئەقىل

ئەقىل ۋە بىلىم ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى. لېكىن، بەلگىلىك ئەقلىي سەۋىيە ئاساسىدا ئىگەللىگەن بىلىمنى تەتبىقلاپ يېڭى ھەقىقەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش، بولۇپمۇ بىلىمنى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك ماھارەت ئىگەللەشكە توغرا كېلىدۇ.

ماھارەت دېگىنىمىز مەلۇم خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يارايدىغان نىگىزلىك قابىلىيەتتۇر. پسىخولوگىيىنىڭ قارىشىچە، ماھارەت مەشىق قىلىش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن، "ئاپتوماتىك"، "تاكامۇل" ھەرىكەت سىستېمىسىدۇر. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ماھارەت بىلىمنى تەتبىقلاش، ئوبيېكتىپ دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق كۈتكەن نەتىجىگە ئىگە بولىدىغان پائالىيەت قابىلىيىتىدۇر. ماھارەتنى بايان قىلىش ئۇسۇللىرى تۈرلۈكچە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەزمۇنى نېگىزىدىن بىردۇر. ئومۇمىي ماھارەتنىڭ شەكىللىنىشى باشلانغۇچ ۋە يۇقىرى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە بىز ئۇنىڭ يۇقىرى باسقۇچىنى نەزەردە تۇتىمىز. ماھارەت يېتىشتۈرۈش ئوقۇش-ئوقۇتۇش ۋە باشقا بارلىق ئەقلىي پائالىيەتلەرنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئورۇنلاش ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىكتۇر.

(1) ماھارەت ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا بار بولمايدۇ، بەلكى

بۇنداق كىشىلەرنىڭ سول پىكىرلىرىگە بېرىلىپ ئاساس بىلىمگە سەل قارايدىغان، ھەتتا باللارنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالىدىغان ئەخمىقانە ھەرىكەتتە بولغۇچىلارغا نەسىھەت قىلىپ، تېخىمۇ كۆپلەپ ئاساس بىلىم ئېلىشنى تېزلىتىش كېرەك.

روشەنكى، بىز بىلىمنى قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالىمىز، بىلىم بابىدا قابىلىيەتلىك بولۇش، ئىقتىدارلىق بولۇشتا ئەڭ مۇھىم مەسىلە بىلىمنى قانداق قىلىپ ئەمەلىي مەسىلەرنى ھەل قىلىدىغان ھەقىقىي قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇشتۇر. بىلىم ئىگەللەپ ۋە ئۇنى تەتبىقلاپ قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق بولۇشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بىلىمنى داۋاملىق بېيىتىپ مېڭىش، ئىلمىي پىكىر قىلىش ۋە پىشقان ماھارەتنىمۇ ئىگەللەپ مېڭىشتۇر. پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلىمنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللىنىدىغان نەرسە بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، يەنىلا بىلىم كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. بىلىم بىلەن پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ماھارەتنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، بىلىم ئاساسلىق ۋە يېتەكچىلىك خاراكتېرىنى ئالىدۇ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ماھارەت ئەمەلىيەتچانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىققا ئىگە بولىدۇ. قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارنىڭ ئىپادىلىنىشى ھەر خىل، تەركىبىي مۇرەككەپ بولسىمۇ، تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇ، بىلىم، ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ماھارەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ بىرلىكى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار تەركىبىدە بىلىم ئاساس بولىدۇ، ماھارەت ۋاسىتە بولىدۇ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولسا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدى بىلەن بىلىم مەستانىسى ئاندىن قالسا، بىلىمنى تەتبىقلاش ماھارىتىنى ئىگەللىگۈچى، ئەڭ ...

ئەقلىي ماھارەتنىڭ شەكىللىنىشى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرنى بەلگە قىلىدۇ:

ئەقلىي پائالىيەت قۇرۇلمىسى يۇكسەك دەرىجىدە قىسقارتىلغان، يۇكسەك دەرىجىدە ئىخچاملانغان بولىدۇ؛ ئەقلىي پائالىيەت ئىچكى تىلنىڭ ياردىمى بىلەن زۇۋان سۈرمىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، تەسىرگە قارىتا ئاسانلىقچە بايقاپ ئالغىلى بولمايدىغان ھالدا ئىش قوشۇپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدىغان ئويلىنىش جەريانى بولۇپ، ئىچكى يوشۇرۇنلۇققا ئىگە؛ ئەقلىي پائالىيەتنىڭ پەزىلىتى ياخشى، سۈرئىتى تېز بولسا، تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ سەزگۈرلىكى، جانلىقلىقى، كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە مۇستەقىللىقى قاتارلىق پەزىلەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئەقلىي پائالىيەتنىڭ تەكشۈرۈشلۈكى كامالەتكە يەتكەن، ئاپتوماتلاشقان بولسا، نېرۋا ئەمگىكىنىڭ سەرپىياتى ئازىيىدۇ، تىل جەريانىدىكى ئىرادە كونتروللۇقى ئازىيىدۇ.

ئەقلىي ماھارەتنى ئادەتتىكى ئەقلىي ماھارەت ۋە ئالاھىدە (مەخسۇس) ئەقلىي ماھارەت دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەقلىي ماھارەت ئۆگىنىش ۋە مەسىلە ھەل قىلىش قاتارلىق ئەقلىي پائالىيەتلەردىكى ئادەتتىكى تەھلىل، ئومۇملاشتۇرۇش، ئابستراكسىيىلەش، يىغىنچاقلاش، ھۆكۈم قىلىش، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىق ماھارەتلەردىن ئىبارەت؛ ئالاھىدە ئەقلىي ماھارەت — ھەرقايسى ئالاھىدە ساھەلەردىكى مەسىلىلەرنى ئۆگىنىدىغان ۋە ھەل قىلىدىغان ئەقلىي پائالىيەتلەردىكى ئەقلىي ماھارەتتۇر. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى پەنلەرنى ئۆگىنىشتە شەكىللەنگەن ماتېماتىكىلىق تېمىلارنى ئىسپاتلاش ۋە ھېسابلاش؛ تىل-ئەدەبىياتتىكى ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق قاتارلىق ماھارەتلەر؛ ئىشلەپچىقىرىش

مەشىق قىلىش ئارقىلىق تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ، (2) ئۇنىڭ ئاپتوماتلاشقان قىسمى دېگىنىمىزدە، ئادەم بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى بېجىرگەندە ھەرىكەتلىنىدىغان ئاپتوماتىك قىسمىنى نەزەردە تۇتىمىز. مەسىلەن، خاتىرە يېزىشنى ئالىدىغان بولساق، بىراۋنىڭ قىلغان سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ سۆزى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە مۇھىم مەزمۇنلارنى خاتىرىلىۋېلىش ئاڭلىق ھەرىكەت بولىدۇ، بۇ ماھارەتنىڭ ئاڭلىق قىسمىدۇر؛ ئاپتوماتلاشقان قىسمى بولسا قولنىڭ يېزىش ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىدۇر. دېمەك، ئاڭلىق ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتلاشقان بولمايدۇ، پەقەت بىر قىسمىلا ئاپتوماتلىشىدۇ. (3) ماھارەت ئاڭنىڭ بەلگىلىك كونتروللۇقىدا بولىدۇ.

ماھارەت ھەرىكەت ماھارىتى ۋە ئەقلىي ماھارەت دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ھەرىكەت ماھارىتى ماشىنىلارنى ھەيدەش، خەت يېزىش قاتارلىق مۇسكۇل ھەرىكىتىنى نەزەردە تۇتقاچقا، بىز بۇ يەردە مېڭە ھەرىكىتى بولغان ئەقلىي ماھارەت بىلەنلا تونۇشىمىز.

ئەقلىي ماھارەت زېھنىي ماھارەت، بىلىش ماھارىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ، ئىچكى تىلنىڭ ياردىمى بىلەن مېڭىدە ئىشقا ئاشقان بىلىشنىڭ پائالىيەت شەكلى بولۇپ، ئىدراك قىلىش، ئەستە قالدۇرۇش، تەپەككۇر قىلىش قاتارلىق بىلىش پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئابستراكت تەپەككۇر ئۇنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىساللارنى يېشىش، ئىشلەش شەكلى، يېزىقچىلىقتىكى پىكىر قىلىش پائالىيىتىنىڭ شەكلى، ئوقۇش پائالىيەت شەكلى قاتارلىقلار ئەقلىي ماھارەت خاراكتېرلىق بىر خىل پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مېڭىدىكى ئەسىرىدىن ئىبارەت.

لۇرلىنىشى بولغان. سۈرەت سىزىشتىن تەرەققىي قىلغان پائالىيەت-لەر — ئادەمنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش تۇيغۇسى ۋە گۈزەللىكتىن زوقلىنىش تۇيغۇسى، گۈزەللىكنى ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى قاتارلىق-لارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردىكى تۇرلۇك گۈزەللىك تەربىيىلىرى ئىنسانلار ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مول ئوزۇقلارنى بەرگەن.

بۇرۇنقى زامانلاردا، ئىنسانلارنىڭ رېئاللىقتا بولغان گۈزەللىك تۇيغۇسى ئالدى بىلەن سەنئەت بابىدا تولۇق، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان. بۇ گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ ئەقلىي ئىجادىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بىر تەرىپى بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، تەبىئەتتىكى تاغ-دەريالار، دېڭىز-ئوكيانلار، قۇياش، ئاي ۋە سەييارىلەر، گۈل-چىمەنلەر...... ئادەمدە گۈزەللىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلاردا گۈزەللىك كۆز قارىشى ۋە ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرگەن. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەر ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك ئوبيېكتىغا ئايلانغان. بۇ ئارقىلىق بەدىئىي زوق بىلەن ئىلمىي زوق بىرلىكتە دۇنياغا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ دۇنيانى گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولغان. دېمەك، گۈزەللىك تۇيغۇسى ئىجتى-مائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئىجادىيەت سەپىرىنىڭ باشلىنىشى بولغان. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، پەن بىلەن سەنئەت ئىنسانلار مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئىككى زور ئېقىم بولۇپ، بۇلار ئىنسانلاردىكى گۈزەللىككە بولغان تۇيغۇ تەسىرى بىلەن بىرلا گۈزەللىك مەنبەسىدىن ھاسىل بولغان ھەمدە تارىخىي ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قوشكېزەك بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا بۆلەك ئۆي تۇتقىنىغا ئوخشاش ئايرىلغان. قوشكېزەكلەر

ئەمگەكتە مەھسۇلاتلارنى لايىھەلەش قاتارلىق ماھارەتلەر، پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەردە شەكىللەنگەن ئۇچۇر-لارنى ئىگەللەش ۋە تەتبىقلاش، لايىھەلەش ۋە ھېسابلاش، تەجرىبە قىلىش ۋە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش، پىكىر ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش، تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ماھارىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئادەتتىكى ئەقلىي ماھارەت ۋە ئالاھىدە ئەقلىي ماھارەتلەر ئوخشاشلا ئىندىۋىتنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ.

## 3) گۈزەللىك ۋە ئەقىل

بىزنىڭ بارلىق ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىمىز دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەمما بىز بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىمىزنى ئىختىيارىي يوسۇندا ئېلىپ بارماستىن، گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بارىمىز. بۇ قانۇنىيەت ئەقىل بىلەن گۈزەللىكنىڭ چەمبەرچەس باغلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، ئەقىل تەرەققىياتىدا گۈزەللىكنى دەرسلىك قىلىپ، ئىستېتىك تۇيغۇنى ئۆستۈرۈش شەرتلىكنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزگەر-تىشتىن ئىبارەت بۇ قانۇنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەقلىي پائالىيەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىغان.

ئالايلۇق، كىشلەردىكى تەبىئىي مەنزىرىلەرنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئادەم ئەقلىنى ئويغاتقان بىرىنچى سىگنال بولغان، بۇنىڭ ئىپادىسى ئىپتىدائىي سۈرەتلەردۇر. تەبىئىي مۆجىزىلەر ۋە جانلىق-لارنى سۈرەتكە ئېلىش ئىنسانلار ئەقىل-پاراسىتىنىڭ دەسلەپكى

پىلاتون، ئارىستوتېل، دېموكرىت، ئېپىكۇر، ھىپپوكرات قاتار-
لىقلار ھەم تەبىئىي پەن ئالىمى، ھەم سەنئەتكار، ھەم پەيلاسوپ
بولغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردە ئۆتكەن پىپاگوراس ئېقىمىدى-
كىلەرمۇ شۇنداق بولغان. ئۇلارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشىدا تەبىئىي
پەن ئالىمى ۋە پەيلاسوپ دەپ ئايرىش بولمىغان. ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ماتېماتىك، فىزىك ۋە ئالىمى نۇجۇم
ئالىملىرى بولغان. شۇڭا بەزىلەر ئۇلارنى "ئەڭ بۇرۇن تەبىئىي
پەن نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئىستېتىكا مۇئامىلە قىلغان" بەدىئىياتچىلار
دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار شار شەكلىنى ئالغان پىلانېتلارنىڭ يۇمىلاق
ئوربىتىنى بويلاپ ئايلىنىشى بىر خىل ماسلاشقان نەغمە ئاھاڭىغا
ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي نۇجۇممۇ بەدىئىيات خاراكتېرىنى
ئالىدۇ، دەپ قارىغان.

پەن بىلەن سەنئەتنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش تاكى
ياۋروپادا كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش
دەۋرىگە كەلگەندە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. بۇ دەۋرنىڭ
روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئالىملارنىڭ كۆپ ماھارەتلىك
بولۇشى بولغان. مەسىلەن، داۋىنچى كاتتا رەسسام بولۇپلا قالماي،
ماتېماتىك، دىنامىك، ئارخىتېكتور بولۇپ يېتىشىپ، كۆپلىگەن
ساھەلەردە ئوخشاشلا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ، بىر پارچە
رەسىم سوبىستانسىيىنىڭ نەپىسلىك بىلەن قايتا ئىپادىلىنىشى بولىدۇ،
ماتېماتىكا رەسسامنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىغان.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ماتېماتىكا ئۇنىڭ "رەسىم سىزىشتىكى رول ۋە
مىزانى" بولغان. شۇڭا كېيىنكى كىشىلەر ئۇنى "ئالىملىقتىن يېتىلگەن

بۆلەك ـ بۆلەك ئۈزۈلىرىدە ئۆز ئالدىغا بالا ـ چاقىلىق بولغاندەك مۇستەقىل تەرەققىي قىلغان. ھازىرقى كۈندە ئۇلار خۇددى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىرەر زاۋۇتقا مەركەزلەشكىنىگە ئوخشاش، قوشۇلۇش ھالىتىگە قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

يىراق قەدىمكى زامانلاردا ئىپتىدائىي كىشىلەر ئىشلەتكەن تاش پالتا ۋە قاچا ـ قۇچىلارھەم سەنئەت بۇيۇمى ھەم تۇرمۇش قورالى ئىدى. جامائەنى ئەمگەككە چاقىرىدىغان بۇرغوي زامانىمىزدىكى زاۋۇت گۇدۇكلىرىگە ئوخشاش رول ئوينىغان بولۇپ، ھەم جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئىلمىي چاقىرىقى، ھەم ئىپتىدائىي ناخشا سەنئىتىنىڭ باشلىنىشى بولغان. بۇنىڭ بىلەن سەنئەت ۋە پەن بىر مەنبەدىن بىخلىنىشقا باشلىغانىدى.

قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى سەنئەت ھازىرقى كۈندە بىز چۈشىنىۋاتقان سەنئەت بىلەن ئوخشىمايتتى. مەخسۇس بىلىم بىلەن بېجىرىلىدىغان خىزمەتلەر "سەنئەت" دەپ ئاتىلاتتى. مۇزىكا، ئويمىكارلىق، سىزەتچىلىك، ھەيكەلتاراشلىق، تاش ئابىدە تۇرغۇزۇش، ھەتتا پىرامىدا ياساش، ناخشا ـ قوشاق توقۇش، بېيىت ئېيتىش قاتارلىقلار بىرلا سۆز بىلەن "سەنئەت" دەپ ئاتىلاتتى. قول سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تىكىۋچىلىك، تېرە ئەيلەش، دورىگەرلىك، مەرگەنلىك قاتارلىقلارمۇ "سەنئەت" دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار ھەرگىز بىزدەك ئالدىنقى تۆرت كىشىلەرنىلا "سەنئەت" دەپ ئاتاپ، ئارقىدىكىلەرنى "قول ھۈنەرۋەنچىلىك" دەپ ئايرىمايتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇ چاغدىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەم پەننى بىلىدىغان، ھەم سەنئەتنى بىلىدىغان ھەممىگە ماھىر كىشىلەر بولۇپ يېتىشكەنىدى. شۇڭا گرېك دۇنياسىدىكى

ياراىدىغان بىر كۆزلۈك ئاتقا مىندۈرۈپ ئايلاندۇرۇش بىلەن، دۇنيانىڭ يېرىمىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ئەخمەقلىق ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇپ قويىدىغان كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان كەسىپ ئەھلىلىرى دۇنيانى يېرىم بىلىش بىلەن قانائەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە خۇددى نىمجان ئادەملەردەك ئاجىز كېتىۋاتقىنىنى سەزمەس بولۇپ كەتتى. بۇ بىر ساۋاق.

بىز مۇشۇنداق تارىخىي ساۋاق بويىچە ھازىرقى مەدەنىي تۇرمۇشىمىزدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بىرمۇنچە پىسخىك ھادىسىلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا بۇنداق پىسخىكىنىڭ ئەقىل چىرىغىنى دائىملىق ۋە كەڭ دائىرىلىك يورۇتالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئارىلىق پەنلەردە ئەقلىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقىنى گەۋدىلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلمىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىلىم پەنىنىڭ ئۇنىۋېرساللىق مۇنبەر-لىرىدە ئوتتۇرا ئەسىر ماياكلىرىدىن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدى-مىزغا كەلتۈرسەك، "شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى" دەپ ئۆزى-مىزنىڭ بىر تەرەپلىمە ئەقلىي قابىلىيىتىمىزدىن مەغرۇرلىنىش، ھەتتا "ئۇيغۇرلار شېئىرىي مىللەت" دەپ، بۇ مەسىلەتكە تېخىمۇ كېرەكلىك پەنلەرگە كۈچلۈك ئىنتىلىشتە بولماسلىقتەك ھادىسىلەرنىڭ بىزنى زامان تەرەققىياتىدىن ئارقىدا قالدۇرىدىغان پىسخىك ئىللەت ئىكەن-لىكىنى ۋە ئىككى خىل پەن لىنىيىسىنىڭ ئورتاق ھەمكارلاشمىسا دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ تېز بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ ئالالايمىز. ئەدەبىيات - سەنئەت بىزنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقىمىز، ئەلۋەتتە. ئەمما، بىزنىڭ مۇشۇ ئارتۇقچىلىقىمىز بىلەن پەخىرلىنىدىغان روھىي

سەنئەتكار، سەنئەتكارلىقتىن يىتىلگەن ئالىم" دەپ ئاتىغان.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش دەۋرىدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىردە پەن ۋە سەنئەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى بارغانسېرى مۇرەككەپلىككە قاراپ يۈزلەنگەنلىكتىن، پەن بىلەن سەنئەت ئايرىلغان. بۇنداق ئايرىلىش بۇرۇنقى بىرلىككە قارىغاندا ئىلگىرىلەش ئىدى. چۈنكى بۇ هال پەن بىلەن سەنئەتنىڭ نەزەرىيە سىستېمىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولغانىدى. بۇنداق بۆلۈنۈش يەنە بەزى ئىللەت-لەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. تەتقىقاتچىلار بۆلۈنۈشنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى. ئۇلاردا نەزەرىيە جەھەتتە بىر تەرەپلىمىلىك ئەۋج ئېلىپ، مېتافىزىكىلىق قاتمال نەزەرىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مەنبە هازىر-لاندى. بولۇپمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە هەرقايسى پەنلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردە ئايرىم-ئايرىم ئىزدىنىشكە باشلى-غاندىن كېيىن، كىشىلەردە باشقىچە مەدەنىيەت پسىخىكىسى هاسىل بولۇپ قالدى. بۇ خىل پسىخىكا كىشىلەرنى جىنىنىڭ بىرىچە پەن ۋە سەنئەتتىن ئىبارەت تەتقىقاتقا ئايرىلىشقا قىستاپ، بۇ ئىككى خىل تەتقىقاتنى خۇددى بىر بىرىسىگە مۇناسىۋەتسىزدەك يىراقلاشتۇرۇ-ۋەتتى. بۇنداق تارىخىي جەرياندا راۋاجلانغان بۇ پسىخىك هالەت تەرەققىي قىلىپ، مەلۇم مەنىدە ئىنسانىيەتنى ئىككى خىل پەن سىستېمىسىنى بىر بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ ئويلانمايدىغانمۇ قىلىپ قويدى. بۇنداق بۆلۈنۈش ۋە ئىككى خىل پەن سىستېمىسىنىڭ بىر بىرىنى تولۇقلىماسلىقى نۇرغۇنلىغان ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەرنى پەقەت ئىلىم دۇنياسىنىڭ يېرىمىنىلا ساياھەت قىلىشقا

تۇردۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىكى تىرىشچانلىقنى بىر يەرگە ئۆتتۈشۈپ تۇرىدىغان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزدىمۇ زاماننىڭ ئادەملىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۆسۈپ بارىدۇ.

بىز ئەگەر مۇشۇنداق ئىككى خىل پەنلەر لىنىيىسىگە ئورتاق چاپلايدىغان ئۇنىۋېرسال پىسخىكىنىڭ ئېتىغا مىنىپ، پەن دۇنياسىنى ۋە سەنئەت دۇنياسىنى ئايلىنىدىغان بولساق، مېڭىمىزدە ھازىرقى پىسخىكىمىزدا يوق بىرمۇنچە مۆجىزىلەر تەسەۋۋۇر قىلىنىشقا باشلايدۇ. ھازىرقى دۇنيانىڭ «ئىلىيادا»، «ئودىسا»، «قۇتادغۇ بىلىك» لەردىكىدەك ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال قامۇسلارغا يېڭىباشتىن ھاجەت بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئالالايمىز. ھېلىمۇ بەختىمىزگە يارىشا، زامانىمىزدىكى پەن-تېخنىكا ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى ئېھتىياجلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ئىللەتنى قۇرۇتۇش ئاساسىدا ئۇنىۋېرساللىققا يۈزلىنىپ، پەن بىلەن سەنئەتنىڭ يېڭىباشتىن قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئايرىلىش پىسخىكىسىنى قوشۇلۇش پىسخىكىسىغا ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. خەلقئارادىكى بەزى ئالىملار بۇنداق يۈزلىنىشنى پەن بىلەن سەنئەتنىڭ تويلىشىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى دەپ ئاتىدى. راست دېگەندەك، پەن بىلەن سەنئەت كۈنسايىن تېزلىك بىلەن چىڭ قۇچاقلاشماقتا. بۇ ناھايىتى كاتتا بولغان دۇنياۋى بۇرۇلۇشتۇر. بۇ بۇرۇلۇش يېڭىچە بىر مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ ئورتاق گۈزەللىك مەنبەسىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە مەنىۋى سەكرەش ھاسىل قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئالىم ئابباس بۇرھان بۇنداق مەنىۋى بۇرۇلۇشنىڭ ئەڭ سەزگۈر مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن دوكتور ئابدۇسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى

هالىتىمىز يەنە بىرنەچچە يىل ياكى بىرنەچچە ئون يىل داۋاملاشسا، بىز ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىش، شېئىر - قوشاق يېزىپ، ھېكايە سۆزلەش بىلەنلا شۇغۇللىنىۋەرسەك، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆز ئوبيېكتلىرىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغان يۈزەلىكلىككە قاراپ مېڭىپ كېتىش، زامانىۋى مىللەتلەرنىڭ كائىناتىنى، سۇ دۇنياسىنى، ماكرو ۋە مىكرو دۇنيانى ئىلمىي فانتازىيە قىلىش ۋە بۇ جەھەتتىكى پىشقان كەشپىياتلارنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش قىسمىغا ئايلاندۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنى قىلىشقا قادىر بولالماي قېلىشىمىز، ئارتۇقچىلىقلىرىمىز يېڭىچە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايلا قالماستىن، بىزدە تارىخ ئالدىدا، ئەجدادلارنىڭ روھى ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر خىل مەجرۇھلۇق تېخىمۇ ئۆسۈپ كېتىش مۇمكىن. مۇشۇنداق ئويلايدىغان بولساق، ئىسلاھ قىلىنىۋاتقان كىشىلىك دۇنياسىدا ئىززەت - ھۆرمىتىمىزنى ساقلاشنىڭ ئامالى ھەر ئىككى لىنىيە (ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەر سىستېمىسى) بويىچە ھەرىكەتلىنىش، مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىمىزدا ئىجادىي ئۆزگىرىش ياساش، ئەقىل چىرىغىنى ھەر ئىككى يېرىم دۇنياغا يېقىش بولىدىغانلىقى گەۋدىلەندۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بىر مەسىلىنى يېڭىباشتىن تونۇپ يېتەلىگەنمىز، مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئارتۇقچىلىقىمىز يېڭىچە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، باشقا ساھەلەردىمۇ ھەربىر ئادەمنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە پىسخىك سىغىمچانلىقى ئۆرلىشى، زامانىۋى كامالەت چوققىسىنى كۆزلەش نىشانىغا قاراپ ئىنتىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئىنتىلىش ئىككى لىنىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىجادىيەت پىسخىكىسىنى ئەقلىي يوسۇندا بىرلەش-

پەنلەرنىڭ ئورتاق بىر گۈزەللىك مەنبەسىدىن ئىلھاملىنىپ تەرەققىي قىلغانلىقى، ھەر ئىككىسىدە ئىجاد قىلىدىغان ئالىملارنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىنى تېپىشتا ئورتاق ۋەزىپە ئۆتەش لازىملىقىنى جەزملەشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنىڭ ئەنە شۇنداق بېكىتىلىشى ھازىرقى دۇنيادىكى پەن بىلەن ئەنئەنىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاممىي بۇرۇلۇشىنىڭ تىپىك ئىپادىسى، ئەلۋەتتە. دوكتور ۋە پروفېسسور تىم مىككىر "ئەگەر پەن بىلەن سەنئەت يېڭىباشتىن توپلىشىدىغان بولسا، تېخنىكا توي ئۆتكۈزى-دىغان زال ياسايدۇ" دەيدۇ. دەل ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك، ھازىر چەت ئەللەردە "تېخنىكا ئېستېتىكىسى" دېگەن پەن مەيدانغا كەلگەن. بۇ، ئېستېتىكىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا تەتبىقلايدىغان پەندۇر. بۇ ئاساسلىقى سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سەنئەت شەكلىنى، گۈزەللىك دەرىجىسىنى قانداق ياخشىلاشنى، بۇيۇملارنى يالغۇز تۇرمۇش ئېھتىياجىنىلا قاندۇرماستىن، كىشىلەرنىڭ روھىغا گۈزەللىك زوقى بېغىشلايدىغان گۈزەللىك ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇشنى تەتقىق قىلىدۇ. ھازىر بۇ پەننىڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە بازىرى ناھايىتى قىزىق بولۇۋاتىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە تېخنىكا ئېستېتىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاكادېمىيىلەر قۇرۇلۇپلا قالماي، سانائەت ئىنستىتۇتلىرىدا تېخنىكا ئېستېتىكىسى دەرسلىكى تەسىس قىلىنىۋاتىدۇ.

دېمەك، بىر خىل گۈزەللىك بىر خىل ئەقىل ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەردىلا ئەمەس، پەن-تېخنىكا ساھەسىدىمۇ گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىجادىي پائالىيەتلەرنى جانلان-دۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولىدۇ. گۈزەللىككە ئىنتىلمىسە ئەقىل تەرەققىي تاپمايدۇ، ھەر دەۋرنىڭ گۈزەللىكى شۇ دەۋرنىڭ

مەيداننى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىرلىكىنى تېپىش، ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئابدۇسالامنىڭ ئىزچىل بېرىلىپ كەلگەن كۆرەش نىشانىسى. ئۇ مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئېتىقاد بىلەن تەبىئەت دۇنيا-سىنىڭ قانۇنىيىتىنى، ماسلىقىنىڭ گۈزەللىكىنى ئېچىش يولىدا ھارماي-تالماي ئىزدىنىدۇ. ئۇ، ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ بارلىقى ماسلاشقان، ئىخچام بولۇپ، كۆرۈمسىز، سەت، چۇۋالچاق، پارچە-پۇرات نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ھېسابلايدۇ، ئابدۇسالام "قارىماققا قالايمىقان، پارچە-پۇراتتەك كۆرۈنگەن ھادىسىلەر بىلەن كۆمۈلۈپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماسلىقىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ماڭا ئوخشاش بىر ئەمەلىيەتچى مۇسۇلمانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى" دەپ قارايدۇ.

دېمەك، قۇرئاننى قىبلىنامە قىلغان بۇ مۇسۇلمان ئالىمۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىگە ئىنتىلىشنى ئەقىلنى نۇرلاندۇرۇپ ئىجاد قىلىشتىكى باش ۋەزىپە قىلغان ھەمدە ئەقىلنىڭ تۇرلۇك پەنلەردە پەقەت بىر ئورتاق گۈزەللىككە ئىنتىلىشتە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن. ئۇ ئاللا بىزگە قۇرئان ۋە ئەقىل ئاتا قىلدى دېگەن ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرغاندا، قۇرئاننى بىلمىگە، ئەقىلنى ئىزدىنىشكە ۋەكىل قىلىپ قۇرئان بىلەن پەننى زىتلەشتۇرىدىغان، ئەقىلنى تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ئايرىۋېتىدىغان خۇراپىيلققا قارشى تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان دۇنياسىدا پەن بىلەن دىننى زىتلەشتۇرمەسلىك، ئېتىقاد بىلەن ئىجاد قىلىشنى زىتلەشتۇرمەسلىك-نىڭ يولىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي

ئەقىل - پاراسەتنى ئاشۇرۇپ، تەپەككۇرنى تاۋلاپ، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى ۋە ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ كىشىلەر پسىخىكىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشقىمۇ ناھايىتى زور پايدىسى بار. جىسمانىي تەربىيە ساغلاملىق بىلەن گۈزەللىكنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشى بولۇپ، گۈزەللىك تەربىيىسى جىسمانىي تەربىيە ئىچىدە بولىدۇ. جىسمانىي تەربىيىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىللىرى بېيىپ كۆپ خىللاشتۇرۇلسا، جىسمانىي تەربىيىگە بولغان ھەۋەسنى ئاشۇرغىلى ھەمدە تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئەمگەك تېخنىكا تەربىيىسىنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشىدا سانائەت ھۈنەر - سەنئەتتە گۈزەللىك بىلەن تېخنىكىنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تېخنىكا ئېستېتىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئەمگەكنى ئېستېتىكىلىق ئىجادىيەت جەريانىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئېستېتىكىلىق تەربىيە يالغۇز ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ قالماستىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدىمۇ ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق بولىدۇ:

1) گۈزەللىكتىن تولۇق زوقلىنىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش. بۇ، ئۆزلىرىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش قابىلىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرگە كۆزىتىش، ئاڭلاش ۋە ھەر خىل گۈزەل-

سەنئەت ۋە پەن ساھەلىرىدىكى بارلىق ئەقلىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرىدۇ ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ يېڭى سەۋىيىدە ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا، زامانىمىزدىكى ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۇنۇۋېرساللىقىنى، سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئېستېتىك تەربىيىنى ئەقلىي تەربىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قاتارىدا يولغا قويۇش تولىمۇ مۇھىمدۇر. مەركىزىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئېستېتىك تەربىيىنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپلەرگىچە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى تەكىتلىشىمۇ مانا مۇشۇنداق دۇنياۋى يۈزلىنىشكە قاراپ ئىلگىرىلەشتۇر. بىزنىڭ ئەقلىي تەركىبىنى ئانالىز قىلغاندا گۈزەللىكنى ئەقلىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈپ ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنى ئەقلىي ئۇندۇرمىسىنىڭ تويۇنغان ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئاساس دەپ قارىشىمىزمۇ ئەنە شۇ يېڭىلىقنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتىمىزدۇر. ئۇنداق بولسا ئېستېتىكا تەربىيىسىنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

ئېستېتىك تەربىيىنىڭ رولى مۇنداق بولىدۇ:

بىرىنچى، ئېستېتىك تەربىيە كىشىلەردە ئالىيجاناپ ئەخلاق ۋە خۇلق يېتىلدۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تاۋلاپ، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىشىدە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. گۈزەللىك بىلەن ئەخلاق "بىر تۇغقان ئاچا - سىڭىل" بولۇپ، "بەشنى تەكىتلەش، تۆتتە گۈزەل بولۇش" پائالىيىتى ھەم ئېستېتىكىلىق تەربىيە پائالىيىتى، ھەم ئەخلاقىي تەربىيە پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، گۈزەللىك تەربىيىسى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ،

مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەددى-قامىتى، قىلىق-ھەرىكىتى جەھەتلەردىكى تەربىيىلەش، ئۆگىنىشتە، تۇرمۇشتا، ئەمگەكتە گۈزەللىكنى ئىپادىلەش، خۇش خەت، رەسىم سىزىش، ناخشا-ئۇسسۇل، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش قاتارلىقلاردا گۈزەللىكنى ئىپادىلەپ گۈزەللىك يارىتىش لازىم. يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتتىكى ۋەزىپە بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈر.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئېستېتىك تەربىيىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنىڭ گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنى تولۇق ئىگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتىۋاتقان گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتى ۋە ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئەمەلىيەتتە بارلىق پەن-تېخنىكا خادىملىرىغىمۇ ئوخشاشلا لازىم.

بۇ يەردە قەيت قىلىنىۋاتقان گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتى گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىش، گۈزەللىكنى تەھلىل قىلىش، گۈزەللىككە ھۆكۈم قىلىش ۋە گۈزەللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت تۆت خىل مەزمۇننىڭ بىر گەۋدە بولۇپ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت.

گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىش دېگىنىمىز، ئىجادىيەتچىلەرنىڭ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ئىدراك قىلىشنى، ئىلىم-پەن نەزەرىيىسى ۋە پەن-تېخنىكا ئىجادىيىتىنى ئىدراك قىلىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

گۈزەللىكنى تەھلىل قىلىش دېگىنىمىز، ئىجادىيەتچىلەرنىڭ

لىكنى پەرق قىلىشنى مەشىق قىلدۇرۇپ، كىشىلەردە تەرەققىي قىلغان زوقلىنىش قابىلىيىتىنى ھازىرلاش؛ ئۇ كىشىلەرنى خىلمۇ-خىل رېئاللىق ئىچىدىكى گۈزەل شەيئىلەر ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ بىلىش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

2) كىشىلەردە گۈزەللىكتىن توغرا زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش. بۇ، گۈزەل شەيئىلەرنى پەرق ئېتىش ۋە ئۇلارغا باھا بېرىش، گۈزەللىكنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى، مەسىلەن، تولۇق گۈزەللىك ۋە ساغلام گۈزەللىك قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈشنى ھەمدە باھا بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئېستېتىكىلىق قىزىقىش، كۆز قاراش ۋە ئۆلچەم يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەكتەپلەردە بولسا، ئوقۇغۇچىلارغا ئېستېتىكىلىق بىلىم ۋە بەدىئىي تەربىيە بېرىش لازىم. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ گۈزەللىككە بولغان تەلپىيى كۈچلۈك بولىدۇ، مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا گۈزەللىك قارىشى ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئۇلاردىكى ئەجەبىلىكنى، غەلىتىلىكنى گۈزەللىك دەپ قارايدىغان ئىدىيىۋى خاھىشنى تۈگىتىش لازىم.

3) كىشىلەردە گۈزەللىك يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش. بۇ، تۇرمۇش جەريانىدا گۈزەللىكنى ئىپادىلەش ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشقا ماھىر بولۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەكتەپلەردە بولسا، بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن گۈزەللىكنى ئىپادىلىشىگە ئىلھام بېرىش ھەمدە شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. مەسىلەن، مەكتەپ

# ئىككىنچى باب ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ماددىي ئاساس ۋە ھەل قىلغۇچ ئامىل

## 1. ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ماددىي ئاساس

### 1) چوڭ مېڭە ۋە ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى

يۇقىرقىلاردىن مەلۇمكى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل-پاراستى ۋە يۈكسەك تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ئارقىلىق دۇنيادا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ياراتقان. بۈگۈنكى ئىنسانلار پەن-تېخنىكىنى كۆرۈلۈپ باقمىغان يۈكسەكلىككە قاراپ تېخىمۇ ئىلگىرىلەتىپ، ئۆتمۈشتىكى رىۋايەتلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرماقتا. ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن جاھاننى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلالىغۇدەك مۇنداق ئۇلۇغ كۈچكە ئىگە بولالىدى؟ ئىنسانلار دۇنيادىكى ھەرقانداق مەۋجۇداتتا يوق بولغان پىكىرلىك چوڭ مېڭىگە ئىگە بولغانلىقتىن. پەۋقۇلئاددە سەۋەبلەر (نەسلىدىن قالغان كېسەللىك، مېڭىدىكى تۇغما نۇقسان قاتارلىقلار)نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تەدرىجىي تەرەققىيات نەتىجىسىگە — ئەقىل پاراسەت نۇرى يېنىپ تۇرغان چوڭ مېڭىگە ئىگە بولغانلىقتىن.

يۇقىرقى بابتا بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردىن شۇنى بايقاپ ئالالايمىزكى، ئەقىل ئامىللىرىنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە بولىدۇ. بۇ ئامىللار چوڭ مېڭىدىن ئايرىلغان ھامان ھالاك بولىدۇ.

گۈزەللىك ئوبيېكتى ئۈستىدە يۈرگۈزگەن نەزەرىيىۋى تەھلىلىنى كۆرسىتىدۇ.

گۈزەللىكنى ئەمەلىيەتتىن ئۈتكۈزۈش دېگىنىمىز، ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئىلىم-پەن ئېستېتىكىسىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىلىپ بارغان بارلىق ئەمەلىي پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

گۈزەللىككە ھۆكۈم قىلىش دېگىنىمىز، ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر ۋە بۇيۇملارنىڭ گۈزەللىكىنى باھالاش، ئىجادىي ئەسەرلەر ۋە بۇيۇملارنىڭ ئەمەلىيەتتە بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىنى بېكىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە قەيت قىلىنىۋاتقان ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى دېگىنىمىز، ئىلمىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئېستېتىكىلىق پرىنسىپلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار: ئىخچاملاش پرىنسىپى، تەڭشەش پرىنسىپى، سىممېترىكىلىق پرىنسىپى، بىرلىككە كەلتۈرۈش پرىنسىپى، ئاجايىپلىق پرىنسىپى، ساقلىنىش پرىنسىپى قاتارلىقلاردۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتى ۋە ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى زامانىمىزدىكى ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەرگىلا ئەمەس، بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلەرگە ئورتاقتۇر.

يۇرەكنىڭ فۇنكسىيەسى دەپ هۆكۈم قىلىشتى، ئوتتۇرا ئەسىر جاهالىتىدە، پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ قارا خانىلارنى مەركەز قىلغان ئۇلۇغ مەدەنىيەت دولقۇنىنىڭ پىرامىدالىرىدىن بولغان يۇسۇپ خاس هاجىپتەك پەيلاسوپ ئالىملارمۇ بىلىم ۋە ئەقىل توغرىسىدا ئاجايىپ جەۋهەرى مەسىلىلەرنى يورۇتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسىنى مېڭىدىن ئايرىپ قارىغان.

دېمەك، ئارستوتېل دەۋرىدىن تارتىپ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە كەلگىچە كىشىلەردە بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش جەهەتتە هېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىغان. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەقىل-ئىدراكنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدە كىشىلەر ئاخىر تەپەككۇر ۋە ئاڭنىڭ مەركىزى چوڭ مېڭە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، ئەمما بۇ چاغدىمۇ چوڭ مېڭىنىڭ زادى قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقى يەنىلا بىر سىر بولۇپ كېلىۋەرگەن. هازىرقى كۈندىمۇ كىشىلەر قەيەردە ياشىشى ۋە قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر هەرقانداق ئىش ئۈستىدە سۆزلىگەندە ۋە ياكى بىرەر ئىشنى سۈرۈشتۈرگەندە بۇ ئىش "كاللامدا بار" دېمەستىن "كۆڭلۈمدە بار"، "كۆڭلۈمگە ئايان" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەشۇ تەسىراتلارنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىشلار ئەنە شۇ ئەقىلنى ئىشقا سالسىمۇ، ئەمما ئەقىلنىڭ مەنبەسىنى بىلمەسلىكىنىڭ زامانىمىزدىكى قالدۇق ئىپادىسىدۇر.

20-ئەسىرگە كەلگەندە، دۇنيا بويىچە دولقۇنلىنىۋاتقان تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە بىز چوڭ مېڭىنى چۈشىنىش جەهەتتە هەقىقىي يوسۇندا ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇشقا باشلىدۇق. ئالىملارنىڭ ئۇزاق مەزگىل تىرىشىپ ئىزدىنىشى ئارقىلىق، كىشىلەر ئۆزلىرى-

چوڭ مېڭىدىن ئايرىلغان دىققەت، كۆزىتىش، خاتىرە، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر قابىلىيەتلىرىنى ۋە ھەرقانداق ئەقلىي ماھارەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسكەرسىز جەڭ قىلىمەن دېگەندەك كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ. شۇڭا، ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسى چوڭ مېڭە بولىدۇ، چوڭ مېڭىنىڭ تەرەققىياتى قانچە ياخشى بولسا، ئەقلىي سەۋىيىمىز شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئەمما، بۇ قاراش تېخى پۈتۈنلەي ئومۇملاشقىنى يوق.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قەدىمكى زاماندا كىشىلەر ئەقىل بىلەن ئىش قىلىسمۇ، ئەقىلنىڭ مەنبەسىنى بىلمەيتتى. مېڭە دائىر بىلىمدىن خەۋەرسىز ئىدى. دۇنيا مەدەنىيىتىگە مەشھۇر بولغان مۆجىزات — ئەلئەھرامنى تۇنجى بولۇپ تەقدىم قىلغان مىسىرلىقلارمۇ ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئەلئەھرامغا "سەن ئۆزەڭنى بىلىپ يەت" دېگەندەك سۆزلەرنى يېزىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ چاغلاردا ئەقىل بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ فۇنكسىيىسى دەپ قارالماستىن، بەلكى ئۇ، تۇمان، گاز ياكى مەلۇم بىر خىل باشقا ماددىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى دەپ قارالغانىدى. ياۋروپادا دۇنياغا مەشھۇر يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئارىستوتېل پىكىر قىلىش ۋە سىزىش ئورگىنى يۈرەك، مېڭىنىڭ خىزمىتى بولسا يۈرەك-تىن چىققان قان ھەرىكىتىنى سوۋۇتۇشتىنلا ئىبارەت دەپ قارىغان. ئارىستوتېل زامانىدىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارمۇ جان قان بىلەن تەندە ئېقىپ يۈرىدۇ. جان يۈرەكتە تۇرىدۇ، تەپەككۇرمۇ يۈرەكتە بولىدۇ، دەپ قارىغان. ھازىرقى زامان پېنىگە ئاساس سالغۇچىلار چوڭ مېڭە ئۈستىدە كەڭ تۈردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار يەنىلا سىزىم ۋە ئەستە تۇتۇش

پائالىيەتچانلىق بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان. تەبىئەتنىمۇ، ئۆز جەمئىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن گۈزەل كىلىچەكنى يارىتىشنىمۇ پىلانلىغان.

بۇلار نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ چوڭ مېڭىمىزنىڭ جانلىقلارنىڭ نەچچە مىليون يىللاردىن بۇيانقى تەدرىجىي تەرەققىيات مىراسلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلىم - پەن تارىخىدا ئەقلىي جەھەتتىكى ئىرسىيەتنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىغا دائىر ھەرقانداق بىۋاسىتە ئىلمىي ئاساس تېخى مەلۇم بولغىنى يوق، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە كېيىنرەك بىر قىسىم ئېرىقلار، قەبىلىلەر پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىرنەچچە ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بىراقلا ئاتلاپ ئۆتمەكتە. روشەنكى ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ زامانىۋى جەمئىيەت مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا دەخلى بولغىنى يوق.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئادەم مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ بەك مۇرەككەپ بولىدۇ. بەزىلەر "بىز پەقەت چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ تەخمىنەن بىر پىرسەنتىنىلا ئىشلىتىمىز" دېيىشمەكتە. مۇشۇ گەپ بويىچە مۆلچەرلىگەن تەقدىردىمۇ بۇ ئانچە تولۇق بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا بىز چوڭ مېڭىمىزنىڭ ئىقتىدارىنىڭ بىر پىرسەنتىنىمۇ يەتمىگەن قىسمىنى ئىشلىتىمىز! دېمەك: ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ زور دەرىجىدە قېزىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز چوڭ مېڭە ئاساسىدا چەكسىز تەرەققىي قىلالايدۇ. ئەمما، كىشىلەردە نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئەقىل جەھەتتىكى مۇنداق چەكسىز تەرەق-

نىڭ نادانلىقىنى يېپىش ئۈچۈن "قارا ساندۇق" دەۋالغان چوڭ مېڭە-نىڭ ئەسلى قىياپىتى يەنى چوڭ مېڭىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە بولغان سىرى يېقىنقى يىللاردىلا ھەققىي يوسۇندا ئېچىلدى. چوڭ مېڭىنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ماددىي ئاساس ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇنداق چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلگىرىلەشلەر پسىخولوگىيە ۋە پېداگوگىكا ئىلمىنىڭ ئاساسىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇن كىشىلەر دىققەت قىلغان بولۇشى ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن بىر پاكىتنى — ئادەم مېڭىسىنىڭ ھەرقانداق تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ چىدام-لىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا چەكسىز بايلىق يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەردى.

ھازىرقى چۈشەنچىمىز بويىچە قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭىسى گويا قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان گىگانت ئادەمگە ئوخشايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، بىئوخىمىيە، فىزىكا ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەردە تەتقىق قىلىنىپ ئىسپاتلىنىشىچە، چوڭ مېڭە ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مۇندىن تەخمىنەن 3 مىليون يىلدىن كۆپرەك ئىلگىرى، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەدرىجىي تەرەققىيات ئار-قىلىق يەر شارىدا قورال ياساشنى بىلىدىغان، ئەمگەك قىلالايدىغان ئىنسانلار بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار تىل، تەجرىبە ھاسىل قىلىش ۋە ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق كەلگۈسىنى مۆلچەرلىگەن. بۇ چاغدا، ئادەمسىمان مايمۇننىڭ مېڭىسى ئادەم مېڭىسىگە ئايلانغان. ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. ئىنسانلار مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاڭغا ئىگە بولغان، ئاڭلىق

بولسۇن ۋە ياكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇچار تەخسىلەرنى ھەيدەپ بىزنىڭ پىلانېتتا ساياھەتكە كېلىۋاتقانلار بولسۇن مېڭىسىنىڭ بىزگە ئوخشاش يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ماددىدىن قۇرۇلغانلىقى بىلەن بىزگە ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان كارامەتلىك ئىشلارنى يۈكسەك شجائەت بولسىلا بىزنىڭ پىلانېتتىكىلەرمۇ قىلىپ كېتەلەيمىز. بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە مەيلى يەنە قانداق ئاجايىپ-غارايىپلار پەيدا بولسۇن ئۇلارنىمۇ يەنە بىزگە ئوخشاش مېڭىسى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ماددىدىن تۈزۈلگەن ئادەملەر پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزگە دۇنيانىڭ ھەرقانداق سىرلىق تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى ياكى ئادەملەر پەيدا قىلغان سۈنئىي ئۆزگىرىشلىرى بىزنىڭ ئەقىل ۋە ئىقتىدارىمىزنى ئەسلى تەبىئەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇشىمىزغا توسالغۇ بولالمايدۇ. ھەربىر خەلق ۋە شەخسنىڭ ئەقىل قۇرۇلمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ۋە خاتىمىسى ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراستىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا باغلىق بولغاچقا، بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزدا ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدار بۇلقىمىزنى ئېچىش مۇقەددەس ۋەزىپىمىز بولۇپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئەقىل ۋە ئىقتىدارىمىزنى ئەسلى تەبىئىتى بويىچە راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا بولغان ئىشەنچىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن چوڭ مېڭىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

### 2) چوڭ مېڭىنىڭ تۈزۈلۈشى

ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى نۇرغۇن نېرۋا ھۈجەيرىسىدىن يەنى نېيرونلاردىن تۈزۈلىدۇ. چوڭ مېڭە ئون

قىيات كۆچىگە بولغان تېگىشلىك مۆلچەر ياكى ئۇنى ئېچىشقا بولغان شىجائەت كەمچىل بولغانلىقتىن، پاراسەت مودېلى ئەسلىدە نامايان قىلىشقا تېگىشلىك دانىشمەنلىك مۇنبىرىدىن ئادەتتىكىچە پەشتاقلارغا چۈشۈپ كەتكەن. كىشلەرنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى قايناق ھايات بىلەن سەتھىلەرگىچە ئىنتىلىدىغان ۋە بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇرلىرى بىلەن ئىنسانلىق كامالىتىنى لەززەتلەندۈرىدىغان رومانتىك ھالەتتىن قىياپەت ۋە ھەرىكەتتىكى قوپاللىق، غالىپلىقتا رازىمەنلىك ئىپادىلەيدىغان بولۇۋالغان. بۇ ھال ئادەمدىكى ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ رولىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئېچىشنى ئىنسانچىلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى قاتارىغا قويىمىز.

ئەمەلىي پاكىتلارمۇ بىزنىڭ ئەقىل ۋە ئىقتىدارنى ئىنسانچىلىقنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويۇشىمىزنى تەستىقلايدۇ. شۇنداق قارايدىغان بولساق، تەبىئەتتىكى مىليون يىللار داۋاملاشقان تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەقىل ھازىر ئىنسانلارنىڭ قىياپىتىنى بارغانسېرى مىسلىسىز گۈزەللىك، بىمالاللىق، ئاجايىپلىقتا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق گۈزەللىك، بىمالاللىق ۋە ئاجايىپلىق تارىخنىڭ بۇرۇنقى ھەرقانداق باسقۇچىدا يوق ئىدى. قەدىمكى دۇنيادىكى چوڭ موجىزىلەر ھازىرقى كىشىلەرگە تارىخنىڭ ئاللاقانداق بىر چاغلىرىدا ھازىرقىدىن ئەقىللىق كىشىلەر ئۆتكەنىدەك ۋە ياكى بىز ياشاۋاتقان پىلانېتتىن باشقا پىلانېتلاردا بىزدىنمۇ ئەقىللىق كىشىلەر باردەك بىر خىل تۇيغۇ بەرسىمۇ، مېنىڭچىمۇ ماددىدىن قۇرۇلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. مەيلى قەدىمكى زاماندىكى مۆجىزاتلارنى ياراتقانلار

گەن، ھەرقايسى قىسىملارنىڭ تۈزۈلۈشلىرىدىكى پەرقلەر ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئاساسى بولغان. يەنى چوڭ مېڭە-نىڭ ئوخشاش بولمىغان قىسىملىرى ئوخشاش بولمىغان فۇنكسىيىگە ئىگە.

چوڭ مېڭىدىكى ھۈجەيرىلەر ۋە بۆلەكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ھەربىر نېرۋوندا ھۈجەيرە تېنى ۋە ھۈجەيرە ئۆسۈكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىم بولىدۇ. ھۈجەيرە ئۆسۈكى دەرەخسىمان ئۆسۈك ۋە ئوقسىمان ئۆسۈك دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرەر نېرۋوننىڭ ئوقسىمان ئۆسۈكىنىڭ ئۇچىدىكى شاخچىلار بىلەن باشقا بىر نېرۋوننىڭ ھۈجەيرە تېنى ياكى ھۈجەيرە ئۆسۈكى تۇتاشقان قىسمى سىناپس دەپ ئاتىلىدۇ. نېرۋونلار سىناپسلار ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىدۇ.

چوڭ مېڭە ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك قىسمى بولۇپ، ئۇ، پسىخىكىلىق پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئورگىنىدۇر. ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ناھايىتى زور بولغان ئۇلغۇچى تەنچە ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىدىغان سول ۋە ئوڭ يېرىم شارچىدىن تۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى پۈتۈن مېڭە ئېغىرلىقى (1400 گرام) نىڭ 60 ـ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقاتى بويىچە قارى-غاندا، چوڭ مېڭىدىكى ئىككى يېرىم شار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆز ئالدىغا نىسپىي مۇستەقىل تۇرىدىغان شارلار بولۇپ، تەنچە نېرۋا شاخچىلىرى ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېرىم شارلار ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ شارلارنىڭ پائالىيەت ھەزمۇنى ئوخشاش بولمايدۇ. سول يېرىم شارچە تىل، ماتېماتىكا، لوگىكا، تەھلىل ۋە يېزىش قاتارلىق بىلىمگە تەۋە پائالىيەتلەرنى

مىلياردتىن 14 مىلياردقىچە نېرۋا ھۇجەيرىسىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ھۇجەيرىلەرنىڭ 70 پىرسەنتى چوڭ مېڭە پوستلىقىغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ. مېڭە نېرۋا ھۇجەيرىلىرىنىڭ سانى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن پەرقى چوڭ بولمايدۇ، تېپىمۇ چەكلىك بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ تىپى ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇمات بويىچە 150 دىن ئاشمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقاتلاردا، يۇلتۇزسىمان نېرۋا ھۇجەيرىلىرى ئەڭ مۇھىم نېرۋا تىپى ئىكەنلىكى، ئىنسانىنىڭ ئالىي پىسخىكىلىق پائالىيىتى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئىزھار قىلىندى. بىراق بۇ جەھەتتىكى نۇقتىئىنەزەرلەر ھازىرغىچە تېخى تولۇق ئاساسقا ئىگە بولالمىدى.

مىكروسكوپ ئارقىلىق كۆزىتىلگەندە چوڭ مېڭە ناھايىتى كۆپ قايتىلانغان ئېلېمېنتلاردىن تۈزۈلگەن، ئىككى دانە يېرىم شارچىغا بۆلۈنگەن سىستېمىدۇر. چوڭ مېڭىنىڭ مۇرەككەپلىكى نېۋرونلارنىڭ تىپى بىلەن توقۇلمىلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىدا بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزئارا ساناقسىز مۇناسىۋەتلىرىدە. نېۋرونلارنىڭ ئۆسۈكچىلەر تېگىشمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى قالايمىقان بولماستىن، بەلكى بىردىنبىر بۆلەك، قىسىم ۋە دائىرىلەرنى شەكىللەندۇرۇشتىن ئىبارەت. چوڭ مېڭە پوستلىقى بىرنەچچە قەۋەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر قەۋىتى ئاساسەن بىر خىل تىپتىكى مېڭە ھۇجەيرىلىرىدىن تەركىب تاپقان. قەۋەت سانى ئەڭ كۆپ ئورۇندا ئالتىگە يېتىدۇ، پوستلاقنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىسمىنىڭ قەۋىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس؛ قەۋەت تۈزۈلمىسى پوستلاق دائىرىسىگە باغلىق. چوڭ مېڭىنىڭ پىسخىكىلىق فۇنكسىيىسى مانا مۇشۇنداق فىزىئولوگىيىلىك مىكرو تۈزۈلۈشلەر ئارقىلىق بەلگىلەن-

يەپ ـ غارايىپ باغلىنىش تەقلىتىدە بولۇپ، بۇنداق باغلىنىشنىڭ سانى چەكسىزدۇر. پروفېسسور ئانوكوننىڭ ھېسابلىشى بويىچە قارىغاندا، ئانوكون "1"نىڭ ئارقىسىغا 100 مىليون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا "0" تىزىلسۇن! بۇ "0"نىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەتتىكى ماشىنكا بېسىپ چىقارغان "0" بىلەن ئوخشاش بولسۇن، دېگەن ھەمدە ئۇ، مۇشۇنداق چەكسىز باغلىنىشنى نەزەردە تۇتۇپ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مېڭىسىدىكى ئەقلىي قۇۋۋەتنى ئۆز ئۆمرىدە ئىشلىتىپ تۈگىتەلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ۋە چوڭ مېڭىدە ئۇزۇلمەي پەيدا بولىدىغان ئېلېكتىر خىمىيىلىك ئۆزئارا ئىنكاس بولغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ مېڭە گويا مەڭگۈلۈك ئايلىنىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك ماتوردەك ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ، ھەتتا چەكسىز تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك: ئادەم مېڭىسى ئالاھىدە ئۇسۇلدا ئۇيۇشقان ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ئىنسانلارنىڭ مىليونلىغان يىللاردىن بۇيانقى تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئالاھىدە سەۋەبلەر (ئىرسىيەت خاراكتېرلىك كېسەللەر، تۇغما ۋە سۇنئىي سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان مېڭىدىكى كەمتۈكلۈك)نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ تۇغما ھالىتىدە تۈرلۈك پەرقلەر بولسىمۇ (ھەربىر كىشىنىڭ مېڭىسىدە پەرق بولسىمۇ)، يەنىلا ئەقىل تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەرقانداق كىشى ئىنسانلار تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ بۇ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەم مېڭىسى ماددىدىن تەركىب تاپسىمۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ھەددىدىن زىيادە مۇرەككەپتۇر. بۇ مۇرەككەپلىكتىكى سىرلارنى ئىنسانلار تېخى ھازىرغىچە تولۇق

باشقۇرىدۇ. ئۇلۇك يېرىم شارچە تەسەۋۋۇر، رەڭ سېزىمى، قاپىيە ۋە ۋەزىن قائىدىسى، مۇزىكا، خىيال قاتارلىق ئىجادىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم سەنئەت ۋە پەندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىملىك ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئىقتىدارنى پەيدا قىلغۇچى نەرسە ئادەم چوڭ مېڭىسىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىدۇر. ئادەم مېڭىسىدىكى ھۈجەيرىلەر خۇددى ناھايىتى كىچىك سەككىز ئاياغ تۆركۈمىدىكى ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۆپ قوللىرى (ئۆسۈكچە) ئارقىلىق باشقا ھۈجەيرىلەر بىلەن تۇتۇشۇپ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان نېرۋا تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ. چوڭ مېڭىدىكى بۇ ھۈجەيرىلەرنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا مېخانىزمى بولىدۇ. مەسىلەن، نېرىپ ياپراقچىسى ئادەمنىڭ ئالىي نېرۋا ھادىسىسى بولغان تەپەككۇر ۋە خاتىرە قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەگەر مۇشۇ ئورۇندىكى ھۈجەيرە قۇرۇلمىسىدا زەخىملىنىش بولسا، خاتىرە قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتى ئاجىزلايدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەشكىلىي بىرلىكى بولغان ھەربىر نېيرون بىر ھۈجەيرە تېنى ۋە ھۈجەيرە تېنىدىن ئۆسۈپ چىققان ئاكسون (ئۆسۈكچە) لەردىن تەشكىلىي تاپىدۇ. ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسى ئەنە شۇ ئاكسون (ئۆسۈكچە) مەركىزى نېرۋا سىستېمىسىدىن ئۆسۈپ چىقىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسىدىكى شۇنچە كۆپ ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە ئۆتەش قابىلىيىتىگە ئىگە. شىنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ مېڭىنىڭ ئىچكى قىسمى مىليونلىغان ھۈجەيرە ئاكسونىدا ئۆسۈپ چىققان ماددا ئەتراپىدا ھاسىل بولغان ئاجا-

يېتىلگەن يەنە بىر دېڭىز بولۇپ، بۇمۇ پاراسەتنىڭ چەكسىز ئۆسۈپ بېرىشىغا ئاساس بولىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ تۈزۈلۈشىگە بولغان چۈشەنچىمىز بويىچە قارىغاندىمۇ، چوڭ مېڭە ھەقىقەتەن بىر دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى جانلىق، روشەن خاتىرىلىدى. بۇنىڭدىن 3 مىليون 500 مىڭ يىل ئىلگىرى شەرقىي ئافرىقا يايلاقلىرىدا مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە ماڭالايدىغان ئادەملەر پەيدا بولغاندىن تارتىپلا ئادەم مېڭىسىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى باشلانغان. شۇ چاغدىكى ئادەملەرنىڭ مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئابيومى بىلەن ھازىرقى ئادەملەر مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئابيومى ئانچە زور پەرقلەنمىسىمۇ، ئەمما، مېڭىنىڭ نازۇكلۇق دەرىجىسى، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ مېڭە توقۇلمىسى قەدىمكى ئادەملەرنىڭكىدىن مۇكەممەللەشتى. مېڭىدىكى سۇر ماددىلارنىڭ مىقدارى ۋە نېيرونلارنىڭ سانى كۆپەيدى. چوڭ مېڭىنىڭ توقۇلما دەرىجىسى ۋە مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ شاخچىلاش سەۋىيىسى بارغانسېرى ئۆسۈپ، زامانىمىزدىكى ئادەملەر چوڭ مېڭىسىنىڭ ئۇچۇرلارنى ساقلاش ۋە يەتكۈزۈپ بېرىش قابىلىيىتى كىشىنى چۆچۈتىدىغان بولۇپ كەتتى. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېنىقلىشىچە، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ كاللىسىغا سىغىدىغان ئۇچۇر مىقدارى 500 — 750 مىليون پارچە كىتابتىكى بىلىمگە توغرا كېلىدۇ. ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق كۈتۈپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ جەمئىي سانى 700 مىليون پارچە بولۇپ، بۇ كىتابلار تازا تەرەققىي تاپقان بىر ئادەمنىڭ مېڭىسى قوبۇل قىلالايدىغان ئۇچۇرلارنىڭ مىقدارىغا توغرا كېلىدۇ. بۈيۈك ئالىم ئېينىشتېيننىڭ مېڭىسىنىڭ نېرۋا شىلىم-

ئىنقىلاپ چىقالمىدى. ئەمما مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەم مېڭىسىنىڭ مەلۇم مېخانىزملىرى ئاللاقاچان ئىنقىلاندى. بۇ ئىنقىلابلارغا ئاساسەن ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسى چوڭ مېڭە ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولۇپلا قالماستىن يەنە شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ چوڭ مېڭىمىز بىزنىڭ بۇرۇن ئويلىغانلىرىمىزدىن ناھايىتى نۇرغۇن دەرىجىدە كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا ئىشلەيدۇ. بىزنىڭ بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىسلىقىمىز بىزنىڭ مېڭىمىزدىكى ئەقلىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى، قوبۇل قىلغان ئۇچۇر سىگناللىرىنىڭ بەكمۇ ئاز بولۇشى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىمىزنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدىن بولۇپ، مېڭىمىزنى يېڭى ئۇچۇر ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن بېيىتىپ ماڭغىنىمىزدا، دۇنيادا ئادەم بالىسى ئەقىل-ئىدراك بىلەن ھەل قىلالمايدىغان مەسىلە بولمايدۇ. مېڭە ئەقىل تەرەققىياتىدا مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىز قۇۋۋەتكە ئىگە ماددىي ئاساستۇر.

دېمەك، بىزنىڭ ئەقلىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى چەكسىز بولىدۇ دېيىشىمىز ئاللاقانداق ھاياجان ياكى بىرەر روھقا بولغان ئېتىقاد ئاساسىدىكى خىيالپەرەسلىك بولماستىن، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىردۇر. پەيلاسوپلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىنسانلار ھاياتلىقىنىڭ تۇنجى مىكرو ئورگىنى باش سۈيى بىلەن تولغان بالا ياتقۇ بولۇپ، بۇ ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمىي زاماندىكى ئەجدادلىرى سۇ بىلەن تولغان دۇنيادىن خوشلاشقاندا، چەكسىز ئوكيانلارغا بولغان مۇھەببەت بىلەن ساقلاپ قالغان كىچىك "دېڭىز" ئىدى. بۇ دېڭىز ئىنسانلارنىڭ چەكسىز كۆپىيىشىگە سەۋەب بولدى. چوڭ مېڭە ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولغان ئەشۇ دېڭىز ئاساسىدا ئۆسۈپ

تاشقىرى بايلىق كانىنى ئېچىشنى ھەربىر كىشى قەيەردىن باشلاش كېرەك؟

چوڭ مېڭىنىڭ ئوڭ يېرىم شارچىسىنى ئېچىش.

چوڭ مېڭىنىڭ شارچىلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى ھەققىدە ئويلانمىغان بىر ئادەمدىن: سىز چوڭ مېڭىڭىزنىڭ قايسى يېرىم شارچىسىنى ئىشلىتىۋاتىسىز، دەپ سورىسا، ھەيران قالىدۇ. لېكىن بۇ سۇئالنى سوراش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

دەسلەپكى چاغلاردا كىشىلەر چوڭ مېڭىنىڭ ئىككى پارچە يېرىم شارچىسى بىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ھەمدە بىر چوڭ مېڭە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ دېگەندىن كۆرە، ئوخشاش بولغان ئىككى چوڭ مېڭە ماسلاشقان ھالدا خىزمەت قىلىدۇ دەپ قارىغان تۈزۈك دەپ ھېسابلاپ كەلگەنىدى.

ھازىرقى زامان پېنى چوڭ مېڭىنىڭ ئىككى پارچە يېرىم شارچىنىڭ ئوخشاشمايدىغان فۇنكسىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى تەنچە شاخچىلىرى تۇتاشقۇرۇپ تۇرغانلىقتىن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، بۇ ئىسپاتلار بويىچە قارىغاندا، چوڭ مېڭىنىڭ ئوڭ ۋە سول يېرىم شارچىسى تەنچىلەر نېرۋا شاخچىلىرى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئادەم مېڭىسىدە مۇنداق شاخچىلاردىن 200 مىليونى بار ئىكەن، ئۇ ئىنتايىن رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، بىر پارچە يېرىم شاخنىڭ مەلۇم قىسمىنى باشقا بىر مۇناسىپ قىسىم بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. بىر مەشھۇر نېرۋا فىزىئولوگىيىسى ئالىمى شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلغانكى؛ ھەربىر شاخچە سېكۇنتىغا 20 دولقۇننى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا مېڭىمىزنىڭ ئىككى پارچە يېرىم شارچىسى

سىمان ماددا ھۈجەيرىلىرى ئادەتتىكى ئادەملەردىن 73% كۆپ بولۇپ، ئۇمۇ دۇنيادا مەڭگۇ ئۆچمەيدىغان شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقىچە چوڭ مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن كۈچ (ئەقىل)نىڭ پەقەت 37 پىرسەنتىنىلا ئىشلەتەلىگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئادەم مېڭىسىنىڭ قوبۇل قىلىش كۈچى ۋە ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن تەرەققىيات كۈچى ھازىرقى ئىنسانلار دۇنياسىدا بارلىققا كېلىۋاتقان "بىلىم پارتىلاش" بورانلىرى ياكى "پاراسەت بورانلىرى"نىڭ ھەر-قانداق ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرالايدۇ. بۇ يەردە قەيت قىلىۋاتقانلىرىمىز پەقەت ئادەم مېڭىسىنىڭ ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش فۇنكسىيىسى بولۇپ، مېڭە دېگىزنىڭ باشقا فۇنكسىيىلىرىنى، مەسىلەن، ئىجادىي تەپەككۇر قاتارلىق فۇنكسىيىلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ تېخىمۇ زورلۇقىنى باشقا ھەرقانداق قۇدرەتلىك كۈچلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مېڭىدىكى مۇنداق غايەت زور كۈچ، مالىيىتىمىزدىكى تۇرلۇك قىيىداش ۋە ئۆزىنى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان بېقۇرۇ ھېسابلايدىغان، ئالىقاندىلاق ئىلاھىي كۈچتا ۋە باشقىلارغا يۆلىنىۋالىدىغان پىسخىكىنىڭ ئاساسسىزلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىز ئەنئەنىۋى ئېتىقادلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈمەسلىك ئاساسىدا پەنگە ئېتىقاد قىلىدىكەنمىز، مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن كۈچ (ئەقىل)گە ئىشىنىشىمىز كېرەك. يەر شارىدا ياشاش ھەققىمىزنى ئەنە شۇ قۇد-رەتلىك ئەقىل ئارقىلىق تاللىشىمىز، مىللىي ئىززەتنى ساقلاش بەيگىسىدە ئالدىغا كىرىۋالغان خەلقلەرنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، مېڭىمىزدىكى ئۇخلاۋاتقان چەكسىز قۇدرەتنى زامان تەلپىدە جارى قىلدۇرۇشنىڭ تۇرلۇك ساھەلىرىدە چاپلىنىدەك جىددىي ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولسا مېڭىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن

يۇكسەك دەرىجىدە مەخسۇسلاشقانلىقىنى ئىنقىلاشتىن ئىبارەت بولدى.

بۇ ئىنقىلاشلار جەريانىدا بۇنداق ياكى ئۇنداق پىسخىكىلىق فۇنكسىيىنىڭ ئاساسى بىر ھۆجەيرە (جۈملىدىن يۈلتۈزسىمان ھۆجەيرە)، بىرەر دائىرە ۋە ھەتتا يېرىم شارچىنىڭ خىزمىتىدە بولماستىن، بەلكى ئوخشاش بولمىغان مېڭە دائىرىلىرىنىڭ پائال مۇناسىۋەت قىلىدىغان فۇنكسىيە سىستېمىسىنىڭ تەكشى پائالىيىتىدە بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىملىرى چوڭ مېڭىنىڭ بىر تەرەپ يېرىم شارچىسى بىر تەرەپلىمە ھالدا زىيادە ئىشلىتىلسە، يەنە بىر تەرەپ يېرىم شارچىسى تېزگىنلىنىپ قېلىپ، پۈتۈن چوڭ مېڭە خىزمىتىنىڭ پايدىسىز تەسىرگە يولۇقىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئەزالارنىڭ فۇنكسىيىسى ئارقىلىق ئابستراكسىيە پائالىيىتىنى باشقۇرىدىغان چوڭ مېڭە سول يېرىم شارچىسىنىڭ يۈكى تولىمۇ ئېغىر بولۇپ كەتكەن، لېكىن ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشنى باشقۇرىدىغان ئوڭ يېرىم شارچىنىڭ يۈكى يېتەرلىك بولمىغان، ئادەم خاراكتېرىنىڭ ماس تەرەققىياتى زىيانغا ئۇچراپ، تەپەككۇرى نامراتلىشىپ، نېرۋىسى تولىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەن. بۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن چوڭ مېڭە ئىككى پارچە يېرىم شارچىنىڭ رولىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغان. بۇ ئېھتىياجقا ئاساسەن ئالىملار ناھايىتى جاپالىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ بۇ ھەقتىكى بىرمۇنچە ئەنئەنىۋى قاراشلارنى رەت قىلدى ۋە ئاساسەن بىر خۇلاسىغا كەلدى. بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن تالاش-تارتىشلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەكۈنىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ كۆرسەتكەندە تۆۋەندىكىچە:

ئوتتۇرىسىدا تۆت مىليارد دولقۇن ئۆتتۇشۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھەر-قانچە قىلساقمۇ يېرىم شارچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايمىز، يېرىم شارچىلار شۇنچە كۆپ شاخچىلار بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ تۇرغانلىقتىن ھامان بىر پۈتۈن مېڭە سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ.

بۇنداق بايقاش 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانىدى. ئالدى بىلەن گېرمانىيىلىك دوختۇر فىزنىز ئېيوسېف گالل «فرېنولوگىيە» تەلىماتى بىلەن «مېڭىنىڭ فۇنكسىيىلىك ئورنىنىڭ بەلگىلىنىشى نەزەرىيىسىنى» ئىجاد قىلدى. گالل: ئىنساننىڭ ھەر خىل پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى چوڭ مېڭىدە مەلۇم قىسمنى ئىگىلەيدۇ، چوڭ مېڭىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسى باش سۆڭىكىنىڭ تاشقى شەكلىدە ئەكس ئېتىدۇ، دەپ قارىدى. 1861-يىلى فرانسىيىلىك دوختۇر بروكا چوڭ مېڭىنىڭ "تىل رايونى"غا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئالىملار چوڭ مېڭە پوستىلىقىنىڭ فۇنكسىيىلىك قىسملىرىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا بايقاپ چىقىشتى، 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا كەلگەندە، گېرمانىيىلىك نېرۋىشۇناس پېنفېلد مېڭىسى سەگەك كېسەل ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ھەرقايسى قىسملىرىغا ئېلېكتىر قۇتۇبلىرىنى ئۇلاپ، توك بىلەن غىدىقلاش ئارقىلىق چوڭ مېڭە پوستىلىقىنىڭ ھەرىكەتلىنىش دائىرىسى بىلەن تۇيغۇ دائىرىسى قاتارلىق قىسملىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئېنىقلىدى. ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن چوڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىلىك ئورنىنىڭ تەپسىلىي سخېمىسىنى سىزىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىققان بىر زور نەتىجە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چوڭ مېڭە ئىككى پارچە يېرىم شارچىسى فۇنكسىيىسىنىڭ

ئىككى پارچە يېرىم شارچىنىڭ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن فۇنكسىيەلىرى بويىچە سول يېرىم شارچە بىلىم شارچىسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ، بەدەننىڭ ئوڭ يېرىمىنى باشقۇرۇش بىلەن بىر چاغدا ئاساسلىقى تەھلىلىك تەپەككۇر، مەركەزلىك تەپەككۇر ئارقىلىق ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدۇ. ئوڭ يېرىم شارچە ئىجادىيەت شارچىسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ، بەدەننىڭ سول يېرىمىنى باشقۇرۇش بىلەن بىرگە ئاساسلىقى تەسەۋۋۇر قىلىش، بىۋاسىتە سەزگۈ بىلەن تەپەككۇر قىلىش، تارقاقلاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئىجادىي قابىلىيەت بۇلىقىنى ئاچىدۇ.

دېمەك، بىز چوڭ مېڭىنىڭ ئىككى تەرەپ يېرىم شارچىسىنىڭ مۇقىملاشقان خىزمەت تەقسىماتىنى بىلىۋالغاندا، ئادەم جىسمىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى بولغان چوڭ مېڭىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ سول، ئوڭ شارچىلىرى ئۆز ئالدىغا مەخسۇس خىزمەت قىلىپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ. بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئىككى تەرەپ يېرىم شارچىلىرىنىڭ بۇنداق رولى ھەر ئىككى يېرىم شارچىدىكى قابىلىيەتلەر تەڭ ئېچىلىشقا ئېرىشكەن كىشىلەردە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان كىشىلەر تۇغۇلۇپلا ئوڭ قول بىلەن خەت يېزىش ۋە باشقا نازۇك ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكى، تىل ئارقىلىق خاتىرە قىلىشقا، لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش پائالىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئادەت چوڭ مېڭىنىڭ سول يېرىم شارچىسىنىڭ قابىلىيىتىنى ئېچىشتا ئۈستۈنلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇنى

**سول يېرىم شارچىنىڭ فۇنكسىيىسى**

سۆزلەش
ئوقۇش
قېلىپلاشتۇرۇش
تەھلىل قىلىش
ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىش
ئابستراكسىيلەش
نەزەرىيە سەۋىيىسگە كۆتۈرۈش
لوگىكىلىق ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش
ھېسابلاش
تىل ئارقىلىق خاتىرە قىلىش
ۋاقىتنى باشقۇرۇش

**ئوڭ يېرىم شارچىنىڭ فۇنكسىيىسى**

ئىدراك قىلىش
ئومۇمىيەتنى چۈشىنىش
ئوخشاشلىقنى بىلىش
سېلىشتۇرۇش
بىۋاستە سەزگۈ
تەكشۈرۈش
مەڭگۈ ئەستە ساقلاش
ئومۇملاشتۇرۇش

مودېللاشتۇرۇش
ماكاننى ئىدراك قىلىش
كۆرۈش سەزگۈسى بىلەن خاتىرە قىلىش
ھېسسىيات تۇيغۇسى
دەرمەھەللىك مەسىلەرنى ھەل قىلىش
ياتلاشما تەپەككۇر قىلىش
خىيال
رەڭ سىزىمى، مۇزىكا سىزىمى

ھەرىكەت قىلدۇرغان، ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، كەتمەن چېپىش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، چوڭ مېڭىنىڭ ئىككى پارچە يېرىم شارچىلىرىنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى تولۇقلاش تەرىپىدىكى تەپەككۇر شەكىللىرى بىلەن ئۆزگىچە بولغان تەپەككۇر شەكىللىرىنى مەشىق قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ بىلىم پارتلاۋاتقان ئىجادىيەت دەۋرىمىزنىڭ ئىجادكارلىقىغا بولغان جىددىي ئېھتىياجلارنى نەزەردە تۇتۇپ، چوڭ مېڭىنىڭ ئوڭ يېرىم شارچىسىنى چېنىقتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۆپرەك پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇش، ئۇنى ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ بىلەن چوڭ مېڭىنىڭ سول يېرىم شارچىسى بىلەن ئۈنۈملۈك ھەمكارلاشتۇرىدىغان قىلىش كېرەك.

بىز چوڭ مېڭىنىڭ ئوڭ يېرىم شارچىسىنى چېنىقتۇرۇشنى شۇنىڭ ئۈچۈن بەكتىن بەك تەكىتلەيمىزكى، ئەقىل پائالىيەتلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىسى بولغان ئىجادىي پائالىيەتلەر ئالدى بىلەن چوڭ مېڭە ئوڭ يېرىم شارچىسىنىڭ فۇنكسىيىسىدۇر. بىز ئادىتىمىز بويىچە مەيلى قانداق ئويلايلى، ھازىرغىچە بولغان ئاساسلىق ئىلمىي كەشپىياتلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئالدى بىلەن بىۋاسىتە سەزگۈلەر سەۋەب بولغان. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا بىۋاسىتە سەزگۈلەر كەشپىيات ۋە ئادەمنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈپ سەۋەپ بولۇۋېرىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ ئىچكى پائالىيىتىدىكى بۇنداق سىرنىڭ سېزىپ ئېلىنىشى ناھايىتى چوڭ كەشپىياتتۇر. بۇ كەشپىياتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ھازىر دۇنيادا چوڭ مېڭىنىڭ ئوڭ يېرىم شارچىسىنى ئېچىش پائالى-

"ئەۋزەل يىپەك شارچە" دېگەن نامغا ئىگە قىلغان.

شۇڭلاشقا، ھازىر نۇرغۇن ئالىملار مېڭىنىڭ سول يېرىم شارچىسىنىڭ يوكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئوڭ يېرىم شارچىنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم، دەپ قاراۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، بەدەننىڭ سول يېرىمىنىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق مېڭىنىڭ ئوڭ يېرىم شارچىسىنىڭ ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەنگلىيىلىك ماتارىپچىلار قولنىڭ يېتىلىشى بىلەن ئەستە قالدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايقىغان، مېڭىنىڭ يېتىلىشىنى تەتقىق قىلغۇچىلارمۇ ئىككى قولنى تەڭ ئىشلەتكەندە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتكىلى بولىدۇ، شۇڭلاشقا، مېڭىنىڭ ئوڭ يېرىم شارچىسىنى چېنىقتۇرىدىغان، بەدەننىڭ يالغۇز سول يېرىمىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان گىمناستىكا بارلىققا كەلدى. بۇندىن باشقا، ئوڭ قولنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەنلەرنى خەت يېزىش، خىزمەت، ئەمگەكلەردە سول قولنى دائىم ئىشلىتىپ بېرىشكە پائال ئىلھاملاندۇرۇش لازىم، دەپ قارىماقتا. ئۇلار، مۇشۇنداق مەشىق قىلىپ بەرگەندە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتماقتا.

ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، چوڭ مېڭە ئىككى پارچە يېرىم شارچىسىنى باراۋەرلىككە ئىگە قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئەقىل ھەم ئىجادىيەت بولاقلىرىنىڭ ئېچىلىشىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىنى پۇختىلاش ئۈچۈن، كىشىلەر كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئوڭ ۋە سول قوللىرىنى شۇنداقلا ئوڭ ۋە سول ياندىكى بارلىق ئەزالىرىنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە، ئىككى قول تەڭ

هادىسىلىرى بولىدىكەن، سول قولى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ كۆنگەن بىر تەنھەرىكەتچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، رەقىبىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ئۆزى ئىنكاس قايتۇرغۇچى ئارىلىقتا ئۇنىڭ چوڭ نېرۋا پائالىيىتى پەقەت چوڭ مېڭە ئوڭ يېرىم شارچىسى ئىچىدىلا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئوڭ قولى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ ئۆتكەن بىر تەنھەر-كەتچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ چوڭ مېڭە نېرۋا پائالىيىتى ئوڭ يېرىم شارچىدىن سول يېرىم شارچىغا كۆچكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوڭ قولى ئىنكاس قايتۇرالايدىكەن. شۇنداق قىلىپ سولخاي بىلەن ئوڭ خايلارنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش سۈرئىتىدە دەرمەھەلىك ۋاقىت پەرقى شەكىللىنىدىكەن. بۇنداق دەرمەھەلىك پەرقى يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇسابىقىلەردە دائىم ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىكەن. بۇ پەقەت تەنتەربىيە ساھەسىدىكى بىر بايقاش بولۇپ، باشقا ساھە-لەردىمۇ سولخايلارنىڭ چوڭ مېڭە پائالىيىتىدىكى ئۈستۈنلىكىنى نامايان قىلىدىغان بىرمۇنچە بايقاشلار بار. بىز چوڭ مېڭە ئوڭ يېرىم شارچە-سىنى ئېچىش جەھەتتە كەشىپ قىلىنغان تۈرلۈك ئۇسۇللار ۋە سولخاي-لارنىڭ مۇسابىقىلەردە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇۋەپپەقىيەت-لەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت بىلەن نەچچە ۋاقىت-تىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىككى قول ھەرىكىتى بىلەن چوڭ مېڭە ئىككى يېرىم شار-چىسىنىڭ ھەرىكىتىنى زىچ ماسلاشتۇرۇشنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش-نىڭ مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكىنى جەزمەنلەشتۈرەلەيمىز.

ئىككى قول بىلەن چوڭ مېڭە ئىككى يېرىم شارچىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى خېلى كۆپ ئالىملار قەتئىي تۈردە جەزمەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، چوڭ مېڭە ئوڭ يېرىم شارچە-

يەتلىرىمۇ كۆنسايىن ئەۋج ئالدى. ھازىر بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇل-چارىلار ھەتتا بەزى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىجادىيەت مائارىپى ئارقىلىق ئومۇملىشىشقا باشلىدى. تەسەۋۋۇر ۋە قىياس قابىلىيەتلىرىنى ئاچىدىغان ئۇسۇللارنى ھېسابلىغاندىمۇ يۈز خىلدىن ئاشتى، مەسىلەن، ئەقلىي ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلى، ئەركىن ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى، چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى، چۈشەكەپ ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى، ئىدىسون ئۇسۇلى، سەكرات ئۇسۇلى، ئېينىشتېيىن ئۇسۇلى قاتارلىقلار... بولۇپمۇ ئۇسبورن-نىڭ ئەقلىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسۇللىرى ئەقلىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ ئوڭ يېرىم شارچىسىنىڭ ئىجادىي پائالىيەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇ ئۇسۇللارنى ئىگىلەش ۋە ئەمەلىيەتتە تەتبىقلاش كېرەك. بۇ ئۇسۇللار ھەققىدە بىز 5-بابتا توختالمىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت كىتابخانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ناھايىتى كۆپ ساھەلەردە سول قول بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى ئاساس قىلغان سولخايلار ئالاھىدە نەتىجە قازانغان. ئامېرىكىنىڭ ئاھالىسىدا سولخايلار ئون پىرسەنتنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما، مۇزىكانتلارنىڭ 15 پىرسەنتىنى، ھەيكەلتاراچلارنىڭ 13 پىرسەنتىنى، ئالىملارنىڭ تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، نەيزىۋازلىق، تورتوپ ئەترەتلىرىدە سولخاي-لارنىڭ ئەلا سۈپەتلىكلىرى تېخىمۇ كۆپ بولغان. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەبلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، كۆپ ساندىكى سولخايلەرنىڭ چوڭ مېڭە نېرۋا پائالىيىتىدە مەلۇم بىر خىل ئۆزلۈش

ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمايمىز. ئەمەل-
يەتتىمۇ ھەر ئىككى يېرىم شارچىنىڭ رولى تولۇق جارى بولغاندىلا
بىزنىڭ مېڭە ھەرىكىتىدە قوغلىشىدىغان غايىۋى ئۈنۈم رېئاللىشىدۇ.
ئىجادكارلىققا يۈزلەنگەن زامانىمىزنىڭ تەلەپلىرى بويىچە، كىشىلەر
ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەر بويىچە يېڭى-يېڭى رېكورتلارنى
يارىتىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. بۇنداق ئىكەن ئىككى قول ھەرىكىتى
بىلەن چوڭ مېڭە شارچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش شەرت
بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

قول ھەرىكىتى بىلەن مېڭە ھەرىكىتى مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات
تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئىككى قولنىڭ ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ
ئۇزاق مۇساپىسىدا ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى
پەيدا قىلىپ، ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە كىشىلەرنى مىكرولۇق ۋە
ماكرولۇق جەھەتلەردە سىرلىق مەسىلىلەرنى ئاجايىپ توغرا ھالدا
كۆزىتىدىغان پاراسەت ئىگىلىرىگە ئايلاندۇردى. بۇنداق بولۇشتىكى
سەۋەبلەرنى سۈرۈشتە قىلغاندا، بۇ مەسىلە قولنىڭ ھەرىكەت مېخا-
نىزمى بىلەن باغلانغان چوڭ مېڭە پوستىلاق رايونىغا بېرىپ تاقىلى-
دۇ. چوڭ مېڭە پوستىلاق رايونىدا پەۋقۇلئاددە سەزگۈر، پائال ۋە
ئىجادىي قابىلىيەتكە باي بولغان مېڭە ھۈجەيرىلەر توپى بولۇپ،
ئۇلار قولنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئۆزئارا تەسىرلىنىش ھالىتىدە
تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ قولى ناھايىتى نازۇك ئىجادىي پائالىيەتلەرگە
كىرىشكەندە قول ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان مېڭە ھۈجەيرى-
لەر توپى جىددىيلىشىدۇ-دە، قول ھەرىكىتىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتى-
نى توغرا ۋە چاپسانلىق بىلەن پۈتتۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.
قول ھەرىكىتى مۇرەككەپ، نازۇك، ئىجادىي بولغانسېرى چوڭ مېڭە

نىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەدەنىنىڭ سول تەرىپىنى چېنىقتۇرۇشقا ئائىت تەلىماتلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدى. ئېلى كۆپ نېۋروگلار "هازىرقى كۈنگىچە بولغان ئىنسانلار چوڭ مېڭىسىنىڭ يېرىم شارچىنى ئىشلىتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئەگەر ئىككى يېرىم شارچىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەتسە ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرسا، تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى بېجىرىشۋېتەلىشى مۇمكىن" دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر سول قولنىڭ پائالىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق چوڭ مېڭە ئوڭ يېرىم شارچىسىنى چېنىقتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا يۇقىرىدىكى ئۇسۇل - چارىلارنى ئويلاپلا قالماستىن، سول قول ۋە بەدەنىنىڭ سول تەرىپىنى چېنىقتۇرىدىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىمۇ لايىھىلەپ چىقتى. بۇ تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈش قولايسىز بولغانلىقتىن كىتابخانلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلىك كۆرسەتمىلەردىن كۆرۈۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بولدى قىلىمىز.

قول ھەرىكىتى بىلەن چوڭ مېڭە ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش.

يۇقىرىدا بىزنىڭ سول قول ۋە سول يان ھەرىكىتى ئارقىلىق چوڭ مېڭە ئوڭ يېرىم شارچىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلىشىمىز كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئەقلىي پائالىيەت ئەھۋالىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تۈزۈتۈۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇنى ھەقىقىي ئۈنۈملۈك ۋە ئەتراپلىق قاراش دېگىلى بولمايدۇ. بىز چوڭ مېڭىنىڭ ئوڭ ۋە سول يېرىم شارچىلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان فۇنكسىيىلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، چوڭ مېڭىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى قوغلىشىمىزكى، قايسى بىر يېرىم شارچىنىڭ

ياتلار ئارقىسىدا قەلبىمىزدىن ئورغۇپ چىققان. بىز بۇنداق ئويلىرىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى قولىمىزنىڭ ھېچقايسىسىنى بىكار قويماسلىق شەرتى بىلەن ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. گەرچە بىزدە خەت بېسىش ماشىنىسى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى...قاتارلىق قولنىڭ ئورنىدا ئىشلەيدىغان تۈرلۈك زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بولغان ۋە ياكى بىزگە دوكلات تېكىستلىرىنى يېزىپ بېرىدىغان كاتىپلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئىككى قولىمىزنى بىكار قويماسلىقىمىز لازىم. ئەنە شۇنداق ئىلمىي كەشپىياتلار پەن ھەقىقەتلىرىنى بىزگە روشەن يورۇتۇپ تۇرسىمۇ، بىز يەنىلا ئاجىزلىق قىلىپ قولىمىزنى ئارام ئالدۇرۇشقا ئالدىرايدىكەنمىز، كالىمىزدىكى پاراسەت ۋە ئىقتىدارنىڭ بىخلىرى قولىمىزنىڭ بىكار تەلەپلىكى ئارقىسىدا سولۇشۇپ كېتىدۇ. ئۆتكۈر كاللىمىز قول مېخانىزمىنىڭ چېكىنىشى بىلەن گاللىشىپ كېتىدۇ.

ئۇنداق بولسا، قولىمىزنى ئوڭ - تەتۈر ھەرىكەتكە سالىمىزمۇ؟ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان بەزى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن باشقا ھەر قاچان قول ئىشلەپ تۇرىدىغان بەزى ئىشلارغا قىزىقساق ۋە ياكى ئۇنداق ئىشلاردىن بىرەرسىنى ئىشتىن سىرتقى كەسىپكە ئايلاندۇرساقمۇ بولىدۇ. كىچىكىدىن باشلاپلا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ياكى قول بىلەن قىلىدىغان بىرەر ئىشقا ئىخلاس قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن ۋە چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ شۇ جەھەتتىكى قىزىقىشنى ساقلاپ قالغان بەزى كىشىلەرگە نەزەر سالساق، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەشۇنداق قىزىقىشلىرىدىن ئايىنىپ كەتكەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالاھىدە زېرەك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بەزىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە باشقا كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولغان تەقدىردىمۇ شۇ

مۇناسىۋەتلىك ھۈجەيرىلەر توپىنىڭ فۇنكسىيىسىنى شۇنچە كۈچەي-
تىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى شۇنچە ئىلگىرى سۈرىدۇ.
دېمەك، قول ھەرىكىتى بىلەن چوڭ مېڭە پائالىيىتى زىچ باغلىنىدۇ.
ئوڭ ۋە سول قول ھەرىكىتى بىلەن چوڭ مېڭىنىڭ سول ۋە ئوڭ
يېرىم شارچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى زىچ باغلىنىدۇ. ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى
ئەقىل-پاراسەت قول ھەرىكىتىگە ماس ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىككى قول ۋە چوڭ مېڭە ئىككى يېرىم شار-
چىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-
نىڭ شەرتلىرى دەپ بىلىمىز.

نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي پاكىتلارمۇ ئىككى قولنى ئىجادىي پائالىيەت-
لەرگە قاتناشتۇرغاندىلا، بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدار ئۈستۈنلىكىنى
ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ،
ئىتالىيانلار ئارىسىدىن باش كۆتۈرگەن تالانت ئىگىسى داۋىنچى،
ئىسپانىيە رەسساملىق سەنئىتىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى بىكاز، ئامېرىكى-
لىق سەنئەتكار چاپلىنلار ئىككى قولىنى تەڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشكە
ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان
كارامەت تۆھپىلىرىنى ئويلىساق، سول قولنى ئىشلەتمەسلىك ئادىتى
ئاستىدا قانچىلىك پاراسەت يوشۇرۇنۇپ ياتقاندۇ-ھە؟ ئەگەر ھەممە
كىشى ئوڭ ۋە سول قوللىرىنى تەڭ ئىشقا سالسا، ئوڭ قولنى
ئىلىم-پەن تەتقىقاتىغا قارىتىپ، سول قولنى سەنئەت ئىجادىيىتىگە
بېغىشلىسا ياكى ھەر ئىككى قولنى ئىشقا سېلىپ ئىجادىي پائالىيەت-
لەر بىلەن شۇغۇللانسا بىزنىڭ ئارىمىزدىن يەنە قانچىلىغان ئەقىللىق
ئادەملەر مەيدانغا چىقار-ھە؟ بۇ ئويلار ئاللىقانداق شېرىن خىياللار
ئارقىسىدا ئەمەس، بەلكى چوڭ مېڭە توغرىسىدىكى ئىلمىي كەشپ-

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ ھەقتە بىزنىڭ تۇزۇك مەلۇماتقا ئىگە بولالماسلىقىمىز ۋە ئەقلىنىڭ ماددىي ئاساسىنى كۆچەيتىپ بارالماسلىقىمىز ئاساسلىقى بەزى ناتوغرا ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ كاللىمىزنى چىرمىۋالغانلىقىدىن بولدى.

ئادەمنىڭ تېنى ۋە ئەقلى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلاردا "ئادەمنىڭ ئەقلى ئىرسىيەتلىك تۇغما ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ"، "دۇنيادا ئادەمنىڭ كاللىسىنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىدىغان ماددا يوق"، "ئۆگىنىش ئارقىلىق كاللىنى غىدىقلاشتىن باشقا، ئەقىللىق بولۇشنىڭ چارىسى يوق" دېگەن سۆزلەر ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. ئەمەلىيەت شۇنداقمۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، كىشىلەر مېڭە ئاناتومىيىسىنى ۋە فىزىئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلدى. مېڭىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىدىن تالانتنىڭ ئاساسىنى تاپماقچى بولدى. ئەمما، تالانتنىڭ تۇغما مەنبەلىرىنى تېپىش پائالىيەتلىرى تەكرار مەغلۇپ بولدى. 1955 - يىلىغا كەلگەندە، ھەتتا كىشىلەر ئەمدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن تالانت ئىگىسى ئېينىشتېيىننىڭ مېڭىسىنى يېرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ ئەقىل ئۈستۈنلۈكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قۇرۇلمىنى تاپماقچى بولدى، ئەمما، بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ چوڭ مېڭىسىمۇ ھەجمى، قۇرۇلمىسى ۋە خىمىيىۋىلىك تەركىبى قاتارلىق جەھەتلەردە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ مېڭىسى بىلەن ئوپمۇئوخشاش بولۇپ چىقتى. كىشىلەر تالانت توغرىسىدىكى سىرنى ئېچىش ھەرىكىتىدە يەنىلا مەغلۇپ بولدى. ئەمما، بۇ مەغلۇبىيەتلەر كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئىستەكلىرىنى يوقىتالمىدى، ئۇلار ئىزدەندى، ئىزدەندى ئاخىرى بىرىنچى بۇ سىرنى ئاچتى، بۇ كەشپىيات ئالدى بىلەن ئەنگلىيە ئېلېكترونلۇق

كەسپلەردە ئىجادىي پىكىرلىك بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى خىزمەتلەردە ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئەمەلىيەت بىزگە روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر نەزەرىيە خاراك-تېرلىك بەزى قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ھەر قاچان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق كىشىلەر ئويلاپ يېتەلمىگەن بىرەر نۇقتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. تېخنىكا خاراكتېرلىق قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندىمۇ كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇغۇدەك بىر يېڭى پىلان بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تۇرمۇش شۇنداق ئەپچىل بىر ئويۇنچۇقكى، ئۇلار يېڭىلمەيدىغان قىيىنچىلىق كەمدىن-كەم بولىدۇ. تۇرمۇش ئۇلارغا ئاجايىپ مۇلا-يىملىق بىلەن باش ئېگىدۇ، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلار بۇنداق ماھارەت يوق كىشىلەردە ئالدىقانداق سىرلىق تۇيغۇلارنى قوزغاشتىن قەتئىي-نەزەر، ئۇلار ھامان ئۇلۇغ قول ھەرىكىتى ۋە قول ھەرىكىتى بىلەن تەسىرداش بولغان چوڭ مېڭىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان پاراسەت نۇر-لىرىنىڭ رادار كۆرسەتمىسىدە كۆرسەتكەن نىشان بويىچە باشقىلارنىڭ ئالدىدا دادىل، چاققان، خۇشال تۇرمۇش قەدەملىرىنى بېسىۋېرىدۇ. بىز ئەگەر زامانىۋى ئادەم بولۇش خىيالىغا كىرسەك، بۇ جەھەتتە يېڭىچە بىر ئادەت يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

ئەقىلنىڭ ماددىي ئاساسىنى كۈچەيتىش.

ئادەم پاراستىنىڭ ئاساسى چوڭ مېڭە ئىكەنلىكىنى ۋە چوڭ مېڭىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ماددا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئەمما چوڭ مېڭە قانداق ئالىي دەرىجىلىك ماددىدىن تۈزۈلگەن؟ بۇ ماددىي ئاساسنى قانداق كۈچەيتىمىز؟ بۇ ئاساسنى يېمەكلىك بىلەن كۈچەيتىش مۇمكىنمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇمات ئالمىدۇق.

ئامىل — ئۇزۇقلۇقتا سەل قارالغاندى، ئالىملارنىڭ ھازىرقى كەيپىياتلىرى ئادەمنى ئەقىللىق قىلىشنى ئۇزۇقلىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇتتى. ئادەملەر تۆرەلمە ھالەتتىن تارتىپ مېڭە فۇنكسىيىسىنىڭ تاكامۇللىشىش دەرىجىسىگە بارغىچە بولغان پۈتكۈل جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ قانداق ئۇزۇقلىنىشى ئەقىلنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياپون ئالىمى فەنىيېجفۇ «ئەقىل ۋە ئۇزۇقلىنىش» دېگەن بىر كىتاب يېزىپ، ئۇزۇقلىنىشنىڭ مېڭە تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى ناھايىتى ئەتراپلىق شەرھلىگەن. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: "ئادەم مېڭىسىنىڭ ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئىككى مۇھىم ئامىل بار. بۇ بولسىمۇ مېڭىنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسىدۇر. مۇشۇ ئىككى ئامىل ئەلا دەرىجىدە بولغاندىلا ئاندىن ئەقىللىق بىر مېڭە شەكىللىنىدۇ". مېڭىنىڭ ئۇزۇقلۇقلىرى — مېڭىنى ساغلاملاشتۇرىدىغان يېمەكلىكلەر ئىچىدە ھەل قىلغۇچى رول ئوينايدىغانلىرى مېڭە تۈزۈلمىسىنىڭ تاكامۇللىششىغا پايدىلىق ئۇزۇقلۇقلاردۇر. مېڭە تۈزۈلمىسىنى كۈچەيتىشتە پايدىلىق بولغان ئەڭ مۇھىم ئۇزۇقلۇق تۈزۈلمە مېيىدۇر. تەخمىنەن 60% ئەتراپىدىكى چوڭ مېڭە نېرۋا ھۈجەيرىلىرى مانا مۇشۇنداق تۈزۈلمە مېيىدىن ھاسىل بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈلمە مېيى چوڭ مېڭە تۈزۈلمىسىنىڭ ساغلام ياكى ساغلامسىز بولۇشىنى، ئەقلىنىڭ ئەلا ياكى ناچار بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىلدۇر.

ئىنسانلار تەرەققىيات تارىخىنىڭ تەجرىبىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەندە، ئادەم تېنى ساغلاملىقىنىڭ ئاساسى يېمەكلىكلەردىكى ئۇزۇقلۇق ماددىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش

ھېسابلاش مۇتەخەسسىسى ھانتىرەكسۇن ۋە ئۇنىڭ ئايالـىغا ـــ نېرۋا فىزىئولوگى ئىلانـىلارغا مەنـسۇپ، "ئۇلار ناھايـىتى توغـرا بولغان خاتىرە قابىلىيىتى، ئۆتكۈر چۈشىنىش قابىلىيىتى ۋە ئەركىن تەسەۋ-ۋۇر قابىلـىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىنىڭ قابىلىيىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ"غانـلىقىنى، بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ چوڭ مېڭە نېۋرونلىرى (چوڭ مېڭە تەپەككۇر پائالىيىتى ئېلـىپ بارىدىـغان نېـگىزلىك ئور-گانلار) ئوتتۇرىسىدىـكى ئۇچۇر يەتـكۈزۈش قابىلـىيـىتى تەرىپـىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇچۇر يەتـكۈزۈشـتە تايـىنىدىغـىنى رىبوزىلىق يادرو كىسلاتاسى دەپ ئاتىلىدىـغان ئالاھـىدە بىر خـىل ماددا بولۇپ، بۇ ئالاھىدە ماددا ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئەقىل تەرەققىياتى جەريانىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن بىرىكمە ھالەتتە ھاسـىل بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ بايقاشقا ئاساسلانغانـدا: تۇغۇلغانـدىن باشلاپلا ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى ئىلمىي يوسۇنـدا ئېلـىپ بېرىـشقا ئەھمىيەت بېرىش چوڭ مېڭىدە ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسى-نىڭ ياخشى شەكىللىنىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. بۇ، چوڭ مېـڭە پارا-سىتىنىڭ ماددىي ئاساسىنى ئەقلىي يول بىلەن كۈچەيتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى.

ئۇنداق ئىكەن، چوڭ مېڭە پاراستىنىڭ ماددىي ئاساسىنى يېمەك-لىك بىلەن كۈچەيتىش مۇمكىنمۇ؟

سوۋېت ۋە ئەنگلىيە ئالىملىرى بۇ ھەقتە كۆپ خىل تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن "ئادەمـنىڭ كاللـىسـىنى تېخـىمۇ ئەقىللىق قىلىدىـغان يېـمەكلىكـلەر بار" دېـگەن خۇلاسـىگە كەلـدى. بۇرۇن ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇللـىرى ئۈستىدىـكى ئىزدىنىش-لەردە نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ تورىـنى شەكىللەنـدۈرگۈچى مۇھىم

دۇرغان ۋە ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىم گۆشلۈك تائاملارنى يېگۈزۈپ قويۇپلا يەنە ۋېگېتاتىپ يېمەكلىكلەرگە كۆچكەن. بۇنداق قەرەللىك ئالماشتۇرۇپ ئوزۇقلاندۇرۇشنى بالا يەتتە ياشقا كىرگىچە داۋاملاشتۇرۇپ، يەتتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن گۆشلۈك ياكى يۇقىرى ئوزۇقلۇق يېمەكلىكلەر بىلەن باققان. ئۇ ئىككىنچى بالىسىنىمۇ ئەنە شۇ تەرتىپ بويىچە باققان. بۇ بالىنىڭ ئەقلى ئۈستۈنلىكىمۇ جىن شيۇگىرۇڭدىن قېلىشمايدىغان بولغان. بۇ ئوزۇقلىنىشنىڭ ئادەم مېڭىسىنى ئەقىللىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر ئەمەلىي مىسالدۇر. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى ھەجمىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، مېڭىنى ساغلاملاشتۇرغۇچى يېمەكلىكلەرنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جىن شيۇگىرۇڭ كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان بىر تىپ بولسىمۇ، لېكىن، ئىنسانلار مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي تەجرىبىلەرمۇ مېڭىنى ساغلاملاشتۇرغۇچى يېمەكلىكلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئادەتتە ھامىلدارلىق بەش ئايغا بارغاندا تۆرەلمىنىڭ مېڭىسى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ئادەم مېڭىسىنىڭ يېتىلىشى تۆرۈلۈپ ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئاستىلايدۇ، مۇنداق يېتىلىش ئىككى ياشقا كىرگۈچە داۋام قىلىدۇ، تۆت ياشقا كىرگەندە مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى چوڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ 90 پىرسەنتىگە يېتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر قورساقتىكى ۋاقىتتىن تارتىپ ئۈچ ياشقا كىرگۈچە بولغان مەزگىل ئادەم مېڭىسىنىڭ يېتىلىشىدە ئاچقۇچلۇق مەزگىل بولۇپ، كېيىنكى ئەقلىي قابىلىيەت، ئەستە تۇتۇۋېلىش ۋە ئۇنىڭ باشقا ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن ئەھۋالدا ئېمىۋاتقان

مېڭىنىڭ ساغلام ياكى ساغلامسىز بولۇشىدىكى ھالقىلىق ئامىلمۇ يېمەكلىكلەردىكى ئوزۇقلۇق ماددىسىدۇر. بۇ ماددا ئادەم مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ماددىي ئاساس ئامىلىدۇر. 1963 ـ يىلى جەنۇبىي چاۋشەندە زېھنى بۆلۇنمىسى 200 بولغان بىر ئەقلى زىيادە بالا تۇغۇلغان، بۇ بالا ھازىرقى دۇنيادا زېھنى بۆلۇنمىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان تالانتلىق بالا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى جىن شيۇگرۇڭ بولۇپ، ئۇ يۈز كۈندە ئاددىي سۆزلەرنى قىلالايدىغان، بەش ئايدا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلەيدىغان بولغان ۋە سەككىز ئايلىق بولغاندا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسىنى ئوقۇشقا باشلىغان. ئۈچ ـ تۆت ياشلاردا ئىنگلىز ۋە نېمىس تىللىرىدىن مەلۇمات ئېلىشقا باشلىغان. ماتېماتىكىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانت كۆرسىتىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ماتېماتىكىلىق تەڭلىمە چىقىرىشنى، دېففېرېنسىال ۋە ئىنتېگراللىنى بىلىپلا قالماستىن، ئاسترونومىيە ۋە گېئومېترىيىگە ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلىگەن. تۆت ياشتا خەنياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تالانتى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدا تۇغۇلمىسى مۇكەممەل بولغان كاللا بولۇپلا قالماستىن، يەنە زىيادە ھەرىكەت قابىلىيىتىمۇ بولۇپ، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان بالا ھېسابلىنىدۇ.

جىن شيۇگرۇڭنىڭ ئوزۇقلىنىشى قانداق بولغان؟ ئۇنىڭ ئانىسى «ۋېگېتاتىپ يېمەكلىكلەر» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ بۇ ئەھۋالنى تونۇشتۇرغان. ئۇ ماقالىسىدا، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ۋېگېتاتىپ يېمەكلىكلەر (كۆكتات، ئوت ـ چۆپ خاراكتېرىدىكى يېمەكلىكلەر ياكى چۆپخورلۇق دېگەن مەنىدە) بىلەن ئوزۇقلىنىشنى تەكىتلىگەن. ئۇ، بالىسنى ۋېگېتاتىپ يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلاند-

ناچار باللارنىڭ ھېسسىي بىلىش قابىلىيىتى ۋە ئابستراكت پىكىر قىلىش قابىلىيىتى تۆۋەنرەك بولۇپ چىققان، ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ۋە تىل قابىلىيىتىمۇ ناچارراق چىققان. بەزى ئالىملار ھىندونېزىيىدە بىر قىسىم تۆۋەن تەبىقە باللىرى (بەش ياشتىن 12 ياشقىچە) نى تەتقىق قىلغان، بۇ تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا، يېمەكلىك تەركىبىدە، ۋىتامىن كەمچىل بولغاندا، بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئۇستىدىكى سىناق نەتىجىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغان.

مېكسىكىدىكى بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئوزۇقلىنىشى ناچار بالىدا ماغدۇرسىزلىق ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. ئوزۇقلۇق ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال، قىزىقىش كەملەپ كېتىش، ئىزدىنىش ھەۋىسى يوقىلىپ كېتىشكە ئوخشاش پسىخىك توسالغۇلار كۆرۈلىدۇ.

بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئالتە ئايلىقتىن تۆۋەن بولغان بوۋاقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوزۇقلىنىشى ناچار بولسا ئەقلىي قابىلىيەت كېچىكىپ يېتىلىشى، مېڭە قۇۋۋىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى مۇمكىن، بۇنداق بالا ئالتە ياشتىن ئۆتكەندە ئوزۇقلۇقنى ياخشىلىغان بىلەنمۇ ئونۇمى بولمايدۇ. يەنە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، دەسلەپكى يېتىلىش دەۋرىدە ئوزۇقلۇقنىڭ ياخشى بولماسلىقى بالىنى باشقا كېسەللىكلەرگىمۇ گىرىپتار قىلىپ، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك باللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

شۇڭا، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مېڭىسى ساق، ياخشى بولسۇن دېسەك، ھامىلدارلىق دەۋرىدە ۋە بوۋاق چاغدىكى ئوزۇقلۇقىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. ئانىنىڭ سۈتى بالا ئۈچۈن ئەڭ ئوبدان

بالىنىڭ مېڭە ئاق ماددىسىدىكى گلىكولىپىدلار، ئاقسىل مايلار، بىئولوگىيىلىك پروتوپلازمىلار ئىنتايىن ئازىيىپ كېتىدۇ.

ئۈزۈقلۇق يېتىشمىگەن ئەھۋالدا يېتىلىپ قالغان مېڭىدە توقۇلما جەھەتتىنمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ، بولۇپمۇ كىچىك مېڭىدە ئۆزگىرىش ھەممىدىن چوڭ بولىدۇ. چوڭ مېڭە پوستىلاق قەۋىتىدىكى ئىرىقچە بۆدۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولسىمۇ، ئاقسىل ئازىيىپ كېتىدۇ، پوستىلاق قەۋىتىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ پروتوپلازما، خروموسوما تەركىبلىرى روشەن ھالدا ئازىيىپ كېتىدۇ. نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى يوغىنىتىدىغان يادرو قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئېيتقاندا يەنى ئەمچەكتىكى بالىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئېيتقاندا، ئەمچەكتىكى نورمال بالا بېشىنىڭ چەمبىرى 34 سانتىمېتىر كېلىدۇ، تۇغۇلۇپ ئىككى يىل بولغاندا 43 سانتىمېترغا يېتىدۇ. باش چەمبىرىنىڭ چوڭىيىشى مېڭىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى تېز يېتىلىشى بىلەن بىردەك بولىدۇ. لېكىن ئۈزۈقلۇق يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، ئەمچەكتىكى بالا بېشىنىڭ چەمبىرى كىچىك بولۇپ قېلىپ، نورمال بالىنىڭكىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ.

دېمەك، بالا قورساقتىكى ۋە ئەمچەكتىكى مەزگىللەردە ئۈزۈقلۇق يېتىشمىسە مېڭە توقۇلمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ھازىر ئۈزۈقلۇق سەۋىيىسى بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات دوكلاتىدىن بىر-قانچىسى ئېلان قىلىندى. بەزى دوكلاتلارغا قارىغاندا ئەقلىي قابىلىيەت ئۈستىدىكى سىناقلار ئىجتىمائىي ئامىللار (مەسىلەن، ئىقتىسات، دىن، ئائىلە) ۋە باشقىلار نەزەردە تۇتۇلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان، بۇنىڭدىن مەلۇم بولغانكى، ئۈزۈقلىنىش سەۋىيىسى

قابىلىيەتىنى ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ ئەۋزەل يېمەكلىكلەردۇر.

## 2) مېڭىنىڭ ياشلىقىنى ساقلاش

ئادەم قېرىپ كەتكەندە ياشلىق قايتىپ كەلمەيدۇ. كىشىلەر بۇ سۆزنى ئېيتقاندا، ئادەتتە كالېندار ھېسابىدىكى ياش چېكىنى ئاساس قىلىدۇ. بىئولوگ ۋە فىزىئولوگلار ئادەمنىڭ قېرىشىنى ياغۇز ياشقىلا قاراپ بەلگىلىمەستىن، بەلكى ئورگانىزم فۇنكسىيىسىگە ئاساسلىنىپ بەلگىلەيدۇ. مېڭە فىزىئولوگلىرى ۋە نېرۋا مىكرولوگلىرى بولسا ئادەم مېڭىسىنىڭ ساغلاملىق دەرىجىسىگە قارىپ بەلگىلەيدۇ. ئالىملارنىڭ بۇنداق قىياسلىرى ئەمەلىيەتتە كۆپ قېتىم ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر مېڭىنىڭ ياشلىقىنى ساقلاشقا ناھايىتى قىزىقىسىمۇ، ئەمما، مېڭىنىڭ ياشلىقىنى ساقلاشنى ياشلىقتىن باشلاش ھەققىدە ئىلمىيراق بولغان ھەرىكەت سىستېمىسى شەكىللەندۇرمىگەچكە، مېڭىنىڭ يەنىلا كالېندار ھېسابىدىكى ياش چېكى بويىچە قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى. ئەگەر بۇ جەھەتتە ھازىر ئويلانماي قېرىپ تۈگەشكەندە ئويلانغان بىلەن پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالمايدىغانلىقى ئەقىلگە ئايان. ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟

1. ئۆگىنىش پائالىيىتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك.

ياشلىقتىكى ئۆگىنىش پائالىيىتى مېڭىنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىش، چۈشىنىش قابىلىيىتى ۋە زېرەكلىكىنى تېزلىتىشىنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ئادەتنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، مېڭىنىڭ ئايلار ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەرقاچان تېتىك، ئۆتكۈرلۈك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان

ئوزۇقلۇق، ياخشى ئوزۇقلانغان ئانىنىڭ سۈتى بوۋاقنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن يېتىلىشىگە تېخىمۇ پايدىلىق. بەزى ئانىلار ئاۋارىچىلىقتىن قېچىپ بالىسىنى ئەمچەكتىن بالدۇرلا ئايرىۋېتىدۇ، بۇ ياخشى ئىش ئەمەس.

بالىلىق باسقۇچتا بالىنى مېڭىنى ساغلاملاشتۇرغۇچى يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرغاندا، مېڭىنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بالىنىڭ بىرەر خىل يېمەكلىكلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇش ۋە قەنتلىك يېمەكلىكلەرگە كۆنۈپ كېتىش بىلەن ھەزىم قىلىشتا بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. 25 ياشقا توشمىغان ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچتا مېڭىنى ساغلاملاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى توغرا قوللىنىش ئارقىلىق چوڭ مېڭە ۋە تەننىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن، بولۇپمۇ بۇ باسقۇچتا كەچلىك يېمەكلىكلەر ۋە ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى تەكشەش ناھايىتى مۇھىم. ئادەم 25 ياشقا توشقاندىن كېيىن، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ پائالىيىتى ھەرقاچان ناھايىتى تېز-لىك بىلەن بىرىلىدۇ ۋە مۇنداق تېتىك پائالىيەت تاكى ھايات ئاخىرلاش-قۇچە داۋاملىشىدۇ. مېڭە ھۈجەيرىلىرى مېخانىزمىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى ئىندىۋىتنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ. مېڭە مېخانىزمى ياخشى دېگىنىمىز چۈشىنىش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولۇشىنى، خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ۋە پەم-پاراسەتلىك، ئىش، ھەرىكەتتە تەدبىرلىك بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېڭە ھۈجەيرە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مېڭە ھۈجەيرە پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مېڭىنى ساغلاملاشتۇرغۇچى يېمەكلىكلەر بولسا چوڭ مېڭىنىڭ قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئەقلىي

كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مېڭە پائالىيىتىگە زوررور بولغان ۋىتا-
مىنلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋە تاناھلار ئارقىلىق
بەدەندە مۇۋاپىق دەرىجىدىكى مىنېراللىنى ماددىلار تەركىبىنى
تولۇقلاش ئارقىلىق، مېڭە مېخانىزمىنىڭ نورمال ھەرىكەتلىنىشىگە
كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ ئىشلارغا ئادەتتە 30 ـ 40 ياشلاردىن
باشلاپ دىققەت قىلىشقا باشلاش كېرەك. ساقلىقىنى ساقلاش
دېگەندە، ئۇ فىزىئولوگىيىلىك ساقلىقنى ساقلاش ۋە روھىي ساقلىقنى
ساقلاش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. چەت ئەللەردە ئائىلە دوختۇرلىرى
ناھايىتى كۆپ بولۇپ، فىزىئولوگىيىلىك ساقلىقنى ساقلاشتا بىز
ئۆزىمىزنى ئۇلارغا سېلىشتۇرالمايمىز. ئەمما، كەيپىيات بۇزۇلۇش،
روھىي ئازاب، دىلغەشلىكنىڭ مېڭىگە بولغان بۇزغۇنچىلىقىنىڭ
ئالدىنى ئالىدىغان خۇش ۋاقىلىق، كېلىشىملىك بولۇشقا، روھىي
ھالەتنى خۇشال ـ خۇرام تۇتۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلماي بولمايدۇ.

3. ھېسسىيات پائالىيىتىنىڭ چوڭ مېڭىنى ئاسراش رولىنى جارى
قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھېسسىيات ھەرىكىتىدىكى
زىيادە ئۆرلەش ۋە زىيادە پەسلەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.
ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىق گەرچە بەزىدە بىزگە روھىي راھەت
ئېلىپ كەلگەندەك تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنى مۇۋاپىق دەرىجىدە تىزگىن-
لىمىگەندە چوڭ مېڭىنى ئارتۇقچە غىدىقلاپ بەزى ھۈجەيرىلەرنى
زەئىپلەشتۈرىدۇ. يۇكسەك ھاياجان تېخىمۇ شۇنداق. بەزى كىشلەر-
نىڭ دىلى نازۇك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
ناھايىتى ئاقكۆڭۈل، ھەر ئىشتا ئەستايىدىل كېلىدۇ. ئەمما،
مۇرەككەپلىككە، دىلنى زېدە قىلىدىغان ئىشلارغا يولۇققاندا ئىچىگە
تىنىپ يۈرۈيدۇ. بەزىدە ئۇلارنى غەم ـ ئەندىشە بېسىۋالىدۇ. بۇ

ياشلىقنى ساقلاش كېرەك. بولۇپمۇ ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ناھايىتى تار ۋە قاتماللىق بىلەن چۈشىنىۋالماستىن، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش ۋە ماھارەتنى چېنىقتۇرۇش، تۇرمۇش ماھارىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلەش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش مەزمۇنى قىلىپ ئۆگىنىش كېرەك. بۇنداق تەلەپنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ياشلىقتا ئادەمنىڭ كاللىسى خۇددى سۈنى ئۆزىگە شۈمۈرۈۋالىدىغان سۇنئىي بۇلۇتقا ئوخشاش يۇمشاق بولۇپ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە خاتىرە قىلىش قابىلىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ھەرقانچە كۆپ بىلىم بولسىمۇ، مېڭىنى نىشانلىق ۋە قانۇنىيەتلىك ئىشقا سالسىلا ئۇنى قوبۇل قىلالايدۇ. شۇنداقلا ياشلىقتا ئادەمنىڭ خىيالچانلىقى ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇر قىلىشىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ياشلار تاماكىلارنى چېكىپ "18 ياشىم" دەپ لەززەتلىنىپ ناخشا ئوقۇغاندا، ئۇ ياشلىقنىڭ تاماشا قىلىشقا يارايدىغان تەرەپلىرىنى ئاساس قىلىۋالماستىن، ئالدى بىلەن كەڭ بىلىم ئالىدىغان ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىدىغان ئالتۇن دەۋر ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىشلىرى كېرەك.

2. ئوزۇقلىنىش تەڭپۇڭلۇقىنى ۋە ساپلىقىنى ساقلاش كېرەك. مېڭە ئۈستىدە ئېيتىلىۋاتقان ئوزۇقلىنىش ماددىي ھەم مەنىۋى ئوزۇقلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ماددىي ئوزۇقلىنىش دېگەندە، مېڭە ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ زور دۈشمەنلىرى بولغان قىزىل قان تومۇرى قېتىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، مېڭىنىڭ پائالىيەت قۇدرىتىنى ھەسسىلەپ تۆۋەنلەشتۈرۈۋېتىدىغان دېئابېت كېسەللىكى پەيدا بولۇشنىڭ ۋە خولېستېرىننىڭ ئېشىپ

مەسىلەن، تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىش، دۇتار، تەمبۇر چېلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ قىلىش كېرەك. بەزى فىزىئولوگلار مۇزىكا چېلىش ۋە مەدەنىي ئويۇنلارنى ئويناش مېڭىنىڭ قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەقلىي پائالىيەتلەر مەزمۇنىنىڭ مۇنداق ئۆزگىرىشى مېڭە پوستلاقىدىكى ھەرقايسى پائالىيەت رايونلىرىنىڭ تەكشى تەرەققىي قىلىشى ۋە ھەمكارلىشىپ ئىشلىشى ئۈچۈن پايدىلىق رول ئوينايدۇ. چىددىي ھالەتتە تۇرغان مېڭە ھۈجەيرىلىرى تورمۇزلىنىشنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئارام ئالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇناسىۋەتلىك ھۈجەيرىلەر تورمۇزلىنىشنى ئۆزئارا ئالاقىلاشتۇرۇپ، ئەقلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

كۆكۈلنى خوش قىلىدىغان ھەمدە جىسمانىي چېنىقىشقا پايدىلىق بولغان بىر خىل ھەرىكەتكە قىزىقىش كېرەك. مەسىلەن، يىراققا مېڭىش، تاغقا چىقىش، مەنزىرىلىك جايلار ۋە باغلاردا ئايلىنىش، يېنىك ئاتلىتىكا بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلارغا ئوخشايدىغان ھەرىكەتلەردىن بىر ـ ئىككىسىگە قىزىققاندا، بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق مېڭە بارغانسېرى ساغلاملىشىپ بارىدۇ.

6. ئىككى قولنى ئىشقا سېلىش كېرەك. نازۇك قول ھەرىكەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش، كەشتە تىكىش، گىلەم توقۇش، رەسىم سىزىش، خۇشخەت يېزىش، ئاش ـ تاماق ئېتىش ئىشلىرىنى قىلىش كېرەك. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك چېنىقتۇرۇش رولى چوڭ بولغاچقا، بۇنداق ھەرىكەتلەردە مېڭىنىڭ مېخانىزىمى جانلىنىدۇ. بەدەننىڭ سول يېرىمىنىڭ ھەرىكىتى كۆپىيىپ، مېڭىنىڭ

خىل روھىي يۈك مېڭىگە بەكمۇ زىيانلىقتۇر. شۇڭا، ئاقىلانە ھېسسىيات تەرتىپى تۇرغۇزۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بولۇپمۇ ياشلار كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنى تۇتۇپ ئالالمايدىغان، ھېسسىيات جەھەتتە بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ قالىدىغان قىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يۈگەنسىز ھېسسىياتلار ئارقىسىدا ھەتتا تەركىي دۇنيا بولۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4. چوڭ مېڭىنىڭ پائالىيەت رىتىمىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مېڭىنىڭ قوزغىلىش، تورمۇزلىنىش مېخانىزمىنى ساقلاش كېرەك. بۇنىڭدا چارچاشنى بەدەندىن ساقىت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بولغان ئۇيقۇنى ئۇنۇملۇك يولغا قويۇش كېرەك. قان ئايلىنىشىنىڭ نورمالسىزلىقىنى ياكى بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ساقايماي سوزۇلۇپ كېتىشى ئالدى بىلەن ئۇيقۇدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇيقۇنىڭ رىتىمى بۇزۇلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق تەكرار يۈز بېرىدۇ. ئۇيقۇ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، مېڭىنىڭ قېرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى جىددىي مەسىلە. شۇڭا مېڭىنىڭ ياشلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەر كۈنلۈك ئۇيقۇ رىتىمىنى ساقلاش، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوي-پىكىردىكى جىددىيلىكنى تۈگىتىش كېرەك. ئۇيقۇنىڭ نورمال بولۇشى مېڭىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئېغىر تورمۇزلىنىش بولۇپ، ئۇيقۇ يېتەرلىك بولۇشى مېڭىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ كاپالىتىدۇر.

5. مېڭىنى ئاكتىپ ئارام ئالدۇرۇش كېرەك. مېڭىنى ئاكتىپ ئارام ئالدۇرۇشنىڭ ئاكتىپ چارىلىرىدىن بىرى ئۆز كەسپىدىن يىراقراق بولغان بەزى ئەقلىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىشتۇر.

تۇرلىرىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىمۇ مېڭە تەنھەرىكىتى قاتارىغا قويىدۇ ۋە مېڭە تەنھەرىكەتلىرىنى نېرۋا ۋە مېڭە ھۈجەيرىلىرى قېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ياخشى چارىسى دەپ قارايدۇ.

ھازىر چەت ئەللەردە 70 ياشلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئوقۇشى كىشىلەرگە غەيرى تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مېڭە تەنھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ تەسراتىدا مېڭىنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولغاندا ۋە مېڭە تەنھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا سالامەتلىككە ناھايىتى پايدىلىق ئىكەن. بەزىلەر ھەتتا قېرىلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ساغلاملىقىنى ساقلاش ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن، مېڭە تەنھەرىكىتى ئەڭ ياخشى دەپ قارايدىكەن. ھازىر ياپونىيىدە ئېچىلغان "ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى" دا ئوقۇۋاتقان قېرىلار 4071 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن 200 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 70 ياش، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ يېشى 87 ياش ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئاجىزلاشقان، قۇلاقلىرى ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، دەرس ئۆگىنىش جەھەتتە ياش ئوقۇغۇچىلاردىن قېلىشمايدىكەن.

## 2. ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل

مەلۇمكى، نورمال ئادەملەرنىڭ ھەرقاندىقىدا نورمال مېڭە بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى بەزىلەرنىڭ تۇغما ئەقىللىق بولغانلىقى، يەنە بەزىلەرنىڭ قاپاق كاللا بولغانلىقىدىنمۇ؟ ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ

ئوڭ يېرىم شارچىسىنىڭ ئىقتىدارى ئۈستىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىنىڭ سول يېرىم شارچىسىنىڭ يۇكسى بۇرۇنقىدىن يەڭگىللەپ، ئىككى يېرىم شارچىنىڭ مۇناسىپ ھالدا ھەمكارلىشىشىنى ئىلگىرى سۇرىدۇ. شۇنداقلا بۇنداق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق باشقىلارغا يەتكۈزگەن پايدىدىن كېلىدىغان خۇشاللىق ئارقىلىق مەنىۋى ئوزۇق كۆچىيىپ بارىدۇ.

7. ھەيرانلىقنى ساقلاش كېرەك. ھەيرانلىق مېڭىنىڭ ياشىرىپ تۇرۇشى، تەسەۋۋۇرنىڭ باي بولۇشىنىڭ سىمۋولى. يېڭى شەيئىلەرگە قىزىقىش، ئۇنىڭ بىلىنمىگەن سىرلىرىدىن ھەيران بولۇش، ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئۆزىگە يېڭى دۇنيانى كۆرىدىغان يەنە بىر جاھاننامە تۇرغۇزۇش بولۇپ، يېڭى نەرسىلەرگە ھەيران بولۇش ۋە ئۇ ھەقتە قىزىقىش ئارقىسىدا قېرىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ياشلىق ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ ۋە ئەقلىي پائالىيەت سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ ئىجادىيەت قەددىمىنى تېزلىتىشكە ئاساس تاپقىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە مېڭىنىڭ ياشلىقىنى ساقلايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قوغلىشىش ۋە زېھنىنى ئاچىدىغان پائالىيەتلەرگە بېرىلىشتىن باشقا، يەنە مېڭە ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا تونۇشۇپ مېڭىشىمىز ناھايىتى مۇھىم.

8. مېڭە تەنھەرىكىتى قىلىش كېرەك. بۇنداق تەنھەرىكەتنى سۈرەتلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق ئۆگەنمىسە، بۇ يەردە گەپ بىلەن ئىپادىلەش تەس. ئالىملار كىتاب كۆرۈش، گېزىت ئوقۇش، رەسىم سىزىش، شاھمات ئويناش، مۇزىكا ئاڭلاش، ئەقىل سىناش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش، ئەقىل سىناش پائالىيەتلىرىنىڭ مۇۋاپىق

بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىدى. ھازىرقى زامان پەنى ئۇنىڭ تەلىماتىنى رەت قىلدى. ھازىرقى كۈندىمۇ بەزىلەر ئادەم كالىسىنىڭ شەكلىگە ۋە ئادەمنىڭ چىراي-غا قاراپ ئەقلىگە ھۆكۈم قىلىشتەك بىرمۇنچە ئادەتلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەن ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ ۋە ئەقلىنىڭ مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

بەزىلەر مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى قانچە چوڭ بولسا، ئادەم شۇنچە ئەقىللىق بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق دەۋادا بولۇشى ئادەم بىلەن بەزى كىچىك ھايۋانلارنىڭ مېڭە ئېغىرلىقىنى سېلىشتۇ-رۇشتىن كېلىپ چىققان، ئالايلۇق، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن ئادەملەرنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1375 گرام كېلىدۇ. چاشقان، مۈشۈك، ئىت، تۈلكە قاتارلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋاناتلارنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن كىچىك بولۇپ قالماستىن، ئېغىرلىق جەھەتتىمۇ ئادەم مېڭىسىدىن يەڭگىل بولىدۇ، شۇڭا ئادەملەر ھايۋانلارنى ئېرى-بېرى قىلالايدۇ، دەيدۇ.

دەرۋەقە، ھايۋاناتلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى نۇقتىسىنەزىرى-دىن قارىغاندا، ھايۋان قانچە تەرەققىي قىلغان، قانچە يېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ مېڭىسى ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. مېڭىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى ۋە چوڭ كىچىكلىكىدىن قارىغاندا، يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋاناتلارنىڭ مېڭىسى ئېغىرراق ۋە چوڭراق بولىدۇ. تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ھايۋاناتلارنىڭ ئۆزگىرىشچان مۇھىتقا تاقابىل تۇرۇشى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغۇدەك دەرىجىدە بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىش سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولغان ھايۋاننىڭ مېڭىسىمۇ مۇناسىپ

پاراستى ئاسماندىن چۈشكەن ياكى ئەسلىدە بار بولغان نەرسىمۇ ئەقلىدە ئارقىدا قالغان كىشىلەر فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن ئوخشاش تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئەقىللىق كىشىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ؟ ئەقىل تەرەققىياتى مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش بىلەن قالماي، نۇرغۇن كىشىلەردە تۈرلۈك كۆز قاراش نۇقتىئىنەزەرلەرنىمۇ پەيدا قىلدى.

## 1) ئەقىلنىڭ مەنبەسى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىلەر

نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئەقىلنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا خىلى كۆپ مۇنازىرىلەر بولدى. بەزىلەر ئەقىل ئادەم بېشىنىڭ قانداق بولۇشى مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى. بۇ تارىختا كۆپ قېتىم تەكرارلانغان گەپ بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياۋى بازىرى قالمىغان بولسىمۇ، ھېلىمۇ بىرمۇنچە نادان كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ يۈرمەكتە. مۇشۇنداق قاراش بويىچە تارىختا بەزىلەر "پېشانىسى ئېگىز ۋە كەڭ بولسا ئەقىللىق بولىدۇ"، "ئويمان ۋە تار بولسا ئەقىلسىز بولىدۇ" دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر ئادەمنىڭ پېشانىسىگە قاراپ ئەقىللىق ۋە ئەقىلسىزلىكىگە قالايمىقان ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئالاجوقولۇقنى ئەۋج ئالدۇرغان بولسىمۇ، پەن ئالدىدا بۇ گەپلەرنىڭمۇ بازىرى كاسات بولۇپ قالدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاۋستىرىيىنىڭ ۋىنا شەھرىدە ئۆتكەن كاتتا دوختۇر كالىر فىرېنولوگ تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئادەم بېشىنىڭ سىياقىغا قاراپ ئەقىلگە ھۆكۈم قىلىشنى تەكىتلىدى. ئۇ — ئادەم بېشىنىڭ سىياقى ئادەمنىڭ ئەقلى، دىنىي ئېتىقادى، جىنايى يۈزلىنىشى بىلەن

ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ بەكرەك تەرەققىي قىلغانلىقىغا، قايسىسىنىڭ بەكرەك ئۆتكۈرلۈككە كەمموْ بىرنىمە دىيەلەيدۇ؟ يەنە ئالايلۇق، ئۇلۇغ ماتىماتىكا ئالىمى گائۇسنىڭ مىڭىسى 1492 گرام، ئۇلۇغ شائىر دانتىنىڭ مىڭىسى 1420 گرام كەلگەن ئىكەن، بۇ ئادەتتىكىلەرنىڭ مىڭىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئادەتتىكىلەردىن زور پەرق قىلىدۇ.

بىز بۇ يەردە تىپ ھېسابىدا ئېينىشتېيىننى مىسالغا ئالايلى، ئېينىشتېيىننىڭ مىڭىسى ئادەتتىكى كىشىلەردىن كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ تالانتى دۇنيانى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى.

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئېينىشتېيىن شۇ زاماندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم ئىدى، ئەمما ئۇ كاللىسى ساپ رەقەم ۋە فورمۇللار بىلەن لىق تولغان ماتېماتىك، فىزىكلاردىن ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دەۋىرلەردە ئۇنىڭ ماتېماتىكا نەتىجىسى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ، مىڭە ئىشلىتىشتىن قىلچە قورقمايدىغان شىجائەتكە ئىگە ئادەم بولغاچقا، كۆن نۇرىغا قاراپ ئىلھاملاندى ۋە "ئەگەر كۆن نۇرىغا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىدىغان بولسام ئۇنداقتا قانداق بولۇپ كېتەرمەن" دېگەن تەسەۋۋۇر بىلەن، ئالەمگە ئىجادىي تەسەۋۋۇر ساياھىتى قىلىپ يېڭى بىر ماتېماتىكا نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك، ئېينىشتېيىن چوڭ مىڭىسىنىڭ ئوڭ ۋە سول ئىككى پارچە يېرىم شارچىلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۇ چوڭ مىڭىسىنىڭ ئوڭ يېرىم شارچىسىدا شېرىن خىياللار ھاسىل قىلغان بولسا، سول يېرىم شارچىسىدا فىزىكا ۋە ماتېماتىكا تەسەۋۋۇرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرىغا نەزەرىيىۋى ئاساس ياراتتى، چوڭ مىڭىنىڭ

هالدا شۇنچە يېتىلگەن بولىدۇ. لېكىن، بۇ، مەسىلىنىڭ پەق
بىرلا تەرىپى. ئەقلىي قابىلىيەتنى مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى بەلگىلەي
دەپ تولىمۇ ئاددىي قارايدىغان بولساق، ئالەمنىڭ خوجايىن
كائىناتتىكى ھەممىدىن ئالىي نەرسە ئادەم بولماستىن، ھايۋ
بولغان بولىدۇ. چوڭلار مېڭىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقىنى ھېساب
غاندا، ئەرلەر مېڭىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 1350 ــ 1400 گرا
ئاياللارنىڭكى 1250 ــ 1400 گرام بولىدۇ، ھالبۇكى، ھايۋانات
ئىچىدە كىت ۋە پىل مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئادەمنىڭكىدىن كۆ
ئېغىر بولىدۇ. كىتنىڭ مېڭىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، 7000 گر
كېلىدۇ، پىلنىڭ مېڭىسىمۇ 4000 گرامدىن ئاشىدۇ. كىت ياكى پ
سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدە ئەقىللىق بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ
بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدە
كىچىك مېڭىسى بار ئادەمنىڭ ئەقلىگە تارىختىن بۇيان يېتەلمىدى
ھەمدە مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. چوڭ-كىچىك ھايۋاناتلار بىلەن ئاد
مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىكى پەرقلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئادەم مېڭىس
دىكى پەرقلەرنى ئالساقمۇ، بەزى تالانت ئىگىلىرىنىڭ مېڭى
نورمال كىشىلەرنىڭكىدىن كىچىك تۇرۇپمۇ ئۆتكۈر بولىدىغانلىقىن
كۆرەلەيمىز. مېڭىسى يوغان بولغان تالانت ئىگىسى بىلەن مېڭىس
كىچىك بولغان تالانت ئىگىسىنىڭ ئوخشاشلا دانا بولىۋېرىدىغانلىقىن
كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، روس يازغۇچىسى تۇرگېنېپنىڭ مېڭىس
ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، 2012 گرام كەلگەن. تالانتلىق فرانسۇ
يازغۇچىسى فرانسىنىڭ مېڭىسى ئاران 1017 گرام كەلگەن. ب
ئىككى يازغۇچىنىڭ مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى بىر ھەسسە دېگۈدە
پەرقلىنىدۇ، بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەدەبىيات ئۇستازى ئىچىدە قايسىسىنىڭ

سېلىشتۇرما نىسبىتىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ بەزىلەرنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتىدىن ئەقلىگە ھۆكۈم قىلىشنى توغرا دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. لېكىن، يەنە بەزى ئەھۋاللار بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئورانگوتان مېڭىسى بىلەن تېنىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى 1/20 بولۇپ، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ قۇشنىڭ مېڭىسى بىلەن تېنىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى $\frac{1}{34}$ بولۇپ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چاشقاننىڭ مېڭىسى بىلەن تېنىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى $\frac{1}{36}$ بولۇپ، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئادەمنىڭ تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ بۇنىڭغا قاراپ كىمۇ ئاشۇ ھايۋانلارنى ئادەمدىن ئەقىللىق دېيەلەيدۇ؟ ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بەلگىلىنىدىغان بولسا، تازا كۈلكىلىك بولمامدۇ؟ دېمەك، مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى ئەقىلنىڭ قابىلىيەت دەرىجىسىنى ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ.

يەنە بەزىلەر، مېڭىدىكى ئېرىقچە-بۇدۇرلەر قانچە كۆپ بولسا ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى شۇنچە ئۈستۈن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، بۇ قاراش توغرا بولىدۇ. چۈنكى، مېڭىدە ئېرىقچە-بۇدۇرلەرنىڭ بولۇشى جانلىقلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى، ئېرىقچە-بۇدۇرلەرنىڭ بولۇش-بولماسلىقى مېڭىنىڭ يېتىلىش سەۋىيىسىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى. شۇڭا، مېڭىنىڭ ئېرىقچە-بۇدۇرلەر بارلىرى بۇدۇرلۇك مېڭە دەپ، يوقلىرى بۇدۇرسىز مېڭە دەپ ئاتىلىدۇ.

مېڭە تۈزۈلۈشىدىكى مۇنداق پەرق جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي

ئوك ۋە سول ئىككى پارچە يېرىم شارچىسىنىڭ بۇنىداق بىر بىرىگە ماسلىشىشى ئىنسانلارنى تارىختىن بۇيان ئەڭ ئۇلۇغ تەلىماتلارنىڭ بىرى بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزى ئادەملەرنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى تالانتلىق ئالىملارنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ كاللىسى تالانتلىق ئالىملارنىڭ كاللىسىنىڭ يېرىمىچىلىكمۇ ئىشلىمەيدۇ، مېڭىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئالىملار دۇنيا بويىچە مېڭىسى ئەڭ ئېغىر بولغان بىر ئادەمنى تەكشۈرگەن، ئۇنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى 2800 گىرامدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ ئەقلىي پائالىيەتلەردە كاللىسى ئىشلىمەيدىغان "دۆت" بولۇپ چىققان.

دېمەك، ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى مېڭىسىنىڭ چوڭ-كىچىك-لىكى، ئېغىر يەڭگىللىكى بەلگىلىمەيدۇ.

بەزىلەر ئەقلىي قابىلىيەتنى مېڭىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بەلگىلىمىگەن بىلەن مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى بەلگىلەيدۇ، مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى قانچە زور بولغانسېرى ئەقلىي قابىلىيەت شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئالىملار بۇ پىكىرلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن كۆپلەپ سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ باردى. مەسىلەن، تەتقىقات جەريانىدا پىلنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى 1/560 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، ئىتنىڭ 1/250 ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، كىتنىڭ 1/1400 ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، ھالبۇكى، ئادەمنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى $\frac{1}{38}$ بولۇپ، يۇقىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقى

ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ نەپەس ئالدۇرىدۇ، ئۇ يەنە دېڭىزدا خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىغان سۇ ئۈزگۈچىلەرنى ۋە كېمە غەرق بولۇپ كېتىش تۈپەيلىدىن بالا-قازاغا ئۇچرىغۇچىلارنى قۇتقۇزىدۇ. ئۇ ھەتتا تەربىيىلەنسە، دېڭىزدا ئۆلچەش ئەسۋاپلىرىنى ئېلىپ ئۈزىدۇ، دۈشمەننىڭ سۇ ئاستى ۋە باشقا پاراخوتلىرىنى رازۋېتكا قىلىدۇ. بېلىقچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەربىيىلەش ئارقىلىق "بېلىق بېقىش" خىزمىتى ئۇنىڭغا يۈكلىنىشى مۇمكىن. يۇقىرى دېمە، يونۇس بېلىقنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يۇقىرى دېسە بولىدۇ، لېكىن، يونۇس بېلىقنىڭ ئەقىللىقلىق دەرىجىسىنى يەنىلا ئادەمنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ يۇقىرىقى ئىشلارنى ئادەم ئۆگەتكەندىن كېيىن قىلالايدۇ. ھەممىگە مەلۇم، دۆت ئادەم ھەرقانچە دۆت بولسىمۇ، ئۇنىڭ چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىدە ئوخشاشلا ناھايىتى نۇرغۇن ئېرىقچە-بۇدۇرلەر بولىدۇ.

دېمەك، ئېرىقچە-بۇدۇرلەرنىڭ ئاز-كۆپلىكى ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، لېكىن، ھەل قىلغۇچى ئامىل ئەمەس.

يۇقىرىدا بىز باشنىڭ سىياقى، باشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، چوڭ مېڭىنىڭ ئېغىر-يەڭگىللىكى، مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى، مېڭىدىكى ئېرىقچە-بۇدۇرلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكى قاتارلىقلارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ ئامىل بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردۇق. ئۇنداق بولسا، ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل نېمە؟

تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مېڭىنىڭ بۆلۈنۈش تەرەپتىكى تەرەققىياتى بارغانسېرى ئىنچىكىلەشكەن، مېڭىنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ بارغانسېرى مۇرەككەپلەشكەن، جانلىقلارنىڭ ھەرىكىتىنى تېزگىنلەپ تۇرىدىغان "قۇماندانلىق شتاب" مۇ چوڭ مېڭىگە يۆتكەلگەن. مېڭىگە تېخىمۇ كۆپ خەۋەرلەرنى سىغدۇرۇش، مېڭىنى مۇرەككەپ خەۋەرلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ ھەجمى كېڭىيىشكە مۇھتاج بولغان. ئىرىقچە-بۇدۇرلەر يەنە شۇنداق "ئارقا كۆرۈنۈش" ۋە "زۆرۈرىيەت" ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدا جانلىقلاردىلا بولىدىغان بىر خىل "تىرىشچانلىق"، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالىيلاشقانلىقىنىڭ بىر ئالامىتى.

شۇنداق بولغاچقا، قارىماققا ئادەمنىڭ مېڭىسى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنى ئېچىپ يايىدىغان بولساق، ئۇ تەخمىنەن 2250 كۋادرات سانتىمېتىر بولۇپ، بۇ، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ نۇرغۇن خەۋەرلەرنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ماددىي شارائىتى. بۇنى ئادەتتىكى جانلىقلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئىرىقچە-بۇدۇرلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئەقىل بەلگىسى بولالمايدىغانلىقى نۇقتىسىنەزەرى بويىچە ئېيتقاندا توغرا ئەمەس. مەسىلەن، يۇنۇس بېلىقىنىڭ مېڭىسىدىكى ئىرىقچە-بۇدۇرلەر ئادەمنىڭكىدىن كۆپ. يۇنۇس بېلىقى ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئىنتايىن ھوشيار كېلىدۇ. ئۇ نەسىلداشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ، يارىدار بولۇپ قالغان ھەمراھلىرىنىڭ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى سۇ

قوچلىرىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، بوۋاق تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق بولغىچە داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاخلاپ ئايرىلىش ھالىتىدە تۇرغان مېڭە ھۈجەيرىلەردىن تەدرىجىي ھالدا "ئۆسۈكچە" لەر ئۆسۈپ چىقىپ، ھۈجەيرىلەر ئارىسىدا باغلىنىش ۋە سىگنال يەتكۈزۈش سىستېمىسى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق باغلىنىش بالا ئۈچ ياشقا كىرگۈچە 70-80 پىرسەنت ئورۇنلىنىدۇ. مۇشۇ جەرياندا نېرۋا سىستېمىسى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقاچقا، نېرۋا سىستېمىسى ئەۋرىشىمچانلىققا ئىگە بولۇپ، تاشقى مۇھىتنىڭ غىدىقلاش تەسىرىنى ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا مۇشۇ مەزگىلدە نېرۋا سىستېمىسىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئوزۇق ۋە ئىجتىمائىي سىگنال بىلەن تەمىنلىگەندە، ھۈجەيرە تېنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ھۈجەيرە تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىششىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئەقىل قۇرۇلمىسىدىكى ئوخشىمىغان ئامىللارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى "ھالقىلىق باسقۇچ" ئوخشاش بولمايدۇ، بالىنىڭ بىر يېرىم ياش ۋاقتى تىل قابىلىيىتىنىڭ "ھالقىلىق باسقۇچى" بولسا، تۆت ياش ۋاقتى ئوبرازلىق ئىدراك قىلىشنىڭ "ھالقىلىق باسقۇچى" بولىدۇ.

ھازىر ئەقىل قۇرۇلمىسىدىكى ئامىللارنىڭ يېتىلىشىدىكى "ھالقىلىق باسقۇچ"لار توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشلار بولسىمۇ، ئەمما "ھالقىلىق باسقۇچ"نىڭ بارلىقىدا شەك يوق. مۇشۇنداق ھالقىلىق باسقۇچلاردا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى يەنىلا ئىنسانلار چوڭ مىڭىسىنىڭ مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ بەردىكى، چوڭ مېڭە تەرەققىياتىنىڭ

## 2) ئەقىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەمەلىيەت

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەمنىڭ تۆت ئەزايى تەنھەرىكەت ياكى مۇۋاپىق جىسمانىي ئەمگەكلەر ئارقىلىق چېنىقىقانسېرى كۈچلۈك بولىدۇ. سپورتچىلار بىلەن سپورتچى ئەمەسلەرنىڭ، ئۇسسۇلچىلار بىلەن ئۇسسۇلچى ئەمەسلەرنىڭ تۆت ئەزايىدىكى پەرق بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەقىلنىڭ تەرەققىياتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى پەقەت ئىنسانلار ئەمەلىيىتىلا ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. ئالىملار تەجرىبىلەرگە ئاساسەن مېڭىنى ئىشلەتكەنسېرى كۈچىيىدۇ، ئىشلەتمىگەنسېرى ئاجىزلايدۇ دېگەن خۇلاسىغا كەلگەن. نۇرغۇن ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندىمۇ كىشىلەرنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىغا ئاللىقانداق روھ ياكى باش سۆڭىكىنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشى، پېشانىسىنىڭ كەڭ-تار بولۇشى، قوللىرىدىكى سىزىقچىلارنىڭ قانداق شەكىلدە تۇرۇشى قاتارلىقلار تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى چىدامىلىق بىلەن قانۇنىيەتلىك ئېلىپ بارغان تەنتەربىيە، ناھايىتى ياخشى بولغان ئۇزۇقلىنىش، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش قاتارلىق تۈرلۈك مەۋجۇت ئامىللار تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ماددىي ئاساس — نورمال چوڭ مېڭە مېخانىزمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئەمەلىيەت داۋامىدا پەيدىنپەي ئورۇنلىنىدۇ. كىشىلەر ھاياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋردە "ھالقىلىق باسقۇچى" بولىدۇ. بەزى ئىقتىسادشۇناسلار بۇ مەزگىلنى "بىخلىنىش باسقۇچى" دەپ ئاتايدۇ. فىزىئولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم مېڭىسى ھۇجەيرىلىرىنىڭ شاخلىشى ھامىلدارلىقنىڭ ئاخىرقى باس-

كىچىككى ئامارا ئىككى ياشتا ئۆلۈپ كەتكەن، چوڭى كامارا 16 ياشـ قىچە ياشىغان. كامارا تۆت يىل ـ دا ئاران ئالتە سـۆز ئۆگەنگەن. بىر نەچچە ئاددىي سۆزنى ئاڭلىيالايدىغان بولغان، يەتتە يىل ئىچىدە 45 سۆز ئۆگەنگەن ھەمدە بىر نەچـچە ئىغىز گەپـنى قىلىشنى تەسلىكتە ئۆگىنىۋالغان. كامارا ئۈچ يىلدا كەچـتە ئۇخلاشـقا ئادەتلىنەلىگەن، قاراڭغۇدىـن قورقىدىغانـمۇ بولغان. لېكـىن شۇ چاغـدا كامارا چوڭ قىز بولۇپ قالـغان بولسـىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلـيىتى ئاران 3 ـ 4 ياشلىق بالىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان.

"بۆرە بېـقىۋالـغان بالـلار"، "ئېيىق بېـقىۋالـغان بالـلار"، "مايمۇن بېقـىۋالـغان بالـلار" ۋەقەلـرى نېمـىنى چۈشەنـدۈرىدۇ؟ ئادەمـنىڭـكىـدەك مېڭە بولغان بىلەن ئادەمـنىڭـكىـدەك ئەقـل بارلىققا كەلمەيـدۇ، ئەقـل ئىنسانـيەت جەمئىـيىتىدىـكى ئەمەلـىي پائالىيەتلەردىن ئايرىلغاندا يېتىلەلمەيدۇ. ھېلىقى ئىككى قىز بالدۇر نەچچە 100 مىليون يىلدىن بۇيانقى تەدرىجىي تەرەققىيات مىراسى — چوڭ مېڭە بار بولسـىمۇ، تۇرمۇشتـىكى بىتەلەيلىكـىدىن ئانـىدىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن كىچىكىدىلا ئايرىلىپ قېلىپ بۆرە ئارىسىدا ياشىغانلىقى ئۈچـۈن، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەنـلەپ كەتـكەن. قانچە تەربىيـلەنگەن بىلەنمۇ ئادەمـلىك تەپـەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىپ، رەسمى ئادەم قاتارىغا كىرەلمىگەن.

بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تاغلارغا قېچىپ كېتىپ ياۋايىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن ياپونلۇق خېنگجىك جۇاڭيى 28 يىل ئۆزى يالغۇز ياۋايـلىق تۇرمۇشـنى بېشـىدىن كەچـۈرگەن بولسىمۇ، كىشىلىك جەمئىيەتـكە قايتىپ كېلـىپ 82 كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا نورمال ئادەملەردە بولىدىغان تۈرلۈك قابىلـيەتلەرنى ئەسـ

هالقىلىق باسقۇچلىرىدا ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئايرىلغان ئادەمدە نورمال چوڭ مېڭىنىڭ مېخانىزمى بولمايدۇ. دۇنيا بويىچە ھازىر-غىچە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئايرىلغان 30 نەچچە بالا تېپىلدى، بۇ بالىلارنى تۇرلۇك ھايۋانلار بېقىۋالغان بولۇپ، ئۇلار قايسى خىلدىكى ھايۋانغا بالا بولغان بولسا، شۇ ھايۋاننىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئالغان. ئېيىق بېقىۋالغانلىرى خۇددى ئېيىقتەك تۆت پۇتلاپ پۇلاڭلاپ ماڭىدىغان ئېيىقسىمان ئادەمگە، مايمۇن بېقىۋالغانلىرى خۇددى مايمۇندەك دەرەخلەرنىڭ شېخىدا سەكرەپ يۇرۇيدىغان مايمۇنسىمان ئادەمگە ئايلانغان. ھىندىستاندىن تېپىلغان ئىككى قىز بالىنى نۇقتىلىق مىسالغا ئالايلى.

ئامېرىكىلىق سىنگىر دېگەن كىشى ھىندىستاننىڭ كالكوتتا ئىشتاتىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى كىچىك شەھەر مىدناپورغا يېقىن ئورمانلىقتىن بۆرە "بېقىپ" چوڭ قىلغان ئىككى قىز بالىنى تاپقان. ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ چوڭىغا كاراما، كىچىكىگە ئامارا دەپ ئات قويغان.

بۆرە بېقىۋالغان بۇ ئىككى بالىنىڭ مېڭىسى ئاناتومىيە جەھەتتىن ئادەم مېڭىسىگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئادەم سىياقىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئادەمگە خاس ھەقىقىي ئالاھىدىلىكنى يوقاتقان. ئۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ، بۆرە بىلەن بىللە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، سۆزلىيەلمەيدۇ، ئەمگەك قىلالمايدۇ، ئۆزى ئادەم تۇرۇقلۇق ئادەمگە يېقىن بارالمايدۇ، يالغۇز ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، تاماق يېگىلى ئۇنىمايدۇ، گۆشكە، بولۇپمۇ خام ۋە پۇراپ قالغان گۆشكە ئامراق، ئۇلار ھەر كۈنى كەچ سائەت ئۈچتە بۆرىگە ئوخشاش بېشىنى سوزۇپ ھۇۋۇ-لايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا.

رەسىم سىزىش ئەقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئەڭ نوبدان تەبىئى
خۇسۇسىيەتكە ئىگە بالا ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدە ئاددىيلىقتىن مۇرەك-
كەپلىككە قاراپ ئىلگىرىلىمەيدىغان، قاتتىق تەربىيە كۆرمەيدىغان ۋە
قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭمۇ مەشھۇر رەس-
سام بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بىللە
چۈشىدىغان تۇغما تالانت مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس.

ئالىملار ئەقىلنىڭ ئەمەلىيەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارىدى-
غان-بارمايدىغانلىقى ھەققىدە تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ
بېرىش ئارقىلىق، چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئىككى خىل ئۆگىنىش
ياسايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئالىملارنىڭ قارىشىچە: ئۆگە-
نىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىسىدا، ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ ھۈجەيرىلىرى
ئارىسىدىن يېڭى بىر خىل "بىخ" ئۆسۈپ چىقىدۇ. مېڭىنى قانچە
كۆپ ئىشقا سالغانسېرى بۇ بىخلار شاخلاپ ئەقلىي قابىلىيەت مۇۋاپىق
تۈردە ئۆسۈپ بارىدۇ. مېڭىنى ئۇزاققىچە ئىشلەتمەي يۈرگەندە،
بۇنداق بىخ سولۇشۇپ كېتىدۇ-دە، ئەقلىي قابىلىيەت تۆۋەنلەيدۇ.

ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ نېرۋا ھۈجەي-
رىلىرى بىر-بىرىگە تۇتاش بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ئىنتايىن
تار ئارىلىق بولىدۇ. بىر نېرۋا ھۈجەيرىسى بىلەن يەنە بىر نېرۋا
ھۈجەيرىسى ئۇلىنىدىغان جاي ئۆسۈكچە تېگىشمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.
كىشىلەرنىڭ خاتىرە قىلىشى، قىسقا مۇددەتلىك خاتىرىدىن ئۇزاق
مۇددەتلىك خاتىرىگە ئۆتەلىشى ئۆگەنگەن ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈز-
گەنىنىڭ بىر خىل "ئېلېكتر دولقۇنى شەكلى"دىن ئۆسۈكچىلەر تېگىش-
مىسىنىڭ ئاناتومىيىلىك قۇرۇلمىسىغا ئۆتۈپ ئۆزگىرىش ھاسىل
قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا

لىكە كەلتۈرگەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار ئىسپاتلاپ بىرىدۇكى، ئادەم مېڭىسى بولغان بىلەنمۇ ئۇ مېڭە يەنە ھاياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى — "ھالقىلىق باسقۇچى"دا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىپ، تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مېڭە نورمال ئادەمنىڭ مېڭىسى بولۇپ شەكىللىنىپ، ئەقلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ماددىي ئاساس بولالايدۇ. ئۇنداق ئىكەن، "ھالقىلىق باسقۇچ"تىن كېيىنكى ئەقىل تەرەققىياتىدا يەنىلا ئەمەلىيەت ھەل قىلغۇچ ئامىل بولامدۇ-يوق؟ بۇنىڭغىمۇ ئالىملار ئەقىل ۋە تالانت ئەمەلىيەت داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ بارالايدۇ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلسا، تەرەققىي قىلالمايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئېلاستىكلىقى، ئىككى خىل نېرۋا پائالىيىتى جەريانى (غىدىقلىنىش، تورمۇزلىنىش)نىڭ كۈچلۈكلىكى، تەڭپۇڭلۇقى ۋە جانلىقلىقى ھەم ئىككى خىل سىگنال سىستېمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىپى (تەپەككۇر تىپى ۋە سەنئەت تىپى) قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ بىلىم ۋە ماھارەت ئىگىلىشىنىڭ سۈرئىتى، توغرىلىقى ۋە مۇستەھكەملىكىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىجەھەتتىكى بەزى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن، بۇ ئەقىل تەرەققىياتىنى مەڭگۈلۈك ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىل ئەمەس، شۇڭا، توغما قابىلىيەتنىڭ ئادەم ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولىنى ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىۋەتسەك بولمايدۇ، ئاۋازى ناھايىتى ياخشى بىر بالىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەت جەريانىدا مۇزىكا رېتىمىنى توغرا چىقىرىشىنى ئۆگىنىۋالماي تۇرۇپ، ناخشىچى بولالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ئەستە تۇتۇش پائالىيىتى ئارقىلىق ھۆجەيرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆسۈكچىلەر ئارقىلىق باغلىنىش مۇستەھكەملىنىدۇ، ئەستە تۇتۇش زۆرۈرىيىتى بولغان ئەشۇ سان مېڭىنىڭ تېگىشلىك ئورنىدا ئەنگە ئېلىپ ساقلىنىدۇ. بىزگە قاچاندا لازىم بولسا، شۇ ئەنگە ئېلىنغان ساننى خالىغانچە ئېلىپ ئىشلىتەلەيمىز. بۇ يەردە يادىغا كەلتۈرۈش، تونۇش، ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىشتەك ئەقلىي پائالىيەت ئايلانمىسى ھاسىل بولىدۇ. بۇ ھال ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىسپاتلايدۇ.

بەزىلەر ئەقىلغۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆسۈپ بارىدىكەن، ئۇنداق بولسا، تارىختىنىڭ ھەممە دەۋرىدە كىشىلەر ئوخشاشلا ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تۇرسا، نېمىشكە ئەقىل بىراقلا تەرەققىي قىلالمايدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەمنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىيات شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئادەم ئەقلىنىڭ يېتىلىشىمۇ دەۋر چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئىنسانلار سوغاقتىن مۇداپىئەلىنىشتە دەسلەپ ئۆگكۈرگە كىرىۋېلىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئەڭ ئاددىي كەپە سېلىۋېلىشنى ئۆگەنگەن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم-كېچەك تىكىۋېلىشنى ئۆگەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئەقلى كەپىگىلا يېتەتتى، ئۇ چاغدا ئېگىز بىنالارنى لايىھەلىگۈچىنىڭ بارلىققا كېلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنىڭدەك مودا كىيىم-كېچەك لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ بولۇشىمۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش، ئىلىم-پەن تەرەققىياتى شۇنداق بولۇپلا قالماستىن،

ئۆسۈكچىلەر تېگىشمىسىدىن يېڭى "بىخ" چىقىدۇ-دە، نېرۋا شاخچە
لىرى سەمرىپ يوغىنايدۇ. ئەگەر مېڭە ئۇزاققىچە ئىشلىتىلمىسە، بە
يېرىنگلەپ قالىدۇ-دە، ئەقىل تۆۋەنلەيدۇ. ئالىملارنىڭ بۇ قارىش
گەرچە قىياس باسقۇچىدا تۇرسىمۇ، لېكىن ئېلېكترونلۇق مىكروس
كوپ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان كۆزىتىشلەر ۋە باشقا بىرمۇنچە پاكىت
لار بۇنداق قىياسنىڭ ئاساسى پۇختا ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە
ئىسپاتلىدى. ئالايلۇق، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدەك، بالىلار "ھا
قىلىش باسقۇچ"تىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ نېرۋا ھۈجەير
لىرى يەنىلا ئاددىي ھالەتتە تۇرغاچقا پېكىر قىلىشى ئاددىي بولىدۇ
ئۇلار چوڭ بولغانسېرى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىسىدا نېرۋ
تالالىرىدىن نۇرغۇنلىغان شاخچىلار ئۆسۈپ چىقىپ ئۇلارنىڭ كالل
بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىدۇ. سانى ناھايىتى كۆپ بولغان بۇنداق
نېرۋا شاخچىلىرىدىكى ھۈجەيرىلەر "ئۆسۈكچە" ئارقىلىق ئۆزئار
باغلىنىپ نېرۋا تۈركۈملىرى ھاسىل قىلىدۇ. نېرۋا تۈركۈملىرى
چوڭ مېڭىدە مۇناسىپ بولغان نېرۋا تۈركۈملىرىنىڭ ئۆزئارا باغلى
نىشىنى ھاسىل قىلىپ ناھايىتى زور بولغان نېرۋا سىستېمىسىنى
ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سىستېما ئارقىلىق ئۇچۇر سىگناللىرى يەتكۈزۈ
لىدۇ، ساقلىنىدۇ ۋە پىششىقلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر تېلېفون نومۇرىنى
ئەستە تۇتۇپ قالماقچى بولساق، ئۇنىڭغا مۇناسىپ نېرۋا ھۈجەيرىلىرى
تۈركۈمى قوزغىلىدۇ. بىرىنچى قېتىم ئەستە قالدۇرماقچى بولغىنى
مىزدا تېلېفون نومۇرىنىڭ بىر كۆلەڭگە ئىزى قالسا كۆپ قېتىم
ئەستە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلگىنىمىزدە كۆپلەپ ئىز قالىدۇ-دە،
مۇشۇنداق تەكرارلىنىش ئارقىلىق بىز ئۇ تېلېفون نومۇرىنى ئەستە
تۇتۇۋالىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كۆپ قېتىم تەكرارلانغان

بىزگە، بىر تەرەپتىن، تالانتلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئاجايىپ شەرەپ-
لىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تالانتلىق
ئادەم بولۇشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

بىز بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئوڭاي چۈشىنىش ئۈچۈن، تالانتلار-
نىڭ يېتىلىشىگە قاراپ باقايلى، مەشھۇر پەيلاسوپ روسسفو نامرات
ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئۇ نامراتلىق، سەرگەردانلىق كۈنلەردىمۇ
كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگىدەك غەيرەت بىلەن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ ئۇلۇغ ئادەمگە ئايلانغان. مەشھۇر ئىتالىيان فىزىكى فېرمى
بالىلىق دەۋرىدە ئائىلىسىدە غۇربەتچىلىكتە ئۆتتىسىمۇ، ئۇ تۇرمۇشنىڭ
ھەممە ھەلەكچىلىكلىرىگە بەرداشلىق بەرگەن. قىش زىمىستاندىمۇ
كېچىدە كوچىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. ئاخى-
رىدا ئالىملىق تاجىنى كىيگەن.

دۇنياغا مەشھۇر فىزىك، خىمىك، پەيلاسوپ نيۇتون تېخىمۇ
شۇنداق: ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئائىلىسى ناھايىتى نامرات
بولغان، ھەتتا تېخى ئائىلىسىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا قۇربىتى
يەتمىگەچكە مەكتەپتىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. ئەمما، ئۇ ناھايىتى
زور تىرىشچانلىق ۋە يۈكسەك ئىلمىي تەشنالىق بىلەن قىزغىن ئۆگەن-
گەن. قوي باققان چاغلىرىدا دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ،
باش كۆتەرمەي كىتاب ئوقۇغان، بەزىدە قويلىرى خەقنىڭ زىرا-
ئەتلىرىگە كىرىپ كەتسىمۇ سەزمەي كىتاب ئوقۇۋەرگەن. ئانىسى
نيۇتوننى خىراجەت قىلىش ئۈچۈن دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇ-
لاتلىرىنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ كېلىشكە بۇيرىغاندا نيۇتون
مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەردىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ
كېلىپ ئوقۇغان، ئۇ ئانىسىدىن كۆپ قېتىم تىل ئىشىتكەن. ئۇ

سىياسىي ۋە پەلسەپە تەرەققىياتىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان.

شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ راھەت ھوجرىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشماي، ئەتىدىن كەچكىچە خىيالغا چۆكۈپ، بۈگۈن بىرەر نەرسىنى ئىختىرا قىلىپ، ئەتە يەنە بىرەر نەرسىنى ئىجاد قىلىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغىدەك بىرەر مۆجىزە ياراتماقچى بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۆتكۈر چاغلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ئىنسانلار ئەقلىنىڭ يېتىلىشى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

شۇڭا، بىز ئەقىل تەرەققىياتىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش بىلەن بىر چاغدا، يەنە كونكرېت دەۋرى شارائىتى، ھەر بىر كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشىمىز كېرەك.

### 3) تالانت ۋە تىرىشچانلىق

يۇقىرىقىلاردىن بىز ئەقىلنىڭ مەنبەسى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئەقىلنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇنداق بولسا تالانتنىڭ مەنبەسى نېمە؟ ئۇنى قانداق يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ؟

بىز تالانتلىق ئادەملەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تۆھپىلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدىغان سىمۋولى نامايان بولىدۇ. بۇ سىمۋول

پىرسەنت چىچەنلىك بىلەن 98% تەرەققىي يېغىندىسىدۇر» دېگەن.

ئالىملارنىڭ ئەشۇنداق جاپالىق ئۆگىنىش ۋە تالانتنى تىرىشچانلىق بىلەن يېتىلدۈرۈشنى قەتئىي تۈردە شەرت قىلىپ قويۇشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تالانت دېگەن ئالدىقانداق سۆزمەنلىك، سۇنئىي بىلەرمەنلىك بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ تۇغما ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىدىكى تۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەقىل قۇرۇلمىسىغا مۇكەممەل دەرىجىدە بىرىكىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانت يېتىشتۈرۈش، ئۇلۇغ ئىلىم-پەن مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىش ھورۇنلارنىڭ قولىدىن مەڭگۈ كەلمەيدۇ، تالانت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇستىكارلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپمۇ قويمايدۇ. تالانت — ئەمگەكنىڭ جۇغلانمىسى، جاپالىق ئەمەلىي تىرىشچانلىقنىڭ جۇغلانمىسى.

ئۇنداق بولسا بىز بۇنداق جۇغلانمىغا ئىگە بولالايمىزمۇ؟

جەزمەن ئىگە بولالايمىز، چۈنكى ئۇزاق مۇددەتلىك تەدرىجىي تەرەققىيات ھەممىمىزگە ئادەم تەبىئىتىنى ئىنئام قىلدى. مېھنەت بىزگە ئەپچىل ئىككى قولنى ئاتا قىلدى، مېھنەت ئىنسانلارنىڭ يۈكسەك ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن گۈزەل كەلگۈسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەردى، مېھنەت ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىنى قۇرۇشقا، ئۆز ئەۋلادلىرىغا شانلىق مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىشكە ئىمكانىيەت بەردى. ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئەزاسى — مېڭىمۇ مېھنەت جەريانىدا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، ئۇ يەنىلا مېھنەت جەريانىدا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ ھال ھەممىمىزگە ئورتاق، ھەممىمىز

خىزمەتكە كېيىنىرەك قاتناشقان، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنىداق بولغان. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئېيتقانىدەك، "ئۇنىڭ كىچە سائەت 2 ـ 3 لەردىن ئىلگىرى ئۇخلايدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز بولغان، بەزىدە سائەت 5 ـ 6 لەرگىچىمۇ ئۇخلىمىغان...بولۇپمۇ باھار پەسلى ياكى يوپۇرماق چۈشىدىغان مەزگىللەردە ئالتە ھەپتە داۋاملىق تەجرىبىخانىدا بولغان، ئۇ ئۆزىنىڭ خىمىيە تەجرىبىسىنى قىلىپ بولغىچە نەچچە ـ نەچچە كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەن" بىز بۇ يەردە گەرچە ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر نامرات ئالىملارنى مىسالغا ئالغان بولساقمۇ، ئىقتىسادى ياخشى بولغان ئالىملارنىڭ تالانتىمۇ ئاجايىپ تىرىشچانلىقتىن ئايرىلالمايدۇ.

دېمەك، ئالىملارنىڭ ئىختىرالىرى ئالدىقانىداق تەلەي ياكى ئاللىقانداق بىر كۆرۈنمەس كۈچنىڭ ئىلتىپاتىدىن ئەمەس، بەلكى تىرىشچانلىقتىن، مېھنەتتىن كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئالىملار ۋە ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولغان دانا يولباشچىلار ئەقىل ۋە تالانت ئۇستىدە توختالغانلىرىدا مېھنەت ۋە تىرىشچانلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. مەسىلەن، لۇشۈن: "ئەمەلىيەتتە تالانت ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭمۇ تۇغۇلغان چاغدىكى تۇنجى يىغا ئاۋازى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ياخشى شېئىر بولمايدۇ" دېسە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئىنقىلابىي يازغۇچىسى گوركى: "تالانت دېگەنلىك ئەمگەك دېگەنلىكتۇر، ئىنسانىنىڭ تۇغما زېھنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆچۈشى مۇمكىن، كۆيۈشىمۇ مۇمكىن، لېكىن، ئۇنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك، يەنە ئەمگەكتۇر" دېگەن. ئىختىراچىلارنىڭ پېشىۋاسى، ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى ئېدىسونمۇ "تالانت ئىككى

قىلدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى توغرا تاللىۋېلىپ، يېڭى ھايات قۇرۇش
يولىدا ئەقلىنى چېنىقتۇرۇش كېرەك. بۇنداق زېھنى چېنىقىشنى
تەنھەرىكەت مەشقىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئەگەر سىز تەنتەربىيىنىڭ
مەلۇم تۈرىدە چېمپىيون بولۇشنى نىيەت قىلسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا ھەر
كۈنى دېگۈدەك كۈچىڭىزنىڭ بېرىچە مەشىق قىلىشىڭىزغا، ئەمەلىيەت-
تىن ئۆتكۈزۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىز ئىجتىمائىي ئالاقى-
نىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈنلا سەتكە توپ ئويناشنى ئۆگەن-
مەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئازراق ئاساسىي ساۋاتقا ئىگە بولسىڭىزلا
بولىدۇ. توپ ئوينىغاندىكى ھەربىر قەدەم، توپ ئۇرۇش بۇلۇڭ
گرادۇسى ۋە ئويناش ئۇسۇلىنىڭ سىلىق بولۇشى قاتارلىقلارنى
ئانچىكى تەڭشەپ قويسىڭىز توپ ئويناش تېخنىكىڭىز زور دەرىجىدە
ئۆسۈپ قالىدۇ. مېڭە ئىشلىتىشمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش
بولۇپ، مېڭە ئىشلىتىش ئۇسۇلىڭىزنى سەل-پەل ئوڭشاپ قويسى-
ڭىزلا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز، ئۇنداق بولسا ئەقلىنى
چېنىقتۇرۇپ، تالانت يېتىشتۈرۈشتىكى ئاساسلىق مەسىلە نېمە؟

ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى ئەقلىنى ئەتراپلىق تەرەققىي
قىلدۇرۇش ۋە تالانتنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ پسىخىكى-
سىدىكى تۆرلۈك توسالغۇلارنى تۈگىتىش ناھايىتى جىددىي مەسىلە
دەپ قارايدۇ. ئىنسانلار ئۆتۈپ كەتكەن ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا
گەرچە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىرىنى ئەقىل چىرىغى ئاستىدا يېڭىلاپ
ماڭغان ۋە ئەقىل چىرىغىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتتىن ئىبارەت رادار
نۇرى بىلەن توسالغۇلۇقلارنى يېڭىپ ئۆز تارىخلىرىنى ياراتقان
بولسىمۇ، ئۆز نەزىرىنى كۆپ ھاللاردا ماددىي نەمەتلەرگە قاراتقان-
لىقتىن، ئەقلىي دۇنيانىڭ گۈزەللىك كامالىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا

تىرىشىدىكەنمىز تالانت غۇنچىسىنى ئۆزەلەيمىز. بۇ يەردىكى گەپ ئەقىلنى چېنىقتۇرۇشتا.

بەزىلەر، جىن شېڭگىرۇڭ 100 كۈنلۈك بولغاندا سۆز قىلغان، ئىتالىيان شائىرى دانتى توققۇز يېشىدا شېئىر يازغان، ئاۋىستىرالىيەلىك كومپوزىتور بىتخوۋىن 13 يېشىدا ئۈچ ئاھاڭلىق مۇزىكا ئىجاد قىلغان، فىرانسىيىلىك پەيلاسوپ ۋە ئالىم پاسكال 13 يېشىدا مۇتەپەككۇر بولۇپ چىققان، ئەنگلىيىلىك ماتېماتىك مامىلتون بەش يېشىدا لاتىن يېزىقى، گرېك يېزىقى ۋە ئىبراي يېزىقلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولغان، مۇشۇنىڭغا قارىغاندا تۇغما تالانت بار، ئۇنى بەرھەق تەڭرى ئۆزى شەپقەت قىلغۇسى كەلگەن بەندىسىگە بەرسە كېرەك، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. دۇرۇس، بۇ يەردە يۇقىرقىلارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈنلۈكى دەسلەپكى ئەقلىي تەربىيە ۋە ياخشى يېتىلىش موھىتىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ تۇغما ئامىلغىمۇ باغلىق، لېكىن، بىر ئادەمنىڭ "ھالقىلىق باسقۇچ" تىكى مېڭە تەرەققىياتى ياخشى بولدى دېگەندىمۇ، ئۇ پەقەت ئەقىل تەرەققىياتى ئۈچۈن سېلىنغان ئاساس بولىدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرمايدىكەن، ئۇنىڭ "ھالقىلىق باسقۇچ"تا ياخشى يېتىلگەن چوڭ مېڭىسى تەرەققىي قىلماستىن، بەلكى چېكىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا كىچىك چاغدىكى "ھالقىلىق باسقۇچ"نى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، كېيىنكى كۈنلەردىكى ئەقلىي چېنىقىشنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىك كېرەك. ئەقىلنى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەقىلنى تەرەققىي

"پۈتلىكاشاڭ" ئەينى زاماندىكى يولنى توسىۋالغان پۈتلىكاشاڭلارلا بولماستىن، بەلكى تۈرلۈك تېخنىكا ئەسلىھەلىرىدە كۆرۈلىدىغان پۈتلىكاشاڭلارنى، تۈرلۈك ئاپپاراتلار ۋە باشقۇرۇش سىستېمىلىرىدىكى ئۈنۈمسىزلىكلەرنى، خىزمەتلەردە ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە كۆرۈلىۋاتقان ماجىرالار، ئوڭۇشسىزلىقلار، خاتالىق-سەۋەنلىكلەر ۋە مەسىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ "پۈتلىكاشاڭ"لارنىڭ بۇرۇن بىز يولۇققان ھەممىدە ھەل قىلىپ كەتكەنلىرىمىزمۇ بولىدۇ. بۇرۇن بىزگە ئۇچرىمىغان ھەممىدە تېخىچە ھەل قىلىپ كېتەلمىگەنلىرىمىزمۇ بولىدۇ. بۇرۇن ئۇچرىغان ھەممىدە ھەل قىلىپ كەتكەن دېگەن مەسىلىلەرگىمۇ ھازىرقى كۈندە ئۆتمۈشتىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە چاققان ئۇسۇللار ئارقىلىق يېڭىباشتىن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، گەرچە تۈرلۈك ماددىي شەرتلەر زۆرۈر بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەت زۆرۈر بولىدۇ، چۈنكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ماددىي شەرتلىرى ياخشى پىلان، لايىھەنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەرپا قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۈنۈملۈك پىلان ۋە لايىھە پەقەت تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەتنىڭ توسالغۇلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن شەكىللىنەلەيدۇ. ئاندىن قالسا "چىقىرىپ تاشلاش"قا بولغان چۈشەنچە، يەنى توسالغۇلارنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھازىرقى كۈندە بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. "پۈتلىكاشاڭ"لار خاراكتېر ۋە تۈر جەھەتلەردىن ياڭزىمۇياڭزا بولۇپ كەتكەنلىكتىن، دۈچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى بىر خىل پوزىتسىيە، ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بەلكى شۇنىڭغا لايىق قابىلىيەت ۋە ۋاسىتىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىگە

توسالغۇ بولىدىغان پسىخىك ھادىسىلەرگە ئانچۇۋىلا دىققەت قىلمىغان-
سەل-پەللا ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، ھازىرقى كۈندە پسىخىك
ھادىسىلەرنىڭ ئەقىل ۋە تالانتنىڭ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان-
لىقىنى كۆپ تەرەپلەردىن بايقاپ ئالالايمىز.

ئالايلۇق، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كىشىلەر ھە دېسىلا تۇرالغۇ
ئۆيلىرىنىڭ تار-كىچىكلىكىدىن، مۇھىتنىڭ قىسقاڭچىلىقىدىن، يوللار-
نىڭ راۋان بولماسلىقىدىن...ۋايسايدۇ، ئەمما، ئۆزلىرىنىڭ ئىچى
تارلىقىدىن، نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقىدىن، باشقىلارنىڭ قابىلىقىغا
ھەسەت قىلىدىغان رەشكىنىڭ دىلىنى چىرمىۋالغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ
جاپا-مۇشكۈللەردىن قورقىدىغانلىقىدىن ۋايسىمايدۇ، قىسقىسى،
كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەر-
دىن ۋايسايدۇ ۋە ئۇ توسالغۇلارنى پەيدا قىلغۇچى ئوبيېكتلارغا
قېيىدايدۇ، ئەمما ۋۇجۇدىدىكى ئۆزلىرىنىڭ پىكىر قىلىشىغا، بولۇپمۇ
ئىجاد قىلىپ تالانت كۆرسىتىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان پسىخىك
ھادىسىلەرگە ئانچۇۋىلا ۋايساپ كەتمەيدۇ. قېيىداپ يۈرمەيدۇ.
كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدىكى بۇنداق ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ تەپەك-
كۇرىنىڭ مۇھىملىقىغا، ئىجادىيەتنىڭ رولىغا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەر-
لىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىز نەزىرىمىزنى ماددىي نەرسىلەرگە كۆپرەك تىكىۋالغان
ئۆتمۈش تارىختا شەكىللەندۈرگەن "پۇتلىكاشاڭلارنى چىقىرىپ تاشلى-
غاندا، غولاچ تاشلاپ ئالغا چامدىيالايمىز" دېگەن تونۇشىمىزنى
ھازىرقى كۈندە چوڭقۇرلاشتى دېسەك، ئۇ ھالدا بۇنداق تونۇشىمىزنى
ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىش مۇمكىن. ئالدى بىلەن "پۇتلىكاشاڭ"نىڭ
مەنىسى زور دەرىجىدە كېڭەيگەن بولىدۇ. ئىنسانلار ھازىر ئۇچراۋاتقان

تىۋاتقان ۋە تالانتىنىڭ چېكىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئەڭ جىددىي پىسخىك توسالغۇلارنى نەزەرگە ئالىمىز ۋە ئۇلارنى كىتابىمىزنىڭ پىسخىك «ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھالقىلىرى» دېگەن بابىنىڭ تۆتىنچى پاراگرافىدا قىسقىچە بايان قىلىمىز. تەپەككۇر جەھەتتىكى توسالغۇلارنى تۆگىتىشنى بولسا، بىرىنچى بابتىكى «تەپەككۇر قابىلىيىتى» دېگەن ماۋزۇچاقتىن كۆرۈۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

تۇشلۇق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ، بۇ يەردە، ئۈنۈملۈك بولغان ھەر تۈرلۈك ماددىي قوراللار ۋە تەشكىلات ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش شەرت بولۇپلا قالماستىن، يەنە كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر بىلەن بىللە مەيدانغا چىقىۋاتقان پىسخىك ۋە تەپەككۇر توسالغۇلىرىنى تۈگىتىشكە كېرەك بولىدىغان تۈرلۈك بىلىم، ماھارەت، ئۇسۇللارنىمۇ ئىگىلەشمۇ شەرت بولىدۇ. روشەنكى، كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا كېرەك بولۇۋاتقان ماددىي قورال، پىسخىك ۋاستىلار ۋە تەشكىلىي ئۇسۇل قاتارلىقلار پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ يۈيۈملاشقان كۆرۈنۈشى، يەنى ئۆتكەن كۈنلەردىكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ۋە پىسخىكىسىدا ساقلانغان توسالغۇلارنى تۈگىتىش بىلىم ئېلىش ۋە ئۇنى تەتبىقلاشنىڭ نەتىجىسى بولغانلىقتىن ئىجادكارلىققا يۈزلەنگەن زامانىمىزدا كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىدا، تەپەككۇرىدا ساقلىنىۋاتقان توسالغۇلارنى تۈگىتىش كۈندىن-كۈنگە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولىدۇ. بۇ توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئەنە شۇ ئەقلنى ئۆستۈرۈش ۋە تالانتنى چېنىقتۇرۇشنىڭ، نورمال ئەقلىي قابىلىيەتتىن ئىجادكارلىققا ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر. بۇ توسالغۇلار ئادەمنىڭ پىكىر دۇنياسىدىكى تۈرلۈك تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئەقل ۋە بىلىشكە ياتىدىغانلىرى، خاسلىق ۋە پىسخىك پەزىلەتكە ياتىدىغانلىرى، مۇھىتقا ياتىدىغانلىرى، ماھارەت تەرىپىگە ياتىدىغانلىرى ۋە پەۋقۇلئاددە خاراكتېردىكىلىرى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئۆگىنىش تالانت تەربىيىسى كۇرسىنىڭ سىستېمىلىق پروگراممىسىدا ياكى "ئىجادىيەتشۇناسلىق" ئىلمىنىڭ تەپسىلاتلىرىدا ئاندىن مۇمكىن بولغاچقا، بىز تالانتنىڭ ئۆسۈشكە بېۋاسىتە كۆرسە-

دىكى پەرقلەرنى يوقىتىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى پەرقلەرنىمۇ يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بىلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەمەلىي پائالىيەتلەر ئوخشاش بولمىغان ئەقلىي قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىدۇ. يەنى ئوخشاش بولمىغان تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا ئۈيغۇن بولغان ئەڭ ئەلا ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئالايلۇق، دارۋىن ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىگە مەنسۇپ دەپ قارىغان. ئېينىشتېين ئۆز تەتقىقاتى جەريانىدا تەسەۋۋۇرنى ئىلىم-پەن تەتقىقاتىدىكى ئەڭ ئەمەلىي ئامىل دەپ قارىغان. ئېنگېلس نەزەرىيە تەپەككۇرىنى بەك ئۇلۇغلىغان. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئەقلىدىكى پەرقىنى بىلىش ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئىشلاردا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئەقلىي پەرقنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقى

ئەمەلىي تۇرمۇشتا مىڭلاپ ئادەمنىڭ چىرايىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ بىرسىنىڭ بىرسىنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز. گەرچە بەزىلەرنىڭ چىرايى ئىرسىيەت شەكلىدىك ئوخشاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئوخشاشلىقنى ئىنچىكە تەكشۈرگەندە ھامان يەنە پەرقلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەقلىي پەرقمۇ ئەنە شۇنداق نەرسىدۇر. خاتىرە قابىلىيىتىنى مىسالغا ئالساق، بەزىلەرنىڭ كۆرۈش خاتىرىسى كۈچلۈك بولسا، بەزىلەرنىڭ ئاڭلاش، ھەرىكەت خاتىرىسى كۈچلۈك بولىدۇ. بەزىلەر كىچىك ئىشلارنىمۇ ناھايىتى ئىنچىكە لىك بىلەن

# ئۈچىنچى باب ئەقلىي پەرقلەر

كىشىلەرنىڭ ئەقلىدە پەرق بارمۇ-يوق؟ پەرق بار دەيدىغان بولساق، ئۇنداق پەرقلەر قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

كىشىلەر قىزىقسىنىپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋە ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەلۇمات دەرىجىسى بويىچە تۇرلۇك جاۋابلارنى بېرىدىغان بۇ مەسىلە، خېلى ئۇزاقلاردىن بۇيان پسىخولوگلار، ئىجادىيەتشۇناسلار، پېداگوگلار ۋە ئىختىساسلىقلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كەلدى. چۈنكى ئەقلىي پەرقلەرنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا يارىشا ئىش كۆرۈش ئەمەلىي تۇرمۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئائىلىۋى، مائارىپچىلار ئەقلىدىكى پەرقنى بىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئوقۇغۇچىلارنى نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسى قىلسا، ئىجادىيەتشۇناسلار ئەقلىدىكى پەرقنى بىلىش ئارقىلىق ئەقلىنىڭ ئىجادىيەتتىكى رولىنى ئۈستۈرۈشنى كۆزلەيدۇ. ئىختىساسشۇناسلار بولسا، ئەقلىدىكى پەرقنى بىلىش ئارقىلىق ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىقتىدارىنى توغرا مۆلچەرلەش ۋە ئۇلارنىڭ قابىلىيەتلىرىنى جەمئىيەت خىزمەتلىرىدە تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى ئويلايدۇ ۋەھاكازالار.

ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ئەقلىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئىندىۋىدتىكى پەرقلىرى بولۇپ، بۇنداق پەرقلەرنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئىرسىيەت خاراكتېرد-

خاتىرە... قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن ئىپادىلىنىپ تۇردۇ. مەسلەن، بەزىلەر بىر كىشىگە باھا بەرگەندە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان تەرەپلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئاساسلىق بولمىغان تەرەپلىرىگە ئېسىلىۋالىدۇ، بۇنداق بولۇشى شۇ كىشىنىڭ كۆزىتىش سېزىمىدا ئومۇمىيلىق ئاجىز، ئايرىملىق كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئەقلىي جەھەتتە بۇنداق پەرقىنىڭ بولۇشى ئۇنى مەسىلەرنى كۆزىتىشتە بىر تەرەپلىمىلىككە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بەزىلەر بىر كىشىنى كۆزەتكەندە ئۇنىڭ ئاساسلىق تەرىپىنى تەكىتلەپ، ئاساسلىق بولمىغان تەرەپلىرىنى نەزەرگە ئالمايدۇ. بۇنداق بولۇشى شۇ كىشىنىڭ كۆزىتىش سېزىمىدا ئايرىملىق ئاجىز، ئومۇمىيلىق كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، كۆزىتىش سېزىمى جەھەتتىنلا ئالغاندىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئەقلىدە دەريانى كۆرۈپ ئۇستەڭنى كۆرمەيدىغان ياكى ئۇستەڭنى كۆرۈپ دەريانى كۆرمەيدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەقلىي پەرق بولىدۇ. ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئالىدىغان بولساق ئاجايىپ تالانتلىق بىر ئارتىسنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر ئادەم ئۇنى ئەسلىگەندە ئەينەن تەسىۋىرلەپ بېرەلەيدىغان تەسراتقا كەلسە، كۆرمىگەن ئادەم ھەقچان شۇنداقتۇ، دېگەن تەسراتقىلا كېلەلەيدۇ ۋە باشقىلار.

كېيىپ ھۆكۈم قىلىش كېرەككى، كىشىلەرنىڭ ئەقلىدە بۇرۇن پەرق بولغان، ھازىرمۇ پەرق بار، كەلگۈسىدىمۇ پەرق بولىدۇ. ھازىر بىز سوتسىيالىزم باسقۇچىدا كېتىۋاتىمىز، بۇ جەمئىيەت ئەقىل تەرەققىياتى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەردى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئەقلىدىكى پەرق تۈگەپ ھەممە كىشى ئوخشاشلا دانا بولۇپ

ئېسىدە ساقلىيالايدۇ. بەزىلەر بولسا تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى بۈگۈن ئۇنتۇپمۇ قالىدۇ. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ خاتىرە قابىلىيىتىدە پەرق بارلىقىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ خاتىرە قابىلىيىتىدە پەرق بولۇپلا قالماستىن ئەقلىنى ھاسىل قىلغۇچى باشقا ئامىللاردىمۇ پەرق بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت-نىڭ ئومۇمىي قابىلىيەت ۋە ئالاھىدە قابىلىيەت دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنۈشى، يەنە كېلىپ بۇ قابىلىيەت تۈركۈملىرىنىڭ ھەربىر كىشىدە ئىپادىلىنىشىنىڭمۇ ئۆزگىچە بولۇشىمۇ شۇنداق پەرقلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. كىشىلەر دائىم تالانتلىق، دانىشمەن، دانا دېگەن سۆزلەر بىلەن ئەقلىي قابىلىيىتى بىرقەدەر تولۇق كىشىلەرنى سۈرەتلىسە، دۆت، گالۋاڭ، قاپاقباش دېگەن سۆزلەر بىلەن ئەقلىي قابىلىيەتتە تۆۋەن بولغان كىشىلەرنى سۈرەتلەيدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ تىلىدىن ئورۇن ئالغان بۇ سۆزلەر كىشىلەرنىڭ ئەقلىدە پەرق بارلىقىنى ۋە ئەقلىي تىپ جەھەتتىمۇ ئوخشىماسلىق بولىدىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ ئىدراكى سىنتېز تىپىگە كىرىدۇ. ئۇ ئومۇملۇق ۋە پۈتۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، تەھلىل جەھەتتە ئاجىزراق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىدراكى تەھلىل تىپىگە كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەھلىل قىلىشى كۈچلۈك، تەپسىلىي ئىدراك قىلىشى روشەن بولىدۇ. ئەمما سىنتېزلاش جەھەتتە ئاجىزراق بولىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ ئىدراكى يۇقىرىقى ئىككىلا تىپكە خاس خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ ئىگە بولىدۇ، بۇنداق پەرقلەر كىشىلەرنىڭ بىلىمى، ھەۋىسى، شەيئىلەرگە بولغان قارىشى، تۇرمۇش تەجرىبىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا قاراپ، مەۋجۇت نەرسىلەرگە بولغان سېزىم، كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر،

پسىخولوگلىرى تەسەۋۋۇر قىلىش پائالىيىتىگە ئائىلاش سېزىمى، كۆي سېزىمى ۋە رىتىم سېزىمى كېرەك بولىدىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۈچ ئوقۇغۇچىنى سىناق قىلىپ كۆرگەن. بىرىنچى ئوقۇغۇچىنىڭ كۆي سېزىمى ۋە ئائىلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، رىتىم سېزىمى ئاجىز بولغان. ئىككىنچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش سېزىمى ۋە رىتىم سېزىمى كۈچلۈك بولسىمۇ كۆي سېزىمى ئاجىز بولغان. ئۈچىنچى ئوقۇغۇچىنىڭ كۆي سېزىمى ۋە رىتىم سېزىمى كۈچلۈك بولسىمۇ ئائىلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش سېزىمى ئاجىز بولغان. ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى جەھەتتىكى پەرقلىرى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ مۇزىكا پائالىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئەمما، ئىنچىكىلەپ تەربىيىلەش نەتىجىسىدە بۇ ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ يېتىشكەن.

ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمكى، بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر پائالىيەتنى ئورۇنلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن قابىلىيەتلەرنىڭ بىرلىكى كېرەك بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشىدە شۇ پائالىيەتنى ئورۇنداشقا كېرەكلىك قابىلىيەتلەردىن بىرەرسى ئاجىز بولسا شۇ كىشىنى بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئادەم، ئۇنداق ئادەمدە ئۈمىد يوق دېگىلى بولمايدۇ. كۆزىتىش قابىلىيىتى ئاجىزراق بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆگىنىش، چېنىقىش ئارقىلىق كۆزىتىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ يازغۇچى بولۇپ چىققانلىرى بار. كىچىك ۋاقتىدا نەرسىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئوبرازلىق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاجىزراق بەزى كىشىلەرنىڭ ئاتاقلىق رەسسام بولۇپ كەتكەنلىرى بار. بۇ ئەھۋاللار شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدىكى، مەلۇم پائالىيەتكە كېرەكلىك بولغان كۆپ ساندىكى قابىلىيەتلەر تولۇق تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مەلۇم بىر

كېتىدۇ، دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. سوتسىيالىزم
تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى كىشىلەرنىڭ ئەقلىدىكى پەرقنى يوق قىلىۋې-
تەلمەيدۇ، بەلكى پەقەت كىشىلەرنىڭ پەرقلىق بولغان ئەقلىي
ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشتا باشقا تۈزۈملەرنىڭ قولىدىن كەلمەي-
دىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالايدۇ، يەنى كىشىلەرنى تۈرلۈك تەبىقىگە
ئايرىپ، بىرسىنى ئەزىزلاپ، يەنە بىرسىنى پەس كۆرمەستىن
ھەممە كىشىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆز يوللىرى بويىچە جارى قىلدۇرىدۇ.
دېمەك، كىشىلەر ئەقلىنىڭ بىر-بىرسىگە ئوخشىماسلىقى ئەقلىنىڭ
روشەن ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ھەرقانداق بىر كىشى مەلۇم بىر
تەرەپتە قابىلىيەتلىك، يەنە بىر تەرەپتە ئاجىزراق بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەربىرسىنىڭ
ئەقلىي قابىلىيىتىدە ئۆزىگە لايىق ئالاھىدىلىك بولىدۇ. بەزى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى كۈچلۈك بولسا، بەزىلەرنىڭ
كۆزىتىش قابىلىيىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ مەشغۇلاتلاردىكى ماھارىتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ئىرسىيەت
ئاجىزلىقى يوق ھەرقانداق ئوقۇغۇچىنى ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز
دەپ خۇلاسە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ يەردىكى ھەل قىلغۇچ
مەسىلە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئۈستىدە تومتاق خۇلاسە
چىقىرىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى ۋە خاسلىق قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىپ،
شۇ قانۇنىيەتلەر بويىچە ئۇلارنى ياخشى ئوقۇتۇش لازىم.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەھۋالنى ئالايلۇق، سوۋېت ئىتتىپاقى

ئۇچۇن، ھەركىمنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىچىلىك ۋە تەرەققىيات ئۇسۇلى بويىچە، ھەركىمگە ئوخشاش بولمىغان تەلەپ قويۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن بىرەر پائالىيەتنى تولۇق ئورۇنداپ كېتەلەيدىغان بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. يەنى ھەم ھەركىمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاجىزلىقلىرىنىمۇ تولۇقلاش، ھەم ئورتاق قابىلىيەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئالاھىدە قابىلىيەتلەرنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

يۇقىرقىلاردىن بىز ئەقلىي پەرقلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلدۇق. ئۇنداق بولسا ئەقلىي پەرقلەر قايسى تەرەپلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ؟

## 2. ئەقىل تەرەققىياتىدىكى پەرقلەر

ئەقلىنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقلەر ئاساسلىقى ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

### 1) ئەقلىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى پەرقى

ئەقىل كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر بىر كىشى مەلۇم پائالىيەتتە ئەلا نەتىجە قازانغانىكەن، بۇ نەتىجە ئۇنىڭ ئەقىل تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئەلا نەتىجە قازىنالمايدىكەن، ئۇنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن يۇكسەكلىككە يېتەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خۇددى

تۇرلۇك قابىلىيەتتە ئاجىزلىق بولسا، شۇ پائالىيەت بىلەن قەتئىي تۈردە شۇغۇللانسا، ئۇنىڭغا قورقماي تەر ئاققۇزسا، تولۇق تەرەققىي قىلغان قابىلىيەتلەر تەرەققىي قىلالمىغان بىرەر خىل قابىلىيەتنى تولۇقلاپ كېتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۆزىدە تەرەققىي قىلغان قابىلىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزى كىرىشكەن پائالىيەتنى ئورۇنداپ كېتەلەيدۇ.

شۇڭا ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ بىرەر پائالىيەتنى ئورۇنداشقا كېرەكلىك پائالىيەتلەرنى ھازىرلىغانىكەن، ماڭغان يولىدىن قايتماسلىق كېرەك. ئۇيغۇرلاردا "مىڭىنىڭ گېپىنى ئاڭلا، ئۆزەڭنىڭ بىلگىنىنى قىل" دېگەن گەپ بار. شۇڭا باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئەقلىدىكى تەرەققىي قىلغان قابىلىيەتلەرنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەككى، شاختىن - شاخقا قونماسلىق كېرەك. ئەمما ئۆزىنىڭ ئەقلىدە بىر خىل پائالىيەتنى ئورۇنلاشقا تېگىشلىك قابىلىيەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ھازىرلانمىغان بولسا، جاھىللىق قىلماي، ئۆزىگە لايىق يەنە بىر ئىشقا ئۆتۈش لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلمىغاندا، باشقىلار تېخىمۇ ئەپلىك يوللار بىلەن ئۇ شۇغۇللانماقچى بولغان پائالىيەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىۋېرىدۇ. ۋاقىت ئۇنى ساقلاپ تۇرمايدۇ.

ئەقىل جەھەتتە مەۋجۇت تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ پەرق ۋە ئۇ پەرقلەرگە ئاساسەن ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلەمىزكى، ھەركىمنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدا ئۆزگىچىلىك بولىدۇ. شۇڭا ئەقىلنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ھەممە ئادەمدە ئوخشاش قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ، ئەقىلنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش

ئىچىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى سېزىمى ھاراق ئىشلەپچە-قىرىش ۋە ھاراق ئىچىش ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ كەتكەچكە، ئۇلار ھەرقانداق ھاراقنى ئىچمەي تۇرۇپ پۇراپ تۇرۇپلا ئۇنداق-بۇنداق ھاراقكەن دەپ باھا بېرەلەيدۇ.

خاتىرە قابىلىيىتى تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بەزىلەر بىرەر نەرسىنى تېزلا ئەستە قالدۇرىدۇ. بەزىلەر ئاستا ئەستە قالدۇرىدۇ، بەزىلەر ئەستە تۇتۇۋالغان نەرسىلەرنى ئۇزاققىچە ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بەزىلەر ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئەقىلنىڭ باشقا تۈرلۈك قابىلىيەت تەركىبلىرىدىمۇ ئەھۋال ئەنە شۇنداق.

يۇقىرقى پاكىتلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەقىل تەرەققىيا-تىدىكى پەرق ئوبيېكتىپ نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغاندىن كۆرە ئۇنى ئۆز شارائىتلىرى بويىچە تېزراق تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش مۇۋاپىق.

## 2) ئەقىلنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىدىكى پەرقى

ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىگە قارايدىغان بولساق، كىشى-لەرنىڭ ئەقلى پائالىيەتلەردە خۇددى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىغا چۈشكەن سپورتچىلاردەك بەزىلەرنىڭ ئالدىدا، بەزىلەرنىڭ ئوتتۇ-رىدا، بەزىلەرنىڭ ئارقىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز، ئەقلىي تەرەق-قىياتىنىڭ سۈرئىتىدىكى پەرقنى ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈن، ياپونىيە ئالىملىرى 7 ياشلىق بالىدىن بىرمۇنچىنى سىناق قىلغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە 7 ياشلىق بالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە 7 ياشتا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقلىي قابىلىيەت بولغان. 7 ياشلىق بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت دەرىجىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ

بىر سىنىپتا 30 ئوقۇغۇچى ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالىم بولۇپ چىققىنى، بەزىلىرى ئالىم بولالمىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەقلىنى تەشكىل قىلغان تۈرلۈك قابىلىيەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدە كىشىلەرنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش... قاتارلىق سېزىم قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىدە پەرقلەرنىڭ بولغانلىقىدۇر. بىز بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋالالايمىز.

ئالايلۇق، ئىنسانلارنىڭ كۆرۈش سېزىمى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان سېزىم بولۇپ، هازىرقى كۈندە ئۇ يۈكسەك سەۋىيىگە يەتتى. ئادەم كۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەردىكى ئۇلۇغ رولىنى مەدھىيىلەپ ئەدەبىي ئەسەر يېزىشقا توغرا كەلسە بىرنەچچە توملۇق مەدھىيەنامە يازدىغان يازغۇچىلار چىقىدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى ئوخشاش كۆرۈش سېزىمىمۇ ئوخشاش تەرەققىي قىلغان دېگىلى بولمايدۇ. رەسساملار تۈرلۈك بوياقلارنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ ئىشلەتكەچكە ئۇلارنىڭ كۆزى بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئۆتكۈر. ئۇلار يۈز خىل رەڭ بولسا ئۇ رەڭلەرنىڭ ئىسمىنى زادى قىنالماي دەپ بېرەلەيدۇ. رەسسام ئەمەس كىشىلەرچۇ؟ ئاق، قارا، قىزىل، يېشىل، قوڭۇر، سېرىق دېگەندەك نەچچە رەڭنى ئارانلا دەپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، ئەمەلىي پائالىيەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن ئادەمنىڭ كۆرۈش سېزىمىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى چوڭ پەرق پەيدا بولغان.

پۇراش سېزىمى تۇرمۇشتا باشقا سېزىملارغا قارىغاندا ئۇنچىۋالا ئىشلەپ كەتمەيدۇ، شۇڭا ئادەمنىڭ پۇراش سېزىمى ئۇنچىۋالا تەرەققىي قىلمىغان. لېكىن هاراق ئىچىدىغان ۋە دائىم هاراق

بۇنداق بولۇشى بوۋاقلارنىڭ تەپەككۇرى كۆز ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ئوبرازغا باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەرىكەت بولمىسا ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىمۇ بولمايدۇ. باللار 3 ياشتىن ھالقىپ 7 ياشلارغا كىرگۈچە كونكرېت ئوبرازلىق تەپەككۇر باسقۇچىدا بولىدۇ، يەنى بۇ چاغدا باللارنىڭ تەپەككۇرى ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي يەكۈنلەرنى ئەمەس، بەلكى مەلۇم نەرسىنىڭ شەكلىگە قاراپ (ئوبرازىغا قاراپ) ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، سان-سىفىرلار ئابستراكت ئۇقۇم كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. باللارنىڭ بۇنداق سانلارنى بىلمەستىن 1-5 كىچە بولغان سانلارنى بارماقلىرى ياكى بىرنەچچە تال چوكا قاتارلىق كونكرېت نەرسە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. باللار 7 ياشتىن ئۆتۈپ 15 ياشلارغىچە بولغان ئارىلىقتا كونكرېت ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئابستراكت بولغان مەقسەتلىك تەپەككۇرغا يەنى ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي يەكۈن ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئۆتىدۇ. مانا مۇشۇنداق جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە باللارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدە پەرق بولىدۇ.

ئوخشاش ياشتىكىلەرنىڭ ھەرقايسى باسقۇچتا بېسىپ ئۆتىدىغان تەپەككۇر باسقۇچلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىيات سەۋىيىسىدە پەرق بولىدۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ياش جەھەتتىكى پەرقى توغرىسىدا نۇرغۇن تالاش-تارتىشلار بولۇپ كەلگەنىدى. مۇشۇنداق جەرياندا كىشىلەر چوڭ مېڭە ئىش قابىلىيىتىنىڭ ياشقا قاراپ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى مۇنداق تونۇپ كەلگەنىدى:

18-24 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا چوڭ مېڭە ئىش قابىلىيىتى يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي زەئىپلىشىدۇ.

9 ياشلىق باللاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقلىي قابىلىيەتنى يېتىش-تۈرگەنلەر ئۆنىگدىن ئازراق بولغان. 7 ياشقا كىرگەن تۇرۇغلۇق ئەقلىي قابىلىيەتتە 5 ياشلىق باللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيە-سىدە توختاپ قالغانلىرى تېخىمۇ ئاز بولغان، دېمەك، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىدە پەرق بولىدىغانلىقى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. شۇڭا ئۇيغۇرلار "ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا" دەيدۇ. بەزىلەر كىچىككىنە تۇرۇپ نى-نى ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، جامائەتنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. بەزىلەر ئۆمۈر بويى باشقىلار ئويلاپ يېتەلمىگەن بىرەر ئىشنىمۇ ئويلاپ چىقالماي، "كۆڭلىنىڭ چىقىشىغا، سۆزىنىڭ ئېقىشىغا" قاراپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا كونكرېتنى مىسال ئالساق تولا گەپ

### 3) ئەقلىنىڭ ياش چېكى جەھەتتىكى پەرقى

ئەقىل تەرەققىياتى بوۋاقلىقتىن باشلاپ قېرىغىچە تۈرلۈك باسقۇچلاردىن ئۆتىدۇ. بۇ تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا روشەن پەرقلەر بولىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت تەپەككۇر جەھەتتىكى پەرقلەرگە قاراپ ئۆتەيلى:

باللارنىڭ بوۋاقلىق دەۋرىدىكى دەسلەپكى تەپەككۇرى تۆۋەن دەرىجىدىكى يىغىنچاقلاش خاراكتېرىدە بولۇپ، بۇنداق تەپەك-كۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىشتۇر. ئالايلۇق، ئەمدى تىلى چىققان باللار ئۆزىگە ئەڭ كۆپ ئېھتى-ياجلىق بولغان "نان" دېگەن سۆزنى قىلىسىمۇ، توقاچ، ھەمەك، گىردە... قاتارلىق نان تۈرلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار تېخى ئاتا-ئانىسى ئېلىپ بەرگەن قوچاقلارغا نان يېگۈزمەكچى بولۇشىدۇ.

خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى، مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى 70 ياشلاردىن ئاشقاندا پۈتتۈرگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان بەزى يازغۇچىلىرىمىزمۇ ياشانغان كىشىلەردۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئىچىدىمۇ مۇنداق مىساللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئىچىدىكى ياشانغانلار ھەمىشە "ئەقىل- پاراسەتلىك ئادەم" دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل ئاتاقنىڭ مەنىسى ئۇلارنىڭ بىلىمى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار چوڭ مېڭىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىم جەھەتتىكى ئىقتىدار-نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دېمەك، ھازىرقى كەشپىياتلارغا ئاساسەن، ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتى مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئازىيىش جەريانى بولۇپ، بۇنداق ئازىيىش ئادەمنىڭ ئەقىلنىڭ زەئىپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بولىدۇ. چۈنكى مېڭىدە يېڭى باغلىنىش تورلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى كۆپىنچە مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈپچە يوقىلىش سۈرئىتىدىن زور بولىدۇ. بىر ئادەم كۈنىگە 10 مىڭ دانە مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى يوقاتسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈندىن تارتىپ 80 ياشقا كىرگىچە يوقاتقان ھۈجەيرە سانى ئومۇمىي ھۈجەيرە سانىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىگە يەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئادەمنىڭ يېشى چوڭايسىمۇ، ئەقلىنىڭ ئىتتىك زەئىپلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چوڭ مېڭە خىزمىتىنى تەبىئەت قانۇنىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاش-

بۇنداق زەئىپلىشىش ئەقىلىي قابىلىيەتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى، مەسىلەن، ئەستە قالدۇرۇش، ئەستە تۇتۇش، يادىغا كەلتۇرۇش، ماتېماتىكىلىق تەتبىقلاش، ئىجادچانلىق، سېزىمچانلىق ۋە لوغەت تەركىبى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر بۇنداق قاراشقا قارشى كەشپىياتلار بارلىققا كەلدى. پروفېسسور مارك. روسنېز: ئەگەر بىز چوڭ مېڭىنى غىدىقلاش ئارقىلىق قوزغىتىدىغان بولساق، ھەربىر مېڭە ھۇجەيرىسىنىڭ ئاكسونلىرىدا تېخىمۇ كۆپ ئۆسۈكچە ماددىلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭ مېڭە ئىچىدىكى بائىلىنىش تورلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ، دەپ شەرھلىدى.

پەندىكى بۇ خىل كەشپىياتلاردىن باشقا تارىختا ئۆتكەن بەزى ئۇلۇغ ئەقىل چولپانلىرىنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ ئەقلىدە تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئەقلىنىڭ چوڭىيىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئالايلۇق، بەزى ئالىملارنىڭ ئەقىل قابىلىيىتى ياشنىڭ چوڭىيىشىغا قاراپ زەئىپلەشمىگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مىكىلئاند جېلۇ تاكى 80 ياشقا كىرگىچە نەققاشچىلىق، رەسساملىق ۋە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ گومېر قېرىپ ئەما بولۇپ قالغاندىمۇ داۋاملىق ئىجادىي پىكىردە بولغان. ھايدى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئىجادى تۇرمۇشىدىكى ئەڭ گۈزەل مۇزىكا بابىنى يېزىپ چىققان، پىكاسۇ 90 نەچچە ياشقا كىرگەندىمۇ رەسساملىق قەلىمىنى تاشلىمىغان. ئورتا ئاسىيانىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن ئىبنى سىنا تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىجاد قىلغان. ئوبۇلقاسىم پىرداۋسى «شاھنامە»نى ياشانغاندا پۈتتۈرگەن. يۈسۈپ

ساقلاشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئاتىلار بالىلىق دەۋرىنى ئەسلەشنى ۋە بالىلىق دەۋرىدىكى شوخلۇقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەقلىنىڭ ياشلىق باھارىنى ساقلاشنىڭ بۇلىقى دەپ قارايدۇ. ئاتىلارنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، بىز ئەقلىنىڭ باھارىنى ساقلاش ئۈچۈن، بالىلىق دەۋرىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولساق، بالىلىرىمىزغا زەڭ قويۇپ بېقىپ، ئۆزىمىزنىڭ پىسخىكىمىزنى يېڭىلاشنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقساق يامان كەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئاتىلارنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە سىزگە مۇنداق تەكلىپلەرنى بېرىمىز.

كۈلۈڭ. ساق بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۈلگەنچەك كېلىدۇ. ئۇلار چوڭلارنىڭ نەزەرىدىكى ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ تەبەسسۇم قىلىدۇ. بۇنداق تەبەسسۇملار "ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ" دەپ ناخشا توۋلاۋاتقانلارنىڭ شادلىق كۈلكىلىرى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئادەم پىسخىكىسىنى ئويغىتىش جەھەتتە خۇش ئاۋاز ناخشىچىلارنىڭ شادلىقىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سىز ئاجايىپ قاتماللىق بىلەن ئەدەپلىك بولىمەن دەپ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالغان بولسىڭىز ياكى تاۋى نازۇكلۇق قىلىپ ئاللىقانداق نەرسىلەرگە خاپا بولۇپ يۈرگەن بولسىڭىز، بۇنداق شادلىقتىن بەھرىمەن بولالمايسىز-دە، پىسخىكىڭىزدا قېرىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. جاھاننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ راھەتلىرىدىن بولغان بۇ كۈلكىنى ئۇششاق ئىشلارغا ئۇچۇرۇپ بېرىپ كۆنۈپ قالسىڭىز، چوڭراق مەسىلىلەرگە يولۇققاندا تېخىمۇ پەرىشان بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ قېرىغىنىڭىز قېرىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق قىلماي، ئۆزىڭىزنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئەركىن ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىڭىزنى ياكى بالىلىق، ياشلىق

تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى ئۇنۇم ئېلىش ئۈچۈن ئادەم مېڭىسىنىڭ ياش جەھەتتىكى پەرقىغە ئېسىلۋالماستىن، ھەممىدىن ئاۋۋال چوڭ مېڭىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە چوڭ مېڭىنى قانداق چېنىقتۇرۇش جەھەتلەردە ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

بىز چوڭ مېڭىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە ئۇنى چېنىقتۇرۇش جەھەتتە ئىزدىنىدىغانلا بولساق چوڭ مېڭىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى تاكى ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئېچىپ، قېرىغاندىمۇ تېخىمۇ بەختلىك كۈنلەرنى كۈتۈۋالالايمىز. ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالىملىق مەرتىۋىسى ئەنە شۇ مېڭىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش يولىدا ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ، خەلقنىڭ چىن مۇھەببىتى ئەنە شۇ يولدا ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقماي، ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا باتۇرلۇق قىلغان كىشىلەرگە مەنسۇپ! مېڭىدىكى ئەقىل بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئىزدىنىش كەلگۈسى دۇنيادا ھەممىنى ھەل قىلىدۇ. ھەرقانداق قەۋمنىڭ باتۇرلۇقى مانا مۇشۇ جەھەتتە بولغاندىلا ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ يەردە بىز نېمىس شائىرى ئۇلۇغ كيۇتىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئەسكە ئالايلى:

"مال-مۈلكۈڭنى يوقاتقان بولساڭ، ئازغىنا نەرسەڭنى يوقاتقان بولىسەن. شان-شەرەپنى يوقىتىپ قويغان بولساڭ، خېلى جىق نەرسەڭنى يوقاتقان بولىسەن. باتۇرلۇقنى يوقاتقان بولساڭ، ھەممە نەرسەڭنى يوقاتقان بولىسەن."

ئەقىلنىڭ ياش جەھەتتىكى پەرقىنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا، ياشانغاندا ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش يولىدا باتۇرلۇق قىلىش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، ئەقىلنىڭ ياشلىق باھارىنى

لايسز.
ستىخىيىلىك بولۇش: باللار ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ھاياجانـ
لىنىپ ئويىناقـلاپ كېتىـدۇ ياكى ئاز- تولا قاراملىق قىلىدۇ، ئەمما
بۇنداق ھاياجان ۋە قاراملىق چوڭلار تەرىپىدىن توسىۋېتىلىدۇ، بىز
ھەرقاچان بالىـلارنى ئۇنىڭـغا دىقـقەت قىـل، بۇنىڭغا دىققەت قىل
دەيـمىز ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن قائىـدە- تەرتىپلەرگە بويسۇنۇشـنى
تەلەپ قىلىمىز. بۇنـداق قىلىشـمىز توغرا، ئەمـما، چوڭـلارنىڭ
بۇ قىلىقلىرى توغرا بولغان بىلەن بالىلارنىڭ پسىخىكىسىدا بىر خىل
قورقۇش پەيدا قىلىپ، ئۇلاردىكى تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىگە
بولغان بىلىش تەشنالىقى ۋە ھەيرانلىقىـنى بوغۇپ قويىـدۇ. ئەگەر
بىز ئۆزىمىزگە ھەر ئىشنى قېلىپپازلىق بىلەن قىلىدىغان، سىزىقـتىن
چىقمايدىغان تەلەپنى قويايلى، ئۇنداقـتا بىزمۇ ئىجادكارلىق بابىدىن
ئورۇن ئالالمايـمىز. دۆلەتـنىڭ قانۇن- پەرمانـلىرىغا ۋە ئەخـلاقىي
تەرتىپلىرىگە يۇكسەك رىئايە قىلىش زۆرۈر. ئەمـما مەسىلەلەرنى
ئويلىغانـدا، ئىش قىلغانـدا قانۇن- پەرمان، ئەخـلاق- پەزىلەت
دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەي دادىل بولۇشمۇ زۆرۈر.
ئۈمىدۋار بولۇش: بوۋاق بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ
ئۆزى بىلەن ماسلىشالمايدىغان يەرلىرىـنى بىلمىگەچكە ھېچنېمىـدىن
خاپا بولمايدۇ ۋە ھېچنېمىـگە نارازى بولمايـدۇ. ئەمـما، ئۇ چوڭ
بولۇپ ئىشىنىڭ يولىنى بىلىۋالـغانـدىن كېيىن بولـسا، دۇنـيانىڭ
ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەلەپـلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيـدىغان يەرلىـرىگە
نارازى بولۇشقا باشلايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھاۋارايـىغا بولغان پوزىتسى-
يىسىنى ئالايلۇق، يامغۇر ياغـسا ياكى شامال چىقسا بالىـلار ئۇنى
كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىدىكى تاماشا تۈرلىرىـگە ئايلاندۇرۇپ ئوينايـدۇ،

چاغلىرىڭىزدىكى تازا كۆلكىلىك ئىشلارنى ئەسلەپ بىر كۆلۈۋالسىڭىز خېلى ئارام تېپىپ قالىسىز. "ھەر كۈنى كۈلسەڭ ئۆن يىل ئارتۇق ئۆمۈر كۆرسەن" دېگەن سۆزلەر بىكار ئېيتىلمىغان. كۈلۈڭ!

خىيالچان بولۇڭ: باللار ناھايىتى خىيالچان كېلىدۇ. ھەتتا سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە سىغمايدىغان نەرسىلەرنىمۇ قورقماي تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بۇنداق تەسەۋۋۇرنىڭ پايدىسىنى كۆرمىسىمۇ، يەنىلا خىيال قىلىۋېرىدۇ. سىزمۇ خىيال سۈرۈپ باقسىڭىز بولىدىغۇ؟ كىچىك ۋاقتىڭىزنى ئەسلەپ بېقىڭا، بىر تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنگەن ئىدىڭىز، لەگلەكلىرىڭىزنى ئايروپىلان ئورنىدا ئۇچۇرغان ئىدىڭىز. بىنالارغا سىمۇول قىلىپ قۇم لايدا چىم-چىم ئەتكەن ئىدىڭىز، ئەمدى نېمىشكە خىيال سۈرمەيسىز؟ خىيال بىلەن تولغان باللار دۇنياسى قىزىقارلىق بولۇپلا قالماستىن، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدىكى ساغلام مەزمۇنلاردىن بىرى بولىدىغۇ؟ سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدا ئەنە شۇنداق خىياللارغا ئاشنا بولۇپ، توختىماي تايىتاڭلاشقا ئىلھام ئالغان ئىكەنسىز، ئەمدىكى بىلمىگىز ئاساسىدا ئەنە شۇنداق خىيال سۈرگىنىڭىزدە ئەقلىڭىز ئۇرغۇيدۇ، ئىجادىي قابىلىيەتكىمۇ ئىگە بولۇپ قالىسىز، بۇ گەپكە ئىشەنمىسىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىچىك ۋاقتىدا خىيال سۈرگەن ئىشلىرىڭىزدىن بىرمۇنچىسىنى ئويلاپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھازىرلا قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، سەل-پەل ئەمەلىيەرەكلىرىدىن بىر تۈرلۈكىنى خىيال قىلىڭ ۋە ئىشلەپ كۆرۈڭ، بىر تۈرلۈكىنى ئورۇنلاپ بولۇپ، تېخىمۇ ئەمەلىي بولغان يەنە بىر تۈرلۈكىنى ئىشلەشكە ئۆتۈڭ، مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرۇۋەرسىڭىز، باللىق ۋاقتىڭىزدىكى شېرىن خىياللاردىن بىرمۇنچىسىنى رېئاللاشتۇرالايسىز ۋە نەتىجىمۇ قازىنا-

تىدۇ. بىز گەرچە "كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق" دېگەندەك ھەممە كىشى بىلەن دوستلىشىمەن دەپ يۈرۈشنى تەكىتلىمسەكمۇ، دوستلۇق ئارقىلىق ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بىر يول تېپىشنى، يولۇققان كىشىلەردىن لەززەتلىنىشنى، بالىلىق ۋاقتىڭىزدىن ئىلھاملىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. سىز بەلكىم ئەقلىنىڭ باھارىنى پەقەت ئۆزىڭىز بىلەنلا ساقلاپ قالالمايسىز. ئۇنداق ئىكەن سىز سىناق تەرىقىسىدە پات-پات ئۆزىڭىزنىڭ كەسپىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر بىلەن دوستلىشىپ بېقىڭ! ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرۈڭ. پاراڭلاشقاندىمۇ ئۇلارغا ئىشەنگەن ھالدا پاراڭلىشىڭ. چۈنكى باشقىلارغا ئىشىنىش ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ئىشىنىش بولىدۇ. ئۇلارغا ئىشەنسىڭىز، ئۇلارمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزمۇ بالىلىق چاغدىكىدەك ئېچىلىپ قالىدۇ.

قىزلارنىڭ ياشلىق باھارىنى ساقلاش توغرىسىدىكى يۇقىرىقى پىكىرلەر بەك ئىلمىي بولۇشى ناتايىن بولسىمۇ، بۇلارنى ئالىملار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ تەكىتلىگەن ئىكەن ھەر ھالدا قىزسال-لارنىڭ ئويلاپ كۆرۈشىگە ئەرزىيدۇ.

### 4) ئەقلىنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى پەرقى

ئەر-ئاياللار تەن قۇرۇلمىسى، تەن سىپىتى ۋە فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭدا شەك يوق. ئەمما ئەقىل جەھەتتە پەرقلىنەمدۇ، يوق؟ بولۇپمۇ بەزى قىزلار ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ كەملىكىدىن ئەقلىي جەھەتتە ئۆزىنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن چاغلايدۇ، ھەتتا تېخى بەزى قىزلار: "ھەي خۇدايىم، مەنمۇ ئوغۇل بولۇپ قالسام نېمە دېگەن ياخشى

چوڭلار بولسا يامغۇر ياكى شامالنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا دەخلى قىلىدىغانلىقىغا قاراپ كەيپسىزلىنىدۇ. چوڭلار گەرچە بالىلاردىن نۇرغۇن دەرىجىدە كۆپ مەلۇماتلىق ۋە تەربىيەتلىك بولسىمۇ، يەنە ئۇ پەيلىدىن يانمايدۇ، ئەمما چوڭلارنىڭ رايى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يامغۇر، شامالار تەبىئەتنىڭ ئەسلى مىجەزى بويىچە ياغىدۇ، چىقىدۇ. بۇنىڭدىن بىز شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئالالايمىزكى، دۇنيادىكى جاپالىق ئىشلار ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكى مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان نەرسە. شۇڭا بىرەر ۋەقەگە يولۇققاندا بىز ئالدى بىلەن قېيداشنى قويۇپ، ئوخشىمىغان ئەھۋاللار ۋە مۇھىتلارغا ئۇيغۇنلىشىپ ئىشلەشنىڭ، ھەرقانداق يامان ئەھۋالنىمۇ ئەقىل ئىشلىتىپ ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولۇشىمىز كېرەك. بۇنداق ئۇيغۇنلىشىش يامان نەرسىگىمۇ خاپا بولمايدىغان ۋىجدانسىز كىشىلەرگە ئايلىنىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش ۋە ئىرادىگە قارشى يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ئەھۋاللارغا ۋاقىتىنچە سەبىرى قىلىپ ھەر ئىشنى ئەقىل چىرىغى بىلەن ھەل قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىشنىڭ: تىخىچە تونۇشمىغان غۇبارسىز بالىلارنىڭ دەسلەپكى ئۇچرىشىشلىرىغا قارىساق، ئۇلار بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندا سەل-پەل خىجىل بولىدۇ. بىر بىرىنى تونۇۋالغاندىن كېيىنلا تېزلىكتە ياخشى ئاغىنىلەردىن بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى بالىلارنىڭ تەبىئىتى ئۆزئارا ئىشىنىشتۇر. ئەگەر سىز يېڭى تونۇشقان ئادەمگە ھەر قاچان سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدىكەنسىز، بۇ ھالىتىڭىز سىزدىكى تەبىئىي ئىشىنىش ھېسسىياتى بالىلارچە تەبىئەتنىڭ گۇمانخورلۇقى ياكى ئىشەنمەسلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقىنى كۆرسە-

لىرىنىڭ تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي كەيپىياتىنىڭ ئاسارىتىدە، تۇرۇپ ئايالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئىنكار قىلىش پەنىنىڭ نازۇك تەكشۈرۈشلىرىگە مۇخالىپتۇر. زامانىمىزدىكى ئايالىلار تالانتىنىڭ، بولۇپمۇ فېئودال تەبىقە-چىلىكىنى ئەتىۋارلايدىغان خۇراپىي جايلاردىكى ئاياللار تالانتىنىڭ ئۇرغۇپ چىقالىماسلىقىنى تارىخىي شارائىت، ئىجتىمائىي كەيپىيات، مائارىپ بېكىنمىچىلىكى، ئائىلە مۇھىتىدىكى تەڭسىزلىكلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، دۇنيادىن ئاياللارنى خورلايدىغان تىندىتسىيىلەر پاك-پاكىز تازىلانغان ھامان، ئاياللارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش دولقۇنلۇق نۇرغا ئايلىنىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچلىرىنى ئەسكە ئالىدىغان بولساق، ئاياللارنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئانىلىق جەمئىيەت شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېڭى تاش قورالالار دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى (بۈنىڭدىن 10000 يىل بۇرۇنقى چاغلار)غا نەزەر سالساق، شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئانىلىق جەمئىيەت تۈزۈمىدە بولۇپ، جەمئىيەت باشقۇرۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئاياللار ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكىي تۇرمۇشىدىكى خاتۇن-قىزلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزگەرگەن ۋە كېيىنچە ئانىلىق جەمئىيەت شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ دۇنيانى يارىتىش رولى بەك پەسلەپ كەتكەن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئاياللاردىن كاتتا ئەربابلار بارلىققا كەلگەن. تارىخنىڭ ئاياللارغا مۇھتاج بولمىغان ھېچقانداق ۋاقتى بولمىغان، ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن فېئودالىلىق چىرىك ئىدىيە ئۇلارنى تۆۋەن كۆرسەتكەچكە، ئاياللارغا "چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا" دېگەن

بولاتتى!» دەپ ئۆزىنىڭ قىز بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلىنىدۇ. بۇنداق مەيلىنىڭ ئاساسى بارمۇ؟

ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئاساسەن ئوخشايدۇ. پسىخولوگىيە ۋە جىنسىيەت پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتى نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە بەزى پەرقلەر بولسىمۇ، ئەقلىي جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاساسەن پەرق بولمايدۇ. ئاياللارنىڭ جىسمانىي ھەرىكەت جەھەتتىكى بەزى قابىلىيەتلەردە ئەرلەرگە يېتىشمەسلىكى ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پەرقىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ پەرق ھەرگىزمۇ ئاياللارنىڭ ئەقىل پاراسىتىگە تاقاشمايدۇ. بەزى جەھەتلەردە ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا يېتىشمەسلىكىمۇ ئەرلەردىكى ئىرسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل پاراسىتىگە تاقاشمايدۇ. ئەمما ئىرسىيەتلىك جىنسىي پەرق، مۇھىت، مائارىپ تەربىيە-سىدىكى ئىچكى-تاشقى ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرى نەتىجىسىدە ئەر-ئاياللارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدا ئۆزگىچە روشەن ئالاھىدى-لىكلەر ۋە ئەۋزەللىكلەر كۆرۈلىدۇ. ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ خېلى كۆپ تەرەپلىرىدە تېخى ئاياللار ئەرلەردىن ئۈستۈن ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، رەڭ قارىغۇسى ئەرلەر ئارىسىدا ئاياللاردىن كۆپ بولىدۇ.

ھازىرقى ئەمەلىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، جەمئىيەت تەرەققى-ياتىغا تۆھپە قوشۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئەرلەر بولغاچقا، يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى خېلى كۆپ كىشىلەر قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما، فېئودال ئىستىبداتلىقنىڭ ئاياللارنى ناھايىتى ئۇزاق زامانلار خارلاپ كەلگەن جىنايى قىلمىش-

دۇنيادىكى شۇنداق جىددىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خەلقئارادىكى شۇنداق مۇرەككەپلىكلەر ئالدىدا تەمتىرىمەي دۆلەتلەرگە خوجا بولۇشى ۋە دۇنيا خەلقىگە ئاياللارنىڭ دانىشمەنلىكىنى نامايان قىلىشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ئىقرار بولماي تۇرالايمىزمۇ؟ ئاكىنوخانىمىنىڭ "فېۋرال ئىنقىلابى"غا رەھبەرلىك قىلىپ، پىلىپپىن تارىخىدا تۇنجى ئايال زۇڭتوڭ بولغانلىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئاياللارنىڭ باتۇرلىقىغا قايىل بولماي تۇرالايمىزمۇ؟ بەنەزەر بوتتۇنىڭ سىياسىي ئىشلاردىكى ماھىرلىقى ۋە ئۇنىڭ شۇنچە كەڭ بىلىمىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئاياللاردىكى تالانتنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىغا شەك كەلتۈرەلەيمىزمۇ؟ مەيلى قايسى تەرەپتىن ئويلانغاندا پاكىت ئاياللارنى پەس كۆرۈشكە يول قويمايدۇ. ئاياللارنىڭ ھەققانىي ئورنىنى ھەقىقىي رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش بۇنداق كاتتا دۆلەتلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، بەزى كىچىك دۆلەتلەرگە نەزەر سالساقمۇ، ئاياللارنىڭ ئەقلى بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى قىلىشقا يېتىدۇ. مەسىلەن، شىمالىي ياۋروپاغا جايلاشقان ئىسلاندىيىدە ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ئەرلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ زوڭتوگىمۇ ئايال بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ 80% ى ئەرلەرگە تايانماي ئۆز كۈچى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئىسلاندىيىنىڭ ئاياللار پارتىيىسى پارلامېنتتا مۇھىم سىياسىي تەسىر كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ياۋروپادا ئاياللارغا ئۈلگە بولماقتا. ئۆتكەن يىل ئۆكتەبىردە ئىسلاندىيىلىك ئاياللار ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى مۇھىم ئورنىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، 48 سائەت ئىش تاشلاپ پۈتۈن مەملىكەتنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان.

مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئايال داھىسى ۋىدىس دۇنيا بويىچە ئاز

بەدنام چاپلانغان بولسمۇ، ئاياللارنىڭ سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، باشقا بارلىق تەرەپلەردىكى ئەمگەك ئازادلىقى مۇكەممەللەشكەنىرى تارىخ يەنە ئۇلارنى تولۇق ئاقلاپ ئۆزىنىڭ ئەرلىرىدەك، ھەتتا ئەرلىرىدىن بەكرەك ئەزىزلايدىغان ۋەزىيەتنى يارىتىدۇ. ئاياللار-دىكى ئەقىل-پاراسەتنىڭ زامانىمىزدىكى ئەرلەردەك مول ئىكەنلىكى يېڭىباشتىن نامايان بولىدۇ. ھازىر دۇنيادا بۇ دولقۇن باشلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كىشىلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىلا ئەمەس، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىمۇ ئاياللار قىممىتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ۋە ئاياللار ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىشىشكە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ قىممىتى ھەققىدە نۇرغۇن يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بولۇپمۇ ئاياللار قىممىتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ۋە ئاياللار ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىشى ئۈستىدىكى ھەققانىي مۇنازىرىسى ئەرلەرنىڭ ئايال-لارغا بولغان ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە يۈتكىمەكتە. ھازىرقى ئەرلەرنىڭ بىرمۇنچە ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ئاياللارنىڭ ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى يارىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ھەرقانداق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۆز ئانىلىرىنى ۋە قىزلىرىنى خارلىشىغا يول قويمايدىغان غورۇرى ئۇلارنى تەنقىد قىلىپ، مالىي كۆلىمىشتە ئۆز مىللەتلىرىنىڭ يېرىم دۇنياسى بولغان ئاياللارنى ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. بۇ دولقۇن ئۆز ئېلىنى سورايدىغان شاھلىق تەختلىرىگە يالغۇز ھەممىمىز بىلىدىغان ساچىرخانىمنىلا چىقارماي، 1986-يىلى پىلىپپىندا "فېۋرال ئىنقىلابى" ئارقىلىق ئاكىنو خانىمنى، 1989-يىلدا پاكىستاندا بەنەزىر بوتتونى چىقاردى. ساچىرخانىمنىڭ پۈتۈن

قابىلىيىتى، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش قابىلىيىتى ئوغۇللاردىن بۇرۇنراق يېتىلىدۇ. سەنئەت، يېزىقچىلىق ۋە دىكلىماتسىيە قىلىش، ئەستە تۇتۇش جەھەتلەردە ئۇلاردا ئالاھىدە ئىقتىدار بولىدۇ، ئالىملار تۈرلۈك مىللەت ۋە دۆلەتلەردە بۇ جەھەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، قىزلار ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرغان، ياشلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا قىزلار ماكان سېزىمى، چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش ۋە ھەۋەسكارلىق جەھەتلەردىكى ئەقلىي قابىلىيەتتە ئوغۇللاردىن ئاجىزراق بولسىمۇ، قالغان تەرەپلەردە ئوغۇللاردىن ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، ئوغۇللاردىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

(1) قىزلار ئوغۇللاردىن بۇرۇنراق يېتىلىدۇ. فىزىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، قىزلارنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا يېتىلىشى ئوغۇللاردىن 10 كۈن بۇرۇن بولىدۇ. قىزلارنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى يېتىلىشى تۇغۇلغىنىغا 3 ـ 6 ھەپتە بولغان ئوغۇللاردەك بولىدۇ. شۇنداقلا ئەمدىلا تۇغۇلغان ئوغۇل بالىنىڭ مېڭىسى سەل ـ پەل زەخىملەنسىلا، مېڭىنىڭ سول يېرىم شارچىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىپ بالا ئاسانلا كېكەچلىنىدىغان، تىلى چىقمايدىغان ياكى بەغەرەزلىك قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. قىزلار تۇغۇلغاندىلا ئوغۇللاردىن ياخشىراق يېتىلگەچكە، ئۇلاردا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئاز ئۇچرايدۇ.

(2) مېڭە فىزىئولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم مېڭىسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئوڭ ۋە سول يېرىم شارچىسى ئوخشىمايدىغان فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتلەرنى باشقۇرغاندىن باشقا، يەنە ئۇلار ئوخشىمايدىغان ئەقلىي پائالىيەتلەرنىمۇ باشقۇرىدۇ.

كۆرۈلىدىغان ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق تەيىنلەنگەن جۇمھۇرىيەت
زۇڭتوڭى، ئۇ زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىش رىقابىتىدە نۇرغۇن ئەر سايلام
غۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

ئاياللارنىڭ سىياسىي سەھنىدىكى ئىشلىرىنىلا ئەمەس، پەن
ساھەسىدىكى كىيورى خانىمغا ئوخشاش پىرامىدىلىرىنى مىسالغا ئال
ساقمۇ، ئۇلار دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتە ھەرگىز ئەرلەردىن
ئارقىدا قالمايدۇ، دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىن، ئاياللارنى ئەقلىسىز
ھېسابلاش بارغانسېرى كۆپلەپ كەشىپ قىلىنىۋاتقان پەن ھەقىقەت-
لىرى ئالدىدا ئىككى پۇلغا ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا،
ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەقلىي پەرقلەر ۋە
ئوخشىمىغان ئەۋزەللىككە توغرا قاراش ھەممىدە خوتۇن-قىزلارمۇ
ئۆزىنىڭ ئەقلىدىكى ئايرىم ئاجىزلىقلاردىن گۇمانلىنىپ مەيۈسلانماس-
لىقى كېرەك.

### 5) ئاياللاردىكى ئەقلىي ئۈستۈنلۈك

ھازىرقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەر-ئاياللار-
نىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئاساسەن تەكشى بولسىمۇ، ئىككى جىنسنىڭ
ئەقلىي سېلىشتۇرمىسى ئەر-ئاياللارنىڭ بەزى تەرەپلەردە پەرقى
بولىدۇ. بەزى تەرەپلەردە ئاياللار ئەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

بىرىنچىدىن: قىزلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ياشلىقىنىڭ دەسلەپكى
باسقۇچلىرىغىچە ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئالايلۇق قىز بالىنىڭ
تىلى ئوغۇل بالىنىڭ تىلىدىن 2-4 ئاي بۇرۇن چىقىدۇ. ئادەتتە
قىزلاردىن كىچىكىچ، گاچا ئاز بولىدۇ، ئۇلارغا بولغان ئەقلىي تەربىيە
بۇرۇنراق چىڭ تۇتۇلسا، قىزلارنىڭ كىتاب-ژۇرناللارنى ئوقۇش

ئەتىجىسىگە قارىغاندا، ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق ۋاقتى يەتتە ياشقىچە بولغان مەزگىلدۇر، چۈنكى بۇ چاغدا چوڭ مېڭىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى ھاسىل بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ. بۇ چاغدا مېڭە تاشقى غىدىقلاشلارنى ناھايىتى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتىدۇ. شۇنداقلا مېڭىنىڭ ئۆسۈپ مۇكەممەللىشىدە 17 ياشلىق بىر ياشنىڭ دەسلەپكى 4 يىلى كېيىنكى 13 يىلغا تەڭ بولىدۇ. مۇشۇ ھالقىلىق مەزگىلدە تەربىيە ياخشى بولسا، ئادەم ئەقلىنىڭ ئۆمۈرلۈك تەرەققىياتى ئۈنۈملۈك بولىدۇ. قىزلارنىڭ مۇشۇ ھالقىلىق مەزگىلدە ئوغۇللاردىن ئۈستۈن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاساسىنى ئوغۇللاردىن ئۈستۈن دەپ قىياس قىلىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندۇر.

ئىككىنچىدىن، ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەقسىملىنىشى تەكشى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەقلىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەشۇنداق ئەقىل پەرقى ئادەتتە يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشتەك قاتلاملار بويىچە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قاتلاملار ئىنسانلار ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەخسىملىنىش ھالىتىدۇر.

بۇنداق تەقسىملىنىشنى جىنسىي پەرق تەرەپتىن كۆزەتكەندە، يات جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوخشاش جىنسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن ئانچە زور بولمايدۇ. قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەقلىي قابىلىيىتى تەكشىلىككە ۋە ئەرلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تەكشىسىزلىككە يۈزلەنگەن بولۇپ، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالىدا ئىككى جىنس خىلى بەك پەرقلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەر-ئاياللارنىڭ

قىزلارنىڭ مېڭىسىنىڭ سول يېرىم شارچىسىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىدىن ئۆسۈكچىلەرنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى ۋە نېرۋا غوللىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئوغۇللاردىن كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېڭىنىڭ سول يېرىم شارچىسىنىڭ خىزمەت قابىلىيەتلىرىدىن بىرى بولغان تىل قابىلىيىتى قىزلاردا ئۈستۈنرەك بولىدۇ. قىزلار تىلنى ئوغۇللاردىن تېزراق ئۆگىنىپلا قالماستىن، گەپ-سۆزنى تىزگىنلەش، ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

(3) ئانىلارنىڭ قىز-ئوغۇللارنى بېقىش ئۇسۇلىدا بەزى پەرقلەر بار، مەسىلەن، ئانىلار ئوغۇل باللىرىنى ئاززۇلاپ ئامانلايدۇ-يۇ، قىزلىرىغا دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىنى ئوغۇللىرىغا دېمەيدۇ. بولۇپمۇ قىزلىرىنى ئوغۇللىرىدىن كۆپرەك گەپ قىلىپ چوڭ قىلىدۇ. بېقىش ئۇسۇلىدىكى مۇنداق پەرقمۇ قىزلارنىڭ تىل ۋە شۇنىڭغا يېقىن تەرەپلەردە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، قىزلارنىڭ دەسلەپكى يېتىلىشىنى ئوغۇللاردىن تېزلەشتۈرىدۇ.

(4) كىچىك قىزلارنىڭ مىجەزى يۇمشاق، يېقىملىق بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشقىمۇ ئوغۇللاردىن ماھىر بولۇشتەك تۇغما خۇلققا ئىگە، ھازىرقى تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، 3-4 ياشلاردىكى قىزلار بىر كۈنلۈك ۋاقتىنىڭ 1/4 قىسمىنى ئالاقىگە سەرپ قىلىدىكەن، بۇ ئالاھىدىلىكمۇ قىزلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

قىزلارنىڭ ياشلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن بۇرۇنقى چاغلاردا ئوغۇللاردىن يۇقىرىقى تەرەپلەردە ئۈستۈن بولۇشى ئۇلارنىڭ بۇ مەزگىلدىن كېيىنكى جەرياندىكى ئەقلىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. باللار تەجرىبە پسىخولوگىيىسىنىڭ تەتقىقات

مۇمكىن، ئەمما ھازىرقى ئوتتۇرا ھالدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشقا توسالغۇ بولالمايدۇ. تارىختىكى نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر ئەسلىدە ئەقلىي قابىلىيىتى ئوتتۇرا ھال كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ چىقىشىدىكى خاسىيەت ئۆزلىرىدىكى تىرىشچانلىق بولغان. ئېينشتېين، دارۋىن، گېيوتى، بايرون قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ئوتتۇرا ھال بولۇپ، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ساۋاقداشلىرىدىن ئانچە ئۈستۈن بولمىغان. ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەخسىملىنىشى زامانىمىزدىكى ئاياللار ۋە ئەرلەرگە ئوخشاش تەكشى بولغان. ئەقىل قابىلىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ھاللىقى ئەقىل تەرەققىياتىدىكى نېگىزلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولغانلىقى بولۇپ، ئەقلىي جەھەتتىكى نورماللىقتا ئىگە بولغان كىشىلەر ھەرقاچان تىرىشىپ ئەقلىي قابىلىيەتتە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇ، ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ تالانتلىق كىشىلەرگە ئايلىنىپ كېتىشى تامامەن مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن: قىزلار ۋە ئاياللار ئەقىل ئامىللىرىنىڭ تەرەققىياتىدا بەزى ئۈستۈنلۈكلەرگە ئىگە.

تەجرىبە پسىخولوگىيىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەرلەر ۋە ئوغۇللار بىلەن ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدا ئاساسەن تەكشىلىك بولسىمۇ، ئەمما، تۇغما جىنسىي پەرق، غەيرى تۇغما مۇھىت، مائارىپ تەربىيىسىدىكى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرى نەتىجىسىدە، ئىككى جىنسنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرى تەرەققىياتىدا ئۆزگىچىلىك بولىدۇ. بۇ يەردە بىرنەچچە تەرەپكە نەزەر سالايلى:

① ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ۋە چەبدەسلىكى

ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەكشىلىك قىممىتى تەڭ بولىدۇ. ئەمما، تەقسىملىنىش جەھەتتە ئىككى جىنىس ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇ ھەقىقەت نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىپلا قالماستىن، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. كۆپ ساندىكى ئەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى بەزى دەرسلەردە ئەلا، بەزى دەرسلەردە تۆۋەن بولۇپ، نەتىجىسى تەكشى بولمىغانلار قىزلاردىن كۆپ بولغان. قىزلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ئوتتۇراھال بولغانلار كۆپساندا بولۇپ نەتىجىسى تەكشى بولغانلار ئوغۇللاردىن كۆپ بولغان.

ئاياللار ۋە قىزلار ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەكشىلىككە يۈزلىنىشى نۇرغۇن تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئاساسلىقى ئىككى جىنىستا تۇغما مەۋجۇت بولغان خروموسومىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئارقىسىدا پەيدا بولىدىغان كىسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئىككى جىنىستىكى ئەقىل تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشىگە، قىزلارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى بىلەن ئۆگىنىشتە ناھايىتى چىدامىلىق، پۇختا بولسىمۇ، بۇ پەيتتە تەشەببۇسكار بولالماسلىقتەك مىجەز-خۇلق پەيدا قىلىشىغا، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى مۇھىتىنىڭ قىزلارغا قويغان تۇرلۇك توساقلىرى ئارقىسىدا قىزلاردىكى مۇستەقىللىق ۋە ئەمەلىيەتچانلىقنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە بىۋاستە باغلانغان بولۇپ، بۇ سەۋەبلەر ئەسلىدە ئەقلىدە ئەرلەر ۋە ئوغۇللاردىن ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان ئايال ۋە قىزلارنى ناھايىتى ئاستا ئەمما جاھىللىق بىلەن بەنت قىلىپ، ئەقلىي جەھەتتىكى تەكشىلىككە — ئوتتۇرا ھالىقىغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئاياللار ۋە قىزلاردىكى بۇنداق ئوتتۇرا ھالىقنى تۇرلۇك ئىسلاھاتلار ئارقىلىق تەدرىجىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش

ۋە ئوغۇللارغا يېتىشەلمەيدۇ.

قىسقىسى: ئاياللار ۋە قىزلار بىلەن ئەرلەر ۋە ئوغۇللار ئەقلىي ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆز ئالدىغا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىككى جىنسنىڭ ھەرقايسىسىدا ئۈستۈنلۈك ۋە ئاجىزلىقلار بار، ئاياللار ۋە قىزلار ئەقلىي تەرەققىياتىنىڭ بەزى باسقۇچلىرىدا ئەرلەردىن ئۈستۈن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەرلەر ۋە ئوغۇللاردىن ئاجىز ئەمەس. ئاياللار ۋە قىزلارنى ئەقىل جەھەتتە ئاجىز كۆرسەتكەن بارلىق نەرسىلەرنى بىر نۇقتىغا يىغقاندا، ئاساسلىقى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان ئەنئەنىۋى قارىشىدىكى ئاياللارنى سەل چاغلاش ۋە ئاياللارنىڭمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلىرىنى سەل چاغلىشىدىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا ھازىرقى كۈندە (ئەرلەردىكى خاتا قاراشلارنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىتىشكە قالدۇرىمىز، ئەلۋەتتە) ئاياللار ۋە قىزلاردىكى ئۆزىنى سەل چاغلاش پسىخىكىسى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇنى قانداق تۈزىتىمىز؟

ئاياللاردىكى ئۆزىنى سەل چاغلاش ۋە ئۇنى تۈزىتىش

ئاياللاردىكى ئۆزىنى سەل چاغلاش پسىخىكىسى ھەممە ئاياللاردا ئوخشاش مەۋجۇت دېمىگەندىمۇ، ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىن ئېيتقاندا، كۆپ ساندىكى ئاياللاردا تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئۆزىنى سەل چاغلاش گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

1) پسىخىكىلىق تەرەققىياتتا نىسبەتەن ناچار بولۇش.

ئاياللارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىياتىدا بەزى ناچارلىقلار بار، مەسىلەن، كەسپداشلىرى بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ۋە تەڭ-باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ رىقابەتلىشىشكە جۈرئەت قىلمايدۇ ھەمدە ئىشتا ياردەمچى رول ئۆتەشكە ھازىر تۇرىدۇ؛ نەتىجە يارىتىش ئېڭى

ئەرلەر ۋە ئوغۇللاردىن ئۈستۈن بولۇپ، ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى بولۇپمۇ يۇقىرى ئاۋازلارنى ئاڭلاش ۋە پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى جەھەتتە ئەرلەر ۋە ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمما كۆرۈش سەزگۈسى، بولۇپمۇ ماكاننى كۆرۈش سېزىمى جەھەتتە ئەرلەر ۋە ئوغۇللاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

② ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ دىققىتى كۆپرەك ئادەملەردە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادەمگە قاراتقان دىققەت كۈچى نىسبەتەن تۇراقلىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ. ئەمما، نەرسىلەرگە دىققەت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئۇزاق مەركەزلەشتۈرۈش جەھەتتە ئەرلەر ۋە ئوغۇللاردىن ئاجىزراق ۋە قىسقىراق بولىدۇ.

③ ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ مېخانىك ھالدىكى ئەستە تۇتۇشى ۋە ئوبرازلىق ئەستە تۇتۇشى كۈچلۈك بولىدۇ. ئاياللار ۋە قىزلاردىكى ئەستە تۇتۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئەستە تۇتىدىغان نەرسىلەر-نىڭ كۆپلۈكى، قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدە ئەستە تۇتۇشنىڭ ناھايىتى پۇختا بولۇشى ئۇلاردىكى ئالاھىدىلىكتۇر. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كونك-رېتنى ئوبرازلارنى ئەستە تۇتۇشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئوبرازلىق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بويىچە باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزى ۋە ھەرىكىتىنى بەئەينى ئۆزىدەك جانلىق سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ، ئەمما، ئاياللار ۋە قىزلار ئەستە تۇتۇۋالغان نەرسىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئابستراكت ئەستە تۇتۇش جەھەتلەردە ئەرلەر ۋە ئوغۇللاردىن ئاجىزراق بولىدۇ. بۇ ئاجىزلىق مەسىلىلەرنى ئۇزاققىچە ئەستە ساقلاپ مۇھاكىمە قىلىشقا پايدىسىز.

④ ئاياللار ۋە قىزلار ئوبرازلىق تەپەككۇر جەھەتتە ئەرلەر ۋە ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمما، لوگىكىلىق تەپەككۇردا ئەرلەر

بەزى ئاياللار بىلىم جەھەتتە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھەتتا ئۇلاردىن ئۈستۈن ئەھۋالدا تۇرسىمۇ، لېكىن ئەشۇ جەھەتلەردە ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان داشۆلەردىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوششاق-چۈششەك مەمۇرىي خىزمەتكە ياكى كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ تۆۋەن رەكلىرىگە قويۇلغان. ئوقۇشقا كىرىش، كاماندۇرۇپكىغا چىقىش قاتارلىق چېنىقىش پۇرسىتى بار ئىشلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەرلەرگە تەئەللۇق بولغان.

4) ئاڭ جەھەتتە "قامال قىلىشقا ئۇچراش". جەمئىيەتتە ھېچكىم ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئاياللار ئۇنى قىلىشى كېرەك، بۇنى قىلماسلىقى كېرەك دەپ بەلگىلىمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتىكى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان بەزى ئاڭ-پىكىرلەر ئاياللارنىڭ ھەرىكىتىنى تېزگىنلەپ كەلمەكتە. پارتىيە ۋە دۆلەت ئىبادەتنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى تېزرەك ئۆزگەرتىپ بالدۇرراق زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ يېتىشتۈرمەكتە. شۇنىڭدەك ئۇلاردىن ئىختىساسلىق بولۇپ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلماقتا. ئۇلارنىڭ خېلى زور بىر قىسمىنى ئاياللار تەشكىل قىلىدۇ. بىراق ئەنئەنىۋى ئاڭنىڭ ئاسارىتى بىلەن، ئىختىساسلىق بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغان بەزى زىيالىي ئاياللار ئادەتتىكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

يۇقىرقىلاردىن مەلۇمكى، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ئاياللار پىسخىكىسىغا ئۆلەپ كەلگەن ئۆزىنى سەل چاغلاش ئاياللارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان تۈرلۈك پاسسىپ ئامىللارنى پەيدا قىلغان. بۇ پاسسىپ ئامىللار ئاياللارنىڭ جامائەت سورۇنلىرىدىن ئۆزىنى تار-

ئاجىز بولىدۇ؛ ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئالغا ئىنتىلىش روھى كەمچىل بولىدۇ؛ كۆڭۈل-كۆكسىنى كەڭ تۇتالماسلىق، ئاسانلا ھەسەتخورلۇق قىلىش قاتارلىقلار كۆپ ساندىكى ئاياللاردا كۆرۈلىدۇ.

2) "ھەل قىلغۇچ مەزگىل"دە قاتاردىن چۈشۈپ قېلىش. ئىختىساسشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەيلى قايسى خىلدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بولسۇن، زېھنىي جەھەتتىن بىخلىنىش مەزگىلى، بىلىمگە ۋارىسلىق قىلىش، يېتىلىش مەزگىلى، ئىجاد قىلىش مەزگىلى ۋە ياشنىش مەزگىلىدىن ئىبارەت بەش باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن ئېيتقاندا، ئىجاد قىلىش مەزگىلى ئىختىساسلىقلارنىڭ "يوشۇرۇن ھالەت"دىن "ئاشكارا ھالەت"كە ئۆتۈش جەريانى، ئىختىساسلىق بولۇشنىڭ "ھەل قىلغۇچ" مەزگىلى بولىدۇ. بىراق، ئەنئەنىۋى ئاڭ ئاياللارنىڭ خېلى كۆپ جەھەتلەردە ئىجاد قىلىشىغا يول قويمىغانلىقتىن، دەسلەپكى ئۈچ باسقۇچنى ياخشى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن ئاياللار ئىجاد قىلىدىغان ئالتۇندەك مەزگىلگە كەلگەندە، سىرتقى دۇنيانى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ئائىلىسى بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ، نەتىجىدە كەسىپدە نەتىجە يارىتالمايدۇ.

3) پۇرسەت بېرىدەك بولماسلىق. پۇرسەت ئىقتىدارغا قاراپ بېرىلىشى، ھەرگىزمۇ جىنسىي ئايرىمىسىغا قاراپ بېرىلمەسلىكى كېرەك. بۇ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى. ئەمما، ئېلىمىزدە ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچى ئېلىش، كادىر ئۆستۈرۈش ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، ئىشلىتىش جەھەتلەردە ئەرلەر ئاياللاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ كەلدى.

ئىچىدە ئەقىل بابىدا مۆجىزە ياراتقان زاتلارنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر تەرەپلىمە بولغان ئىجتىمائىي قاراشلارنىڭ قۇربانى قىلماستىن، ئەرلەر بىلەن ئەقلىي پائالىيەتلەردە بەسلىشىشتەك جاسارەتكە ئىگە بولغان. ئۆزىنى سەل چاغلاش چەمبىرىكىدىن ھالقىپ ئىنسان بالىسىغا ئورتاق ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە روھلۇق قاتناشقان؛ بولۇپمۇ ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتلارنىڭ ئاز-تولا كەم تەرەپلىرىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالماستىن، جاپالىق ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىش سەپىرى قىلغان. بەزىلىرى ھەتتا ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئۆزلىرىگە نىشان قىلغان ھالدا ئەركىن رىقابەتكە چۈشكەن. باشقىلارنىڭ رىقابەتلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن كۈتۈۋېلىپ ئامىي ماھارەتتە، ئىجادىي قابىلىيەتتە رەسمىي مۇسابىقە قىلغان. ئۇلارنى ئەنە شۇنداق جاسارەتكە ئىگە قىلغان كۈچ نەدىن كەلگەن؟ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىر يەرگە، بىر-ئىككى بالىسىغىلا مەنسۇپ بولغان ئاجىزە دەپ ھېسابلىماستىن، پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئۇلۇش كۈچ دەپ قارايدىغان ئىشەنچىدىن كەلگەن. ئۇلار پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ باش نىشانىدىن ئۆزلىرىنىڭ قوغلىشىدىغان تىرىشىش نىشانىسىنى تېپىپ ئېلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئالغان. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ئۇلارغا روھىي ئىلھام بولغان. ئۆزىنى سەل چاغلاشتىن كېلىپ چىقىدىغان پاسسىپ ئامىللارغا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئورۇن قالمىغان.

كۈچلۈك كۆرەش روھىدا بولۇشنى تەكىتلىگىنىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، تالانت يېتىشتۈرمەكچى بولغان ئاياللار ئىلگىرىلەش يولىدا

تېپ يېگانا بولۇۋېلىشىغا، ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ يوقىتىشىغا، شەرەپ قازىنىش ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىشكە، ھەتتا غەيرىي نورمال بولغان ھەسەتخورلۇققا، مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، دادىللىق بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىقىغا سەۋەب بولغان. بولۇپمۇ ئۆزىنى سەل چاغلاش ئاياللارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن كەڭ ئۇچرىشىشىغا، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە كەڭ قاتنىشىشىغا توسالغۇ بولغان. ئادەمنىڭ ئەقلى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىشى ئۈچۈن بۇنداق پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ توسالغۇسى شۇنداق چوڭ بولىدۇكى، ئۇ ھەتتا تۇرمۇشنى بارغانسېرى مەنىۋى گادايلىققا باشلاپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئەقلىي تەرەققىياتنى بوغۇپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللاردىكى ئۆزىنى سەل چاغلاش پسىخىكىسىنى ئۆزىنى ئەزىزلاش، تولۇقلاش پسىخىكىسىغا ئۆزگەرتىش تەرەققىي تاپماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ شەرەپلىك بۇرچىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ئۆزىنى ئەزىزلىشى، ئۆزىنىڭ ئەقىل-ئىدرىكىگە ئىشىنىشى، كۈچلۈك كۆرەش روھىنى تۇرغۇزۇشى، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىشى كېرەك.

ئۆزىنى ئەزىزلەش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشنى تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، كىشىنىڭ تەرەققىياتى، ئەقلىدە ئۆسۈشى ئەشۇ روھتا بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ پەندە يۇقىرى ئۆرلىشىگە ئىشەنمىگەن ئادەم ئەقلىدە يۇقىرى ئۆرلىيەلمەيدۇ، ئالغا باسالمايدۇ، پسىخىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنى يۈكسەك چوققىلارغا يېتەكلەيدىغان تۈرلۈك پەزىلەتلەر بار، بۇلارنىڭ چوققىسى ئۆزىنى ئەزىزلەش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشتۇر. زامانىمىزدىكى ئاياللار

ئىجاد قىلىش مۇمكىن بولمايدىكەن، جەمئىيەتكە يارامىلىق بولغان مەشھۇر ئادەم بولۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئاياللار ئۆزىنى سەل چاغلاشتىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن، يېڭىلىق يارىتىشنى بارلىق ئەقلىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرقى نىشانى قىلىشى كېرەك.

ئەرلەر بىلەن بىللە دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلاردىن باشقا، ئادەت
كۈچلىرى كەلتۈرىدىغان بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمۇ توغرا
كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاياللار ئەرلەردىنمۇ بەكرەك جەڭگىۋار
بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. تارىختا مەشھۇر بولغان ئاياللارنىڭ ھەممىسى
كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشتە ئالدى بىلەن ئەشۇنداق ئادەت كۈچلىرى
بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىدىيىۋى تەييارلىق كۆرگەن ھەمدە ئەمەلىي
كۈرەشلەردە چېنىقىپ ئۆتۈپ چىققان. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر
بولغان پروفېسسورى لۇشجيا گېرمانىيىگە ئاسپىرانتلىققا ئوقۇشقا
بارغاندا، ئۇ تەلىم ئالماقچى بولغان پۇرانتى خوتۇن كىشىنى ئوقۇت-
مايمەن دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. لۇشجيا ھەرقانداق
ئىمتىھان بولسا بېرىپ ئوقۇشقا كىرىشكە تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالغان-
دىن كېيىن، پۇرانتى ئىمتىھان ئېلىشقا قوشۇلغان. نەتىجىدە لۇشج-
يانىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى پەۋقۇلئاددە ياخشى بولغانلىقتىن، پۇرانتى
ئۇنى بىردىنبىر ئايال ھېسابىدا دوكتورلۇققا ئوقۇيدىغان ئاسپىرانت
دەپ قوبۇل قىلغان. لۇشجيا نەتىجىلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ
ھازىرقى كۈندە ئاتاقلىق پروفېسسور بولغان.

يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىشنى تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى،
ئەقىل جەھەتتىكى ھەرقانداق ئىلگىرىلەش ۋە بۆسۈش ھەم بار
بولغان بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش ھەم نوپۇزغا قارىغۇلارچە چوقۇنماس-
لىقنى تەلەپ قىلىدۇ. كىتابى بىلىمگە، بۇرۇنقى تەلىماتلارغا يۈزدە
يۈز چوقۇنغاندا، نوپۇزى بار كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى مەئبۇت-
لارغا چوقۇنۇشقا ئايلاندۇرۇۋالغاندا، بۇرۇنقىلار ماڭغان يولدىلا
مېڭىشتىن باشقا ئىش بولمايدۇ-دە، ئىجاد قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

بولىدۇ.

## 1. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش

### 1) ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە ئەقىلنىڭ تەرەققىياتى

ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلىم ئىگەللەشتىن ئايرىلالمايدۇ، بىلىم ئىگەللەش ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئەقىل-ي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەر ئەنە شۇ ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ بىرسى-بىرسىنى تولۇقلىشى ۋە ئۆستۈرۈشى ئاساسىدا يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق پەن-مەدەنىيەت تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا نەزىرىمىزگە ئۆلمەس پىرامىدا بولۇپ گەۋدىلىنىدىغان ئۇلۇغ زاتلار ۋە ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدىكى ھەقىقىي ھۆرمىتىنى ئىجادىي ئەمگەكلەر بىلەن نامايان قىلغان ماھىرلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەقىل پوتانلىرىنى ئۇرغۇتقان كارامەتلىك ئۇتۇقلىرىنى كۆرىمىز. مەيلى قەدىمكى ئەسىر، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئۆتكۈر كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىقلا كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدىكى ئەقلىي ماھارەتكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

تۇنجى قېتىم ئىجاد قىلىنغان ئەمگەك قورالى، تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن قاتناش قورالى، تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان ئالىي مەكتەپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىن تۆت چوڭ ئىلىم مۇنازىرىسى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگەن 4 چوڭ كەشپىيات، قەدىمكى گرېك گېئو-

## تۆتىنچى باب ئەقلنى تەرەققىي قىلـ-
## دۇرۇشـنىڭ ھالقىلىرى

ئالىملار، ئەقلنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ زور تىرىشچانلىق كېرەك، ئەقلـنى تەرەققـىي قىلـدۇرۇشتا ئالـدى بىلەن ئۆزىدە يېتىلگەن قابىـلىيەتـلەرنى تولۇق جارى قىلـدۇرۇش ئاندىن باشقا جەھەتلەردىكى قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك ئۆزىدىكى قابىلىيەتلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مۇھىت ۋە پىسخ كىدىكى توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە ئۆزىنى بىلىشنى شەر قىلسا، باشقا جەھەتلەردىكى قابىـلىيىتىنى تەرەققـىي قىلـدۇرۇش ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆزىـنى ئوراپ تۇرغان دۇنـيانى يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىشـنى، يەنى تەپەكـكۇر ئادىتىـنى ئۆزگەرتىـ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشنى شەرت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېمەك ئەقلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كىتابىمىزنىڭ يۇقىرىـدىكى بابـلىرىد بايان قىلىنغان ئەقلىي ئامىللار ۋە تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنى بىلىـش ۋە ئۇلارنى ئۆستـۈرۈش شەرت بولۇپلا قالماستىن، ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى جانلاندۇرىدىغان ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدىغان ئومۇمىي ئەھمىيەتـكە ئىگە ھالقىلىق ئۇسۇللار — ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئىگەللەش، مۇھىت ۋە پىسخىكىدىكى توسالغۇلارنى تازىلاش، ئۆزىـنى بىلىـشمۇ شەرت

ستاتىستىكاشۇناسلىق، مالىيەشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەردىن ئەلا دەرىجىدە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ دىپلوم ئالغان.

دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىختىراچى ئېينشتېيىنىدىن تارتىپ ئەڭ ئۇلۇغ سىياسىيونلار ماركس، ئېنگېلسلارغىچە، ئىلىمزىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تارىخچى سى ماچيەندىن تارتىپ زامانىمىزدىكى ئۇلۇغ ماتېماتىك خۇا لوگېڭغىچە بولغانلار ئەنە شۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش يولى بىلەن پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققانلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

ئوتتۇرا ئەسىردە دۇنيادا ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ۋە دۇنيانىڭ ئىلىم مەركىزىگە ئايلانغان ئىسلام دۇنياسى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ رەسۇلللانىڭ ئىلىمنى ھەممىگەن قورال قىلىش، "ئېلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ ئۆگىنىش" دېگەن ھەدىسىگە ئەمەل قىلىپ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

يېقىنقى زاماندا باش كۆتۈرگەن رۇسلارغا قارايدىغان بولساقمۇ، ئۇلاردا جەڭگىۋارلىقتىن باشقا يەنە مىللەت بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىلغار مىللەتكە ئايلىنىش ئىشەنچىسى مىللەت پسىخىكىسىغا ئايلانغان ۋە شۇنداق پسىخىكا ئاساسىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئومۇمىي مىللىي ئەنئەنىگە ئايلانغان. ئۇلاردا ئالىي مەكتەپ يوق چاغدا رۇس ئىلىم-پېننىڭ پىرى لومونوسوۋ ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن روسلارغا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى مۇراجەت قىلغان. ئۇ: "ئۇنجى بولۇپ داشۆگە دەرس بەرگەنلەر، داشۆگە كىرمىگەن، بىز داشۆنى ئۆزلۈكىمىزدىن ئۆگىنىپ قۇرىمىز" دېگەن. لومونوسوۋ روسلارنىڭ قۇللۇق تارىخىنى ھۆرلۈك تارىخىغا ئۆزگەرتىشتە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق دۇنيادىكى

مېترىيىسى، ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپاغا تىببىي دەرسلىك بولغان ئىبنى سىنا تەلىماتى، ئىسلام دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن فارابىي پەلسەپىسى ۋە مېتافىزىكىسى، ھازىرقى زامان ماتېماتىكىسى، فىزىكىسى، خىمىيىسى ۋە پەلسەپە قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرگە دائىر نۇرغۇن نەزەرىيىلەر دۇنيادا سېستىمىلىق دەرس ئوقۇتىدىغان ئالىي مەكتەپلەر دۇنياغا كېلىشتىن ئاۋۋال ئىجاد قىلىنغان. ئالىي مەكتەپكە كىرمەي ئالىم بولغان ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماي تۇرۇپ ئالىي مەكتەپ ئاچقان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. بۇلار ئەشۇ ئۇلۇغ كەشپىياتلارنى قانداق ياراتتى ۋە ئاشۇنداق ئەقلىي قابىلىيەتكە قانداق قىلىپ ئىگە بولدى؟ يېقىنقى زاماندا ۋە ھازىرقى زاماندا باش كۆتۈرگەن بەزى مىللەتلەر قانداق بولۇپ ئەشۇنداق تېز ئالغا باستى؟

ئالايلۇق، دۇنياغا مەشھۇر پرولېتار سىيات يازغۇچىسى گوركى (1868 ـ 1936) باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى يىللا ئوقۇغان. ئۇنىڭدىكى چەكسىز بىلىم ۋە ئەدەبىي ماھارەت ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتىن كەلگەن. ئۇ باللىق چاغلىرىدا تۈرلۈك مۇشكۈللەرگە ئۇچراپ، كۆرمىگەننى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن كىتاپ كۆرۈشنى، چىراغ بولمىسا ئاي يورۇقىدا كىتاپ كۆرۈشنى توختاتماي دۇنيانى قايىل قىلارلىق مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان.

ئامېرىكىلىق ئالىم فىرانكلىن (1706 ـ 1790) باللىق دەۋرىدە پەقەت ئىككى يىللا ئوقۇغان، 12 يېشىدا مەتبەئە ئىشچىسى بولغان، ئەمگەك جەريانىدا تىنىماي ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى دۇنياغا مەشھۇر ئالىم بولغان. لېنىن قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، قانۇنغا ئائىت 12 دەرستىن ۋە سىياسىي ئىقتىسات،

ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ كەڭلىكى.

ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى شۇنداق كەڭكى، ئۇ ئارقىلىق ھەر خىل كەسىپ، ھەر خىل ياش، ھەر خىل سەۋىيىدىكى كىشىلەر ھەر خىل پەنلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. بۇنى ئېلىمىز مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ 180 نەپەر ئىختىساسلىق ئۈستىدىكى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشىدىن ئېلىنغان مەلۇمات تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق پەننىڭ مۇھىت يار بەرگەن تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەقلىي تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇ يەردە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىسىدىكى ئەقلىي تەرەققىياتنىڭ ھەرقانداق ساھەدە مۇمكىنلىكى، ئومۇمىيلىقى ۋە تەڭپۇڭلۇقى قانۇنىيىتى ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇنى بىز 180 نەپەر ئىختىساسلىقنىڭ پەنلەردىكى نىسبەت جەدۋىلىدىن كۆرەلەيمىز.

پەنلەر ۋە ئۇ پەنلەردە يېتىلگەنلەرنىڭ سانى

| پەنلەر تۈرى | تەبىئىي پەن | سانائەت-قۇرۇلۇش پەنلىرى | ئىجتىمائىي پەن | ئەدەبىيات-سەنئەت |
|---|---|---|---|---|
| ئالاقىدار پەنلەرنىڭ سانى | 9 | 16 | 15 | 11 |
| ئادەم سانى | 45 | 41 | 44 | 50 |

بارلىق ئىلغارلىقنى روسلارغا مۇجەسسەملەشتۈرۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان. روس خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئالىملىرىنىڭ ۋە لېنىندەك ئۇلۇغ داھىلىرىنىڭ يولـيورۇقلىرىنى مىللەت بويىچە ھەركەتكە ئايلاندۇرۇپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق گۈللىنىش تارىخىدۇر.

ھازىرقى زاماندا باش كۆتۈرگەن ياپونلۇقلارمۇ ساماۋى پادىشانىڭ «دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىكىدە بىلىم بولسا ئېلىڭلار» دېگەن تەلىمىنى مىللىي ھەركەتكە ئايلاندۇرۇپ، تېخى تۈنۈگۈن ئۇرۇش خارابىسى بولۇپ قالغان ياپونىيىنى بۈگۈنكى دۇنياۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى.

ھازىرقى جۇڭگودا يولغا قويۇلۇۋاتقان تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى نىشان قىلغان ئىسلاھاتنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەجدادلار ۋە ئەشۇ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بارلىق بېكىنمىچىلىكلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىشىكنى كەڭرى ئېچىۋېتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئىلغار مىللەتكە ئايلاندۇرۇش ھەركىتى دېيىش كېرەك.

دېمەك، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى، شۇنداقلا ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ بەرگەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. گەرچە "ئۆز-لىگىدىن ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكىلى بولمايدۇ" دەيدىغانلار ۋە ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بەل قويۇۋېتىدىغانلار بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىڭ قانۇنىيىتىنى بايقاپ ئالغاندا، ئۇ ئارقىلىق ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بويىچە ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-قا، مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئادەتتە ئەقىل تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە بۇ جەھەتتە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن تارتىپ خىزمەت ئورنىغا بارغىچە ئارىلىقتا ياكى شۇ چاغنىڭ ئالدى كەينىدە نىشان تاللىغاندا كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم قازانغىلى بولىدۇ. بۇنى بىز تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئۇلارنىڭ نىشان تاللىغان چاغدىكى يېشى

| يېشى | 18 ياشتىن بۇرۇن | 18 ـ 25 ياشقىچە | 25 ياشتىن كېيىن |
| --- | --- | --- | --- |
| ئادەم سانى | 55 | 110 | 15 |
| پىرسەنتى | 31% | 61% | 8% |

كۆڭۈلدىكىدەك ۋاقتىدا نىشان تاللىيالمىسىمۇ، ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغاندا نىشان تاللاپ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەر ۋە قېرىغاندا تىرىشچانلىقتىن قالمىغانلاردىمۇ ئۈمىد بولىدۇ. ئادەتتە كۆپ ساندىكى ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگۈچىلەر 5 ـ 12 يىلغىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. 5 يىل ئىچىدە ياكى 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئاز بولىدۇ. 20 ـ 13 يىللار ئارىلىقىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئادەتتە ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ 1/3 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قىسقىسى، ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىش بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، ئۇ تارىخىي ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە

مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا قاراپ ئادەملەرنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ. بۇنى بىز تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇلارنىڭ مەنبەسى

| مەنبە | ئىشچىلار | دېھقانلار | يېزا-قىشلاقلاردىكى زىيالىي ياشلار | باشقا خادىملار |
|---|---|---|---|---|
| ئادەم سانى پىرسەنتى | 95<br>53% | 22<br>12% | 20<br>11% | 43<br>24% |

بۇ يەردە ئوقۇش تارىخى بىلەن ئۆگىنىش قابىلىيىتى توغرا تاناسىپ بولماسلىق قانۇنىيىتى ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇنى بىز تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرەلەيمىز.

ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى

| مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئالىي مەكتەپ | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ |
|---|---|---|---|---|
| ئادەم سانى پىرسەنتى | 12<br>35% | 63<br>35% | 80<br>44% | 25<br>14% |

ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش يۇقىرىقى تۈرلۈك ھالەتلەردە مۇمكىن بولسىمۇ، ئەقىل تەرەققىياتىغا نىشان تاللاش ياش چېكى قانۇنىيىتى

بارلىققا كەلدى ۋە داۋاملىق بارلىققا كەلمەكتە. بۇ ئەھۋال تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىمۇ ئىپادىلەنمەكتە.

ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى شۇكى، پەن يۈكسەك دەرىجىدە پارچىلىنىش ۋە ئۇنىۋېرساللىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ يۈزلەندى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىگە بولغان تونۇشى كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى بەزى پەنلەر يەنىمۇ ئۇششاق تارماقلارغا ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ مەلۇم قىسمى ياكى بىر قىسمى مۇستەقىللىشىپ يېڭى بىر پەن بولۇپ شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدە بار بولغان پەنلەر ئارىلىقىدىن بىرمۇنچە يېڭى پەنلەر پەيدا بولۇپ، بۇ ئارىلىق پەنلەر دەپ ئاتالدى. دېمەك، ھەرقايسى پەنلەرنىڭ بىر-بىرىگە سىڭىشىشى ۋە ئۆزئارا گىرەلىشىشى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، تېخىمۇ كۆپ ئارىلىق پەنلەر تېز راۋاجلانغاندىن تاشقىرى، پەنلەرنىڭ ئايرىلىشىمۇ كۈندىن-كۈنگە راۋاجلانماقتا، پەنلەر بارغانسېرى ئىنچىكە بۆلۈنۈپ، تارماقلىرى ھە دەپ كۆپەيمەكتە. ھازىر، پەننىڭ تۈرى 2000 خىلدىن ئاشتى. ئامېرىكا دۆلەتلىك تەتقىقات كومىتېتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئاساس پەنلىرىنىڭ ئاساسلىق كەسپلىرى 500 دىن ئاشقان، تېخنىكا پەنلىرىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات ساھەسى 412 خىلغا يەتكەن.

تەجرىبە. بۇ تەجرىبىگە ئاساسلانغاندا باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇغانلار ياكى بۇ مائارىپنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا ئوقۇ-غانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنمىسە ئەقىل تەرەققىياتىنى تېزلىتەلمەيدۇ. ئۇنداق بولسا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىڭ زامانىۋى ئۇسۇللىرى قايسىلار؟

## 2) نىشانلىق ئۆگىنىش

بىلىم گويا بىر دېڭىز. 18-ئەسىردە ئۆتكەن فرانسوز مەرىپەت-چىلىرىدىن گىدرو، دالبال قاتارلىقلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىم نيكوننىڭ پەنلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈش ئىدىيىسىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىققان بىلىم سىستېما جەدۋىلىدە 80 خىل بىلىم تىپى كۆرسىتىلگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇردى، ئاجايىپ زور تەرەققىياتلار بولدى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش قابىلىيىتى ۋە ئەمەلىي تەجرىبە قابىلىيىتى ئۆزلۈكسىز ئۆستى ۋە كۆپەيدى. بولۇپمۇ 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەبىئىي پەندىكى 3 چوڭ كەشپىيات ۋە ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، خىمىيە، بىئولوگىيە، تۆرەلمەشۇناسلىق، پالېئونتولوگىيە، گېئولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردە قولغا كەلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىسىدا ئىنسانلار بىلىم قۇرۇلمىسىدا يەنە بىر چوڭ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. مۇشۇ ئەسىرگە قەدەم قويۇلغاندىن بۇيان، كىشىلەر يەنە ماددىنىڭ ھالىتىنى ۋە ھەرىكەت شەكلىنى بىلىش جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىلگىرىلەش-لەرگە ئىگە بولدى.

يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان پەن-تېخنىكىنىڭ ھەممىلا ساھەسىدە دېگۈدەك چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ، بىر قاتار يېڭى پەن-تېخنىكا

چىقارغان بولۇپ، بۇرۇنقى ئىلمىي بايقاشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان سانائەت ئىنقىلابى ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ئەمگەك قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن چەكلەنگەن بولسا، ئۇچۇرنى بەلگە قىلغان بۇ قېتىمقى تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش سىستېمىسى بىلەن ئەقلىي ئەمگەك قورالى بولغان ئېلېكترونلۇق مېڭىنىمۇ ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇچۇر بىلەن بىلىمنىڭ تارقىلىشىدا پارچىلاش ھاسىل قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېقىنقى 30 يىلدا ئىجاد قىلىنغان بىلىم زاپىسى نەچچە تۈمەن يىللاردىن بۇيانقى بىلىم زاپىسىدىن ئېشىپ كەتتى. ھازىرقى كۆندە دۇنيانىڭ بىلىم زاپىسى ھەر 3 يىلدا بىر قاتلىنىۋاتىدۇ. ئالىملارنىڭ پەرىزىچە، 2000-يىلغا بارغاندا، دۇنيانىڭ بىلىم زاپىسى 1960-يىلدىكىگە قارىغاندا 20 ھەسسە ئۆستۈن بولىدۇ. بۇ ھال بىزگە قانداق قىلغاندا ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئەقلىي جەھەتتە زامانغا يېتىشىش توغرىسىدا مۇسابىقە ئېلان قىلدى. بىز بۇ مۇسابىقىدا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆگىنىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىلىم دېڭىزىدىن نىشانلىق ھالدا ئۆزىمىزگە ئەڭ قىممەتلىك بولغان گۆھەرنى سۈزۈپ ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ گۆھەر زامانىمىزغا ئۇيغۇن، ئىجادىي بولغان ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىشقا كېرەكلىك بىلىملەردۇر.

### 3) ئۇيغۇنچان بىلىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش

ئۇيغۇنچان بىلىم قۇرۇلمىسى، ئاساسلىقى بىلىمنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى، ئەقلىي ئىجادىي دەرىجىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەسقاتىدىغان بىلىملەرنى نىشانلىق ھالدا تاللاپ ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ھەربىر كىشى بىلىمنى ھەقىقىي ئىشلىتىش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ

لېكىن، تەبىئەت دۇنياسى بولسۇن ياكى ئىنسانلار جەمئىيىتى بولسۇن، ھەر ئىككىسى بىر پۈتۈن گەۋدە، ھەر ئىككىسى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قۇرۇلمىلىق، كۆپ تىزىسىملىق مۇكەممەل توردىن ئىبارەت. كىشىلەرنىڭ تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇنىۋېرساللىشىشى، بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى بارغانسېرى روشەنلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلماقتا. شۇڭا نۇرغۇنلىغان ئۇنىۋېرسال پەنلەر ۋە توغرا لىنىيىلىك پەنلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇنىۋېرسال پەن مۇئەييەن ئوبيېكتىپ دۇنيانى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان، كۆپ خىل پەنلەر نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سىستېمىلىق، ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان پەن. مەسىلەن، مۇھىت ئىلمى، ئېنېرگىيە ئىلمى، دېڭىز-ئوكيان ئىلمى، بوشلۇق ئىلمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئۇنىۋېرسال پەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، تەبىئەت ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توغرا لىنىيىلىك پەنلەر دېگىنىمىز، ئاساسەن، ئۇچۇر نەزەرىيىسى، كونترول نەزەرىيىسى، سىستېما نەزەرىيىسى قاتارلىق پەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈپ ئالغىلى بولىدىكى، بىلىم دېڭىزى گويا يۇقىرى گرادوسلۇق يەر تەۋرىنىگەندە قاتتىق چايقىلىۋاتقان سۇ دېڭىزىدەك چايقىلىپ لەپپەڭلىمەكتە. ئۇنىڭ ھازىرقى چېكى تېخى يوق، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ چەكسىز دېڭىز تېخىمۇ ئۇلۇق ئوكيانغا ئايلىنىدۇ.

ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، ھازىرقى زامان تېخنىكا ئىنقىلابىنى ئۇچۇر، ھاياتلىق ۋە ماتېرىيال توغرىسىدىكى پەنلەر كەلتۈرۈپ

ىندۇ ۋە روللىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرالايدۇ. ئومۇمىي گەۋدىدىن ئايرىلغان، يەككە تۇرغان بىلىم ــ ئۆلۈك بىلىم، ئەمەلىيەتتە پايدىسىز، بۇنى ئەسقاتمايدىغان بىلىمدۇر. شۇڭا، شەھەر ـ بازارلاردا ئالدىغا 80 خالتىنى قويۇۋېلىپ دورا ـ دەرمەك ساتىدىغانلاردەك بىلىم توپلاش ۋە ئۇنى كۆز ـ لىدە ساقلاش بىلەن بولۇپ كەتمەي، بىلىملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىچكى باغلىنىشنى تەتقىق قىلىپ ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۆگىنىلاشقان بىلىملەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىش كېرەك.

نىسبەت پرىنسىپى. ئۆگىنىۋاتقان بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى مۇۋاپىق نىسبەتتە بولۇشى كېرەك. نىسبەت پرىنسىپى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توغرا يۆنىلىشلىك ئالاقىسىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ نىسبە-تىنى بەلگىلەشتە ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئالاھىدە نىشاننىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىش كېرەك. نىشان ۋە ئېھتىياجنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ بىلىم سىستېمىسى-نىڭ تەشكىللىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەدەبىيات ئۆگەنگۈچىلەر-نىڭ تەبىئىي پەنلەردىن مۇۋاپىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك بولسىمۇ، ئەمما چوڭقۇر بولۇشى شەرت ئەمەس. فىزىكا ئۆگەنگۈ-چىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن خەۋەردار بولۇشى ۋە لەززەتلىنى-شى كېرەك بولسىمۇ، ئەمما پىششىق بىلىشى ھاجەت ئەمەس. بىراق ھازىرقى زامان شارائىتىدا، بىر ئالاھىدە نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ بىر ئىككى خىل بىلىمدىن تەركىب تېپىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئوخشاش بولمىغان كۆپ خىل بىلىمنىڭ ئورگانىك بىرلىكى بولۇشى كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەت

ئېھتىياجغا ئۇيغۇن بولغان مۇۋاپىق ئىچكى قۇرۇلما شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇيغۇنچان بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلىمنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتىكى ئەپلىك ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇنچان بىلىم قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەر تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىشنى تەكىتلەيدۇ.

ئومۇمىي گەۋدە پرىنسىپى. ئەقىل تەرەققىياتىدا مەلۇم ئالاھىدە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بىلىم سىستېمىسى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشى شەرت. بۇ، ئۇيغۇنچان بىلىم قۇرۇلمىسىغا كېرەكلىك بىلىملەرنى ماھىرلىق بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، قىسمەنلىكتە تۇرۇۋاتقان بىلىملەرنى ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئەڭ ياخشى فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرالايدىغان قىلىش كېرەك، دېگەن سۆز. ئومۇمىي گەۋدە پرىنسىپى، بىرىنچىدىن، بىزنىڭ بىلىمنى توغرا تاللاپ ئىگىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بىز يۇقىرىدا قەيت قىلغان چەكسىز بىلىم دېڭىزى ئالدىدا، مەلۇم بىلىمنىڭ ئۆزىمىزنىڭ بىلىم سىستېمىمىزدىكى ئومۇمىي گەۋدىگە نىسبەتەن قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ماھىرلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشىمىز كېرەك. ئاندىن بىز بۇ نىسپىي قىممەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بويىچە بىلىمنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقنى بەلگىلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ بىلىمنى مۇۋاپىق تەشكىللىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. قىسمەنلىك، ئادەم بەدىنىدىن كېسىپ تاشلانغان بىرەر ئەزانىڭ كارغا كەلمىگىنىگە ئوخشاش كارغا كەلمەيدۇ، بىلىممۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. ھەرقانداق بىلىم پەقەت ئۆزئارا باغلانغان ئومۇمىي گەۋدە ئىچىدە بولغاندىلا جانلى-

ئۇ بىزنىڭ ئەقلىنى ئىجادىيەت دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشىمىزگە ۋە بىزنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى ئىجادىيەت باسقۇچىغا ئۆتكۈشلۈق كىرىدشىپ كېتىشىمىزگە پايدىلىق بولىدۇ. ئۇيغۇنچان بىلىم قۇرۇلمىسى بۇ قاتلاملاردىكى ھەرقانداق قاتلامغا سەل قاراشقا يول قويمايدۇ. چۈنكى، بىرقەدەر تۆۋەن قاتلامدىكى بىلىمگە سەل قارالسا، بىرقەدەر يۇقىرى قاتلامدىكى بىلىم مۇئەللەق راۋاققا ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، مۇستەھكەم تىكلىنىپ تۇرالمايدۇ، بىرقەدەر يۇقىرى قاتلاملىق بىلىم ئىگەللەنمىسە بىرقەدەر تۆۋەن قاتلامدىكى بىلىم مېۋىسىز دەرەختكە ئوخشاپ قالىدۇ-دە، مېۋىلەش رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. بەزىلەر، مەن ناھايىتى ئاددىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، بۇنىڭغا ئۇنچە يۇقىرى ھۈنەر-تېخنىكا لازىم ئەمەس، شۇڭا بىلىمنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن سۆز ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدۇ، بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق ئىش يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ھەرقايسى كەسىپتىكىلەر ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يۇقىرى قاتلامغا ئىگە قىلالايدۇ ھەم ئىگە قىلىشى لازىم. قىلىۋاتقان ئىشىمىز ئاددىي بولغان بىلەن "ھەممە ھۈنەرنىڭ پىرى بولىدۇ". مۇرەككەپ ئىشنى ئەپلەشتۈرىمەن دەپ ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كۆرە، ئاددىي ئىشنىڭ پىرى بولسىمۇ بولىدىغۇ؟

ھەرىكەتچانلىق پرىنسىپى. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ ھەم راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىلىم سىستېمىسىمۇ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولغانلىقتىن، ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلمىسا پەيدىنپەي قالاق، كونا،

ئىجادىيىتىگە ئىرادە باغلىغان كىشى زامانىمىزدىكى ئىلىم-پەندىن خەۋەردار بولمىسا بولمايدۇ، ئىنژېنېر بولماقچى بولغان كىشى ئىقتىسات ھەم باشقۇرۇش ئىلىملىرىدىن خەۋەردار بولمىسا بولمايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، نىسبەت پرىنسىپى بويىچە بىلىم قۇرۇلمىمىزدا تەبىئىي ھالدا يادرو، يادرونى ئوراپ تۇرىدىغان قورغان ۋە قورغاننى يۆلەپ تۇرىدىغان غوجا تامغا ئوخشاش 3 تەركىبنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىلىمنى مەركىزىي، يېتەكچى ئورۇنغا قويۇش، مۇناسىۋەتلىك بارلىق بىلىملەرنى پۈتكۈل قۇرۇلمىدا مۇۋاپىق، مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە قىلىش كېرەك.

قاتلام پرىنسىپى. ئۈيغۇنچان بىلىم قۇرۇلمىسى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە قاتلامدىن تەشكىللىنىشى شەرت. قاتلام پرىنسىپى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇدۇل يۆنىلىشلىك ئالاقىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا ئۈيغۇنچان بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئاساسىي قاتلام، ئوتتۇرا قاتلام ۋە يۇقىرى قاتلامدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان 3 قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئاساسىي قاتلام دېگىنىمىز زۆرۈر بولغان ئاساسىي مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئوتتۇرا قاتلام دېگىنىمىز مەلۇم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئېھتىياجلىق بولغان سىستېمىلىق كەسپىي بىلىمنى كۆرسىتىدۇ؛ يۇقىرى قاتلام دېگىنىمىز بۇ ئىشنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى، يېڭى ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش يۆنىلىشى ھەم تەتقىقات ئەھۋالى توغرىسىدىكى بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ 3 قاتلام بىلىم مۇنار شەكىللىك قۇرۇلما شەكىللەندۈرگەندە، ھەربىر قاتلامنىڭ تەلىپى بىر-بىرىدىن يۇقىرى بولغاندىلا ئاندىن

بىرلىشىشكە قولايلىقراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. بىلىم قۇرۇلمىسىنى قاتماللاشتۇرۇۋېتىدىغان، مۇقىملاشتۇرۇۋېتىدىغان ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ھەم ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىش كېرەك.

ئېچىۋېتىلگەن ئۆگىنىش پرىنسىپىنى قوللىنىش. زامانىمىزدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى ئېچىۋېتىلگەن قۇرۇلما بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بارلىق بىلىملەر بىلەن زىتلەشمەيدۇ. بۇنداق بىلىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئالدى بىلەن ئېچىۋېتىلگەن ئۆگىنىش پرىنسىپى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ پرىنسىپ ئېچىۋېتىلگەن دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى پەقەت شەخسنىڭ ئارزۇسى بويىچىلا ھەل بولمىغانلىقتىن، ئۆگىنىشنىڭ ئېچىۋېتىلگەن پرىنسىپىنى كەڭ دائىرە ۋە تار دائىرە جەھەتتىن ئويلىنىش مۇمكىن. كەڭ دائىرە جەھەتتىن ئويلانغاندا، ئېچىۋېتىلگەن ئۆگىنىش پرىنسىپىنى ئەقىل كىرگۈزۈش ۋە ئەقىلدە بۇرۇلۇش قىلىش دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

ئەقىل كىرگۈزۈش. ئەقىل كىرگۈزۈش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە ئەقىل تەرەققىياتىغا قولايلىق يارىتىشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئېچىۋېتىلگەن ئۆگىنىش پرىنسىپىنىڭ ئىپتىداسى بولۇپ، ئارقىدا قېلىۋاتقان مىللەتلەر ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر. ئېچىۋېتىلگەن ئۆگىنىش پرىنسىپىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئارقىدا قالغان رايون ۋە مىللەتلەر ئىلغار مىللەتلەر ۋە رايونلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە شارائىتلىرىغا ئاساسەن تۈرلۈك يول-تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئۆگ-

ھەتتا ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئويغۇنچان بىلىم قۇرۇلمىسى ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشىيەلەيدىغان ھەرىكەتچان قۇرۇلما بولۇشى شەرت. ھەرىكەتچانلىق پرىنسىپى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىش جەريانىدىكى كونا-يېڭى بىلىملەر باغلىنىشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا بىلىم قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە تېگىشلىك ئەھۋاللار ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى كۈنسايىن تېزلەشمەكتە. بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش ۋاقتى كۈنسايىن قىسقارماقتا، بۇ كىشىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، كەسىپنىڭ ئېھتىياجى. بىر كىشى مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەمەلىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەسىپنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئەسلى بار بولغان بىلىم تەييارلىقى تامامەن ئۇيغۇنلىشىدىغان ئەھۋال ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. بۇمۇ كىشىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ھەمىشە تەڭشەپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، كەسىپنىڭ ئۆزگىرىشى. مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىر كىشىنىڭ ئۆمۈرۋايەت بىر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ناتايىن. كەسىپ ئۆزگەرگەن ھامان ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىر كىشىنىڭ تۇرمۇش يولىدا بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ يېڭىلىنىشى ھەمىشە بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. شۇڭا، بىز ئۈزلۈكسىز ئۆگەنگەندە، ئۆزىمىزدە كونا بىلەن يېڭىنى ئالماشتۇرۇشقا قادىر بولغان ئېچىۋېتىلگەن بىلىم قۇرۇلمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق بىلىم قۇرۇلمىسى ئاساسى كەڭرەك، جانلىقلىقى كۈچلۈكرەك، تۈرلۈك يېڭى بىلىملەر بىلەن

چىلارنى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىغا يۈزلەندۈرۈپ، ئۇلارنى مەكتەپتىن باشلاپلا جاھان بازىرىغا يارايدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنى قۇرۇشنى ئويلايدىغان قىلىشى، جەمئىيەتتە ئالىمىي كەيپىياتنى قويۇقلاشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا زامانىۋى زىيالىيلار قوشۇنىنى زورايتىشى، بۇ قوشۇننىڭ سۈپىتىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، پۈتكۈل خەلقنى زامانىۋى روھ ۋە بىلىم بىلەن تەربىيىلەيدىغان خەلقنىڭ غەمگۇزار قوشۇنىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. مەلۇمىي ئەنئەنە ۋە دىنىي ئېتقادنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۆلىمالارمۇ ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەلۇمىي ئادەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي سورۇنلاردا جامائەتنى پەنگە، يېڭى تېخنىكىغا، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا دالالەت قىلىشى، خەلق ئارىسىدىكى قاششاقلىق، قالاقلىق، خۇراپاتلىق، ئىناقسىزلىق، بەتقىلىقلىق.... قىسقىسى، يېڭى، زامانىۋى ھايات قۇرۇشقا ۋە زورۇر بولغان بىلىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىسىز بولغان يامان نەرسىلەرنى ئىرغىتىپ تاشلاشتا ساۋاپلىق ئىش قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ھەرقانداق خەلقتىن ئۆز خەلقىمىزگە پايدىلىق بولغان يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە، خەلقنىڭ سۈپىتىنى ئىلىم-پەن ئاساسىدا ئۆستۈرۈش يولىدا تەرغىبات ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئەقىلدە بۇرۇلۇش قىلىش. بۇ بىرىنچى شەرتنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئارقىدا قالغان رايونلار ۋە خەلقلەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى يات مىللەت ۋە رايونلاردىن قوبۇل قىلغان ئىلغار بىلىم، ئۇچۇر، تېخنىكىلارنى ئۆز رايونلىرىدا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۇيغۇنچان قىلىش ۋە ئۇ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش ئار-

شىمىغان نۇقتىلاردىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئەڭ يېڭى بىلىم ئۇچۇر، تېخنىكا كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى قالاقلىقلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك بولۇپمۇ ئەقىل كىرگۈزۈشتە ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىساتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، تېخنىكا بىلەن ساناەتكە تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىلمىنىپ، ئۆز رايونلىرىدىكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ، خام ئەشيالارنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تاۋارلارغا ئايلاندۇرۇپ سېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىش لازىم. بۇ ئىشنى ياخشى ئورۇنلاش ئۈچۈن، پەننىڭ ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ھالال بىلىم ئىكەنلىكىنى تونۇش، ھەرقانداق يات مىللەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ قالاقلىقىنى ئۆزگەرتىشكە، زامانىۋىلىشىشقا پايدىلىق بىلىم ۋە تېخنىكا بولىدىكەن، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان بارلىق خۇراپىيلىقلارغا، بارلىق مۇتەئەسسىپلىككە مىللىي بېكىنمىچىلىك، مىللىي ئايرىمىچىلىقلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

مىللەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمى بولغان باشقۇرغۇچىلار ئاشۇنداق قالاقلىقلارغا قارشى كۆرەشتە باشلامچى بولۇپ، خەلقنىڭ پەنگە، جاھانغا يۈزلىنىشىگە توغرا رەھبەرلىك قىلىشى، ئۆزلىرىمۇ يېڭى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ پەن-تېخنىكىدىكى رىقابەت كۈچىنى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى روھسىزلىق، نامراتلىق، يوقسۇللۇقنىڭ دەردى-ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىشى، بولۇپمۇ مائارىپ تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇ-

كۆيدۆرۆپ ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمۆش بولغان بولسا، ياۋرۆپادا ئالىملارنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۆرۆش ۋە قەتلىگاھقا چىقىرىپ بوغۇز-لاش بولغان. يېقىنقى، پەنگە، جاھانغا يۈزلەنگەن ئالىمي كەشپىيات-لارنىڭ ئىگىلىرىنى خارلاش ئۇزاق داۋاملاشقان. ھازىرقى سوتسىيا-لىستىك جەمئىيەتىمىزدە بۇنىداق بەدبەختلىكلەرگە ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بېرىلدى، بىز پەقەت تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا، ئومۇمىي ئەخ-لاق ئۆلچىمىگە خىلاپ كەلمەيدىغان كىتابلا بولىدىكەن، ئۇنى ئوقۇشنى چەكلىمەسلىكىمىز كېرەك. كىتاپ ئوقۇشقا چەك قويماسلىق مەسىلە-سىنى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن ئۇلۇق ئالىملارنىڭ ھەممىسى بىردەك تەكىتلەپلا قالماستىن، ھەتتا "بۇرژۇئازىيە-دىن ئۆگىنىش" شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىزمغا كېرەك-لىك بىلىم نەدە بولىدىكەن، شۇ يەردىن ئۆگىنىشنى تەكىتلىگەن. پارتىيەمىزمۇ كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ بىزگە كېرەكلىك بولغان ئىلىم، پەن، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، ھەر تۈرلۈك كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش كېرەك. بولۇپمۇ 3 تۈرلۈك كىتاپنى تاللاپ ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك: 1) ئۆزى ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەردىن پەرقلى-نىدىغان، ھەتتا بەزى جەھەتتە قارشىلىشىدىغان، ئەمما گەپ سۆزى ئورۇنلۇق، بايان ۋە دەلىل ئىسپاتلىرى سىستېمىلىق كىتاپلارنى ئوقۇش كېرەك. مەسىلەن، ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگەنگەنلەر ئىدىيالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇپ كۆرۈشى كېرەك. يەنى ئىدىيالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇش ئارقىلىق چەك-چېگرانى تېخىمۇ ئېنىق ئايرىش كېرەك. 2) ئارىلىق پەنلەرگە ئائىت كىتاپلارنى ئوقۇش، ئارقىلىق پەرقلەرنى تېپىش، پەنلەرنىڭ

قىلىق، ئۆز يۇرتلىرىنى ئىلغار جايلارغا ئايلاندۇرۇشنى ئ
گۈللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۆز رايونلىرىنىڭ ئەقـ
سىستېمىسىنى يات مىللەت ۋە رايونلاردىن كىرگۈزۈلگەن ئەقىلـ
قوبۇل قىلالايدىغان، ھەزىم قىلالايدىغان قىلىش ھەمدە ئۇلارنى ئۆز
لىرىنىڭ مالىي ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىجادىي ئۆزگەرتىپ، چەتـ
كىرگۈزۈلگەن ئەقىلنى ئۆز شارائىتىدىكى مالىي شەكىلگە ئىگـ
ئەقىل سىستېمىسىغا ئايلاندۇرۇشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىـ
تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسات، پەن - تېخنىكا، جەمئىيە
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن دۇنيانىڭ
رئال سەۋىيىسىگە يەتكەن ۋە شۇ سەۋىيە يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ
ئىجاد قىلالايدىغان ئالىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك
ئەقىلدە بۇرۇلۇش قىلىش دېگىنىمىز، ئەقىل قۇرۇلمىسىنى زامانىۋىـ
لاشتۇرۇش ۋە شۇ ئاساستا باشقا مىللەتلەر بىلەن دوستانە ھەمكار-
لىشىش ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى ئەقىل قۇرۇلمىسى ئارقىلىق
باشقا مىللەتلەرگە، دۇنيا خەلقىگە مەنىۋى ئىلھام ۋە ئوزۇق بېرىش
دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

ئېچىۋېتىلگەن ئۆگىنىش پرىنسىپىنى مىكرو دائىرە جەھەتتىن
ئويلانغاندا، بۇ پرىنسىپ ئىككى جەھەتتە گەۋدىلىنىدۇ.

بىرىنچىسى. كىتاب ئوقۇشتا چەك قويماسلىقتا گەۋدىلىنىدۇ.
ئەنئەنىۋى ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا ھەربىر سىنىپلار ۋە سىياسىي گورۇھ-
لار ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى ۋە سىياسىي مۇددىئالىرىنى
چىقىش قىلىپ ئۆزلىرىگە قارشى بولغان پىكىردىكى كىتابلارنى چەك-
لەشنى ئادەت قىلغان. بۇ ئىش يالغۇز جۇڭگودىلا ئەمەس، چەتئەل-
لەردىمۇ ئەۋج ئالغان. قەدىمكى زاماندا، جۇڭگودا كىتابنامىلارنى

دەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرگە ناھايىتى كۆپ ئۇچۇرلارنى ئىگەللەپ بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئۇچۇرنى كۆپ ئىگەللەيمەن دەپ ئۆمۈر بويى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئىلمىي بولغان تېز ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئىگەللەش كېرەك.

كىتاب ئوقۇش سۈرەت كۆرۈشكە، كىنو-تىياتىر كۆرۈشكە ئوخشىمايدۇ. سۈرەت كۆرگەندە ئوبيېكت مىدىرلىمايدۇ. كىنو كۆرگەندە بولسا، كۆز كىنودىكى ۋەقەلەرگە ئەگىشىپ ھەرىكەتلىنىدۇ، كۆرۈشنىڭ سۈرئىتىنى تاماشىبىنلار ئىگەللەپ كېتەلمەيدۇ. كىتاب كۆرگەندە كۆز كىتابقا چىڭ تىكىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بەلگىلۈك سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئىلگىرىلەش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن، چۈشەنگەندە، ئاندىن يازما ھالەتتىكى شەرتلىك ئالامەتلەرنى "ئاۋاز"، "دىئاگىراما"، "پىرسۇناژ"، "ۋەقە" ياكى "قائىدە" ھالىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئوقۇش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئاللىقاچان ئىگەللىگەن ئۇچۇرلارنى يېڭىباشتىن رەتكە سېلىش سۈرئىتىدە بەلگىلىنىدۇ. كىتاب ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىكى خام سۆزلەر، چېكىت-پەشلەر ۋە باشقا شەرتلىك ئالامەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كىتابنىڭ قايسى بەتلىرىدە ئىكەنلىكىنى ئەستە قالدۇرۇشقا بولمايدۇ ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ؛ بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭدىكى مەزمۇننى ئۆز تىلىغا ئايلاندۇرۇشلا كۇپايە قىلىدۇ. كىتابتىكى ئاساسلىق مەزمۇننى ئۆز تىلىغا ئايلاندۇرۇش ئەمەلىيەتتە يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىش جەريانىدۇر. تېز ئوقۇش ئۇسۇلى ئەنە شۇ جەرياننى قىسقارتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ بىزدىن تۆۋەندىكىلەرنى تەلەپ

گىرەلەشمە ھالىتىنى چۈشىنىش كېرەك. 3) ئومۇمىي مېتودولوگىيىگە
ئائىت كىتاپلار ۋە پەن - تېخنىكا كىتاپلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق
مېتودولوگىيە توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئىگەللەش كېرەك. قىسقىسى،
ئۆگىنىشتە بېكىنمىلىك، يىگانىلىقتىن ساقلىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرماسلىقتىن قاتتىق
ساقلىنىش كېرەك. كىتاپلارنى كۆپ ئوقۇغاندا، پىكىر قىلىش يوللىرىغا
كەڭ ئېچىلىپ، يېڭى ئۇچۇرغا ئېرىشكىلى، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى
ئۆزلۈكسىز ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، تەتقىقاتتىكى ئېچىۋېتىشتە گەۋدىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى
تەتقىقاتتا نۇرغۇن ياخشى تەرەپلەر بولسىمۇ، لېكىن چەتتىن كېلىدىغان ئۇچۇرنى چەتكە قاققاچقا قاتماللىق ئېغىر بولغان. مۇشۇنداق
ھالەتنى ئۆزگەرتىپ ئېچىۋېتىكەندە ئاندىن ئۇچۇرنىڭ مىقدارى
كۆپىيىدۇ، ئۇچۇر مىقدارى كۆپەيگەندە ئاندىن تەتقىقات "يالغۇز
ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس" دېگەندەك
يەككە - يىگانە بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، تېز ھەم كۆپ نەتىجە
قازانغىلى بولىدۇ ھەمدە ئۇنى پەن تەتقىقاتىغا خىزمەت قىلدۇرغىلى
بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىلىم - پەن يولىدىكى ئىزدىنىشلەردە
تېخىمۇ كۆپرەك مەسىلىلەرگە "نېمە ئۈچۈن" دەپ سوئال قويغىلى،
ئۇ مەسىلىلەر شەرت قىلغان ئىشلارنىڭ قايسىنى ئالدىن، قايسىنى
كېيىن قىلىش، قايسىنى قىلماسلىق لازىملىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

يېڭىچە ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى ئىگەللەش. ھازىرقى كۈندە
مۇتەخەسسىسلەر ئۇچۇر قوبۇل قىلىشنى مەركەز قىلغان ھالدا تۆۋەندىكى ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى تەكىتلەيدۇ.

تېز ئوقۇش ئۇسۇلى. پەن - تېخنىكىنىڭ ۋە ئىقتىساتنىڭ ئۇچقاندەك

كېرەك.

4) تاللاپ ئوقۇش ۋە خاتىرە قالدۇرۇش. بۇ تولمۇ چۈشىنىشلىك ئۇسۇلدۇر. ئېكسپېدىتسىيە ئالدىدا، كىتاب ئوقۇغاندا، ئېكسكۇرسىيىگە بارغاندا ئەڭ مۇھىم نەرسىلەرگە كۆڭۈل قويۇش، ئەسەردىكى خىل مەزمۇنلارنى خاتىرلىۋېلىپ كېيىنكى ئىجادىي پائالىيەتلەردە پايدىلىنىش كېرەك. خاتىرە يېزىشنى كۆپ ئادەم ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما، ئىجادىيەت قىلىش خاتىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. خاتىرە يېزىشتا ئادەتتە ئەسەرنىڭ نامى، ئاپتور، سانلىق مەلۇمات، ئاساسىي مەزمۇن، نىگىزلىك پاكىت، ئۇ ئەسەرنىڭ مۇنازىرە نۇقتىسى، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە ئەسقاتىدىغان يېڭى ئىدىيە قاتارلىقلار بىلەن چەكلىنىشى كېرەك.

5) ئوقۇش بىلەن چۈشىنىشنى بىللە ئورۇنداش. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئەسەرنىڭ ياكى ئاپتورنىڭ نىگىزلىك ئىدىيىسىنى چۈشىنىش، چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم يادىغا كەلتۈرۈپ چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

6) ئوقۇش ئۇسۇلىنى تەكشەش. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ ئوقۇش مەقستى بويىچە ھەر خىل ئوقۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇش، مۇناسىۋەتلىك بابلىرىنى تاللاپ پۇختا ئوقۇش، مۇناسىۋەتلىك بابلارنى چوڭقۇر ھەزىم قىلىش، ئەسەر بىلەن يۈزەكى تونۇشۇش، بىرەر ئاتالغۇنى ئىزدەش ئۈچۈن كۆز يۈگۈرتىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بويىچە پەرقلىق پايدىلانسا بولىدۇ.

ئۈچۈرنى كەڭ جۇغلاش ئۇسۇلى: ھازىر يېڭى پەنلەر ناھايىتى كۆپلەپ بارلىققا كەلدى، ئۇلار ھەم نىسپىي مۇستەقىل تۇرىدۇ، ھەم

قىلىدۇ.

1) دىققەتنى يىغىش. بۇ كىتاب ئوقۇغاندا پۈتۈن دىققەتنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈش، زېھنىنى باشقا ئىشلارغا بۆلمەسلىك تەلەپ قىلىدۇ. دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىچك ھەسسىياتىنى تېزگىنلەپ كىتابقا قادىلىشتىن باشقا يەنە تېلېۋىزو ئۈن ئالغۇ، ئاۋازلىق سائەت، ئۆيدىكى باشقا قالايمىقانچىلىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاتارلىق توسالغۇلارنى تۈگىتىپ نېرۋىنى خۇدد جەڭگە كىرىدىغان ئەسكەرلەردەك جىددىي ھالەتكە كەلتۈرۈ كېرەك ھەمدە دىققەتنى يىغىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

2) كۆرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كىشىلەر ئادەتتە كىتا ئوقۇغاندا بىر يەرگىلا قاراشقا ئادەتلەنگەن. كۆرۈش دائىرىسى كېڭەيتىش ئۈچۈن "كىتابقا بىر يۆنىلىش بويىچە قارىغاندىن باش يەنە مەركىزىي مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مۇھىم سۆزلەرگى كۆزنى يۈگۈرتۈپ مېڭىشنى ئۆگىنىش كېرەك.

3) مەركىزىي مەزمۇننى تېزلىكتە ئىگەللەش. ئىلمىي ئەسەرلەر ئوقۇغانلارغا مەلۇمكى، ھەرقانداق ئىلمىي ئەسەرنىڭ ئاساسلىق ئىدە يىسى ئادەتتە پۈتكۈل ئەسەرنىڭ 1/3 قىسمىنى ئاران ئىگەللەيدۇ مەركىزىي ھالقا دېگىنىمىز. ئاپتورنىڭ باشقا ئاپتورلارغا ئوخشىمايدى غان نۇقتىئىنەزىرى ۋە شۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل لەردۇر. دېمەك مەركىزىي مەزمۇننى تېز ئىگەللەش ئۈچۈن ئاپتور نىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۆزىمۇ شۇ نۇقتىئىنەزەر لەرگە سوئال قويۇپ ئوقۇش كېرەك. ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغان نۇقتىئىنەزەرلىرىگ مۇناسىۋەتسىز جايلارنى مۇپەسسەل ۋە تەكرار ئوقۇشتىن ساقلىنىش

پسخولوگىيە ھەم ئىقتىساتشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ
بىلىمگە ئىگە بىلىم ئىگىسى ئىدى. ئۇ شۇنداق بىلىملىك بولغانلىق-
تىن، ئۆزىنىڭ ماتېماتىكا، ستاتىستىكاشۇناسلىق، ئېلېكترونلۇق
ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت بىلىملىرىنى تەتبىق-
لاپ، كارخانا باشقۇرۇشنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىپ، تەدبىر
بەلگىلەش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلالىدى ھەمدە 1978-يىلى ئىقتى-
ساتشۇناسلىق بويىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇڭا ئۇچۇرنى
كەڭ جۇغلاش ئۇسۇلى — زامانىمىزدىكى بىر مۇھىم ئۆگىنىش ئۇسۇلى-
دۇر.

ئۇچۇرنى سازلاشتۇرۇش ئۇسۇلى: ئۇچۇر دەۋرىدىكى گېزىت-
ژۇرناللار دېڭىز تاشقىنىدەك كۆپ بولۇپ، ئۇنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ
بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى تاللاپ قوبۇل قىلىش كېرەك.
ئۇچۇرنى تاللاپ قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇچۇر ئۈستىدە سازلاش-
تۇرۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك. قوبۇل قىلىنغان ئۇچۇرنىڭ سازلاش-
تۇرۇلۇشى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن ئېلىپ بېرىلىدۇ: بىرىنچى،
سان جەھەتتىن سازلاشتۇرۇش. مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە ئادەم مېڭىسى-
نىڭ بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئۇچۇر مىقدارى "ئىلىستېرىموم" لۇق
قىممەتتە بولىدۇ. ئەگەر زىيادە كۆپ قوبۇل قىلىنسا، چوڭ مېڭە
سىغدۇرۇپ كىتەلمەيدۇ. مۇۋاپىق مىقداردا قوبۇل قىلغاندىلا ئاندىن
ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا،
ئۇچۇرنى سان جەھەتتىن سازلاشتۇرۇش "ئەڭ مۇۋاپىق نۇقتا"نىڭ
بەلگىلىنىشى ھەربىر كىشىگە قاراپ پەرقلىق بولۇشى، ئۆگىنىش
مەزمۇنىغا قاراپ پەرقلىق بولۇشى كېرەك. ئومۇمەن ئېيتقاندا،
ئوخشاش بىر ئابزاس سۆزنى تەكرار ئوقۇۋەرسىمۇ مېڭىنىڭ قوبۇل

ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە باغلىنىدۇ. شۇڭا كىتاب ئوقۇشتا كىتاب ئۇچۇرىنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم، مەسىلەن، «پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت يېڭى كىتابلار كاتولوگى»، «ئىجتىمائى پەنلەرگە ئائىت يېڭى كىتابلار كاتولوگى»، «كىتاپ خەۋەرلىرى»گە ئوخشاش كەسپىي گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئۇچۇرلار ۋە تۈرلۈك ئوبزور، تونوشتۇرۇشلارنى ئىگىلەش كېرەك. بۇ ئەڭ يېڭى نەتىجىلەرنى ئىگىلەش، تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىلىشتە ئىنتايىن مۇھىم. غەرب ئالىمى كەنهامان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىق ھەم كەلگۈسىشۇناسلىققا مىڭلىغان كىتاپ، ماتېرىياللارنى بولۇپمۇ رىم كلوبىنىڭ ئۈمىدسىزلىك نەزىرىيىسى ئالدىنقى شەرت قىلىنغان تۈرلۈك ماتېرىياللارنى توپلاپ ھەم ئوقۇپ، ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرغا ئېرىشىپ «4 ـ قېتىملىق دولقۇن» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پېنى كۆندىن كۈنگە يۈكسەك دەرىجىدە پارچىلىنىۋاتقان ھەم يۈكسەك دەرىجىدە ئۇنىۋېرسالىققا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، پەندە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئىجادىي قاراشنى مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، بىر خىل بىلىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالغاندا، بارغانسىرى قىيىنچىلىققا بوغۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ. كۆپ خىل پەنلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى كەڭ توپلاپ، ھەر تەرەپلىمە بىلىمنى ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن "يۇقىرى قابىلىيەت ئارقىلىق غەلبە قىلىشلى" بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان باشقۇرۇش نەزەرىيەسىنىڭ ۋەكىلى سىمون ئەنە شۇنداق بولدى. ئۇ مەمۇرىشۇناسلىق، كارخانا باشقۇرۇش ئىلمى، تەشكىلات نەزەرىيىسى، جەمئىيەتشۇناسلىق،

پىدا ئايلىنىپ يۈرمەيدۇ. ئۇچۇر جەمئىيىتىگە يۈزلەنگەنسېرى ۋاقىتنىڭ قىسلىقى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغاچقا، ئازراق ۋاقىت ئىچىدە كۆپرەك بىلىم ئېلىشنى ئۆگىنىش كېرەك. ئىجتىمائىي پائالىيەت ئۇچۇرنى يەتكۈزۈش ۋاستىسى گېزىت-ژورنال، رادىيو، تېلېۋىزىيە، ئېلان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئېلىمىزدە ھازىر ئاشكارا تارقىلىدىغان 3 مىڭ خىلدىن ئارتۇق گېزىت-ژورنال بار، ئۇلار ئودا كىيىم، يېمەكلىك، ئائىلە جاھازلىرى، گۈل ئۆستۈرۈشتىن تارتىپ تۈرلۈك پەنلەر ۋە سىياسىي ساۋات، مالىي ئۆرپ-ئادەتلەرگىچە بولغان ھەممە بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەلۇم بىلىمگە ۋە ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن رەڭگارەڭ، خىلمۇخىل ئۇچۇرلاردىن ئۆزىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپلىگەن ئۇچۇرنى ئىلغاپ ئالغىلى بولىدۇ.

ئۇچۇرنى زاپاس ساقلاش ئۇسۇلى: ئۇچۇرنىڭ ساقلىنىشى "ئىچكى ساقلاش" ھەم "تاشقى ساقلاش"قا بۆلۈنىدۇ. ئىچكى ساقلاش ئەستە ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. تاشقى ساقلاش يازما خاتىرە، كىتاب-ماتېرىيال، ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچلاردا ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى ئىچكى ساقلاشتا بولسۇن ياكى تاشقى ساقلاشتا بولسۇن ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ بايلىقى بولۇپ، تەپەككۇر قىلىش ھەم ئىجاد قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، بىر ئادەمنىڭ ئۆگەنگەن بىلىمدىن ھەقىقىي يوسۇندا ئېسىدە قالىدىغانلىرى پەقەت بىر-ئىككى پىرسەنت بولىدۇ، كۆپلىگەن بىلىملەر تاشقى ساقلاشقا تايىنىدۇ. ھالبۇكى، تاشقى ساقلاشتا ساقلانغان بىلىملەر چوڭ مېڭىنىڭ تەپەككۇر قىلىشىغا بىۋاسىتە قاتناشمايدۇ. تاشقى ساقلاشتىكى بىلىملەرنى ئىشلىتىشكە لازىم تېپىلغاندا ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىچكى

قىلالمىغانلىقى بايقالسا، بۇ ئۆگىنىشنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ناھايىتى توغرا سىگنال بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئۇچۇر قوبۇل قىلىشنى دەرھال توختىتىش كېرەك. ئىككىنچى، دەرىجىنىڭ سازلاشتۇرۇلۇشى. قوبۇل قىلىنغان بىلىم تېيىز بولسا كىشىنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ، چوڭقۇر بولسا چۈشىنىش قىيىن بولىدۇ. ئۆگىنىش مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىقىدىمۇ "ئەڭ مۇۋاپىق نۇقتا" بولىدۇ. قوبۇل قىلىنىدىغان ئۇچۇر بىلەن ئۇچۇرنى پىششىقلايدىغان مېڭىنىڭ ئىشلەش قابىلىيىتى ماس كەلگەندىلا يېڭى بىلىملەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر خىل تىلنى ئۆگىنىش ئۆتكۈلىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ، ئىلمىي ئەسەرلەرنى جۈملە، تېكىستلىرى بويىچە لوغەت ئىزدەپ ئۆگىنىمەن دېيىش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۈچىنچى، تەرتىپنىڭ سازلاشتۇرۇلۇشى. تەرتىپ دېگىنىمىز بىلىم قوبۇل قىلىشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك رېتىمىنى كۆرسىتىدۇ. 60 ـ يىللاردىكى ئالاقىدار تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوقۇتۇش ئاپپاراتلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان "تەرتىپلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى" ئارقىلىق ئوقۇتۇش ۋاقتىنىڭ يېرىمىنى قىسقارتقىلى، ئىمتىھاندىكى خاتالىقنىڭ 2/3 ۋە 3/4 قىسمىنى ئازايتقىلى بولىدۇ، ئۆگىنىش تەرتىپى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ ئىلگىرىلەشتەك بىلىش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش شەرت. ئەگەر ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتسە ياكى تەتۈرسىچە ئىش قىلىنسا ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇچۇرنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى: ئۇچۇرنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى بىر خىل "سەكرەش" ئۇسۇلى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ئەڭ يېڭى ئۇچۇرنى بىۋاسىتە ئىگىلەيدۇ، بىلىم ئەترا-

پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسى. ئىجادىي قابىلىيەت بولسا ئەقلىي قابىلىيەت-نىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئىجادىي تەپەككۇر ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھالقىلىق ئۇسۇلى بولىدۇ ۋە ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش شەرت بولىدۇ. ئەمما بىز مەسىلىنى پەقەت مۇشۇ نۇقتىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى زامانىمىزدىكى ئەقىل ئىنقىلاباتىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويىمىز.

زامانىمىزدا، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىق سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار مېخانىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ غايەت زور ئازادلىققا يۈزلەندى. ئۇ مېخانىك ھالدىكى ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش، ھېسابلاش قاتارلىق تەپەككۇر پائالىيەتلىرىدىن ئازاد بولۇپ، سۈپەت خاراكتېرلىق ھاياتىي كۈچكە تېخىمۇ باي بولغان ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيىتىگە يۈزلەندى. ئەقلىي جەھەتتىكى بۇنداق چوڭقۇر ئۆزگىرىش ئىنسانلارنىڭ ئىجادىي ھايات قىياپىتىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئېلىپ كېلىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە ھازىرچە تولۇق ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

بىراق، ئىستىقبالنىڭ كەلگۈسىنى كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان تۈرلۈك گۈزەللىك ئالامەتلىرى ئارقىلىق جەزملەشتۈرەلەيمىز. چۈنكى تەپەككۇر ئۇسۇلى ھازىر ئەنئەنىۋى بولغان تۈز لىنىيىلىك، تەكشى لىنىيىلىك تەپەككۇر تىپىدىن ئومۇمىيلىق، گەۋدىلىك تىپقا ئۆزگەرمەكتە، ئۇ پەۋقۇلئاددە جانلىق، تېتىك بولغان، ئادەمدە يوشۇرۇن ياتقان غايەت زور قابىلىيەتنى ئېچىشقا پايدىلىق بولغان بىر خىل مەنزىرىنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە سالماقتا. بۇ يېڭى دەۋر-

ساقلاشقا يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال ئىچكى ساقلاش بىلە
تاشقى ساقلاش جەھەتتە مۇۋاپىق ئىش تەقسىم قىلىشنى تەلەپ
قىلىدۇ. بىر تىلدا ماييونلىغان سۆزلۈكلەر بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ
كىشىلەر يەنىلا يات مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ياخشى ئۆگىنەلايدۇ
سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق تىلدا ئىشلىتىش
نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئالدىنقى مىڭ سۆز بىر ماقالىنىڭ 80%
ھەجمىنى ئىگەللەيدۇ، دائىم قوللىنىلىدىغان 2 ـ تۈركۈم سۆزلۈكلە
ئىگەللەنگەندىن كېيىن 8 پىرسەنتتىن ئون پىرسەنتكىچە بولغان
سۆزلۈك مەسىلىسى ھەل بولىدۇ. شۇڭا كۆپچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ
ئاساسىي سۆزلۈكلەرنى ئىچكى جەھەتتىن ساقلاش تىل ئۆگىنىشنىڭ
توغرا يولى. بۇ ئارقىلىق بىلىم ئۇچۇرلىرىنى ساقلاشنىڭ ئومۇمى
پرىنسىپىنى مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ؛ 1) ئىشلىتىش
ئورنى كەڭ بولسا ئىچكى جەھەتتە، ئىشلىتىش ئورنى تار بول
تاشقى جەھەتتە ساقلاش كېرەك. 2) دائىم ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى
ئىچكى جەھەتتە، ئاز ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى تاشقى جەھەتتە ساقلاش
كېرەك. 3) جىددىي ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى ئىچكى جەھەتتە، زاپاس
ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى تاشقى جەھەتتە ساقلاش كېرەك. 4) ئەستە
تۇتۇپ تۇرۇش ئاسانلىرىنى ئىچكى جەھەتتە، ئەستە تۇتۇپ تۇرۇش
قىيىنلىرىنى تاشقى جەھەتتە ساقلاش كېرەك.

## 2. ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش

### 1) مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

ئەقىل ۋە ئەقلىي پائالىيەت ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئىجادىي

سالالاشتۇرۇش دەۋرى"گە ئېلىپ كىردى. بۇ خىل تەپەككۇر ئۆزىنىڭ مەقسەتچانلىق، كۆپ قۇتۇپلۇق، غەيرىي نورماللىق، بىر پۈتۈنلۈك ۋە ئالدىن كۆرەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تۈز لىنىيىلىك ۋە تەكشى لىنىيىلىك تەپەككۇر شەكىللىرىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئۆسۈپ كەتتى. ئۇ شەيئىلەرنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى، ئومۇمىيىتىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىشنى ۋاستە قىلىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي تىپى ۋە ماھىيىتىنى تولۇق بىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ تەپەككۇر سەزگۈلىرىنىڭ ياردىمىدە ئوبيېكتىپتىكى تورلاشقان مۇناسىۋەتلەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئەقىل - پەزىلەتنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۇلانما تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىلھام بېرىدۇ. ئۇ دۇنيا ماددىلارنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان دېگەن مۇشۇ نېگىزلىك پرىنسىپ ئارقىلىق چوڭ سىستېمىلار بويىچە دۇنيانى چوڭقۇرلاپ بىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تۇرغۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادىي تەپەككۇر ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ھەمدە ھەرىكەتچان دۇنيانىڭ جانلىق ئوبرازىنى ۋە ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشكە ياردەم بېرىپ، بىلىشنىڭ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش قابىلىيىتىنى ۋە كەلگۈسى دۇنيانى مۆلچەرلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ. دېمەك، ئىجادىي تەپەككۇر ئىجاتچانلىقنىڭ مېخانىزمىنى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەقلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

تەپەككۇر بىلەن ئىجادىي تەپەككۇرنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، تەپەككۇر ھەرقاچان مۇئەييەن ئەركىنلىك ۋە مۇئەييەن چەكلىمە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئىجادىي تەپەككۇر بولسا خۇددى ئىگىزگە

نىڭ پىكىر ئىنقىلابىدىكى بەلگىسىدۇر.

ئىنسانلار تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەرقاچان ئالاھىدە دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە پەن — تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تۆز لىنىيىلىك تەپەككۇرنىڭ ئەندىزىسى تەرىپىدىن ھاسىل بولغان تۆز لىنىيىلىك تەپەككۇر بىكىنمىلىككە، يەككىلىككە ياتىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئەنئەنىۋى تەجرىبىلەرگ تايىنىپ، مىراسخورلۇق ئۇسۇلى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان دەۋر لەردە ئۇنۇمى خېلى يۇقىرى بولغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئالاھىدە لىكى "ھەدىسىلا ئارقىسىغا قارايدىغان" بولغاچقا، ئۇنىڭدا كەلگۈسىگ نەزەر تاشلايدىغان پاراسەت ۋە باتۇرلۇق كەم، يۆلىنىشلىش خاراك تېرى كۈچلۈك ئىدى. ھازىرقى زامان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەقلىي پائالىيىتى ئۇچۇر سەۋىيىسىدە تۇرۇپ دۇنيانى بىلىش دەرى جىسىگىچە چوڭقۇرلىشىپ كەتكەچكە، ئۇ ئۇنىۋېرساللىق، بىر پۈتۈنلۈك بىلىش ۋاستىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆز لىنىيىلىك تەپەككۇر ۋە تەكشى لىنىيىلىك تەپەككۇر تېپلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان يېڭى تىپتىكى بىر خىل تەپەك كۇر ئۇسۇلى — ئىجادىي تەپەككۇر (گەۋدىلىك تەپەككۇر) بارلىققا كەلدى.

ئىجادىي تەپەككۇر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ پۈتكۈل ماكان ۋە زامانغا ئەركىن يۈرۈش قىلىدىغان تەپەككۇر ئەندىزىسى ئار قىلىق ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشنى "تەھلىل دەۋرى" دىن "تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تورى"نى، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر "توپى"نى، ئالەم جەريانىنىڭ "گەۋدىسى"نى بىلىدىغان "ئۇنىۋېر-

قۇدرەت ئەقلىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇڭا، كىمكى تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇشنى، پەن ئالدىدا ساختىلىق ۋە ھورۇنلۇقتىن ئادا-جۇدا بولۇشنى ئويلايدىكەن، ئىجادىي تەپەككۇرغا يۈزلىنىشى كېرەك.

بەزىلەر، ئىجادىي تەپەككۇر يازغۇچىلار، شائىرلار ۋە ئالىملارغا خاس بولىدۇ، ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارى بولسۇن؟ دەيدۇ. بىز دەيمىزكى، دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ئىجاد قىلسىمۇ ئىجادىيەت مېۋىلىرى ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ. ئادەم مېڭىسىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا ھەرقانداق كىشى ئىجادىي تەپەككۇر قىلسا بولىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ئاز ساندىكى تالانتلىقلاردىلا ئەمەس، دۇنيادىكى ئەقلىي نورمال بولغان بارلىق ئىنسانلاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيىتى دىققەت قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى قاتارلىق ئەقلىي ئامىللار ۋە پەزىلەت، خاراكتېر، ئىرادە، ھېسسىيات، قىزىقىش قاتارلىق غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال رول ئوينىشىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئوبرازلىق تەپەككۇر، مەنتىقى تەپەككۇر، ئىلھام تەپەككۇرلىرىنىڭ ئورگانىك بىرلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي ئامىللار زېھنى بۆلۈنمىسى نورمال بولغان ھەممە كىشىدە بولىدۇ.

## 2) ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە جەريانى

ئىجادىي تەپەككۇر بىر خىل دىئالېكتىك تەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەقلىي پائالىيەت-

سەكرىگۈچى سپورتچىدەك، ھەر قېتىم سەكرىگەندە بىر چەكنى بۇزۇپ ماڭىدۇ. زامانىمىزدىكى ئىجادىي تەپەككۇر شەكلى ئەنە شۇنداق "ئىگىز توساق"تىن ئاتلاپ ئۆتۈشنى شەرت قىلغاچقا، ئىگىز توساقتىن ئاتلاپ ئۆتۈش ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئاتلاپ ئۆتۈش قابىلىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بىز بىر ئوخشىتىش ئېلىپ باقىدىغان بولساق، تەپەككۇر كۆۋرۈك سالىدىغان ماتېرىيالغا ئوخشايدۇ، تەپەككۇرنىڭ كۈچى قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنىڭ چىڭلىق دەرىجىسى بولىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر بولسا كۆۋرۈك سېلىشنىڭ سەنئەتلىك ماھارىتى بولىدۇ. ئوخشاش ماتېرىيال ۋە كۈچ بولغان شارائىتتا، ئادەتتىكى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، پەقەت 10 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۆۋرۈك ياساشقا ئىمكانىيەت يارىتىلسا، ئىجادىي تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئەھۋالغا قاراپ يېڭىلىق ئويلاش بىلەن ئاسما كۆۋرۈك ۋە ياكى باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىپ 1000 مېتىردىن ئارتۇق بىر ئۇزۇن كۆۋرۈك ياساپ، تەبىئىي بىر توسالغۇدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىش ئىمكانىيىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئىجادىي تەپەككۇر ئادەتتىكى تەپەككۇر بولماستىن، ئادەتتىكى تەپەككۇردىن تېخىمۇ دىئالېكتىك بولغان يېڭى ئىجادىي مەزمۇنلارغا ئىگە تەپەككۇر بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى چەكسىزلىككە يېتەكلەيدۇ.

ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيىتى ئىنسانلار پاراستى ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىدىغان تەپەككۇر پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى تۈرلۈك تەبىئىي چەكلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بارلىق ساھەلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي ئېھتىياجلىرىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرىدىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق

بويىچە مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا، ئىشنىڭ ئىپىنى تېپىشقا تېخىمۇ ماھىر بولۇشقا، شۇنداقلا كۆنۈكۈپ كەتكەن پىكىر قىلىش تەرتىپىنى ئۆزگەرتىشكە، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە 2 ـ تەرەپتىن ئويلىنىشقا، نەتىجىسىدىن سەۋەبىنى تېپىشقا، ئەتتۇر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر ئارقىلىق ئىجادىيەت يولىنى ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، ئالدىن كۆرەرلىك. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ئىلمىي ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇشنى، ئومۇمىي ساۋات خاراكتېرلىق مەسىلىدىن قۇتۇلۇپ، تولۇق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇشنى، شەيئىلەرنىڭ ئىگىزلىك خۇسۇسىيىتىنى ھەم شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى ئوبراز، يېڭى قىياسلارنى ئىجادىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بەشىنچى، ئۇنىۋېرساللىق. ئۇنىۋېرسال بولۇش تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈشنى، شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈپلا قالماستىن، چوڭ سىستېمىنىڭ تارماق سىستېمىلارغا بولغان تەسىرىنى شۇنداقلا سىستېما قۇرۇلمىسى بىلەن ئېلېمېنتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بويىچە، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى، ئۆزئارا باغلىنىشى ۋە پۈتۈن گەۋدە قۇرۇلمىسىنى ماكرو جەھەتتە ئىگەللەش كېرەك. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى تەپەككۇر قىلغۇچىدا ھەم ماكرو جەھەتتە ئىگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان قابىلىيەت بولۇشنى ھەم مىكرو جەھەتتە ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئىنچىكىلىكنى

ئاده، ئۇ شۇڭا، لىرى بولغان ئىجادىي پائالىيىتىدە تەتبىقلىنىدۇ.
ئىگە. تىكى تەپەككۇردىن پەرقلىنىدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە
قالا بىرىنچى، مەقسەتچانلىق مەقسىتى بولمىغان ئوي-پىكىر
قار- مىقان ئوي-پىكىر بولىدۇ، مەقسىتى بولمىغان ھەرىكەت
ھەرىكەت بولىدۇ. شۇڭا، مەقسەت ئىجادىيەت ۋە ئىجادىي تەپەككۇ
نىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى بولىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ
ئالاھىدىلىكى بىر نەرسىنى كەشىپ قىلىش مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇر
چاندى- ۋالغاندىن كېيىن، قاتمۇقات قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن
مەقسە يول تېپىپ ئىلگىرىلەش، جان كۆيدۈرۈپ باش قاتۇرۇش،
تىكى نىشانغا يەتمىگىچە توختىماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.
ئىككىنچى، قۇتۇپچانلىق. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بۇ ئالاھىدىلى
مەسىلە- ھەل قىلىنىدىغان مەسىلە ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن،
بويى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشنى شەرت قىلىدۇ، بۇ شەرت
تەرەپتى مەسىلىنى ئوڭ تەرەپتىن ئويلاپ كۆرۈشكىمۇ، تەتۈر
ئويلا ئويلاپ كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ. بىر جىسمنى تەكشى ھالەتتىن
بولىدۇ كۆرۈشكىمۇ، ئۆرە تۇرغان ھالەتتىن ئويلاپ كۆرۈشكىمۇ
تۇرغا توغرا تۇرغان ھالەتتىن ئويلاپ كۆرۈشكىمۇ، ئۇزۇنىسىغا
ب ھالەتتىن ئويلاپ كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ. ھەتتا مەسىلىنى يەنە
قوزغا قۇتۇپ نۇقتىسىغىچە ئويلاپ كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتى
لايىھەسى مىغان رايونلاردىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى
ئىزدەشكىمۇ بولىدۇ.
ئۈچىنچى، نورماللسىزلىق. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بۇ ئالاھىد
ئامە لىكى ئەنئەنۋى چۈشەنچىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچىرىماسلىقنى،
شەر ھەقىقەتنى يېڭى يول بىلەن بايقاشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ

ۋەتىسىز بولغان كىنو كۆرۈش، رومان ئوقۇش، تاماشا قىلىشقا ئوخشاش بەزى پائالىيەتلەرنىمۇ قىلىشى مۇمكىن. ئەمما مەيلى پائال تۇردە تەپەككۇر قىلسۇن ياكى ئۆزىنى خۇش قىلىدىغان ئارام ئېلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانسۇن، قېلىپلاشقان تەپەككۇر بىلەن قېلىپتىن چىققان تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. دېمەك، نىشانغا يېقىنلاش باسقۇچى ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ جىددىيلەشكەن باسقۇچى بولىدۇ.

③ شەكىللەندۈرۈش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ئىجادىيەتچىنىڭ چوڭ مېڭىسى كۆپ تەرەپلىمە چوڭقۇر ئويلىنىشلار ئارقىسىدا يۇكسەك دەرىجىدە ئۇرغۇيدۇ ھەم پەۋقۇلئاددە ئايدىڭلىشىش ھالىتىگە كىرىدۇ. ئەقلىي پائالىيەت تازا ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئىجادىيەتچى ئەستە ساقلانغان بارلىق بىلىم بىرلىكلىرىنى تولۇق ئىشقا سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇكسەك ھاياجانلىق پەيدا بولىدۇ، ھاياجانلىق تەسىرىدە ئىلھام قوزغىلىدۇ. ئىجادىيەتچى بۇنداق ھاياجانلىق ۋە ئىلھاملىرىنى ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىگە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرىدۇ ۋە بۇ چاغدىكى خىياللىرىنى ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ئىجادىي يېڭى ئوبرازلارنى شەكىللەندۈرىدۇ، يېڭى پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ باسقۇچ ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ھالقىسىدۇر.

④ چوڭقۇرلاشتۇرۇش باسقۇچى. شەكىللەندۈرۈش باسقۇچىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەز، نوقتىئىنەزەر، لايىھەلەر تاكامۇل بولۇپ كېتىشى ناتايىن بولغاچقا، بۇ باسقۇچتا ئۇلارنى ئەمەلىيەت جەريانىدا تەكشۈرۈش، دەلىللەش ئارقىلىق خاتالىقلار بايقىلىدۇ ۋە خاتالىقلار

پەرق قىلىش قابىلىيىتى بولۇشنى، ئايرىملىق ئىچىدىن ئومۇمىيلى
بايقىيالايدىغان، قىسمەنلىك ئىچىدىن بىر پۈتۈنلۈكنى بايقىيالايدى
بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك ئىجادىي تەپەككۇر مۇرەكك
دىئالېكتىك تەپەككۇر جەريانى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەرەققىي
جەريانى ئادەتتە نىشان تۇرغۇزۇش، نىشانغا يېقىنلاش، شەكىللە
دۈرۈش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق 4 باسقۇچقا بۆلىنىدۇ.

① نىشان تۇرغۇزۇش باسقۇچى. يېڭى قىياس ئوتتۇرىغا قويۇ
نىڭ ئالدىنقى شەرتى مەسىلىنى هازىرلاش ۋە مەسىلىنى ئوتتۇر
قويۇشتۇر. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى "ئىلىم-پەن خەرىتىسى
دىكى بوش قالغان ئورۇننى تولدۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدۇر. شۇڭ
بۇ باسقۇچتا ئىجادىيەتچى ھېسسىي ۋە ئەقلىي ئۇچۇرلارنى توپلايدۇ
مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ماھىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىنى دەس
لەپكى قەدەمدە تەتقىق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بۇرۇنقى
تەجرىبىلەردىن ئىلھام ئېلىپ، ئىجادىيەت نىشانىنى ۋە تېمىنى
تۇرغۇزىدۇ.

② نىشانغا يېقىنلاش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا، ئىجادىيەتچى ھەل
قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسەن، ئەڭ زور شىجا
ئەت ۋە غەيرەت بىلەن زېهنىنى يىغىدۇ، ئىجادىيەتكە كېرەكلىك
بارلىق قابىلىيەتلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. ئىختىيارى قىزىقىشنى كۈچەي
تىپلا قالماستىن، بەلكى ئىختىيارسىز ئىجادىي قىزىقىشنىمۇ ئىشقا
سېلىش ئارقىلىق ئىختىيارى ئىجادىي قىزىقىشنى بېيىتىدۇ ۋە تەرەق-
قىي قىلدۇرىدۇ. نىشان ئۈستىدە جىددىي تەپەككۇر قىلىشنى باشلاي-
دۇ. بەزى ھاللاردا ئۆزىنى سەل قويۇۋېتىپ، نىشان بىلەن مۇناس-

قىلىش ۋە ئىجاد قىلىشنىڭ جانلىق پىكىر قىلىش قورالىي، شۇنداقلا نەزەرىيىۋى يېتەكچىسى بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئومۇمىي يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. مېتودولوگىيىنىڭ يادروسى دىئالېكتىك تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ، ئىجادىي تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇ ھەر خىل كونكرېت ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ جېنىدۇر. ئۇ ئىجادىيەتنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلەردە، تۈرلۈك پەنلەر ساھەسىدە ئىلىپ بېرىلىدىغان كونكرېت ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىدە ئورتاق رول ئوينايدۇ.

دىئالېكتىك تەپەككۇر ھەرقانداق پەن ساھەسىدىكى ئىجادىيەتلەردە ئورتاق رول ئوينايدۇ، ئەمما ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا كونكرېت تەپەككۇر ئۇسۇلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئالساق، ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بارلىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. بولۇپمۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تۇرمۇشتىن ئىلىش، ئەمما تۇرمۇشتىن ئۈستۈن ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى باشقا پەنلەردىكى ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىدۇ، مۇشۇ ئىجادىيەت قانۇنىيىتى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىنى ئىجادىيەتتە رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. ئەمما، ئەدەبىيات-سەنئەت يەنىلا تۇرمۇشتىكى قارمۇقارشىلىقلار ئىچىدىن بىرلىككە كەلگەن گۈزەللىكنى تاپىدۇ. يەنى قارمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت دىئالېكتىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىجادىيەتكە يېتەكچى قىلىدۇ. سىياسىي ئىقتىسادنى ئالىدىغان بولساقمۇ، ئۇ بارلىق مەسىلىلەرگە دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇرنى يېتەكچى ۋە قوماند-

تۈزىتىلىپ ئىجادىيەت مېۋىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش بولىد
بۇ باسقۇچ شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلىدىكى، ھەرقانداق كى
ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى پەرەز، يېڭى نەزەرىيە ئىلمىي تەجرىبە يا
ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى ئارقىلىق توغرا ياكى پايدىلى
ئىكەنلىكى ئىپادىلەنسە ئاندىن ئۇ ئىجادىي تەپەككۇر بولىدۇ، بو
مسا پەقەت قۇرۇق خىيال بولىدۇ، خالاس.

ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ تەپەككۇ
جەريانىدۇر، بۇ جەرياندا، تۈرلۈك پسىخىك ئامىللار بىر-بىر
باغلىنىدۇ، بىر-بىرىنى جەلىپ قىلىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىر
سۈرىدۇ. شۇڭا ئىجادىي تەپەككۇر كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ئامىل
ھەرىكەتچان پسىخىكىلىق سىستېما بولۇپ، بۇ ھال ئىجادىي تەپەك
كۇرنىڭ جەريانىنى سىستېما نۇقتىسىنەزىرى ئارقىلىق تەھلىل
تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 3) ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بەزى كونكرېت ئۇسۇللىرى

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىقتىدارنىڭ قاتلاملىرى ۋە تەركىبى
مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئۇلارنى يىغىقاندا، بىلىم، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى
ۋە ماھارەتتىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا مەركەزلىشىدۇ. بۇلارنىڭ
ئىچىدە بىلىم ئاساس، ماھارەت ۋاستە بولسا، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى
يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. جاھاندىكى ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ
تولىسى ئەنە شۇ پىكىر قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى پۇختا ئىگەللىگەن،
ئىجادىي تەپەككۇرغا ماھىر ئادەملەردۇر.

پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان مېتودولوگىيە ئىختىرا

مەسلەن، يازدا سالقىنلاشنى مىسالغا ئالساق، كىچەيتىش ياكى چوڭايتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەپەككۇر قىلغاندا ساي-غا بېرىش، دەريا-كۆللەرنىڭ بويىغا بېرىش، سالقىن شامال بار ئېگىز يەرگە چىقىپ ئولتۇرۇش قاتارلىق بىرمۇنچە تەبىئىي ئامىللاردىن پايدىلىنىشنى ئويلاش مۇمكىن؛ يەلپۈگۈچ ئىشلىتىش (يالپۇز ياپرىقى، قانلىما يەلپۈگۈچ، كىتاب-ژۇرناللار ياكى باشقا بىرەر نەرسىدە ئۆزىنى يەلپۈش قاتارلىقلار) نى ئويلاشمۇ مۇمكىن؛ شۇنداقلا ئېلېكتېرلىق يەلپۈگۈچلەر، ھاۋا تەڭشەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىشنىمۇ ئويلاش مۇمكىن. دېمەك، تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق كۆپ نەرسىلەرنى كاللىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق بولغان بىر خىلىنى تاللىۋېلىپ ئىشلىتىدۇ.

تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرىنىڭ تارقاقلاشتۇرۇش دەرىجىسى قانچە يۇقىرى، قانچە سۈپەتلىك بولغانسىرى ئىجادىيەتكە شۇنچە قولايلىق يارىتىلىدۇ. تارقاقلاشتۇرۇش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ۋە تارقاقلاشتۇرۇش سۈپىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى ئۆزگەرتىش دەرىجىسىنىڭ چوڭلۇقى ۋە مۇستەقىل ئىجادچانلىقىنىڭ كۆپلىكىدۇر. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلاردىن "قېرىنداشنى قانداق جايلاردا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟" دەپ سورىغاندا، بەزىلەر "سىزىق تارتىش، رەسىم سىزىش، خاتىرە يېزىش، سوغا قىلىش... جەھەتلەردە ئىشلەتكىلى بولىدۇ" دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر "يېزىش قورالى قىلىشقا، سوغا بويۇمى قىلىشقا، سىزغۇچ قىلىشقا، ئۇچلانغان قېرىنداشنى باشقىلارغا سانجىيدىغان قورال قىلىشقا... بولىدۇ" دەپ جاۋاب بېرىشىمۇ مۇمكىن. روشەنكى،

دان قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۆز ئالدىغا ئابستراكسىيلەش ئۇسۇلى
يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى، ئومۇمىي ھالەتتىن جۇزئىي خۇلاسە قىلى
.ئۇسۇلى، تارىخىي ئۇسۇل، مەنتىقىلىق ئۇسۇل قاتارلىق ئۇسۇللار
قوللىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىجادىي تەپەككۇردى
دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇرنى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە يېتەكچى ئۇس
قىلىش بىلەن بىرچاغدا، بەزى كونكرېت ئۇسۇللارمۇ قوللىنىلىد
مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئىجادىي تەپەككۇر جەريانى
تۆۋەندىكى كونكرېت ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

1) تارقاقلاشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى.

بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر ئىجادىي تەپەككۇر ھەرىكىتىنىڭ دىئال
كتىكىلىق جەريانىنى تولۇق ئىپادىلەپ بىرىدۇ ۋە ئۆزئارا بىر
بىرىنى تولۇقلايدۇ.

تارقاقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى يەنە كېڭەيتىش ياكى چوڭايتى
تەپەككۇرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلى مەسىلىلەر
ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن ئويلاش ئارقىلىق كۆز ئالدىدىك
ئۇچۇرلار ۋە خاتىرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى يېڭىباشتىن قوراشتۇرۇ
ئارقىلىق يېڭى ئۇچۇر ھاسىل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خى
تەپەككۇر ئۇسۇلى ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدىكى مۇھىم ھ
بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان بىرىنچى قەدەمدۇر. كىشىلەر بىر
يېڭى خىزمەت ۋە بىرەر تۈرلۈك يېڭىلاش لايىھىسىنى ئويلاش
باشلىغاندا، بىرمۇنچە تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئىجادىيەت
چىنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى قانچە كۈچلۈك، بىلىمى قانچە كە
بولغانسىرى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، ئىجادى
پائالىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئامىللىرىمۇ شۇنچە كۆپىيىدۇ.

مۇھاكىمە قىلىش، تەجرىبە قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىجادىيەت مېۋىسىنى مەيدانغا چىقىرىش ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مۇھىم ئۇسۇلىدۇر.

2) تەبىئىي تىپلاردىن ئىلھاملىنىش ئۇسۇلى.

ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا قىلىش داۋامىدا تەبىئىي تىپلار ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. تەبىئىي تىپلارنىڭ ئىلھامى باشقا شەيئىلەردىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تېپىشتۇر. بارلىق ئىختىرا ۋە ئىجادىيەتلەرگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي تىپلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا ھەل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىلھام بېرىش رولى بولغان شەيئىلەر بىلەن ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىلەرنىڭ بەزى ئوخشايدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. ئىجادىيەتچىلەر ئاشۇنداق ئوخشىشىدىغان نۇقتىلارنى ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى لايىھىسىنى تاپىدۇ. مۇشۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى "تەبىئىي تىپلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئاستىدا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ياكى ماھارىتى" دەپ ئاتايمىز.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە دىققەت قىلىش ھەم ئۇلارنى كۆزىتىش، تەبىئىي تىپلارنىڭ ئىلھامىدىن پايدىلىنىش كىشىلەرنىڭ ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىشى ھەم خىيال قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق يېڭى تەسەۋۋۇر بارلىققا كېلىدۇ. ئالايلۇق، گېرمانىيىنىڭ مەشھۇر ئالىمى دوكتور كرامېر يۇنۇس بېلىقىنى كۆزىتىشتىن ئىلھام ئېلىپ، ھاۋا "قايىنمى"نىڭ ئايروپىلان قانىتىدا "كۆپۈك پەيدا قىلىش" ھادىسىسىنى تۈگىتىش ئۇسۇلىنى تېپىپ،

ئالدىنقىلارنىڭ تەپەككۇرىدا تارقاقلاشتۇرۇش تەركىبى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۆزگەرتىش دەرىجىسى ۋە مۇستەقىل ئىجادىيلىق كېيىنكىلەرنىڭ تەپەككۇرىدا كۈچلۈك بولىدۇ. ئالدىنقىلار مەركەزلىك هالدا بىر ـ ئىككى نۇقتىدا تارقاقلاشتۇرۇش ئېلىپ بارالىسىمۇ، كېيىنكىلەر كۆپ نۇقتىدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدۇ، مۇستەقىل ئىجادىي بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كېيىنكىلەرنىڭ تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرىنىڭ سۈپىتى ياخشىراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرىنى تەتبىقلاش جەريانىدا ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە مەسىلىنى كۆپ نۇقتىدىن تارقاقلاشتۇرۇش، مۇستەقىل ئىجادچانلىق بىلەن تارقاقلاشتۇرۇش كېرەك. شۇنداقتا سۈپىتى يۇقىرى ۋە ئىجادچانلىق تەركىبى كۆپ بولغان ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنى يۈرگۈزگىلى، ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاسانراق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، ئالللىقاچان ئېرىشكەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ مەلۇم توغرا خۇلاسىغا كېلىشتۇر. مەركەزلەشتۈرۈش تەپەككۇرى ئەگەر بىر تۈرلۈك خىزمەت، بىر تۈرلۈك يېڭىلاشنى ئوبيېكتى قىلغان بولسا، ئادەتتە تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن لايىھە ئاساسىدا مەركەزلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر لايىھەنى قوبۇل قىلىدۇ.

دېمەك، بىر تۈرلۈك ئىجادىيەت، ئادەتتە تارقاقلاشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر جەريانىدىن ئۆتۈش كېرەك. شۇنداقتا مۇكەممەل بىر بىلىش جەريانى شەكىللىنىدۇ. ئالدى بىلەن تارقاقلاشتۇرۇشنىڭ كۆپ خىل شەكىللىرىدىن ئۆتۈش، ئاندىن

3) تەپەككۇرنىڭ خاھىشچانلىقىنى تۈگىتىش ئۇسۇلى.

ئىجادىيەتچىلەر مەسىلە ھەل قىلغاندا تەپەككۇرنىڭ خاھىشچانلىقىدىن پەرھىز تۇتىدۇ. تەپەككۇرنىڭ خاھىشچانلىقى دېگىنىمىز كىشىلەرنىڭ ئالدىقاچان ئىگەللەپ بولغان بىلىم، تەجرىبىلىرىنىڭ تەسىرىنى، مەسىلە ھەل قىلغان چاغدىكى خاھىشچانلىقىنى ۋە پسىخىك تەييارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تەپەككۇرنىڭ خاھىشچانلىقى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ رول ئوينايدۇ.

تەپەككۇر خاھىشچانلىقىنىڭ پاسسىپ تەسىرى ئادەتتە تۆۋەندىكى 3 خىل ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ: 1) يېڭى ئەھۋالنى-يېڭى ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلماي، كونا تەجرىبىلەرنى دوگما ھالدا كۆچۈرۈپ كېلىپ تەھلىل قىلغاندا يۈز بېرىدۇ. 2) ئەندىزىچىلىك، قېلىپبازلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر مەلۇم ھەرىكەتنى ئۇزاققىچە تەكرار مەشىق قىلسا ”بىرىنچى پسىخىك يۈزلىنىشى“ شەكىللىنىپ قالىدۇ-دە، كېيىن ئۇنىڭغا يېقىن، ئوخشاش ياكى مۇناسىۋەتلىك تەسىرگە ئۇچرىغاندىمۇ ئاپتوماتلاشقان خاھىشچان رېفلېكس پەيدا بولۇپ، شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. 3) شەيئىلەرنى بىر تەرەپلىمە، تۇرغۇن ھالەتتە تونۇغاندا يۈز بېرىدۇ. پسىخولوگىيىدە بۇنداق ئەھۋال شەيئىلەر فۇنكسىيىسىنىڭ تۇراقلىق تەسىرىگە ئۇچراش دەپ ئاتىلىدۇ.

تەپەككۇر خاھىشچانلىقىنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ 1) بىلىم جۇغلانمىسىنى سازلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا تەپەككۇر خاھىشچانلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش-ئۇچرىماسلىق بىر كىشىنىڭ بىلىم مىقدارىغا، بولۇپمۇ بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ ئۇنۇم بېرىش-بەرمەسلىكىگە باغلىق بولىدۇ.

ئاۋئاتسيه، دېڭىز قاتنىشى ساھەلىرىدە نەچچە ئون يىللار ئىزدىنىپ تاپالماي كېلىۋاتقان قىيىن تېخنىكا مەسىلىنى ھەل قىلغان. مەلۇم بىر قېتىم دوكتور كرامېر تەكلىپكە بىنائەن ئامېرىكىغا كېتىۋېتىپ ئاتلانتىك ئوكيانىنى توغرا كېسىپ كىتىۋاتقاندا دېڭىز يولىنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈپ يۈرگەن يۇنۇس بېلىقىنىڭ قايناملىنى يوقىتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇنۇس بېلىقىنىڭ تېرىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئايروپىلان، سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ قايناملارنى تۈگىتىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان.

ئامېرىكا ئىنژېنېرى دوروۋيەمۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە ئەتىرە سېپىۋاتقانلىقىدىن ئىلھام ئېلىپ يېڭى كەشپىيات ياراتقان. دوروۋيە ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېلنى ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بېنزىن بىلەن ھاۋانى تەڭ ئارىلاشتۇرۇش كېرەك دەپ قارىغان بولسىمۇ، قانداق قىلغاندا ئەشۇنداق تەڭ ئارىلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تاپالمىغان. بىركۈنى خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە ئەتىرە سېپىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئەتىرە سېپىش ئەسۋابىدىن ئىلھاملىنىپ، موتورنىڭ گازلاشتۇرۇش ئەسۋابىنى ئىجاد قىلغان.

تەبىئي تېپتىن ئىلھام ئېلىپ، مول ئۈلانىما تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بىلىم كەڭ بولۇشى كېرەك. بىلىم مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشلەرنىڭ چوڭ مېڭىسە پوستلاقىدا تەرتىپلىك تەشكىللەنگەن كۆپ قاتلام، كۆپ قىسىملىق تۈرلۈك ئۈچۈرلار ساقلانغان بولىدۇ. تاشقى دۇنيادىكى مۇۋاپىق شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۈچرىغان ھامان بىرىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق كۆپىنى بىلىۋالغىلى، ئىجادىيەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ھەم كەشپىياتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

يارىتىشنىڭ گەۋدىلىك مىسالىدۇر.

4) تەپەككۇر توسالغۇسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئۇسۇلى.

پروفېسسور ئلى جىڭداۋ مۇنداق دەيدۇ: "سىلەر تەتقىقات خىزمىتىدە باشقىلارغا يېتىشىۋالاي، ئۇلاردىن ئېشىپ كېتەي دېسەڭلار، باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە قايسى جايلارنى ئۇلارنىڭ چۈشەنمىگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇڭلار. بىر نۇقتىنى نىشانلىۋېلىپ، ئىچكىرىلەپ كىرىڭلار، بۆسۈش بولغان هامان باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر، ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىسىلەر." بۇنداق ئاجىز نۇقتىغا هۇجۇم قىلىپ ۋە ئۇنى هەل قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۇسۇلىنى ئاجىزلىقنى يېڭىپ ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى دەپ ئاتايدۇ.

هەرقانداق پەن-تېخنىكا ساهەسىدە ئاجىزلىق بولىدۇ، كىشىلەر مانا مۇشۇ تۈرلۈك ئاجىزلىقلارنى يېڭىپ، ئىجادىي نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئىلىمىزدە كومپاسنىڭ كەشىپ قىلىنىشى مانا مۇشۇ جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن. كومپاس نىشاننى توغرا كۆرسىتىدۇ، ئىلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، بولۇپمۇ دېڭىز قاتنىشىدا ناهايىتى مۇهىم رول ئوينايدۇ. كىشىلەر دەل ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ئاجىزلىقىنى ئۈزلۈكسىز تاپقاچقا ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشقا ئىلهام بەرگەن. دېمەك تەپەككۇر توسالغۇسىدىن ئۆتۈش، ئاجىزلىقنى تۈگىتىپ ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئىجادىي تەپەككۇردا هەقىقەتەن زور رول ئوينايدۇ.

5) تەپەككۇر ئىلهامىنى تۇتۇش ئۇسۇلى.

تەتقىق قىلىنىۋاتقان مەسىلىدە نەتىجىگە ئېرىشكەندە، ئىزدەنگۈچىنىڭ كۆڭلىدە هەمىشە بىر خىل سەزگۈ پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن، ئۆتكەنكى مەلۇم ئىشنى ئەسلىگەندە، مەلۇم تەسىرى يادىغا كەلسىمۇ،

بۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ بىلىم ئېلىش، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، بىلىمنى «ئوبوروت ساھەسى» گە كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق بۇيرۇقتا بويسۇندۇرغان قىلىش كېرەك. شۇنداق بولغاندا، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغان ۋە ھەل قىلغاندا كونكرېت ئەھۋالنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، تەپەككۇرنىڭ بىرقەدەر يۈكسەك دەرىجىدە راۋانلىشىشى، ئۆزگىرىشى ھەم ئىجادىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. 2) دىئالېكتىك تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ بىزنىڭ تەپەككۇر خاھىشچانلىقىنى تۈگىتىشىمىزدىكى بىر ئالتۇن ئاچقۇچ. مەسىلە ھەل قىلغاندا، تەپەككۇر ناۋادا بىر ۋاقىتتا توسالغۇغا ئۇچرىسا، «تەپەككۇر ھارۋىسى» نى ھەيدەپ ئايلىنىپ ئۆتۈش، يېڭى پىكىر قىلىش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىزدەش كېرەك. ئىجادىيەت جەريانىدا بەزى چاغلاردا مەسىلىنى تەتۈرىسىچە ئويلاش كېرەك. بۇنداقتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب ياراتقىلى بولىدۇ. بۇنداق تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر تەپەككۇرنىڭ خاھىشچانلىقىنى تۈگىتىشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر. مەسىلەن، فارادېي ئېلېكتېردىن ماگنىت پەيدا بولۇشى ھادىسىسىنى بايقىدى ۋە تەتۈرىسىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ ماگنىتتىن ئېلېكتر پەيدا بولۇشىنى تەكرار سىناق قىلىش ئارقىلىق موتۇرنى كەشپ قىلدى. ئېۋكىلىد ئىلگىركىگە تامامەن ئوخشاش بولمىغان تەتۈر يۆنىلىش بويىچە تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈپ، مەشھۇر تېرگىنومېترىيە ئالىملىرى قېيىن ھېس قىلغان بىر قاتار قېيىن مەسىلىلەرنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلدى. مانا بۇ ئىجادىيەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇردىن پايدىلىنىش، تەپەككۇر خاھىشچانلىقىنى تۈگىتىش ئارقىلىق يېڭىلىق

دۇنياغا كەلگەنلىكىگە 15 يىل بولىدۇ. 1843 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خوتۇنۇم بىلەن پىيادە بىرلىكتە كېتىۋاتاتتىم، بوراھام كۆۋرۈكىگە كەلگەندە ئۇلار دۇنياغا كەلدى ياكى تۇغۇلدى، پىشىپ يېتىلدى. دېمەك، مۇشۇ چاغ، مۇشۇ جايدا مەن پىكىر قىلىش توك يوللىرىمىنىڭ ئۇلانغانلىقىنى ھېس قىلدىم، بۇنىڭدىن چىققان ئۇچقۇن I·J·K ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي تەڭلىمە بولدى. مەن شۇ ھامان قولۇمغا خاتىرە ئېلىپ ئۇلارنى خاتىرلىۋالدىم. مۇشۇ پەيت بولمىغان بولسا، مەن يەنە بەلكىم 10 يىل (بەلكىم 15 يىل) ئىشلىگەن بولاتتىم. لېكىن مەن شۇ چاغدىلا تامامەن شۇنداق ئېيتيالىدىمكى، مېنى 15 يىل چىرمىۋالغان مەسىلە ھەل بولدى، ئەقىل ئەمدى ھاردۇق ئالسۇن!" دورۇست، ئەمەلدە ھامىلتون كوۋاتېرنىيون ئۇچۇن توپ ـ توغرا 15 يىل ئويلاندى، تۈرلۈك يول، جاۋابلارنى ئىزدىدى، ئۇ ئون نەچچە يىل تېرىشساملا بۇ مەسىلە ھەل بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئىلھام كېلىپ، ئىشى ئوڭدىن چىقىپ يېڭىلىق ياراتتى.

6) بىر تۇتاش ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى.

بىر تۇتاش ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش دېگىنىمىز بىر ئۇقۇمنى قوماندان قىلىش ئارقىلىق بىرقانچە ئۇقۇمنى يىغىنچاقلاشتىن ئىبارەت تەپەككۇر ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر شەيئىلەرنى بىلگەندە بىر ھالقىغا يەنە بىر ھالقىنى، بىر قەدەمگە يەنە بىر قەدەمنى ئۇلاپ تۇرىدۇ. بىراق، ئادەممۇ شەيئىلەرنى بىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدىن ئەڭ ئاخىرقى قەدىمىگىچە بولغان بارلىق ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش جەريانىنى بىر تۇتاش ئىگەللەش ئىقتىدارىغا ئىگە.

تازا ئېنىق بولمايدۇ. دېمەكچى بولغىنىنى دېيەلمەي قالىدۇ. بۇ چاغدا كىشى مېڭىدىكى مەسىلىنى چۆرىدەپ، يۇكسەك دەرىجىدىكى تەپەككۇر ئۈستىدە بولىدۇ، سەيلە قىلغان، موزىكا ئاڭلىغان، گۈل سەيلىسى قىلغان ياكى كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە مېڭىسىدە يەنىلا مۇشۇ مەسىلىنى ئويلايدۇ. خۇددى يازغۇچىلار قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، پىكرىنى بىر يەرگە يىغىنچاقلىغاندەك، ھەممە ئوي-پىكرى بىر يەرگە يىغىلىدۇ. دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىملاردىن كېكۇلەۋۇن سترادونىتىز ئاۋگوست بىنزولنىڭ قۇرۇلما شەكلىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇزاققىچە ئىزدەنگەن، بىراق ئۇنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلمىگەن. مەلۇم بىركۈنى كەچتە قاتتىق ئوي-خىياللار ئىچىدە مۈگۈدەپ قالغان. ئۇ چۈشىدە بىر ئېلاننىڭ ئۆز قۇيرۇقىنى چىشلەپ چۆگىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئىلھاملىنىپ، ئاخىرى 6 بۇرجەكلىك ھالقىسمان قۇرۇلما ئارقىلىق بىنزولنى $C_6H_6$ قىلىپ ئىپادىلەشنى تاپقان.

پسىخولوگلار بۇنداق تەپەككۇر ھادىسىسىنى مۇنداق دەپ ئىزاھلايدۇ: كىشىلەر مەلۇم مەسىلىنى ئۇزاققىچە قاتتىق ئويلىنىپ يېشەلمەي تۇرغاندا بىر خىل يوشۇرۇن تەپەككۇر پائالىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ روشەن تەپەككۇر پائالىيىتىدەك كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتالمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا خىيالدىن كەتمىگەچكە، مەلۇم تەسىرگە ئۇچرىغان ھامان "دەرھال ئىلھاملىنىپ" "ئۇشتۇمتۇت ئېچىلىپ كېتىدۇ-دە"، مەسىلىلەر ھەل بولىدۇ. "ئىلھام" نىڭ بارلىققا كېلىشى دېگىنىمىز ئەنە شۇ.

ئەنگلىيە ماتېماتىكى ھامىلتون ئۆزىنىڭ ئالگېبىراغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «كۇۋاتېرنىئون» (تۆت بىرلىك) نى بايقاش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: "ئەتە كوۋاتېرنىئوننىڭ

چوڭقۇر قىسىملارنى تولۇق بىلىدۇ. 21 ـ ئەسىرگە بارغاندا ئەگەر كىشىلەر بۇ ماتېرىيالارنىڭ تەشكىللىنىشىگە ۋە ئالامەتلىشىشىگە (شەرتلىك ئالامەتلەرگە ئايلىنىشىغا) ئۇيغۇن كېلىدىغان شەكىلنى تاپالىسا ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈشى مۇمكىن. ئۇ چاغلاردا مۇرەككەپ ئۇقۇملار ھەم مۇناسىۋەتلەر ئاددىي، چۈشىنىشلىك فورمۇلا بىلەن خاتىرلىنىدۇ.

ئۇچۇق ھەم ئاددىي شەرتلىك ئالامەتلەر بىر تۇتاشلىق فۇنكسىيە-سىنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. مۇشۇنداق شەرتلىك ئالامەتلەر بولسا، بىز ئۆگەنمەكچى ھەم تەتقىق قىلماقچى بولغان بىلىمنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلالايمىز. بىلىپ ئېلىنغان پاكىتلارنى ئەرزان ۋاستىلار بىلەن خاتىرلەش، بەرپا قىلىنىدىغان نەزىرىيىنى ئاددىي يول بىلەن بايان قىلىش پەن تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا پەن ـ تېخنىكىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى. ئەپچىل شەرتلىك ئالامەت سىستېمىسىنى قوللىنىش، گۈزەل شەرتلىك ئالامەتلەر ئارقىلىق بايان قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىجادىي خىزمەت بولۇپ، ئۇ ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج.

7) كۆپ ئۆلچەملىك گىرەلەشتۈرۈش ئۇسۇلى.

كۆپ ئۆلچەملىك گىرەلەشتۈرۈش ئۇسۇلى دېگىنىمىز ئادەتتىكى جانلىق ۋاستىلار ئارقىلىق كۆپ يوللۇق، كۆپ قاتلاملىق قىياس قىلىش، پەرەز قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېلىپ بارىدىغان ئۇلانما تەسەۋۋۇرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شۇنداق قارىغاندا، يەككە-يېگانە، پارچە ـ پۇرات ھالدا تۇرغان ئۇچۇرلار ئۈستىدە ئوخشىتىش، يىغىنلاشتۇرۇش، سەۋەب ۋە نەتىجىلەرنى سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئۇلانما تەسەۋۋۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۇلار ئارىسىدا كۆۋرۈك

بۇنداق بىر تۇتاش ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى ئۇقۇم ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. نۇرغۇن ئۇقۇم، پاكىت ھەم كۆزىتىشلەر ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىلمىي چۈشەنچىلەرنى ھازىرقى زامان ئىلمىدىن كۆپلەپ مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ. ماتېماتىكىدىكى "گورۇپپا" ئۇقۇمى، فىزىكىدىكى "ئېنتروپىيە" ئۇقۇمى، ئېلېكترون ئىلمىدىكى "سىگنال" ئۇقۇمى، خىمىيىدىكى "زەنجىر" ئۇقۇمى، فىزىئولوگىيىدىكى "ماددا ئالمىشىش" ھەم "شەرتلىك رېفلېكس" ئۇقۇمى قاتارلىقلارنىڭ دائىرىسى چوڭ، ئۇيغۇنچانلىقى كۈچلۈك، مەزمۇنى كەڭ بولىدۇ.

بەزىلەر ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ "قارنىڭ كۆچكىنىدەك كۆپىيىشى" ئاخىرقى ھېسابتا پەن - تېخنىكا سىرىتىنىڭ تېزلىكتە ئاستىلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارارمىكىن، چۈنكى ئۇ ئىجادىيەتنى باشلاشتىن ئىلگىرى، نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئالدى بىلەن زورۇر بولغان، ئەڭ تۆۋەن چەكلىمىدىكى بار بولغان بىلىملەرنى ئىگەللەشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئەنسىرىمەكتە. ئەمەلىيەتتە، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنىڭ مۇجەسسەملىشىشى ھازىر ۋە كەلگۈسىدە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولمايدۇ. بىزنىڭ دۇنيادىكى بىلىملەرنىڭ ئېشىشىغا يېتىشىۋېلىش - ئالالماسلىقىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا ئۇقۇمنىڭ بىر تۇتاشلىقىنى ھاسىل قىلىش قابىلىيىتى بولۇپ، كىشىلەر بىر تۇتاش تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگەللەپ ئېلىپ، بارغانسىرى مەۋھۇملاشقان ئۇقۇملارنى تەتبىق قىلالىسىلا بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەم كېڭەيتىشكە قاراپ ئۈزلۈكسىز يۈرۈش قىلالايدۇ.

ئالىملارنىڭ ھۆكۈم قىلىشىچە، بۈگۈنكى كۈندە بارماق بىلەن سانىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرلا ھازىرقى زامان ماتېماتىكىسىدىكى ئەڭ

بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، يىپ-يىڭنە، ستربلكا، كىچىك ھالقا... قاتارلىق مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئىشلىتىش يولىنى تەسەۋۋۇر قىلغان.

كۆپ ئۆلچەملىك گىرەلەشتۈرۈش تەپەككۇرى يېزىق جەھەتتە، مەسىلەن، رومانتىزمدا ئىپادىلىنىدۇ: رەسىمچىلىك جەھەتتە، مەسىلەن، بىگاسو بەرپا قىلغان ستروئىزىمدا ئىپادىلىنىدۇ؛ ئۈچۈر ئىلمىدا، مەسىلەن، ئۇچۇرلارنى گىرەلەشتۈرۈش نەزەرىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ؛ ئىلىم-پەندە، مەسىلەن، تۈرلۈك ئارىلىق پەنلەردە ئىپادىلىنىدۇ؛ ئىجادىيەتشۇناسلىقتا، مەسىلەن، ئىجادىيەتنىڭ تۈرلۈك تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىدا ئىپادىلىنىدۇ... ئۇ كۆپ خىللىق، رومانتىكىلىق، ئىجادچانلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى باشقىلار ئويلىمىغاننى ئويلاش، باشقىلار قىلمىغاننى قىلىش چارىسىنى ئاسانلا تېپىپ چىقىدۇ. كىشىلەر تەرىپىدىن "ماتېماتىكىچى سەۋدالار" دەپ ئاتالغان فرانسىيىنىڭ بورباكى مەزھىپى بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىغا بەكمۇ چوقۇنىدۇ، ئۇلار ھەمىشە تالاش-تارتىش قىلىش، تەنقىد قىلىش، يول ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەنئەنىۋى رامكىلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى ھەمدە ماتېماتىكىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى.

### 3. ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى

ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى دېگىنىمىز ئىجادىي تەپەك-

ئورنىتىپ، ئەگرى يولنى راۋان قىلىدۇ.
كۆپ ئۆلچەملىك گىرەلەشتۈرۈش تەپەككۇر جەريانىنى 3 قاتلامغا بۆلۈش مۇمكىن: 1) بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ پارچىلىنىشى. گۇمانلىق مەسىلىلەر چېتىلغان شەيئىلەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت، خىمىيىلىك خۇسۇسىيەت، پەلسەپىۋى خۇسۇسىيەت بويىچە پارچىلاپ ئۇچۇر ئېلېمېنتىنى ھاسىل قىلىش. 2) ئۇچۇرلارنى گىرەلەشتۈرۈش، يۇقىرىدا ئېيتىلغان پارچىلانغان ئېلېمېنتلار ئوتتۇرىسىدىكى «ئەسلى زات ئۇچۇرلىرىنى گىرەلەشتۈرۈش» ۋە ئالاقىلاشتۇرۇلىدىغان باشقا ئۇچۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى «ئارىلىق ئۇچۇرلىرىنى گىرەلەشتۈرۈش» ئارقىلىق، ئىزاھلاش لايىھىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش. 3) جەۋھەرلىرىنى تاللاش. ئۇچۇرلارنى گىرەلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان لايىھىنى مۇمكىنچىلىكى، ئىستېمالچانلىقى، تەس ۋە ئاسانلىق دەرىجىسى قاتارلىق پرىنسىپلارغا ئاساسەن تەپسىلىي پىلانلاپ، تەكرار مۇلاھىزە قىلىش، چىڭ تۇرۇپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىزاھلاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش.
بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئېلىمىزدىكى بەزى ئالىملار ياپونىيە ئالىملىرى بىلەن كۆپ ئۆلچەملىك گىرەلەشتۈرۈش 3 تەپەككۇرى ئارقىلىق قىسقۇچ يىڭنىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ملىڭ خىلدىن ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ چىققان ۋە بۇ ئويلىرىنى ئېنىق قىلىپ دوسكىغا يازغان. ئۇلار ئالدى بىلەن قىسقۇچ يىڭنىنى ئېغىرلىقى، ھەجمى، ئۇزۇنلۇقى، كەسمە يۈزى، بېسى، رەڭگى، ئېلاستىكلىقى، قاتتىقلىقى، تۈزلىكى، ئەگرىلىكىدىن ئىبارەت 10 ئامىل بويىچە ماتېرىياللارغا پارچىلىغان، ئاندىن ئۇ ماتېرىياللارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىنسانلارنىڭ تۇرلۇك ئەمەلىي پائالىيەتلىرى

پاستېر بىر قېتىم شىرە ئۈستىدە تۇرغان بىر بوتۇلكا قېتىقنى ئېلىپ: "سۈت قانداق بولۇپ چۈچۈمەل قېتىققا ئايلىنالايدۇ؟ خىمىيىلىك ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىنمۇ ياكى مىكرو ئورگانىزمنىڭ تەسىرىدىنمۇ؟" دېگەن خىيالنى سۈرىدۇ. ئۇ چاغدا، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدىغان ئادەم بولمايدۇ. ئۇ بېرىلىپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە قېتىقنىڭ ھاسىل بولۇشى مىكرو ئورگانىزمنىڭ تەسىرىدىن ئىكەنلىكىنى تاپىدۇ. ئەگەر پاستېردا ھەيرانلىق ھېسسىياتى كۈچلۈك بولمىغاندا، قېتىقنىڭ قانداق ئۇيۇيدىغانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا ئىگە قىلالمىغان بولاتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنگلىز مىكروبولوگى فلېمىن سىر ئالېكساندىر ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر شەكىللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۆزىگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان شەيئىگە ناتونۇش شەيئى قاتارىدا مۇئامىلە قىلمىغان بولسا پېنىتسىللىننى ئىجاد قىلالمىغان بولاتتى. شۇڭا ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئەنئەنىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مەسىلە قويۇپ ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك.

2) غىدىقلاش پرىنسىپى. ھەرقانداق يېڭى كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت مۇئەييەن ئۇچۇرنىڭ غىدىقلىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. نيۇتون ئالمىنىڭ شاختىن يەرگە چۈشكىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئالەمنىڭ تارتىشىش قانۇنىنى كەشىپ قىلغان... ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئادەم ئۈچۈن غىدىقلىغۇچى ئۇچۇر بولۇپ، ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا ھەۋىسىنى قوزغايدۇ، ئەمما، ھەممە ئادەمدە بۇنداق ھەۋەسنىڭ قوزغىلىشى ناتايىن. كىمكى شۇنداق غىدىقلاشقا دىققەت قىلسا ھەممىدە ئۆزى ئاڭلىق تۈردە شۇنداق غىدىقلاشلارغا ئەھمىيەت بەرسە، ئىجادىيەتنىڭ پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولالايدۇ.

كـۇرنىڭ ئىجادىـي پائالىيەتـلەرگە كونكرېـت تەتبـىقلىنىشـىدۇر. كېڭەيتىپراق ئېيتقاندا، ئۇ ئىجادىيەتشۇناسلار ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن يەكۈنلەپ چىققان ئىجاد قىلىش ۋە ئىختىرا قىلىشنىڭ بەزى پرىنسىپ، ماھارەت، ئۇسۇللىرىـدۇر. ھازىر چەت ئەلـلەردە قوللىنىلىۋاتـقان ئىجادىيەتـنىڭ تېخنىكىـلىق ئۇسۇلـلىرى 300 خىلـدىن ئارتۇق بولۇپ، بىز بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئورتاق پرىنسىپلىرى ۋە نۇقتىلىق تۈرلىرى بىلەن تونۇشىمىز.

ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇل پرىنسىپلىرى

ئىجادىيەتنىڭ ئاچقۇچى ئىجادىي يېڭى ئوينىڭ پەيدا بولۇشىدۇر. چۈنكى باشقىلار ئويلىمىغان ياكى ئويلاپ يېتەلمىگەن يېڭى نەرسـ... لەرنى ئويلىغاندىلا ئىختىـرا قىلغىلى، يېڭـىلىق ياراتقىـلى، ئىـجا... قىلغىلى بولىدۇ. ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت يولىدىكى مۇشۇنـداق يېڭـ... ئويلار ئىلھامنىڭ ئۇچقۇنى بولالايدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇنداق ئىلھا... ئۇچقۇنلىرىنى قانداق قىلغاندا پەيدا قىلغىلى ۋە قوزغىغىـلى بولىدۇ؟ ياپونىيىلىك ئىجادىيەتشۇناسـلار بۇ ھەقـتە 7 پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ پرىنسىپلارنى دۇنيادا خىلى كۆپ ئالىملار توغرا تاپتى... دۇنيادا بۇ ھەقتە يەنە يېڭى بايقاشلار بولۇۋاتـىدۇ، ئەمما، تېخـ... تولۇق بىرلىككە كېلىـپ بولمىغاچقا، پەقەت ياپونىيىنىڭكىنى... تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1) جانلىق بولۇش پرىنسىپى. ئىختىرا قىلىش ۋە ئىجـاد قىلىـش ئۈچۈن ئالـدى بىلەن ئىدىيىـدە جانـلىق، ئېتىـك، دادىـل، ئازاد بولۇش، ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەك؛ ھەيران بولۇش ھېسسىياتى كۈچلۈك، مەسىلە قويۇپ ئىزدىنىش روھى ئۈستۈن بولۇش كېرەك. مەسىلەن، فرانـسوز مىكـروبىئولوگـى ۋە خىمىـكى

ھەرقانداق پەننىڭ ئىجاد بولۇشى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن بولىدۇ، ئەگەر جەمئىيەتتە ئۇ پەنگە ئېھتىياج چۈشمەيدىكەن، ئۇ پەن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى پەيدا بولۇش بىلەنلا ئۇ تېزلىكتە دۇنياغا تارقالدى. ئوسبورننىڭ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ «ئەقلىگە ئىلھام بېرىش ئۇسۇلى» نى ئىجاد قىلىشى ئەنە شۇنداق بولدى. ئوسبورن 21 ياشقا كىرگەندە ئىشسىز قالغان ۋە بىر گېزىتخانىغا بېرىپ ئىمتىھان بەرگەن. ئۇنىڭ ئىمتى-ھانىنى تەكشۈرگۈچى ئۇنىڭغا: "ماقالىڭىزدىن قارىغاندا، يېزىقچىلىق تەجرىبىڭىز ۋە ماھارىتىڭىز تۆۋەن ئىكەن، جۈملىلىرىمۇ راۋان ئەمەس. ئەمما ماقالىڭىزنىڭ مەزمۇنى مول ئىجادىيلىققا ئىگە، شۇڭا، سىزنى گېزىتچىلىككە ئالىمىز" دېگەن. ئوسبورن مۇشۇ سۆزدىن ئىجادچانلىقنىڭ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ۋە خىزمەتكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىجادىي ئىشلىگەن، ئەڭ ئاخىرىدا ناھايىتى كاتتا كارخانىچىغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن «پىكىر قىلىش ئۇسۇلى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، دۇنيادا ئەقلىگە ئىلھام بېرىشنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇلىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك، جەمئىيەتنىڭ ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىش ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى قەدىرلەپ ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىت ۋە ئوسبورننىڭ پائال ئىجاد قىلىش پسىخىكىسى ئىجادىيەت-نىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىجادىيەت بىلەن زىتلەشمەستىن، بەلكى ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت، ھورۇنلۇق-تىن خالىي بولغان ۋە ھەرقاچان "ئىجاد قىلىپ ئالغا باسىمەن"

3) ئارزۇ بولۇش پرىنسىپى. ئىجاد قىلىش ئارزۇسى ئىجادىيەت نىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسىدۇر. رېئال ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىمىغاندا، ئەنئەنىۋى نەرسىلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈشنى ئويلىمىغاند يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن تولستوي ياشلىق ۋاقتىدا قىمار ئويناپ، ھاراق ئىچىپ، ئىشرەتك بېرىلىپ بىر يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھوشىنى تاپقان. بولۇپ يۇقىرى قاتلام زاتلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ، ئۆزىنى قىلغان قىلىقلىرىدىن نومۇس قىلىپ، بۇنداق ياشاشنىڭ بەئەيت ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتا شاللاقلىشىپ، ئىرادىدە بوشۇشۇپ كەتكە تەرەپلىرىنى يەكۈنلەپ توۋا قىلغان ۋە ئىشرەتلىك شاللاق تۇرمۇش تىن ئۆزىنى تارتىشقا نىيەت قىلغان. ئەگەر تولستوي ئەش تۇرمۇشقا يەنى رېئاللىققا رازى بولۇپ، يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنى تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ئۆزىنى تارتمىغان بولسا، ھەربىي تۇرمۇ ئۇنى تاۋلىمىغان ھەمدە ئۇنىڭدا ئىجادىيەت ئارزۇسى پەيدا قىلمىغ بولسا، ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ چىقىشى مۇمكىنمۇ شۇڭا ئىجاد قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىجادىيەت ئارزۇسى بولۇ كېرەك.

4) مۇھىت پرىنسىپى. ئىجاد قىلىش، ئىختىرا قىلىش ئىدىيە نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەۋزەل بولغان ئىجتىمائىي ۋە پسىخ مۇھىتنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج. ئۇلار تالانتلىقلار قۇرۇقتىن-قۇرۇ ئويلاپ قويغانلىق ئۈچۈنلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئىلم پەن تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك بويىچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ.

پاستېر كۆپ قېتىم تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مىكروپنىڭ ماددىلارنى
چىرىتىدىغان باش جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى تاپتى. ئەنگىلىيىلىك
لىستېر دېگەن دوختۇر پاستېرنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، كېسەل-
لەرنى ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىن يارا ئېغىزىنىڭ يىرىڭداپ
كېتىشىدىكى سەۋەبنى كېسەل مىكروبىنىڭ ھەرىكىتىدىن بولىدىغانلى-
قىنى تاپتى. ئۇ پاستېرنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا مىكروپسىزلان-
دۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، كاربون كىسلاتاسى بىلەن ئوپېرات-
سىيە ئەسۋابلىرىنى، تېڭىق ماتېرىياللىرىنى ۋە دوختۇرنىڭ قول-
لىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوپېراتسىيىسى
مىكروپ تەسىرىگە ئۇچرىماي مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقتى.
دېمەك، لىستېرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ قۇرۇلما نەزەرىيىسىنى
تەتبىقلىغانلىقىنىڭ، بىئولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى دوختۇرلۇق
ئوپېراتسىيىسىگە ماھىرلىق بىلەن تەتبىقلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولدى.

7) ئېھتىماللىقنى ستاتىستىكا قىلىش پرىنسىپى. نۇرغۇنلىغان
ئىجادىيەت، ئىختىرا ھادىسىلىرىنى ستاتىستىكا قىلىپ كۆزىتىشتىن
كېلىپ چىققان سانلىق مەلۇماتلار ئۈستىدىكى تەھلىل ئىسپاتلاپ
بەردىكى، ئىجادىي تەسەۋۋۇر كۆپ بولغانسېرى ئىجادىيەت مۇۋەپپە-
قىيىتىنىڭ ئېھتىماللىقىمۇ زور بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادىيەت
تەسەۋۋۇرلىرىنى كۆپلەپ ھاسىل قىلىش ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچ تۈرلۈك: 1)
پەقەت ئىجادىي تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئىجا-
دىيەت ۋە ئىختىرانىڭ نىشانىنى تاپقىلى، ئاڭلىق تۈردە ئىجادىيەتكە
كىرىشكىلى بولىدۇ؛ 2) ئىجادىي تەسەۋۋۇر گەرچە كەلگۈسىدە ئىشقا
ئاشۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىدىكى ئىجادىيەت ئۈچۈن بەزى

دەيدىغان ئۆت يۈرەك ئادەم بولۇش كېرەك.

5) سېلىشتۇرۇش پرىنسىپى. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرق
تېپىش كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئەقەللىي ساۋ
ئىجادىيەت ئىدىيىسىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخ
سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەيدانىغا كېلىدۇ. ئەمما سېلىشتۇرۇش ئۆ
ئىككى تۈرلۈك پىسخىك ھادىسىنى تۈگىتىش كېرەك. ئۇنىڭ بى
ئۆز ئەتراپىدىكى تونۇشلۇق نەرسىلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇر
كۆرمەسلىك، پەرقنى تاپالماسلىق ھادىسىسى؛ يەنە بىرى، ناتو
يېڭى شەيئىلەرنى "كۆرسىمۇ تونىغىلى ئۇنىماسلىق"، پەرقل
تاپالماسلىق، شۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرالماسلىق ھادىسىس
تونۇشلۇق نەرسىلەرنى قەستەنگە ناتونۇش نەرسىلەر قاتا
قويۇپ، يېڭى بىر نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى بىر نۇقت
تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاش كۆزگە چېل
تۇرسىمۇ كۆرمەسلىك پىسخىكىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈمل
ئۇسۇلىدۇر. ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ناتونۇش نەرس
ئىچىدىن ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ئالاھىدىلىك ۋە قىسمل
تېپىپ، راستىنلا ئوخشاش بولمىغان نەرسىلەرنى ئاجرىتىپ ئېل
ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش "كۆرۈپ تۇرۇپمۇ تونىغىلى ئۇنى
لىق" نى تۈگىتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر.

6) قۇرۇلما پرىنسىپى. مەنىۋى ياكى ماددىي جەھەتتىكى ھەرقا
ئىجادىيەت يېڭى بىر قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ. يەنى كىشىلەر ئا
قاچان بىلىپ بولغان ماددا ياكى پرىنسىپلار يېڭىباشتىن پارچىلىن
قوشۇلىدۇ، قوراشتۇرۇلىدۇ. زامانىمىزدىكى ئەڭ مۇرەككەپ ئىخ
ۋە ئىجادىيەتلەردىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەتنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىل

(ھەرقانداق تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا) رۇخسەت قىلىندۇ. مەجلىس تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ.

① مەجلىستە ھېچكىم-ھېچكىمنى تەنقىدلەشكە ۋە ئەيىبلەشكە يول قويۇلمايدۇ.

② ئەركىن ئويلاش، يېڭى، قىزىقارلىق ئويلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

③ مەجلىستە ھەرقانداق كىشى ئوتتۇرىغا قويغان ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ. مەجلىس ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاندىن باھا بېرىلىدۇ.

④ ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى قانچە كۆپ ئوتتۇرىغا قويسا، شۇنچە ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

⑤ ھەز قېتىملىق مەجلىستە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان تېما بەك كىچىك، تار ياكى چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بولمايدۇ. ئەمما مۇھاكىمە قىلىنىدىغان نۇقتىنى چۆرىدەپ نىشانلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە دىققەت شۇ نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ.

⑥ مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەممىسگە باپ-باراۋەر مۇئامىلە قىلىنىدۇ، بىر كۆزدە قارىلىدۇ.

⑦ مەجلىستە باشقىلارنىڭ پىكرىنى چېچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن خۇسۇسىي پاراڭ قىلىشقا بولمايدۇ ھەمدە ھەركىمنىڭ پىكرىنى مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى تولۇق بىلىپ ماڭىدۇ.

⑧ كوللېكتىپ پىكىر باھانىسى بىلەن شەخسنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ.

⑨ باشقىلارنىڭ ئويلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىلھامىنى قوزغاش ياكى بىرنەچچە كىشىنىڭ ئويلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ باشقا بىر

تەجرىبىلەرنى توپلاپ بېرەلەيدۇ؛ 3) ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنى
كۆپلەپ مەيدانغا كىلىشى كۈچلۈك ئىجادىيەت ئارزۇسىنى يېتىلدۈ
رىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈ
رۈش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئىجادىي تەسەۋۋۇرلار
ئوتتورىغا قويۇش شەرت.

## 1) ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى

ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇ
ھازىر ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىش بويىچە نەچچە خىل تەلىماتلار يې
لىقاقا كەلمەكتە. بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى نۇقتىلىق ئۇسۇللار
تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلىنىمىز.

1) ئەقلىگە ئىلھام بېرىش ئۇسۇلى. بۇ دۇنيادا تۇنجى بولۇ
مەيدانغا كەلگەن تېخنىكىلىق ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ ئادەمدىكى ئىجاد
قابىلىيەت بولىقىنى قىسقا مۇددەتتە ئېچىشنى كۆزلەيدۇ. بەزى
ئۇنى كۆپچىلىك ئويچە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئوسبورىنىنىڭ بۇ ئۇسۇلىدا ئالاھىدە مەجلىس چاقىرىپ، ئىشت
راكچىلارنى بىرسى-بىرسىنىڭ سۆزلىشىگە ئىلھام بېرىش ئارقىل
ئۆزلىرىدىكى بىلىم كەملىكىنى تولدورۇش ھەمدە شۇ ئارقىلىق ز
جىرسىمان ئىجادىي تەسەۋۋۇر شەكىللەندۈرۈپ، بىرمۇنچە ئىجاد
تەسەۋۋۇرلارغا ئىگە بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇل بويىچە چاقىرىلىدىغان مەجلىس مۇنداق بولىدۇ: ئى
تىراكچىلار 10 دىن ئاشمايدۇ، مەجلىس ۋاقتى 20 — 60 مىنۇ
بولىدۇ، مەجلىسكە كېلىشتىن بۇرۇن ئىشتىراكچىلارغا مەجلىس
تېمىسى ئۇقتۇرۇلىدۇ، مەجلىستە ھەركىمنىڭ ھەر نېمە دېيىشى

ئۇسۇلنى ئىجاد قىلدى. ياپونىيىنىڭ ئىجادىيەت بۆلىقىنى ئىچىش ئالىمى گاۋچىياۋچىڭ ئۇسبورنىنىڭ بۇ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ كارتوچكىغا يېزىشتىن ئىبارەت ئەقلىگە ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدىكى، بۇ ئۇسۇل بەلكىم بارغانسېرى شاخلاپ دۇنياۋى پىكىر قىلىش شەكلى بولۇپ قېلىشى ۋە كەلگۈسىدە مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈشى مۇمكىن.

2) ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش ئۇسۇلى. ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش تۈرلۈك ئۇچۇر ۋە ئاخباراتلارنى توپلاش ۋە بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئىجادىيەتكە تەتبىقلىنىشى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىدىكى چوڭ بىر يۈزلىنىشتۇر. بۇنداق يۈزلىنىشنى يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن 3 ـ قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىدىن كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، بىرىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى پار ماشىنىسىنى قول ئەمگىكى (قول سانائەت)ئورنىغا دەسسەتتى، ئىككىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى پار ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، يەنى بۇ ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاپ ئالدىنقىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئەمما، ئۈچىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى كۆپ خىل تېخنىكىلارنى ئۇنىۋېرسال گەۋدىگە ئايلاندۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىگە ئايلىنىش يۈزلىنىشى گەۋدىلىنىپ، ئاساس پەنلەرنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە سىڭىپ كىرىش كۈن ساناپ كۈچىيىپلا قالماستىن، ئاساس پەنلەرنىڭ تەتبىقلىنىشى جەريانىدا بىر

يېڭـى ئۆيغا كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

⑲ مەجلىسكە ئىشتىراك قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ تەسەۋ
لىرى ياخشى-يامان دەپ ئايرىلماي بىردەك خاتىرە قىلىنىدۇ.

ئەقلىگە ئىلھام بېرىشنىڭ مەجلىس ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ مۇ
قىل پىكىر قىلىشىغا ئەڭ زور ئىمكانىيەت ياراتقانلىقتىن، ئ
ئۇنۇمى بىرەر كىشىنىڭ يالغۇز پىكىر قىلىشىدىن نۇرغۇن دەر
ئەۋزەل بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىر قېتىملىق ئەقلىگە
بېرىش مەجلىسىدە نەچچە خىل ھەتتا يۈزنەچچە خىلغا يېقىن تە
ۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئەقىل ئالماشتۇرۇش ئىشى ماد
نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇشتىن پەرقلىق بولغاچقا، بۇ شەكىل
لىق قولغا كەلتۈرىدىغان ھوسۇل ھەقىقەتەن چوڭ بولىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇ بىرەر ساھە ياكى بىرەر كەسپىيا
قارىتىلغان ئۇسۇل بولماستىن، تۈرلۈك ئىختىرا ۋە كەسپىيات
تىشتا، بارلىق ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە قوللىنىشقا
دىغان ئەپلىك ئۇسۇل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەقىلنى قوزغاش
رىسى كەڭ، ئۇنۇمى مولدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ دۇنيا مىقيا
كەڭ قوللىنىلا قالماي، ئىجادىيەت مائارىپىدا ئوقۇتۇلىدىغان
مەزمۇنغا ئايلاندى. شۇنداقلا تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ ئىجادىيەتشۇ
لىرى بۇ ئۇسۇلنى ئۆز مىللەتلىرىنىڭ ئادەتلىرى، تەپەككۇر ئۇ
ۋە ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجلىرى بويىچە تەرەققىي قىلدۇر
ئەقلىگە ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنىڭ تارماقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇر

ئالايلۇق، ئىتتىپاق گېرمانىيىسىنىڭ ئىجادىيەتشۇناسى ھا
نېمىس مىللىتىنىڭ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئويلاش ئادىتىگە ئاسا
سۈكۈت بىلەن يېزىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئەقلىگە ئىلھام بې

قەلەمنىڭ قاپقۇچىغا ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ئەسۋابىنى قوشقاندىن كېيىن، ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچى ماي قەلەم كېلىپ چىقتى. قېرىنداشنىڭ بىر ئۇچىغا رېزىنكا بىكتىكەندىن كېيىن، ئۈچۈرگۈچى قېرىنداش كېلىپ چىقتى...دېمەك، ئەسلىدە ئالاقىسى يوق نەر-سىلەرنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇپ بىر گەۋدە قىلغاندا، يېڭى ئىقتىدار پەيدا بولىدى. شۇڭا، ئېيتىمىزكى، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى، دەۋرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر.

3) ئوخشىتىش ياكى تەقلىد قىلىش ئۇسۇلى. ئوخشىتىش ئۇسۇلى دېگىنىمىز ئىككىدىن ئارتۇق شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ياكى ئوخشىماسلىق مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان تەپەككۇر جەريانى ۋە ئۇسۇلىدۇر. ئۇ بەلگىلىك ئۆلچەمگە ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە شەيئى (ئوخشايدىغان شەيئى بولۇشىمۇ، ئوخشىمايدىغان شەيئى بولۇشىمۇ مۇمكىن)نى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇ شەيئىلەر ئارىسىدىكى ماھىيەتلىك باغلىنىشنى تېپىش ئارقىلىق ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئۇسۇلدۇر.

ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا، ئاتونۇش ئوبيېكت بىلەن تونۇش ئوبيېكت سېلىشتۇرۇلىدۇ، بىلىنگەن نەرسىلەر بىلەن بىلىنمىگەن نەرسىلەر سېلىشتۇرۇلىدۇ، شۇ ئارقىلىق تەپەككۇرغا ئىلھام بېرىدىپ، بىر ساھەدىكى تېخنىكىنى يەنە بىر ساھەگە، بىر دۆلەتنىڭ تېخنىكىسىنى يەنە بىر دۆلەتكە ئۆزلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق چەت ئەل ۋە باشقا جايلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى توغرا ئىگىلەپ، يۇرتىمىزنىڭ ۋە ئۆز ئورۇنلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تېخنىكىلارنى ئۆزلەشتۈرگىلى ۋە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ياپونىيە

مۇنچە تېخنىكا پەنلىرى كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھازىرقى جەمئىيەت ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىرمۇنچە مەسىلىلەر ئومۇملۇق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ناھايىتى قېيىن بولغاچقا، نەزەرىيە ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان زور مەسىلىلەرنى بىرەر ئاساس پەن ياكى بىرەر تېخنىكا پېنى ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىشقا قادىر بولالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق تېخنىكىلار كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، ھاياتلىققا دائىر پەننى ئالساق، بىئولوگىيە بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يەنە خىمىيە، فىزىكا، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى جەھەتلەردىكى بىلىملەرگە مۇھتاجلىق تۇغۇلىدۇ. مۇھىت تەتقىقاتىنى ئالساق، ئېكولوگىيە، يەر شارى خىمىيىسىنىڭ قائىدىلىرىنى ئاساس قىلىپ، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، جۇغرا-پىيە، تىبابەتچىلىك، قۇرۇلۇش ئىلمى جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتبىقلاشقا مۇھتاج بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى جەھەت-تىكى پەننى ئۇنىۋېرسال پەن دېيىش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا، يېزا ئىگىلىك پېنى، ئېنېرگىيە پېنى، ماتېرىيال پېنى قاتارلىقلارمۇ ئۇنىۋېرساللىق خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پەنلەردۇر.
ئەمەلىي تۇرمۇش ئېھتىياجى بويىچە ئىلگىرىلەۋاتقان ئۇنىۋېرسال پەنلەر ياكى ئۇنىۋېرسال تېخنىكىلار بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان مۇرەككەپ ۋە كاتتا نەرسىلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەڭ ئاددىي مەھ-سۇلاتلارغا نەزەر سالساقمۇ ئۇنىۋېرساللىقنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۈن ئالغۇغا رادىئو قوبۇللىغۇچ، ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، مىكروفون، ئېلېكترونلۇق ۋاقىت ھېسابلاش ئەسۋابى قاتارلىقلارنى قوشقاندىن كېيىن، ئۈن ئالغۇ بىرمۇنچە ئىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولدى. ماي

جىدىن تاشقىرى ئۆنلۈك كۆز" كەشپ قىلىندى ۋە باشقىلار.

دېمەك ئوخشىتىش ياكى تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى ئىجادىيلىقتا ناھايىتى باي ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ گەرچە تەييار بىلىملەرنىڭ ياردىمىگە تايانىدىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىجادىيەت جەريانىدا شۇ بىلىملەرنىڭ مۇتلەق چەكلىمىسىگە ئۇچراپ توختاپ قالمايدۇ. ھەتتا بەزىدە تېخى مەلۇم ساھەدىكى ئالاھىدە بىلىمگە تايىنىپلا ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ئومۇمىي دائىرە ئىچىدە بولسا ئوخشاشمايدىغان شەيئىلەرنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرۇپ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشاشماسلىق ئىچىدىن ئوخشاشلىقنى تاپىدۇ، ئوخشاشلىق ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئوخشاشماسلىقنى كۆرەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىجادىيلىققا باي بولغان ئىلمىي ئىدىيىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

4) نۇقسان تېپىش ياكى كەمتۈكلىكنى تېپىش ئۇسۇلى. نۇقسان تېپىش ياكى كەمتۈكلىكنى تېپىش ئۇسۇلى شەيئىلەرنىڭ نۇقسان ۋە كەمتۈك جايلىرىنى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ لايىھەسىنى پىلانلاشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىدۇر. بىر نەرسىدىكى نۇقساننى تېپىش مەسىلىنى سېزىۋېلىش بولۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش ئىجاد قىلىش بولىدۇ. كۈندىلىك ئۆگىنىش، تۇرمۇش، خىزمەتتە كەمچىلىكلەرگە جىددىي قارىغاندا، مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرمىغاندا، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىرادىسى بويىچە ئىلگىرىلىگەندە، كەمچىلىكنى ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرغىلى بولغاندەك، ھەرقانداق نەرسىدىكى نۇقساننى بايقاپ ئېلىپ ئۇنىڭغا جىددىي قارىغاندا ۋە ئۇنى ئوڭشاشقا بەل باغلىغاندا، ئىجادىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. كىر ئالغۇنىڭ كەشپ قىلىنىشى كىشىلەرنى

ئۆز ئىگىلىگىنى گۈللەندۈرۈش داۋامىدا باشقا ئەللەرنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سانائەت تېخنىكىسىغا ئۆخشىتىش ۋە سىڭدۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، زور ئىقتىسادىي پايدىغا ئىگە بولدى، ياپونىيىنىڭ پولات تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولۇشىمۇ ئوخشىتىش ۋە تەقلىد قىلىش تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بولغان. ئۈستىدىن ئوكسىگېن پۈركۈپ پولات تاۋلاش تېخنىكىسى 1953 ـ يىلى ئاۋستىرىيىدە كەشپ قىلىنغانىدى. 1956 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ چوڭ پولات تاۋلاش شىركەتلىرىدىكى تەتقىقاتچىلاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆرنى پولات تاۋلاشنىڭ ئوخشىتىش ۋە تەقلىد قىلىش تەتقىقاتىغا كىرىشىپ ئىككى يىل ئۆتكەندە، چەت ئەلنىڭ ئۈستىدىن ئوكسىگېن پۈركۈپ پولات تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆيمىگەن كېرەكسىز گازنى قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلدى ۋە ئۈستىدىن ئوكسىگېن پۈركۈپ پولات تاۋلاشقا كېرەكلىك مۇكەممەل يېڭى ئۈسكۈنىمۇ ياساپ چىقتى.

ئوخشىتىش ۋە تەقلىد قىلىش ئۇسۇلى مۇشۇ ئەسىرىمىزدە دۇنيادا ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېغىر سانائەت ساھەسىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئەڭ ئۇششاق تەرەپلەردىمۇ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە رولىنى جارى قىلدۇردى. مەسىلەن، ئىتنىڭ پۇراش سېزىمىنىڭ ئۈستۈنلىكىگە ئوخشىتىش ۋە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق "ئېلېكترونلۇق ئاپشاركا" كەشپ قىلىندى. پاقىنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلىكىگە ئوخشىتىش ۋە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق "ئېلېكترونلۇق كۆز" كەشپ قىلىندى. شەپەرەڭنىڭ ئاۋاز سېزىمىنىڭ ئۆتكۈرلىكىگە ئوخشىتىش ۋە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئەمالار ئىشلىتىدىغان "دەرد-

نۇقسان بولماي قالمايدۇ. ھەر كىم ئۆزى قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشنى ياخشى قىلىشنى ئويلايدۇ، ھەممە ھۈنەرۋەن ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ بازارلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز خىزمەتلىرىدىكى ۋە ئۆزلىرى ئىشلەپچىققان بۇيۇملاردىكى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنى تېپىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، خېلى كۆپ ئادەملەر ماختانچاق بولىدۇ، يەنە خېلى كۆپ ئادەملەر غاپىل بولىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ۋە ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان نەرسىلەرگە تەمەننا قىلىپ ئىسلاھ قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ رېئال ئەھۋالىدىن قانائەت ھاسىل قىلىدىغان بۇنداق پسىخىك ھادىسە كىشىلەرنى تېزلىكتە ئالغا باسقىلى قويمايدۇ. بولۇپمۇ بەزى كىشىلەر تەدانىلىق قىلمەن دەپ ھە دېسىلا ماھىيەتسىز نەرسىلەر بىلەن قانائەت ھېلىپلا قالماستىن، كىشىلەر كۆرۈپ تۇرغان ئەيىبلىك تەرەپلىرىنىمۇ يوشۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە زىيان ئۆزىگە بولىدۇ. ئەمما، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بۇنداق قىلىقلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلغاندا، ئادەتتىكە ئايلانغان خاتا نەرسىلەر، ماھىيەتسىز شاكال نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلىغاندىلا تەرەققىياتقا يۈزلەنگىلى بولىدۇ. ھەرقانداق شەخسىي ۋە مىللەت ئىلگىرىلەۋاتقىچى بولىدىكەن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشمىسا، ئۇنىڭ ئارقىدا قالغىنى، قاقشىغىنى قاقشىغان. شۇڭا، نۇقسان ۋە كەمتۈكلىكنى تېپىش ئۇسۇلىنى ئالغا ئىنتىلگۈچى ھەرقانداق شەخسىي ۋە خەلق قولىغا ئېلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ كەم يەرلىرىنى كۆرەلىگەن، تولدۇرالىغانلار يېڭىلمەيدۇ.

5) ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى.

قول بىلەن كىر يۇيۇشتىن ئازاد قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما، دەسلەپ ئىجات قىلىنغان كىر ئالغۇدا يۇغان كىيىملەرگە ئوششاق يىپلار چاپلە- شىپ قالاتتى. شۇڭا كىشىلەر كىيىمنى بىر ئاقلا پاكىز يۇيۇش ئۈچۈن، كىر ئالغۇدىكى ئاشۇ نۇقسانغا جىددىي قارىدى. شۇنىڭ بىلەن قېلىن توقۇلغان نىلۇنىدا خالتىچاق ياساپ ئىشلىتىش ئارقىلىق چاپلاشقۇچى يىپلارنى سۈزۈۋېلىپ، كىر ئالغۇدىكى نۇقساننى تۈگەتتى.

ياپونىيىدە كىشىلەر بولكا يەيدىغان بولغاندىن كېيىن، سېرىق ماي قۇتىسىنى ئەتىۋارلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق قۇتىنى ياسىغان كارخانىلار تازا پايدا تاپتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كىچىك كارخانا بۇنداق قۇتىنى ياسىماقچى بولدى. ئەمما، يەنە شۇنداق قۇتا ياسىغاندا، دېگەندەك پايدا ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇ قۇتىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، كىشىلەردىن: "بۇ قۇتا تازا ئەپلىك ئىكەن، ئەمما، پىچاق قويىدىغان يېرى بول- مىغاچقا، پىچاقنى قۇتىغا سېلىپ قويساق ماي چاپلىشىۋالىدى، ھەر قېتىم سېرىق ماي يېگەندە، پىچاقنىڭ سېپىنى سۈرتۈشكە توغرا كەلدى" دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن، دەرھال قۇتىغا پىچاق قويىدىغان بىر قەۋەت چىقىرىپ ياسىدى-دە، ناھايىتى كۆپ پايدا ئالدى. تۇرمۇشتا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. قاتتىق ئورۇندۇقتىن دىۋانغا، ساپاغا تەرەققىي قىلىشىمىز، ھارۋىدىن ۋېلىسىپىتكە، ماشىنىغا تەرەققىي قىلىشىمىزمۇ ئەنە شۇنداق ئەنئەنىۋى نەرسىلەردىن نۇقسان ۋە كەمتۈكلۈك تېپىش ۋە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆڭلاش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، مەشغۇل بولۇۋاتقان تۈرلۈك خىزمەت- لىرىمىزدە ۋە ئىشلىتىۋاتقان تۈرلۈك بۇيۇملىرىمىزدا كەمتۈكلۈك ۋە

ئەنگلىيىلىك توماس مور 1516 ـ يىلى «ئۇتوپىيە» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ، غايىۋىي ئارال جەمئىيىتىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن؛ 1602 ـ يىلى ئىتالىيىلىك كامپانىللا «قۇياش شەھىرى» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ، گېنۇيە ساياھەتچىسىنىڭ يىراق بىر سەھرادا كۆرگەن گۈزەل ئىجتىمائىي تۈزۈم ھەققىدىكى كەچۈر- مىشىنى ھېكايە قىلغان. ئېنگېلسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار "غايىۋىي ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خىيالىي تەسۋىرى»نى قىياس قىلغان. بۇ ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيە، مەيلى قانداق خىيال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر ئۇلاردىن تۇنجى قېتىم: خۇسۇسىي مۈلۈكنى بىكار قىلىش، مال ـ مۈلۈكنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈ- زۈش، ئىشلىمەي چىشلەيدىغان ھادىسىلەرنى تۈگىتىش، ھەممە كىشى ئەمگەك ۋە پەن ـ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش، سىنىپىي زۇلۇمنى، ئىشچى ـ دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە شەھەر ـ يېزىلار ئوت- تۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى يوقىتىش، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىش قاتارلىقلار ھەققىدە تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولغان. ئۇلار تەتقىق قىلغان ئوبيېكىتتا ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىيەت بولغاچقا، ئۆز ھاياتىدا ھەل قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلاردا رېئاللىقنى ئۆز- گەرتىش ئارزۇسى بولغاچقا ئاشۇ ئىجادىي پىكىردە بولالىغان. پرو- لېتارىيات ئۇستازلىرى ئاشۇلارنىڭ ۋە 19 ـ ئەسىردىكى ئۈچ چوڭ خىيالىي سوتسىيالىستنىڭ قىياس ـ خىياللىرى ئاساسىدا سوتسىيالىز- زىمنى خىيالدىن پەنگە ئايلاندۇردى. 19 ـ ئەسىردە، ئۇلۇق سەن- ئەتكار ئالىم داۋىنچى ئادەم كۈچى بىلەن ئۇچۇرىدىغان بىر ئايرو- پىلاننى لايىھەلەپ سىناق قىلغان. داۋىنچىنىڭ ئادەم كۈچى بىلەن ئۇچىدىغان ئايروپىلانى ھازىرقى زامان پېنىدە مۇمكىن بولمىسىمۇ،

ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى دېگىنىمىز. كىشىلەرنىڭ "ئارزۇ"نى ئاساس قىلىپ ئىجاد قىلىش، ئىختىرا قىلىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل نۇقسان ۋە كەمتۈكلىكنى تېپىش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ. نۇقسان ۋە كەمتۈكلىكنى تېپىش ئۇسۇلى تەييار نەرسىلەرنىڭ كەمتۈكلىكىگە ئاساسەن ھەر خىل ياخشىلاش تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ـ دە، شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي تېپىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا، بۇ پاسسىپلىق تېپىدىكى بىر خىل ئۇسۇلدۇر.

ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى بولسا ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق تىپىدىكى ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن ئىجاد قىلغۇچى جەزمەن ئۆزىدە نىگىزلىك بولغان ئىجادىي ساپا تۇرغۇزۇش كېرەك. تېخىمۇ ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئىجاتكاردا رېئال ئەھۋالغا قانائەت قىلمايدىغان پوزىتسىيە ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان روھ بولۇش كېرەك. ئەگەر بىر كىشى رېئال ئەھۋالغا قانائەت قىلىدىغان ياكى رېئاللىقنى پۈتۈنلەي جەزمەنلەشتۈرۈۋېتىدىغان بولسا، ھەممە نەرسىنى توغرا، ياخشى، گۈزەل، مۇكەممەل دەۋەرسە، ئۇلارنى تېخىمۇ توغرا، ياخشى، گۈزەل، مۇكەممەل قىلىشقا ئىرادە باغلىمىسا، بۇنداق ئادەمدە "ئارزۇ" مۇ بولمايدۇ، ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىدا ئىجادىي پائالىيەتكىمۇ كىرىشەلمەيدۇ. پەقەت رېئاللىقتىن قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان، تەييار تەجرىبىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنمايدىغان، شۈبھىلىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، رامكىۋازلىق ۋە رامكىلارنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالايدىغان كىشىلەردىلا ئارزۇ تۇغۇلىدۇ ۋە ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىجادىي پائالىيەت بولىدۇ.

ئالايلۇق، خىيالىي سوتسىيالىستلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان

ئىسلاھات لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە باشلايدۇ.

ھازىر بۇ ئۇسۇلمۇ دۇنيا مىقياسىدا قوللىنىۋاتقان نۇقتىلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، ئەمەلىيەت بۇ ئۇسۇلنى ئىگەللەپ ئالغاندا، ئەقىلنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىجادىيەتنى ئەۋج ئالدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

## 2) توساقلارنى چىقىرىپ تاشلاش

ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك - ئۈنۈمسىز بولۇشى ئاساسەن ئادەمگە باغلىق بولسىمۇ، ئادەم مۇھىت بىلەن باغلىنىپ تۇرغانلىقتىن بۇ پائالىيەتلەر مۇھىتنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئالايلۇق، ئەقلىي ئىجادىي قابىلىيىتى خېلى ئۈستۈن بىر ئادەم ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئورۇندا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىسىز ئامىللار كۆپ بولغانلىقتىن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئادەم قانچە تىرىشقان بىلەنمۇ بۇ ئورۇندا ئىجادىيەتتە نەتىجە قازىنالمايدۇ. ئۇ بۇنداق ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن بولسا، قىسقىغىنە ۋاقىتتا بىرمۇنچە نەتىجە ھاسىل قىلىدۇ. ھەتتا تېخى كونا ئورۇندا 10 يىلدا قىلالمىغان ئىشنى بىر يىلدا قىلىپ بولىدۇ. ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ئىككى خىل ئورۇندا ئىككى خىل نەتىجىگە ئىگە بولۇشتىكى سەۋەب نېمە؟ يەنە ئالايلۇق، ئوخشاش ئىككى ئادەم، ھەتتا ئەقلىي ۋە ئىجادىيەتتە، قابىلىيەتتە يەنە بىرسىدىن ئۈستۈنرەك بىر ئادەم تۇرغان ئورنى ياخشى بولمىغانلىق-تىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماي چېكىنىپ كېتىدۇ؛ يەنە بىر ئادەمنىڭ تۇرغان ئورنى ياخشى بولغانلىقتىن ئالاھىدە نەتىجە

ئەمما، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى كىشلەر يۈز يىللاپ تىرىشىپ يۈرۈپ 20 ئەسىردە تېخىمۇ ياخشى چارە بىلەن ئىشقا ئاشۇردى. بۇلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بىرمۇنچە ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، ئەمەلدە خىيالىي سوتسىيالىستلارغا ئوخشاش رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسىدىكى كىشلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئاشۇ ئارزۇ بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زاماندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يىراق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاش بىلەن ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرلارنى قىلغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئالىملارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى تەبىئەتتە ياكى جەمئىيەتتە بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالدىن قىلىنغان قىياسلىرى بولۇپ چىقتى. بىز ئاشۇ ئالىملارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يوللىرىنى تاپتۇق. دېمەك ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلى كىشلەرنى تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە، يېڭى تەتقىقات ساھەلىرىنى ئېچىشقا يېتەكلەيدىغان باشلامچىدۇر. ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىجاد قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق:

ئارزۇنى تەھلىل قىلىش مەجلىسى چاقىرىلىدۇ. 5-10 كىشى قاتنىشىدۇ. مەجلىس 1-2 سائەت داۋاملىشىدۇ. مەجلىستە رىياسەتچى ئىسلاھ قىلىش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىشتىراكچىلار ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە بىردىن كارتىغا ئۆز پىكرىنى يېزىپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ كۆرۈشكە بېرىدۇ. بۇلار 50 ــ 100 گىچە ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پىكرنى ھاسىل قىلىدۇ-دە، مەجلىس توگەيدۇ. رىياسەتچى ئۇ پىكىرلەرنى رەتلەپ رېئاللاشتۇرۇشقا بولىدىغانراق پىكىرلەرنى تاللاپ ئېلىپ تەكرار تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، كونكرېت

ئەسىر كۆرسەتۋاتقان فېئوداللىق ۋە كاپىتالىستىك ئىدىيىلەر، ئىستىل ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ قالدۇقلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز. جۇڭگو-نىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە تۇتقان ئورنى يۈكسەك بولۇپ، بۇنىڭغا دۇنيا قايىل، ئەمما بۇ زېمىندا فېئودالىزم مىڭ يىللاپ ھۆكۈم سۈرگەچكە، ئۇ كىشىلەرنى تارىختا ئەجدادلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىمىز دەپ ئۆتمۈشتىكى قالاق جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، پادىشاھنى ھۆرمەتلەيمىز دەپ تەبىقىچىلىكنى ساقلاش، ئەنئەنىمىزنى ساقلايمىز دەپ تارقاق ئىگىلىكنىڭ بېكىنمىچىلىكىنى، فېئودالىزمنىڭ قالاق كونا ئادەتلىرىنى ساقلاش؛ ئۇلۇغلار، نوپۇزلۇقلارغا ھۆرمەت قىلىمىز دەپ قۇلچىلىقنى ساقلاش ھەرىكەتلىرى "ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ" دېيىلگەن قۇلچىلىق، چاكىنا ئورتىماللىقنى، "ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى ئىسست" دېيىلگەن جان باقارلىقنى كۆندۈرۈپ، شۇنچە ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي بۇرچى بولغان ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرگە دادىل ئاتلىنالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھە دېسىلا مىللىي ئەنئەنە دېيىلگەن ئاتالمىش "مەدەنىيەت بورانلىرى" ئىجادكارلىق، ئىلغارلىق، خەلقچىللىقنى ۋەيران قىلىدىغان "تەتۈر قۇيۇنلار" غا ئايلانغانىدى. دۇنيادا ھەممىدىن بۇرۇن مەدەنىيەت ياراتقان بۇ خەلقلەر ئىچىدىن چىققان ئىجادىيەتچى دانالار ئازلاپ كەتتى. يېقىنقى زامان تارىخىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرى-نىڭ ئىلغار داھىيلىرى ۋە ئۆلىمالىرى، باتۇر جەڭچى ۋە ئالىملىرى بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى مۇنەۋۋەر، ئىلغار زامانىۋى مىللەتلەرگە ئايلاندۇرۇش يولىدا نى-نى ئىجادىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان

قازىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنداق ئەھۋاللار ئادەم ئەقلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇمى بىرىشى مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ياخشى مۇھىت ئەقىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرسە، ناچار مۇھىتنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىنى چېكىندۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

لېكىن، مۇھىت ئەقىل تەرەققىياتىدا ئىلگىرى سۈرۈش ياكى چېكىندۈرۈش رولىغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ تاشقى سەۋەب بولۇپ، ئەقلىي ئۆزگىرىشنىڭ شەرتىلا بولىدۇكى ھەرگىز ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدۇ. ئىچكى ئامىل يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ياخشى مۇھىت بولغاندىمۇ تىرىشچان ئادەم بولمىسا ئەقىل تەرەققىي قىلالمايدۇ. ياخشى مۇھىت بىلەن تىرىشچان ئادەم بىللە مەۋجۇت بولغاندىلا ئەقىل تېز تەرەققىي قىلالايدۇ. شۇڭا ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ناچار مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرگە مۇھىتتىن كېلىدىغان توسالغۇلارنى ۋە ئادەمنىڭ پسىخىكىسىدىن كېلىدىغان توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك. ئۇنداق بولسا، مۇھىت ۋە پسىخىك جەھەتتىكى توسالغۇلار قايسىلار؟ ئۇلارنى قانداق چىقىرىپ تاشلاش كېرەك؟

ئىجتىمائىي مۇھىتتىن كېلىدىغان توسالغۇلار ۋە ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش.

ئىجتىمائىي مۇھىتتىن كېلىدىغان توسالغۇلار ئاساسلىقى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتىكى توسالغۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتىن كېلىدىغان توسالغۇ دېگەندە، ئاساسلىقى بىزنىڭ ھازىرقى ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيىتىمىزگە

يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويالماسلىق، بىخارامان ياشاشنى كۆزلەپ ئەقىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىلمىغار تەشەببۇسلارنى قوللىماسلىق، ئارقىدا قالغان ۋە نادانلىقتا قالغان تەرەپلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنى چۆكۈرۈش قاتارلىق بەزى قالاق نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ھازىرقى ئەقلىي تەرەققىياتىمىزغا پايدىلىق بولغان ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىدىغان بولساقلا، دۇنيا مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى ئۈستۈنلىكىنى ھەتتا ئۇستازلىق ئورنىنى يېڭىباشتىن تۇرغۇزالايمىز. مەدەنىيەتتىكى مەغلۇبىيەتلەرمۇ غالىبىيەتكە ئورۇن بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەش كېرەك.

1) ئەقىل تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدىغان ئادەت كۈچىنى چەكلەش كېرەك. دۇنيادا ئاجايىپ قىزىق ئادەتلەر بار، بۇ ئادەتلەرنى دەي دېسە دەرد بولىدۇ. چۈنكى، بۇلار كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، دەماللىققا كىشىلەر توغرا گەپكە كۆنمەيدۇ. دېمەي دېسە تېخى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئادەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەم ئورۇنسىز ھەم ئەقىل تەرەققىياتىغا پايدىسىز. كىشىلەر بۇنداق ئادەتلەرنى، خۇددى بەڭگىلەر زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ زىيانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۇنى كەيىپ سۈرۈش ئۈچۈن يانچۇقىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەندەك، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مىزانلىرى قاتارىدا ئېلىپ يۈرىدۇ. ئەمما كىشىلەر بۇنداق قىلىشنىڭ ئىلىم-پەن تەرەققىياتىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.

كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان بۇ ئادەتلەر تارىختا پەننىڭ

بولسىمۇ، ئەنە شۇ فېئودالىلىق تەبىقچىلىكىنىڭ، روھانىيەتىنىڭ، قۇلچىلىقنىڭ "تەتۈر قۇيۇنلىرى" ئۇلارنى قاڭغىر قاقشىتىپ ئۆلتۈرەردى. بۇنداق "ئۇلگە" لەرنى كۆرگەن مىڭلىغان ئىجادكارلار ئۆزىنى چەتكە ئالدى. كۆزەم قاراق ئىش قىلغانلارمۇ يېڭى مەدەنىيەت ئەجدادلىرىدەك ئاقىۋەتتىن قۇتۇلالمىدى. ئۇلار ئەجدادلىرىدىن "ۋەتەنىنىڭ ئۇمىدى سىلەردە" دېگەن سۆزنى قىبلىنامە قىلىپ ئالغان بولسىمۇ، ئۇمىدىنى ئاقلىيالماي ئەۋلادىغا يەنە "ئۇمىد سىلەردە" دەپ تۈگەشتى. مەسئۇلىيەتنى بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلادقا قالدۇرۇپ، ھەربىر ئەۋلاد دەۋر يۈكلىگەن يۈكنى كۆتۈرۈپ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالماي، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يۈكنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇپ كېتىۋەردى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى دەريا ئېقىنلىرىدەك ئېقىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ ھەربىر ئەۋلادقا يۈكلىگەن ۋەزىپىلىرى تولۇق ئادا بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا قېلىپ، ئەسلىدىكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇستازلىرى بولغان جۇڭگولۇقلارنىڭ بالىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە شاگىرتلىرىدىن دەرس ئالىدىغان بولدى. روشەنكى، بۇ تارىختا بولغان بىر مەغلۇبىيەت! جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئويغىنىپ ئاشۇ تارىخقا خاتىمە بېرىلىپ، پەن-مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلدى. بىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزغا مىراس قالدۇرغان چەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى چەتكە قېقىش، ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ مەممەدانلىق قىلىش ياكى ئۆزىنى پەس چاغلاپ جىددىي ئىلگىرلىمەسلىك، بىخەتەرلىكنى كۆزلەپ ئىجادىي

مەشھۇر ئالىملار ۋە ئورگانلارنىڭ ھەممىسىگە دوكلات قىلىنغاندا، ئۇنىڭ نامى چىقمىغانلىقى ئۈچۈنلا ھېچكىم پەرۋا قىلماستىن يۈز يىل باستۇرۇپ قويغان. ئىلمىي ئورگانلارنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدىن ئىلمىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىغى چىقمايدىغان مۇنازىرىلەر ۋە پېشقەدەم ئالىملارنىڭ توسۇپ قويۇشى تۈپەيلىدىنمۇ مۇنداق ئەھۋال-لار كۆرۈلگەن. ئالىم ھوكلىسى نوپۇز، ئۇستاز ۋە شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئىلمىي مەزھەپلەرنىڭ قارشىلىقىنىڭ بەزى ھاللاردا ئىلمىي تەرەققىياتنى بوغۇپ قويىدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈرگەن. مەسىلەن، ۋاتىرستوننىڭ يېڭى گاز مولېكۇلىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئەنگلىيىنىڭ خانلىق ئىلمىي جەمئىيىتىگە سۇنۇلغاندا، باھالاش كومىتېتىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا كەسىپ ئەھلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تەكشۈرگۈچى "ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس" دەپ ھۆكۈم چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسى 45 يىل باسۇرۇلۇپ قالغان. كەسىپلەرنىڭ مەخسۇسلىشىپ كەتكەنلىكىدىن مۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. مەسىلەن، پاستېرنىڭ مىكروب توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ئۇ دوختۇر بولمىغانلىقى ئۈچۈن شۇ زامانىدىكى دوختۇرلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ھورۇممۇزنىڭ قۇۋۋەتنىڭ ساقلىنىش نەزەرىيىسى، ئۇ، ياش دوختۇر بولغانلىقى ئۈچۈن فىزىكلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئەمما، نۇرغۇنلىغان ئىجادىيەت مېۋىلىرى كەسىپ ئەھلى بولمىغان تىرىشچانلار تەرىپىدىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىملارنىڭ يېڭى ئىجادىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشىدا دىنىي ئېتىقاد، مىللىي پەرق، ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان نەزەرىيە قاتارلىق سەۋەبلەرمۇ بولغان، بۇنداق توسالغۇلار-

راۋاجلىنىشىغا ناھايىتى كۆپ زىيانلارنى كەلتۈردى. ئادەم جەسىتىنى ئوپېراتسىيە قىلىش مەنئى قىلىنغان كونا دۇنيادا بىئولوگىيە، تىبابەت ۋە ئاناتومىيە راۋاج تاپالمىدى. ئارستوتېل ئېغىر نەرسىلەر بوشلۇقتىن پەسكە تېز سۈرئەت بىلەن چۈشىدۇ دەپ قويۇۋىدى، دىنامىكا ناھايىتى ئۇزاققىچە تەرەققىي قىلالمىدى. گالىلېينى دىنىي سوت بىر قارىلىۋىدى، ئۇ كاتتا زات تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىغىچە قارىلاندى... بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا دۇنيادىكى نوپۇزلۇقلار ياكى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن جامائەتنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇلغان جامائەت پىكرى بولۇپ، بۇنداق ئادەت كاتتا كىشىلەردىن ئاددىي كىشىلەرگە يوقتۇرۇلۇپ ئىجادىي پىكىرلەرنى بوغۇش رولىنى ئوينىدى.

تارىختا نامى ئۇلۇغ مەشھۇر كىشىلەر خەلقنىڭ مۇھەببەت نەزىرىدە بولغاچقا، خەلق ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يېڭى ئىجادىي پىكىر ۋە يېڭى ئەسەرلەرنى قوللىشى پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە سەۋەب بولسا، قارشى تۇرۇشى ئىجادىيەتكە توسالغۇ بولغان. بۇ جەھەتتە ئىككى خىل ئەھۋال بولغان. بىرى نامى ئۇلۇغ ئالىملار ئۆزىنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق يېڭى دۇنياغا كەلگەن ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە باسقان، چەتكە قاققان. يەنە بىرى ئۇلارنىڭ نوپۇزى بىلەن خەلق ئارىسىدا يېڭى ئىجادىيەتنى قوللىمايدىغان ۋە چەتكە قاقىدىغان پوزىتسىيە شەكىللىنىپ قالغان. ئىككىنچى خىل ئەھۋال بىرىنچى خىل ئەھۋالغا ئەگەشكەن ھالدا بولغان. بۇمۇ بىر خىل ئادەت كۈچى ئىدى. مەسىلەن، ئاۋستىرىيىلىك ئۇلۇغ ئالىم مېندېل نامى چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ مەشھۇر كەشپىياتىنى ئۆزى بىلەن دەۋرداش بولغان

مەشھۇر ئالىملار ۋە ئورگانلارنىڭ ھەممىسىگە دوكلات قىلغاندا، ئۇنىڭ نامى چىقمىغانلىقى ئۈچۈنلا ھېچكىم پەرۋا قىلماستىن يۈز يىل باستۇرۇپ قويغان. ئىلمىي ئورگانلارنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدىن ئىلمىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئايىغى چىقمايدىغان مۇنازىرىلەر ۋە پېشقەدەم ئالىملارنىڭ توسۇپ قويۇشى تۈپەيلىدىنمۇ مۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. ئالىم ھوكلىسى نوپۇز، ئۇستاز ۋە شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئىلمىي مەزھەپلەرنىڭ قارشىلىقىنىڭ بەزى ھاللاردا ئىلمىي تەرەققىياتنى بوغۇپ قويىدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈرگەن. مەسىلەن، ۋاتېرستوننىڭ يېڭى گاز مولېكۇلىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئەنگلىيىنىڭ خانلىق ئىلمىي جەمئىيىتىگە سۇنۇلغاندا، باھالاش كومىتېتىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا كەسىپ ئەھلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تەكشۈرگۈچى "ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس" دەپ ھۆكۈم چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسى 45 يىل باسۇرلۇپ قالغان. كەسىپلەرنىڭ مەخسۇسلىشىپ كەتكەنلىكىدىن مۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. مەسىلەن، پاستېرنىڭ مىكروب توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ئۇ دوختۇر بولمىغانلىقى ئۈچۈن شۇ زاماندىكى دوختۇرلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ھورۇمموزنىڭ قۇۋۋەتنىڭ ساقلىنىش نەزەرىيىسى، ئۇ، ياش دوختۇر بولغانلىقى ئۈچۈن فىزىكلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئەمما، نۇرغۇنلىغان ئىجادىيەت مېۋىلىرى كەسىپ ئەھلى بولمىغان تىرىشچانلار تەرىپىدىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىملارنىڭ يېڭى ئىجادىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشىدا دىنىي ئېتىقاد، مىللىي پەرق، ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان نەزەرىيە قاتارلىق سەۋەبلەرمۇ بولغان، بۇنداق توسالغۇلار-

راۋاجلىنىشىغا ناھايىتى كۆپ زىيانلارنى كەلتۈردى. ئادەم جەسەتىنى ئوپېراتسىيە قىلىش مەنئى قىلىنغان كونا دۇنيادا بىئولوگىيە، تىبابەت ۋە ئاناتومىيە راۋاج تاپالمىدى. ئارىستوتېل ئېغىر نەرسىلەر يوشلۇقتىن يەسكە تېز سۈرئەت بىلەن چۈشىدۇ دەپ قويىشۇدى، دىنامىكا ناھايىتى ئۇزاققىچە تەرەققىي قىلالمىدى. گالىلىينى دىنىي سوت بىر قارارلاشتۇردى، ئۇ كاتتا زات تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە قارىلاندى... بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا دۇنيادىكى نوپۇزلۇقلار ياكى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن جامائەتنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇلغان جامائەت پىكرى بولۇپ، بۇنداق ئادەت كاتتا كىشىلەردىن ئاددىي كىشىلەرگە يوقتۇرۇلۇپ ئىجادىي پىكىرلەرنى بوغۇش رولىنى ئوينىدى.

تارىختا نامى ئۇلۇغ مەشھۇر كىشىلەر خەلقنىڭ مۇھەببەت نەزىرىدە بولغاچقا، خەلق ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يېڭى ئىجادىي پىكىر ۋە يېڭى ئەسەرلەرنى قوللىشى پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە سەۋەب بولسا، قارشى تۇرۇشى ئىجادىيەتكە توسالغۇ بولغان. بۇ جەھەتتە ئىككى خىل ئەھۋال بولغان. بىرى نامى ئۇلۇغ ئالىملار ئۆزىنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق يېڭى دۇنياغا كەلگەن ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە باسقان، چەتكە قاققان. يەنە بىرى ئۇلارنىڭ نوپۇزى بىلەن خەلق ئارىسىدا يېڭى ئىجادىيەتنى قوللىمايدىغان ۋە چەتكە قاقىدىغان پوزىتسىيە شەكىللىنىپ قالغان. ئىككىنچى خىل ئەھۋال بىرىنچى خىل ئەھۋالغا ئەگەشكەن ھالدا بولغان. بۇمۇ بىر خىل ئادەت كۈچى ئىدى. مەسىلەن، ئاۋستىرىيىلىك ئۇلۇغ ئالىم مېندېل نامى چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ مەشھۇر كەشپىياتىنى ئۆزى بىلەن دەۋرداش بولغان

ئۇلارنى قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ شەرھىشۇناسلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزى مۇستەقىل ئويلىمايدۇ. ئوقۇتقۇچى قانچە كىبىرلىك، نوپوزىنى پەش قىلىدىغان، ھە دېسىلا تەنقىدلەيدىغان بولۇپ كەتكەنسېرى ئوقۇغۇچى شۇنچە ئەندىكىدۇ، جىددىيلىشىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشىدىن قورقۇپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. قورقۇش پسىخىكىسى نورماللىقتىن ھالقىغاندا بولسا، ئىجادىي قابىلىيەت بوغۇلىدۇ. قېلىپبازلىق بىلەن كاتاكىغا كىرىپ مېڭىش، ئۆزلۈكسىز تۈردە بېسىم ۋە تەنقىدكە ئۇچراش، ئەگەشمىچىلىككە كۆندۈرۈش، پىكىرنىڭ بىردەك بولۇشىنى قوغلىشىش مۇھىتى ئىجادىي قابىلىيەتنى بوغۇپ ئەقىل تەرەققىياتىنى چېكىندۈرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە، ئىلىم-پەندە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا دەرۋازا ئېچىۋېتىلگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە، ئەقىلنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق. پارتىيىمىزنىڭ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياستى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان ئىجادىيەتلەر بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر. بۇ ھال ھەم ئىلىم-پەن ئىجادىيىتىگە پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشىنىڭ شەرتلىكىنى ھەم ئوخشاش بولمىغان ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويۇشنىڭ شەرتلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ھە دېسە ئىلىم-پەن مەسىلىسىنى سىياسىي مەسىلە دەپ تەنقىدلەيدىغان، ئۆزىنىڭ يېرىم ياتا بىلىمى بىلەن بېكىنمىچىلىك قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ كېپىنى يورغىلىتىپ باشقىلارغا يول قويمايدىغان، ھەتتا تېخى ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ

نىڭ يېتىلىشىدىكى بۇزغۇنچىلىقى تېخىمۇ زور بولغان. بولۇپمۇ ئالىملارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كونا تەلىمات ۋە كۆز قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ ئۆز سەۋىيىسىدىن ھالقىغان تەلىماتلىرىغا قارشى تۇرۇشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش. شۇڭا مۇشۇنداق تارىخىي ساۋاقلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئادەت كۈچىگە ئايلانغان توسالغۇلارنى تۈگىتىش جەھەتتە ھەر تەرەپلىمە تىرىشچان-لىق كۆرسىتىش، ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۈچۈن پېشقەدەم ئالىملار ياشلارغا غەمخورلۇق نەزەرى بىلەن قاراش، ئەۋلادىنىڭ جەزمەن ئۆزلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشىگە ئىشىنىش ۋە ئەۋلادىنىڭ ئەجدادلارنىڭ يۈزىگە داغ كەلتۈرمەيدىغان روھىدىن خۇشال بولۇشلىرى كېرەك.

2) بېكىنمە مۇھىتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان مۇھىت ئىجادىيەتنى نابۇت قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئەقلىي تەرەققىياتنى بوغىدۇ. بۇنداق مۇھىت پۈتكۈل جەمئىيەت تۇسىنى ئالسا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسى چېكىنىش كېلىپ چىقىدۇ. قىسمەنلىكتە ھۆكۈمرانلىقتا ئۆتىسە قىسمەن بوغۇلۇش، بېكىنىش، كونىلىقنى ساقلاش ھالىتى پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنى ئېھتىياتچان چاكىنا ئادەم بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئېلىمىزدىكى تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان يىللاردىكى ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى ئەنە شۇنداق ئەھۋاللارنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

نېمىس پسىخولوگى ھاينات «ئىجادى قابىلىيەت» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: نوپۇزچىلىق مائارىپى يولىيورۇق، بەلگە-لىمە ۋە بۇيرۇققا تايىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى بويسۇندۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار

كشىلەر كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئۇنى تىللايدىغان، ھەتتا خاتا ھالدا بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىگە، بىلىپ يېتىشىگە ھەممىدىن بەك مۇھتاج. شۇڭا ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يولداشلار ۋە باشلىقلار ئالدى بىلەن پاكىت ئاساسىدا ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارغا غەمخورلۇق نەزىرى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي قىزغىنلىقىنى قوزغاش كېرەك.

4) ئىجادچان رەھبەر بولۇشى كېرەك. ئىجادىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئەقىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە جەمئىيەتكە كۆپلەپ ئىجادىي مەھسۇلات يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرگە ئىجادچان رەھبەرلەر قوماندانلىق قىلىش كېرەك. شۇنداقلا ئەقلىي ۋە ئىجادىي جەھەتتە ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئورۇندىكىلەر ۋە كونكرېت تەجرىبە خادىملىرىنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشى، مۇمكىن بولسا سەۋىيە جەھەتتە ئۇلار-دىن ھالقىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك. ئامېرىكىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شىركەتلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىجادكار بولۇپلا قالماستىن، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىدىغان كىشىلەر ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا، بۇ شىركەتلەرنىڭ تەتقىقاتچىلىرى تولۇق ئىشەنچە بىلەن ئىجاد قىلىدىكەن. ئىجاد قىلىدىغانلار ئېرىشىدىغان مەنىۋى ۋە ماددىي مەنپەئەت كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغاچقا باشقىلارمۇ ھەسەتخور-لۇق قىلغاندىن كۆرە ئىجادچانلىقتا يۈزلىنىپ ئالغا باسىدىكەن-دە، تەبىئىي ھالدا ئەقىل ئىدراكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە

بىلسەن دەيدىغان مۇھىت قويۇقلۇشۇپ كەتسە، ئىجادىيەتنىڭ كىشەنلىرىگە ئايلىنىپ قېلىشى، مۇنداق مۇھىتتا ياشىغۇچىلارمۇ دۇنياغا ئۆز ئالىملىرىنى چىقىرالماي بوغۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا ئىلىم-پەن توغرىسىدىكى مۇنازىرە ئىلمىي بولۇشى، يوللۇق بولۇشى، ئىجادىيەتكە ئاھام بېرىدىغان بولۇشى كېرەككى، كالتەكلەيدىغان، ئىززىتىگە تېگىدىغان بولماسلىقى كېرەك. مۇھىت پەنگە يول ئاچىدىغان بولۇشى كېرەككى. قالاق ئەنئەنە بېكىنمىچىلىكنىڭ سورۇنى بولماسلىق كېرەك.

3) شەخسنىڭ ئەقلىي ئۇستۇنلۇكى ۋە ئىجادىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. جامائەت بىلىدىكى، ھۆكۈمەت پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرغان تەتقىقات تېمىلىرى كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئورۇندالغاندىن باشقا، بارلىق ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەر شەخسلەر تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ. ئىجادكارلارنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدە ئۆزىنى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنى توغرا چۈشەنگەچلەرگە سىغىنىش ھەمدە ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى بىجا كەلتۈرۈش يولىدا جان پىدا قىلىش بىلەن تېخىمۇ چوڭ نەتىجە يارىتىشقا ئىنتىلىش ئالاھىدىلىكى ئۇستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بىر ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە ۋە بىر ئاقىل باشلىقنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىپ ئىشەنچە ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرگەندە ئەڭ زور خۇشاللىققا چۆمىدۇ، چۈنكى ئىجادكار ھەرقاچان كىشىلەر تېخى ئويلاپ يېتەلمىگەن يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. بۇنداق يېڭىلىقلارنى تېخى بەزى كىشىلەر تونۇپ يەتمىگەچكە، ئۇ توغرا بولغان ھالدىمۇ خاتاغا چىقىرىپ، توغرا پىكىر، ئەسەر، لايىھە، تەكلىپ ئىگىسىنى جىلە قىلىدىغان، ئۇلار يېڭى تۆھپە ياراتقاندا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى

ئاشۇرۇش، ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېتىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. بۇلارنىڭ يېتىلىپ چىقىشى يالغۇز دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئىجادىي خاراكتېرى ئاجىز كىشىلەرنى قوزغاش، ئومۇمىي خەلقنى ئەقلىدە ئۈستۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

6) ئىجادچانلىققا ئىلھام بېرىش. بۇنىڭدا ئاساسلىقى، ئىجادكارنىڭ ئەمگىكىنىڭ دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى رەسمىي ئاشكارا ھالدا ئېتىراپ قىلىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجادكارلارنىڭ تەقدىرلىشىگە، جامائەتنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە ھۆرمىتىگە بولغان قىزىقىشى ماھايىتى پۇلغا قىزىقىشتىن كۈچلۈك بولىدىغان تەرىپىگە كۆپرەك ئىلھام بېرىش كېرەك. ئىجادكارلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى قەدىرلەش، ئۇلارغا ئورۇنسىز ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان ناچار ھەرىكەتلەرنى توسۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ-ئۇنىداق ياكى مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش، ئۇلارنىڭ خىزمەت، لايىھە، پىلان، تەكلىپ، ئەسەر، چىرتيوژ...لىرىغا مۇمكىنقەدەر ئۇلار بىلەن كېڭىشىش ئۇسۇلى بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم.

## 3) پىشىخىك توسالغۇلار ۋە ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش

ئەقلىي ۋە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجتىمائىي مۇھىتتىن كېلىدىغان توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش تاشقى زىددىيەتنى ھەل قىلىش بولۇپ، بۇ ئىچكى زىددىيەتنىڭ ھەل بولغانلىقىدىن

مۇسابىقە شەكىللىنىپ، كۆزى كۆرگەن ئىشلارنىلا قىلىپ قالماستىن كۆزى كۆرمىگەن ئىشلارنىمۇ قىلالايدىغان ئەقىللىقلار قوشۇنى يېتىلدىكەن.

بىزدىكى تەرەققىيات تەلىپى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىجادچان باشلىقنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. پارتىيىمىز بۇ جەھەتتە ئاجايىپ دانا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ بىلىم ۋە ئەقىل قاتلىمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە تارىختا ئۆتكەن خان-پادىشاھلار مەڭگۈ قىلالمايدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدى. بۇ ئىشلار ئەقىل تەرەققىياتىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتۇپلا قالماستىن، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەقىل پاراستىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرگە يەتكۈزۈپ خەلققە بەخت يارىتالايدىغان ئۇلۇغ پارتىيە ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇتتى.

5) ئىجادچانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. تىرىشچان ھەم ماھىر ئادەملەر تېز باي بولغاندەك، ئەقلىي ئەمگەكچىلەرمۇ تىرىشچان بولسا بارغانسېرى بىلىملىك، پاراسەتلىك، تەدبىرلىك بولىدۇ. ئۇلار سەۋىيىدە ئۆسسىمۇ يەنىلا رولى جارى بولمايدىغان، ئىجادىي تۈس ئاجىز ئورۇنلاردا قويۇلسا، ئۇلارنىڭ بىلىم-ماھارەتتە ئۆسۈشىگە دەخلى بولىدۇ. ئالاھىدە غەيرەتلىك ئىجادكارلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشقان ئورۇنلارغا ئالماشتۇرۇش ئەقىل تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. بولۇپمۇ ئىجادىي خاراكتېرى ئۈستۈن كىشىلەرنى ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان نۇقتىلىق جايلاردا قويۇپ ئۆستۈرۈش، زۆرۈر تېپىلسا ئۇلارنى نۇقتىلىق تەتقىقات يۇرتلىرىدا ئىشلىتىش ياكى چەت ئەللەرگە بىلىم

هاياتلىق ئۇچۇن زور بەخت دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن پىكىر قىلىشقا كەلگەندە، قېلىپلاشقان مەدەنىيەتنىڭ توسالغۇ بولىدىغان تەرەپلىرىمۇ بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، قائىدە ـ تەرتىپ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنىڭ تېزگىنلىشىگە ئۇچرىغاچقا، پىكىر قىلىش يوللىرى ئاددىي ياكى ئادەتتىن تاشقىرى تۇردا ئاددىي ساۋات رامكىلىرىنىڭ تېزگىنلىشىگە ئۇچراپ، ئىدىيە جەھەتتە قاتماللىشىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىشى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى تۇرمۇشىمىزغا مۇۋاپىقلىق ۋە قولايلىق كەلتۈرىدۇ. بۇنداق قولايلىقنىڭ داۋاملىق ئۆسۈپ بېرىشى كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش ئېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەييارغا ھەييار دېگەندەك، بەزى كىشىلەر ئاخىرى بېرىپ كونا يولدا مېڭىشقا ئادەتلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ ئىشلە-تىدۇ. كونا نەرسىلەرگە يېپىشىۋالىدۇ. شەيئىلەرگە تۇرغۇن ھالەتتە قارايدۇ، يېڭى نەرسىلەرنى كۆپرەك ئاڭلاشنى ياقتۇرمايدۇ، مەنتىقىلىق پىكىر قىلىشنى ھەممىگە قادىر دەپ ھېسابلايدۇ. خىياللارغا بېرىلىشنى ۋاقتنى ئىسراپ قىلىش دەپ بىلىدۇ. بۇ ھال ئىجادچانلىقنىڭ داۋاملىق ئۇرغۇپ بېرىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن. ھېسسىيات جەھەتتە: ھېسسىياتنى قوزغىتىدىغان كۈچنىڭ ئاجىز بولۇشى، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش ھېسسىياتىنىڭ زىيادە بولۇشى، پىكىر قىلىشتىكى قاتماللىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى

دىرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىغا يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەقلىي كامالەتنى قوغلىشىش ئۈچۈن، ھەركىم ئۆز پىسخىكىسىدىكى توسالغۇلارنىمۇ تونۇپ يېتىشى ۋە ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلىشى كېرەك. روشەنكى پىسخىك توسالغۇلار ھەركىمدە ئۆزگىچە بولىدۇ. ئەمما ئەقلىي ۋە ئىجادىي پىكىر قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، بىلىش جەھەتتە: بۇ يەردە ئاساسلىقى ــ ئەقلىي ۋە ئىجادىي تەپەككۇردا ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى بىلىپ يېتەلمەسلىك ياكى مەسىلىنى خاتا چۈشىنىۋېلىش سەۋەبىدىن توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ توسالغۇلارنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاش مۇمكىن!

ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ھادىسىلەر تەرىپىدىن ئادىشىپ قېلىپ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تۇتالماسلىق؛ ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەر-دىن ئۇلارنىڭ ئورتاقلىشىدىغان نۇقتىسىنى تاپالماسلىق؛ ئۆزى - ئۆزىگە بەلگىلىۋالغان شەرتلەرنىڭ چىرماقلىرىغا ئىلىنىپ قېلىش؛ مۇمكىنچىلىك بولىدىغان شەرتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇش؛ مەقسەت بىلەن ۋاستە، ماھىيەت بىلەن ھادىسە مۇناسىۋىتىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ قويۇش؛ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تاكامۇل بولماسلىقى؛ سەۋەب بىلەن نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ قويۇش؛ شەكىلەن ئوخشاشلىقنى ماھىيەتتىكى ئوخشاشلىق دەپ خاتا تونۇش...

ئىككىنچى، مەدەنىيەت جەھەتتە: مەدەنىيەتنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشقا بېرىدىغان ھوزۇر - ھالاۋىتى زور بولىدۇ، مەدەنىيەتنى

يېگىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. پاسسىپ پىسخىك پوزىتسىيىمۇ ئوخشۇش-سىزلىق جەھەتتە ئوخشاشلا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇمۇ كىشىنىڭ ئالدىدىكى نىقاپلىق پۇرسەتلەرنى ئاللاقانداق بۆسكىلى بولمايدىغان قەلئە قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىنىڭ ئۇلارنى يېڭىپ غەلىبە قىلىش، بەختىكە ئېرىشىش، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ھوزۇر-ھالاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىش يولىنى توسۇپ قويىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ پىسخولوگ ۋە ئالىملىرى نەچچە يىللاپ كىشىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-نىڭ 17 تۈرلۈك پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىر ماددىسىنى ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيە دەپ بېكىتكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيە بىر خىل كاتالىزاتور بولۇپ، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بارلىق پىرىنسىپلىرى بىلەن ئەڭ تېز سۈرئەتتە بىرلىشەلەيدۇ ۋە ئۇلارنى ھايات ئۈچۈن قىممىتى بار بىر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈن-تىنسىز تەشكىللەيدۇ. پاسسىپ پىسخىك پوزىتسىيىمۇ بىر خىل كاتالىزاتور بولۇپ، ئۇمۇ كىشىلەرنى قايغۇلۇق، زىيانلىق، ئاپەتلىك تراگېدىيىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيىنىڭ نەتىجىسى بولسا، مەغلۇبىيەت پاسسىپ پىسخىك پوزىتسىيىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ 17 تۈرلۈك پىرىنسىپى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيە بولۇش.
2. بېكىتىلگەن مەقسەت بولۇش.
3. كۆپرەك يول مېڭىشتىن قورقماسلىق.
4. توغرا تەپەككۇر قىلىش.

قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ئەقلىي ۋە ئىجادىي پىكىرلەرگە توسقۇنلۇق توغۇلىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

باشقىلارنىڭ تەنقىد قىلىشىدىن قورقۇش؛ بىر ئىشقىلا تىقىلىۋېلىش؛ زىيادە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش؛ بەزىلەرگە ھېسسىياتتا بېرىلىپ مۇئامىلە قىلىش؛ ئاۋارىچىلىكتىن قورقۇش؛ مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش؛ جاسارەت بولماسلىق؛ كونىلىقنى ساقلاشقا ئۆلگە بولۇش.

يۇقىرقىلار ئادەمنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا ۋە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشىغا توسالغۇ بولىدىغان پىسخىك ھادىسىلەر بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇھىت ياخشىلانغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلىمىغاندا ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەقلىي جەھەتتە داۋاملىق تەرەققىي قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پىسخىك توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە ھاياتتىكى قىممەتلىك نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆپ كۆرۈنمەيدىغان گۆھەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيە ئەنە شۇ كۆرۈنمەس گۆھەردۇر. بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئۇتۇق ۋە مەغلۇبىيەتلىرىنى باشقا سەۋەبلەردىن كۆرۈشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ پىسخىكىسىدىكى پوزىتسىيىسىدىن كۆرۈشى كېرەك. چۈنكى ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيە تۇرغۇزۇلغان ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەربىر "تەتۈر پېشانىلىك" ياكى ئوڭۇشسىزلىق شۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان پايدا دەرىخىنىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئالدىدىكى ئوڭۇشسىزلىق گويا نىقاپلانغان ياخشى پۇرسەتكە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيە بىلەن ئۇنى

كېلىش كېرەك. ئەگەر بۇ 17 تۈرلۈك پرىنسىپنى پسىخىك پوزىتسى-
يىسىگە ھۆكۈم چىقىرىدىغان مىزان قىلىپ ئۆزىمىزنى ئۆلچىگەن
ھامان نېمىلەرنىڭ بىزنى ھاردۇرۇپ، تېلىقتۇرۇپ يېڭەلمىگۈچى قىلىپ
قويغانلىقىنى، نېمىلەرنىڭ بىزنىڭ روھىمىزنى كۆتۈرۈپ مۇۋەپپەقى-
يەتكە ئېلىپ بارغانلىقىنى بايقاپ ئالالايمىز. ئەگەر بىراۋدا ئاكتىپ
پسىخىك پوزىتسىيە تۇرغۇزۇلغان تۇرۇقلۇقمۇ مەغلۇبىيەت يۈز بەردى
دېيىلسە، بۇ ھال بۇ ئادەمنىڭ پسىخىك پوزىتسىيىسى ئاكتىپ بولدى
دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ ئاكتىپ پسىخىك پوزىتسىيىنى قالغان شەرتلەر
بىلەن تولۇق بىرلەشتۈرۈپ تەدبىقلىيالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، پسىخىك پوزىتسىيىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە
تەدبىقلاش، 17 تۈرلۈك پرىنسىپنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىش ۋە
ئۇنى پسىخىك پوزىتسىيە بىلەن توغرا بىرلەشتۈرۈشمۇ ئاسان ئىش
ئەمەس. شۇڭا، سىز بۇلارنى بىر كۆرۈپلا چۈشەندىم دەپ
قارىماڭ! ئەترابلىق، ئەستايىدىللىق بولۇڭ! شۇنداق قىلغىنىڭىزدا
سىز دەل ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغاندەك ئادەم بولۇشنىڭ
قەدىمىنى باسالايسىز. سىزنىڭ ئىدىيىڭىز ئەنە شۇ پسىخىك پوزىتسى-
يىڭىزنىڭ ئاكتىپ ياكى پاسسىپ بولۇشىغا باغلىق. دېمەك سىزدىكى
ئاكتىپ پسىخىك پوزىتسىيە ئىدىيىڭىزگە قوماندانلىق قىلىدۇ.
كەيپىياتىڭىزنى تىزگىنلەيدۇ. تەقدىرىڭىزنى ئىگىلەيدۇ. شۇنداق
بولغان ئىكەن ئاكتىپ پسىخىك پوزىتسىيىڭىزنىڭ قارشى تەرىپى
بولغان پاسسىپ ھېسسىيات، كەيپىيات، ناچار ئادەتلەرنى يوقىتىڭ!
غەيرەتلىك بولۇڭ! بۇنىڭ ئۈچۈن، پسىخىك جەھەتتە، تاشقى
ئامىللارغا، مەسىلەن، مۇھىت، تەشكىل، رەھبەرلىكتە بولغان كۆز
قاراشنى ئۆزلۈكسىز توغرىلاش، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىق جايلىرىنى ۋە

5. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى بولۇش.
6. كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇش.
7. ئىشەنچە بولۇش.
8. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان خاسلىق بولۇش.
9. شەخسىي ئىجادكارلىق روھى بولۇش.
10. قىزغىن بولۇش.
11. دىققەتنى يىغىش قابىلىيىتى بولۇش.
12. ھەمكارلىق روھى بولۇش.
13. تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش.
14. ئىجادىي كۆز قاراشقا ئىگە بولۇش.
15. ۋاقىت ۋە پۇلنى ئالدىن مۆلچەرلەش.
16. تەن ۋە قەلب ساغلاملىقىنى ساقلاش.
17. ئورتاق قانۇنىيەتنىڭ قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇش.

ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ 17 تۈرلۈك پرىنسىپىنى ھەركىم ئۆز خاتىرىسىگە مەڭگۈلۈك ئورنىتىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىرى ئۈستىدە يەكۈنلەش ئېلىپ بارسا ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلىشنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مەسئۇلىيەتكە ئايلاندۇرسا، ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ قالالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

شۇڭا، زامانىمىزنىڭ جىددىي تەلەپلىرىنى قاندۇرىدىغان ئىجادىي ئادەم بولۇش ۋە ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيە بىلەن ئىشلاردا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى ئادەتلىرىمىزدە ساقلانغان پىسخىك ھادىسىلەرنى بۇ يېڭى پرىنسىپلارغا سېلىشتۇرۇپ قايسىلىرىنى ساقلاپ قېلىش، قايسىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش ھەققىدە ئېنىق قارارغا

پايدىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىپ، ئىجادىي لايىھىلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىش كېرەك.

ئۆزىنى بىلىش. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش، توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش ۋەزىپىلىرى ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەمگە ئورتاقتۇر. ئەمما، ھەركىمنىڭ بىلىم ۋە ئەقلىي سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ ئەقىل تەرەققىياتىدا سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، ھەركىم ئالدى بىلەن ئۆزىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. بۇ ئەقىل تەرەققىياتىدا سەكرەشكە بۇرۇلۇش قىلىشنىڭ كونكرېت چارىسىدۇر.

ئۆزىنى بىلىشنى تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، پسىخولوگىيە نەزىرى بويىچە قارىغاندا ئەقلىي تەرەققىياتتا ئالاھىدە تېز بولغان ياكى ئىجادىي پائالىيەتلەردە مۆجىزە يارىتىپ دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نورمال ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئەقلى نورمال بولغان ھەممە ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقىل ۋە پەزىلەتتىن تولۇق پايدىلىنىش ماھىرلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلەردۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەقلىي قابىلىيەتتە ئاكىلىق تۈردە ئۆزىنى توغرا چۈشىنىپ ئويغانغان ۋە ئويغىنىش نۇقتىسىنى پۇختا ئىگىلەپ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلىگەنلەردۇر. دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە تالانت كۆرسەتكەنلەرنىڭ تەرجىمھالىغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزىنى توغرا چۈشىنىپ ئويغانغانلاردۇر.

ئالايلۇق، دۇنياغا مەشھۇر كىشىلەردىن چىرچىل ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا سىنىپتىكىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدىغان ناچار ئوقۇغۇچى

ئۇلارنىڭمۇ ئىنقىلاب ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ كېتىش ئۈمىدى بارلىقىنى چۈشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى ئامىللارنى، مەسىلەن، ئۆزىگە بولغان قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق باھا بېرىش، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىدە ۋە ئىشلىگەن ئىشلىرىدا بەزى يېتەرسىزلىكلەر-نىڭ بولۇشى ئېھتىمالىنى بىلىش، رېئاللىق يول قويغان دائىرىدە ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتىنى ياخشىلاپ، خاتالىقى ئىسپاتلىنىشتىن بۇرۇن بارلىق ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىپ ئىجادىيەت نىشانىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەسلىك كېرەك.

ھەقىقەتنى جامائەتكە چۈشەندۈرۈش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ ئىجادىيەت نىشانىنى كەلگۈسىدە بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس يارىتىش كېرەك.

ھەرىكەت جەھەتتە: دۇنيادا ھەممە نەرسە، جۈملىدىن ئادەممۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ دېگەن ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىپ، سەپداشلىرى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىجادىيىتىگە ماتېرىيال، ئۇچۇر، ئەۋرىشكە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماھىرلىق بىلەن كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇھىت شارائىتىنى ۋە كەيپىياتىنى ئىجادىيەتكە پايدىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىشكە داۋاملىق تىرىشىش. ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ نىشانغا يېتىش ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. غەيرىي رەسمىي تىرىشچانلىقنى ئىشقا سېلىپ، ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا تەجرىبە، تەتقىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئىجادىيەتتە ئېنىقراق ئۇنۇم قازىنالايدىغان بولغاندا ئاندىن ئۇنى رەھبەرلىككە دوكلات قىلىپ تەكلىپ قويۇش كېرەك. ئايلانما تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئومۇمىي كەيپىياتنى يېڭىلىق يارىتىشقا

تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان يازغۇچى بولغان. ئەگەر كىيوتى دەل ۋاقتىدا ئۆزىنى بىلىپ يېتىپ ئويغانغان بولسا، كىروكىس ئۆزىنىڭ تالانتى جارى بولۇۋاتقان ياخشى يولدىن قايتىپ خاتا يولغا كىرىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىلمى نەتىجىسى تېخىمۇ چوڭ بولغان بولاتتى. دېمەك، ھەرقانداق ئىختىساسلىق ۋە تالانتلىق ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە بىر ئويغىنىش ۋاقتى بولىدۇ. بۇ خۇددى بەزىلەر ئۇزۇنراق ئۇخلايدىغان، بەزىلەر ئازراق ئۇخلايدىغان بولۇپ، ھەركىمنىڭ ئويغىنىش ۋاقتى ھەر خىل بولغاندەك بىر ئىشتۇر. ئەتىگەندە ئويغىنىپ ئىشقا چۈشكەنلەر بىلەن، چۈشكىچە ئۇخلاپ ئىشقا چۈشكۈچىلەرنىڭ ئىش ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ قابىلىيەت ئارتۇقچىلىقىنى بىلىپ يېتىپ كەلگۈسىگە قاراپ ئىلگىرىلەشتە بۇرۇن ئويغانغانلار بىلەن كېيىن ئويغانغانلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدىمۇ ناھايىتى زور پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. كۆپ ماھارەتلىك رۇس ئالىمى گىرانىن مۇنداق دەيدۇ: "ھەركىم ئۆزىنىڭ نېمە قىلالايدى-غانلىقىنى بىلسە ئىدى، تۇرمۇش ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتكەن بولاتتى. چۈنكى ھەركىمنىڭ قابىلىيىتى ئۆزى ھېس قىلغاندىن نۇرغۇن دەرىجىدە زور بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى بىلىپ يەتكەندە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن تېخىمۇ باتۇر، تېخىمۇ قەيسەر، تېخىمۇ قۇدرەت-لىك، مۇھىتلارغا تېخىمۇ ئۇيغۇنچان بولۇپ كېتىدۇ". شۇڭا ئەقلىي تەرەققىياتنى قوغلىشىش، ئىجادىي روھقا باي زامانىۋى ئادەم بولۇپ كەلگۈسىگە قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئويغىنىش شەرت. شۇنداقتا ئەقلىدە ئېزىش ۋە تېگىشلىك بولمىغان تەقدىرگە يولۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ئەقىل

بولغان. "جوداچى"لەقىمى بىلەن مەكتەپتىن قوغلانغان. ئەمما، ئۇ ھەربىي سەپكە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ۋە "بۇ مېنىڭ ناچار ئوقۇغۇچى بولغانلىقىمنىڭ ئاقىۋىتى" دەپ ئويلىغان. ئۇ ھىندىستان چېگرىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدىن باشلاپ، كۆيۈمچان ئانىسى لوندوندىن ئەۋەتىپ بەرگەن پەلسەپە، تارىخ ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئائىت كىتابلارنى مەيلى قايسى جەڭ مەيدانىغا بارسۇن، جەڭ ئارىلىقىدىكى ھەممە بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شىجائەت بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئاخىرىدا دۇنياغا مەشھۇر سىياسىئونغا ئايلانغان. ئالىم ئارىستوتېل 18 ياشلارغىچە تۇتۇق بەرمەيدىغان تايدەك چېپىپ يۈرىدىغان كەپسىز بالا بولغان. ئۇ، ئويغانغاندىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ ئۇستازلىرىغا ئايلانغان. گېيوتى 40 ياشقا كىرگەندە ئۆزىدە تەسۋىرى سەنئەت ئىقتىدارى يوقلىقىنى بىلىپ يەتكەن. 76 ياشقا كىرگەندە ئۆزىنىڭ رەسىم سىزىشقا بېرىلىشىنىڭ خاتالىقىنى سەزگەن، ئىنگلىز ئالىمى ۋىلليام كىروكىس تاللىھىي ئېلېمېنتىنى بايقاپ دۇنياغا تونۇلغاندىن كېيىن، ۋاكۇئۇمدىكى زەرەتسىزلىنىش ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، دۇنياغا مەشھۇر كىروكىس لامپىسىنى ئىجاد قىلغان. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تالانت ئۇستۇنلۈكىنى بىلىپ يېتىشتە ئويغىنىش نۇقتىسىنى تۇتالماي باشقا يولغا كىرىپ كىتىپ 48 يىل ئاۋارە بولغان. بىئوخىمىك ئاسىموۋ ئۆزىنى كۆپ تەرەپتىن دەڭسەپ كۆرۈپ "مەن دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئالىملاردىن بولالمايمەن، ئەمما ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يازغۇچىلاردىن بولالايمەن" دېگەن تونۇشقا كەلگەن ۋە مۇشۇ ئويغىنىش بويىچە

كاتتا ماتېماتىك بولغان. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ ئارتۇقچىلىقىنى يەنى ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئەڭ ئەلاسىنى بىلىپ يېتىپ ئويغانمىغان بولسا، ئىنسانىيەتتە ئۇلۇغ بىر ماتېماتىك كەم بولغان بولاتتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنى بىلىپ يېتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش، تەھلىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدىكى ئەڭ ئەلا قابىلىيەتنى تېپىش ئارقىلىق ئۆزىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ نىشانىنى بەلگىلەش كېرەك. ئەگەر ھەركىم ئۆزىدىكى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئەڭ ئەلا تەرىپىنى دەلمۇدەل بىلىپ يېتەلىسە ۋە ئۇنى تولۇق جارى قىلدۇرالىسا، ئۇ ئۆزىدىكى قابىلىيەتلەردىن پايدىلانغانلىقى بىلەن تالانتلىق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدە ۋە غەيرىي ئەقلىي بولغان پسىخىك پەزىلەتلىرىدە بىرەر خىل بولسىمۇ ئەلا قابىلىيەت ۋە بۇنداق ئەلا قابىلىيەتنى ۋايىغا يەتكۈزىدىغان پەزىلەت بىخلىرى بولىدۇ. شۇ قابىلىيەتنى بىلىپ يەتسە ۋە قالغان قابىلىيەتلىرىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا قويۇۋالماي، ئەلا قابىلىيەتكە يار-يۆلەك قىلسا ئۆزىدىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ كېتەلەيدۇ ۋە باشقىلاردىن ھالقىپ كېتەلەيدۇ.

بۇ ھەقتە بىلىنسكى مۇنداق دەيدۇ: "ھەركىم ئۆزى قىلىشنى خالىغان ياكى قىلىش لازىم دەپ قارىغان ئىشلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى قىلالايدىغان ئىشنى قىلىشى كېرەك. قولىغا لىسموسلۇق كالتەكنى ئالالمىسا مىلتىق ئېلىش كېرەك. مىلتىق ئالالمىسا تۆمۈر گۈرجەك ئېلىش كېرەك". بىلىنسكىنىڭ قارىشىچە، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەلا قابىلىيىتىنى تېپىشتا، "قىلىشنى خالايدىغان" ئىشلار بىلەن "قىلالاي-

بۇلىقنى چوڭقۇرلاپ ئاچقىلى، ئەڭ مۇھىمى نىشانلىق ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى قىسقا، شۇڭا، ۋاقتىدا ئۆزىنى بىلىش، ئويغىنىش پۇرسىتىنى ئىگىلەش ناھايىتى مۇھىم.

ئۇنداق بولسا ئۆزىنى بىلىپ ئويغىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۆزىدىكى ئەڭ ئەلا قابىلىيەتنى تېپىش. ئۆزىدىكى ئەڭ ئەلا قابىلىيەتنى تېپىش ئۆزىنى بىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىشى ئۆزىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئەھۋالى (جىسمانىيەت، سالامەتلىك، كۈچ-قۇۋۋەت قاتارلىقلار)، پسىخىك پەزىلىتى (ئىندىۋىدۇال خاراكتېر، مىجەز، قىزىقىش، ئىرادە، ھېسسىيات قاتارلىقلار)، ئەقلى ئەھۋالى (دىققەت، كۆزىتىش، خاتىرە، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، مەشغۇلات قابىلىيىتى قاتارلىقلار)، بىلىم سەۋىيىسى (ئاساس مەدەنىيەت بىلىمى، كەسپى ئارتۇقچىلىقى قاتارلىقلار)، مۇھىت ئەھۋالى (ئائىلە، خىزمەت ئورنى، جەمئىيەت، يارى-بۇرادەر، قولۇم-قوشنا قاتارلىقلار)نىڭ شارائىتلىرىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ زېھنى بولۇنمىسى، چىدامىلىق دەرىجىسى، جاسارىتى، مەشغۇلات قىلىش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى دەڭسەپ بېكىتىۋالغاندىن كېيىن مۇشۇ نېگىزلىك شەرتلەر ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئەقلىي، ئىجادىي قابىلىيەتلىرىنىڭ ئەڭ ئەلاسىنى ئاساس قىلىپ ئەقلىي تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەش كېرەك. مەسىلەن، ئۆزى كىچىكىدە ناھايىتى تىرىشچان ۋە خىيالچان بالا بولغان، شۇڭا كىچىكىدىلا ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئىلاھىيەتنىڭ تورلىرى چىرمىۋالغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ھەمدە ئىلاھىيەت مەكتىپىدىن پەننى مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېتىشكە ئاتا-ئانىسىنى ئۇنۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئۆگىنىپ

مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئويغىنىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، ھەركىم ئەقىلدە ئۆرلەش ۋە كەلگۈسىگە قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، چامى يەتمىگەن ئىشلاردا باشقىلارنى دورىماستىن، ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىدىكى باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئارتۇقچىلىقنى تېپىپ ئىلگىرىلەش كېرەك.

تالانت دېگەن باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى باشقىلاردىن ھالقىغان ئەقىل بايلىقىنى ئېچىپ ئۆزگىچە ئىش قىلىدىغانلاردۇر، پەقەت سېنىڭ گۈزەل ئاۋازىڭ ۋە ئىشىڭ باشقىلارنىڭ كانىيىدىن چىقمىسا ۋە قىلغان ماھارەتلىك ئىشىڭ باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمىسىلا كىشىلەر سېنى تالانتلىق، دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەركىمنىڭ يېڭى ھاياتتىكى بەختى ئەنە شۇ ئۆزگىچىلىك بابىدىكى تىرىشچانلىقى بىلەن يېڭى دۇنيانىڭ قىزىقچىلىقلىرىغا قاراپ كۆلۈشتۇر. شۇڭا ئېيتىمىزكى، ھەركىم ئەقىلدە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئارتۇقچىلىقنى تېپىش جەريانىدا ئويغىنىش كېرەك.

### 4) ئۆزىدىكى ئەقىل بايلىقىنى ئېچىش

يۇقىرىدىكى بابلاردا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئادەم مېڭىسى بارلىق مۆجىزاتلاردىن ھالقىپ كەتكەن بىر يوشۇرۇن كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە. ھەربىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە تىنچ ئۇخلاۋاتقان بىر پاراسەت بۇلىقى بار. بۇ پاراسەت بۇلىقى تۈگىمەس-پۈتمەس بايلىق مەنبەسى

دىغان، ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان" ئىشلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بىر ئادەم بىر ئىشنى ئۆزى ئەڭ ياخشى قىلىپ كېتەلەيدىغان ئەڭ ئەلا قابىلىيەتنى بىلىۋېلىپ ئويغانغان ھامان، "خالايدىغان" ئىشنى ئەمەس، "قىلالايدىغان" ئىشنى قىلىسا چىقىۋەرلىك بىلەن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ.

ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇش. روشەنكى ئۆزىدىكى ئەڭ ئەلا قابىلىيەتنى تېپىش، ئەمەلىيەتتە، ئۆزىدىكى قابىلىيەتلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇش بولسا بۇ ئۇسۇلنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ.

ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇش دېگىنىمىز سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئويغىنىپ ئەسلىدىكى تاللىغان نىشاندىن ۋاز كېچىشنى كۆرسىتىدۇ. ياش ماركس شائىر بولۇشنى خىيال قىلىپ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشقا كىرگەندە، "گۈل چەمبەر" دېگەن كۈرژۈكقا قاتنىشىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ۋە بۇ شېئىرلىرىنى سۆيگىنى ژېننىغا ئەبەرتكەن. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى رەسمىي شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىدە شېئىرى تالانتىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئۆزىدە شائىرلارغا قارىغاندا پەلسەپىۋى، نەزىرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ھېس قىلىپ شائىر بولۇش نىيىتىدىن يېنىپ نەزەرىيىگە قەدەم قويغان. ماركسنىڭ 30 نەچچە ياشتىلا 19-ئەسىردىكى ئۈچ چوڭ تەلىمات (كلاسسىك نېمىس پەلسەپىسى، كلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد، ئۈتۈپىك سوتسىيالىزم تەلىماتلىرى)غا ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇ تەلىماتلاردىكى ئىلمىي بولمىغان تەرەپلىرىنى تۈگىتىپ، بىر پۈتۈن ئىلمىي نەزەرىيىگە ئايلاندۇرۇپ دۇنياۋى تالانتقا ئايلىنىشى نۇرغۇن تەرەپلەرگە

چىقىپ ئەقىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ، يېڭى پىكىر، تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ مىجەز-خۇلقى ئىلىم دۇنياسىدا لەنىتى ئىش بولسىمۇ، ئىلىم-پەندە ئارقىدا قالغان مىللەتلەر ئىچىدە ئانچە-مۇنچە بازىرى بولغانلىقتىن، بۇ نادانلىق ھامىيلىرىنىڭ مىللەتكە زىيان كەلتۈرۈۋاتقان بۇ نەيرەڭلىرىنى ۋاقتىنچە چىتقا يېيىش تەس بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ خەلقىمىزدە ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل دۇنياسىنى ئەتراپلىق ئاختۇرۇش روھى بولۇش بىلەن بىر چاغدا "چەللىدە ئات چاپتۇرىدىغانلار"، "ساراڭ" دەپ ئاتىلىشتىن قورقمايدىغان باتۇرلۇق، نادانلىق ھامىيلىرىنىڭ قارىغۇلارچە ھۇجۇملىرىدىن قورقمايدىغان جەسۇرلۇق، مەدەنىي مىللەتلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان مۇشكۈل شارائىتلاردىن بۆسۈپ چىقىدىغان يېڭى روھمۇ بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق روھ بويىچە ئۆزىمىزدىكى ئەقىل بايلىقىنى ئاچىدىغان غەيرەتكە كەلسەك، بىزدىنمۇ ئەمگەكچان خەلقلەرنىڭ ئەقىل بۇلاقلىرىدىن ھاسىل بولغان فونتانلار ئېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل جەھەتتىكى كامىللىقىمىزنى تىرىشچاق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچە تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۆز قىزىقىشلىرىمىزنىڭ كەڭلىكى ۋە تۇراقلىقلىقى تەرەپتىن، پىكىر قىلىشلىرىمىزدىكى ئۆزگىچە ئالامەتلەر، بىلىملىرىمىزنىڭ تەتبىقلىنىش جەريانىدىكى شاخلاش ئالامەتلىرى، ئويلىرىمىزنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىش دەرىجىسى، ئۇستازلار بىلەن ھەمكارلىشىش قابىلىيەتلىرىمىز، پەملەش ماھارىتىمىز، ئۆزىمىزنى تەقدىم قىلىش روھىمىز، بىلىمگە بولغان مۇھەببەتلىك تەشنالىقىمىز، ھەرەڭ-سەرەڭ ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىش

بولۇپ، زامانىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ بۇ مەنبەگە يوشۇرۇنغان ئەقىل كانىنى ئېچىپ، تەبىئەتتىكى تۈرلۈك مەۋجۇت بايلىقلارنى ئىنسانلار بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر. چۈنكى بۇ كانىنى ئېچىش ئىنسانلارنىڭ نەچچە ملىيون يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنى ئېچىش ئالتۇن ياكى گۆھەر دەپ ئاتالغان بىرەر تۈرلۈك قىممەتلىك بايلىقنى ئېچىشقا ئوخشىمايدۇ. ئۇ كانغا دۇنيادا تېخىچە كۆزى ئېچىلمىغان بارلىق گۈزەللىك، بارلىق بايلىق، بارلىق مۆجىزات... قىسقىسى ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى بەختلىك ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرى يوشۇرۇنغان. بۇ كاندىكى بايلىقلارنى ئەقلى نورمال بولغان ھەرقانداق كىشى قەتئىي نىيەتكە كەلسىلا ئۆزىگە لايىق ئېچىپ ئالالايدۇ. ئەمما، يېقىنقى زاماندا ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش بويىچە تەكرار مەغلۇبىيەتلەرگە يولۇقۇپ يۈرەك ئالدى بولۇپ كەتكەن خەلقىمىز ئارىسىدىكى بەزىلەردە كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدىر قىممىتىنى ئاشۇرۇش يولىدا ئىزدەنگەن ۋە يېڭى پىكىر، يېڭى ھەرىكەتتە بولغانلارنى "چەللىدە ئات چاپتۇردىغانلار" "ئاسماندا ياغاچ ئايروپىلان ئۇچۇرىدىغانلار" دەپ زاڭلىق قىلىدىغان نادانلىق ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بۇنداق زاڭلىق-مەسخىرىلەرنىڭ تەسىرىدە، ئارىمىزدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئارغىماقلىرىنى يىراقلار چاپتۇرۇش ۋە ھاۋا قۇشلىرىنى ئۇچۇرۇش (ياساش) باشقا خەلقلەر قىلىدىغان ئىش دەيدىغان بولۇپ قالغان. شۇنداق بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئۇلار غەرب ۋە شەرقنىڭ بىزدىن ناھايىتى يىراق جايلىرىدا كەشپىيات ۋە ئىختىرالىرىنى ماختاپ ئۆزلىرىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئۆز ئارىمىزدىن بىرەرسى

كۈزۈپ، هارماي چۈشقۇرلغاندىلا ئادەم ئاندىن ئۆزىنىڭ مېڭىسىگە يوشۇرۇنغان قابىلىيەتلەرنى، كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدىغان يوشۇرۇن تالانتىنى بايقايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇرلۇك بىلىملەرنىڭ ئۆزئارا مۇۋاپىق نىسبەتتە قوشۇلۇشى ئارقىسىدا ئەقلىنىڭ نۇرلىنىشى مېڭىنىڭ ئېلېكتر چىرىغىدەك يورىيدۇ.

ئويغىنىش ئىلھامچىسىنى بىلىش. ئەقىل جەھەتتە ئويغىنىش ياكى هوشىنى تېپىش ھەرقاچان ئوبيېكتىپ شارائىتلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا مۇھتاج بولىدۇ. ئوبيېكتىپ شارائىت دېگىنىمىزدە ئاساسلىقى دەۋر تەقەززاسىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشى، ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇشى، ئۈلگىلەرنىڭ تەسىرى قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتىمىز. مانا بۇ ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرى بىر ئادەمنىڭ ئەقىل جەھەتتە ئويغىنىشىنى ۋە هوشىنى تېپىشىنى ئالغا سۈرىدىغان تاشقى شەرتلەردۇر. ئوبيېكتىپ شەرتلەر ئادەتتە سۇبيېكتىپ شەرتلەرنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. ئويغىنىشنىڭ سۇبيېكتىپ شەرتلىرى، ئاساسلىقى ھەركىمنىڭ بىلىم ۋە ئەقلىي تەرەققىيات دەرىجىسىدە بەلگىلىنىدۇ. سۇبيېكتىپ شەرتلەر ئىچىدە، بىر كىشىنىڭ قىزىقىشى، ھەۋىسى، ھەيرانلىق ھېسسىياتى ۋە ئەخلاقى تەربىيىلىنىشى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى قاتارلىقلار مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلەر قانداقسىگە بىرلىشىپ تۇرۇپ بىر كىشىنى ئويغىتىدۇ؟ تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىشىمىزچە، ئادەتتە ئۈچ خىل شەكىل بىلەن ئويغىتىدۇ:

بىرىنچىسى، ستىخىيىلىك شەكىلدە ئويغىنىش، يەنى بىر كىشىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەقىل قابىلىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرى-

قابىلىيىتىمىز جەھەتلەردىن ئۆزىمىزنى ئەتراپلىق كۆزەتسەك، بىرەر خىل بولسىمۇ ئەقىل ئۇنچىسىنىڭ كاللىمىزنىڭ ھېلىقىدەك تورلارغا چىرمىلىپ ياتقانلىقىنى بىلىپ ئويغىنالايمىز.

ئاۋستىرالىيىلىك يىۋگىنى كىروپ كىچىكىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن ئايرىلغان، ئۇ زورۇر مائارىپ تەربىيىسىگىمۇ ئىگە بولالمىغان. ئايروپىلان ياساش ئىشچىسى بولغاندىن كېيىن، ئۇ، ئۆزىنىڭ نامراتلىق، بىلىمسىزلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىرادە باغلاپ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئەتراپلىق كۆزەتكەن ۋە ئاۋىئاتسىيە نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆزىدە تەتقىقات قابىلىيىتى ۋە لايىھەلەش قابىلىيىتى بارلىقىنى سەزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۈچۈش يولىغا ھاجەت بولمايدىغان ئايروپىلاننى لايىھەلەپ ياساپ چىققان. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى "ئىزدىنىش، سىنچىلاش" ئارقىلىق بىلىپ ئېلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ بەختىنى ئەقىل بايلىقىنى ئېچىش ئارقىلىق تاپماستىن، باشقىلارنىڭ ھىممىتىگە تايىنىپ ئۆتۈشنى ئويلايدىغان كىشىلەر ئۆمۈر بويى مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئاچالمايدۇ ھەم ئەقىللىق بولالمايدۇ. ئەگەر ئۆزىدىكى ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاچقىلى بولمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مۇئەللىمى تەرىپىدىن "كەم ئەقىل" "ئۆزىنىڭ بىمەنە خىيال دەرياسىدا چۆمۈلۈپ يۈرىدىغان قاپاقباش" دەپ ئاتالغان ئېينىشتېيىن قانداقمۇ مەشھۇر ئالىم بولالايتتى؟

يەنە شۇنىمۇ بىلىشىمىز لازىمكى، بىر ئادەمنىڭ بىلىمى، قابىلىيىتى ئادەتتە پارچىلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا مېڭە غوۋالىق ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇزلۇكسىز ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆت-

يوشۇرۇن قابىلىيەتنى بايقاشقا ئىلھام بېرىدىغان چارىلارنى قوللىنىش كېرەك. ئەمما بۇنداق ئويغىنىشنىڭ ۋاقتى مەزگىلى ھەر خىل بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ كىچىكىدىلا تەڭ ئويغىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىختىساسلىقلارنىڭ ئەقلىدە ئويغىنىش نوقتىسىنى ئىگىلەش ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئون ياشتىن بۇرۇن ئويغانغانلار 12%، 11 ـ 20 ياشلاردا ئويغانغانلار 50%، 21 ـ 30 ياشلاردا ئويغانغانلار 23%. 31 ـ 40 ياشلاردا ئويغانغانلار 10%، 41 ـ 50 ياشلاردا ئويغانغانلار 3%، 51 ياشتىن ئۆتكەندە ئويغانغانلار 2% ئىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى 80% پىرسەنتتىن كۆپرەك كىشىلەر 30 ياشتىن بۇرۇن ئويغىنىپ ئىجادىيەت قەدىمىنى باسىدۇ. قانچە بۇرۇن ئويغانغانلارنىڭ ۋە تىرىشقانلارنىڭ تالانتى ئۈستۈنرەك، قانچە كېيىن ئويغانغان ۋە ئادەتتىكىچە تىرىشقانلارنىڭ تالانتى تۆۋەنرەك بولىدۇ. كېچىكىپ قالغانلاردا ئاز بولسىمۇ ئۈمىد بولىدۇ. شۇڭا، ۋاقتىدا، بالدۇر ئويغىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ئىلمىي چارىلارنى قوللىنىش بىلەن بىر چاغدا، ۋاقتىدا، بالدۇر ئويغىنالمىغانلارنى خارلىماسلىق، بۇنداقلارمۇ چۈشكۈنلەشمەي داۋاملىق بېرىلىپ ئۆگىنىپ ئويغىنىش نۇقتىسىنى توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، بىر ئادەم ئەقلىدە ئويغىنىش نۇقتىسىنى ئىگىلىگەن ھامان تالانتلىق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى تالانت دېگەن سەۋەبنىڭ ئالىمى بولۇپ، ئۇنى داۋاملىق پۇختىلاش ئۈچۈن تۇرلۇك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ئەقلىدە ئويغىنىش نۇقتىسىنى ئىگىلەپ ئېلىشى ھامان ئۇنىڭ ئىقتىدارلىق، تالانتلىق بولۇپ يېتىلىشىدىكى بۇرۇلۇش نۇق-

جىگە يەتكەندە ئۇ كىشى ئاڭلىق تۈردە ئۆگىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىلھاملىنىش ئارقىلىق ئۆگىنىش. بىر كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ تەييارلىقى بىر يەرگە بارغاندا ئوبيېكتىپ شەرتلەرنىڭ مەلۇم غىدىقلىشى، تەسىر قىلىشىغا ئۇچرايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىپ ئۆزىدىكى ئۇستۇنلۇكنى بىلىپ يېتىدۇ ياكى ئۆزىدىكى بىرەر يوشۇرۇن قابىلىيەتنى بايقاپ ئالىدۇ. ئالىم ياڭ جېننىڭ ئامېرىكىدىكى ئاندرسۇن تەجرىبىخانىسىدا ئۆزىنىڭ نەزەرىيە فىزىكىسىدىكى تالانتىنى بايقاپ ئېلىپ ئۆگىنىشى ئەنە شۇنداق تىپكە كىرىدۇ.

ئۇچىنچىسى، مەجبۇرى ئۆگىنىش، بۇ ئاساسلىقى تاشقى ئامىللارنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدىكى ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بىرمۇنچە باللار ۋە كىشىلەر ئەقلىي پائالىيەتنىڭ مەلۇم تۈردە ماھارەت كۆرسىتىشتە ئۆزىنىڭ ئاڭلىقلىقىدىن ئەمەس، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى بىرەر تاشقى كۈچنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن چىڭ تۇتۇشى ئارقىسىدا ئۆگىنىپ ئالغا باسىدۇ. مەسىلەن، مۇقامچى تۇردىئاخۇن ئاكا ئاتىسىنىڭ چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا مەشھۇر مۇقامچى بولۇپ يېتىلگەن.

ئۆگىنىشنىڭ ئىلھامچى ئامىللىرىدىن بىز شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، ئەقلىنىڭ تەرەققىياتى ھامان ھەركىمنىڭ ئۆزىنى بىلىشى، ئۆزىدىكى ئەلا قابىلىيەتنى تېپىشى، ئۆزىدىكى ئەقىل بۇلىقىنى تېپىشى ئارقىسىدا ئىشقا ئاشۇرۇلۇپلا قالماستىن، ئىلھامچى ئامىللارنىڭ ئۆيغىتىشىغا دىققەت قىلىشىنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت، مەكتەپ، ئائىلىلەردە ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقلىدە ئۆگىنىش ئۇقتىلىرىنى ۋاقتىدا ئېگىلىشىگە ياردەم بېرىدىغان، ئۇلاردىكى

# بەشىنچى باب   ئەخلاق ۋە ئەقىل

## 1. ئەخلاقنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ئەھمىيىتى

ئەخلاق، ئالدى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت پرىنسىپلىرى ۋە قائىدە نىزاملىرىنىڭ يىغىندىسى، ھەربىر دەۋردە ياشىغۇچى ھەربىر كىشىنىڭ پەزىلىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مىزان بولغانلىقتىن، ئۇ ھەرقانداق دەۋردە ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى بىلەن ئالاقىدار بولغان ئورتاق پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. ھېچكىم بۇ پرىنسىپتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھەرقانچە ئەقىللىق بولغان كىشىمۇ ئەگەر مۇشۇنداق ئورتاق پرىنسىپنى پىسەنتىگە ئالمىسا، يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئەخلاقنىڭ ئەقىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئالاھىدە زىچ بولۇپ، ئەخلاق بىلەن ئەقىل بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاق بىلەن ئەقىل بىر شەيئىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخلاقسىز ئەقىلنى ۋە ئەقىلسىز ئەخلاقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەقىلسىز ئەخلاق، ئەخلاقسىز ئەقىل تەرغىپ قىلىنسا ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرۈلسە، ئۇ ئاپەت كەلتۈرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، كىم شۇنداق قىلسا، شۇ ئاپەتتىن

تىسى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ئۈستۈنلۈكىنى بايقاپ ئالغان ئىكەن، ئۆزىدە ئىلگىرىلەش نىشانى تۇرغۇزالايدۇ. ۋە بۇ نىشان ئۇنى تالانتلىق بولۇش يولىدىكى كۈرەشكە ئاتلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نىشانىدىن تالانت يولتۇزىنى كۆرەلىگەن ھامان ئاجايىپ غەيرەتلىك بولۇپ كېتىدۇ. كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولىدۇ، ئۆزىدە تۈگىمەس بىر كۈچ باردەك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەقسەتلىك، پىلانلىق ئۆگىنىشكە ئاتلىنىپ ئىجادىيەت داۋامىدا تۈرلۈك توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، يۈرەكلىك ھالدا ئىجادىيەت تېغىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىغا يامىشىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئويغىنىش ئاساسىدىكى نىشان تاللاش، ئىشەنچ باغلاش بولغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ھامان بىر كۈن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

لاتاتسىيىچى سىنىپلار ھەق-قەتتىن قورقۇپ، ئۆز چاغلىرىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىش جەريانىدا ئېرىشكەن ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى ۋە روھىنى كۆچىنىڭ بېرىچە بېسىپ ئۇجۇقتۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەشۇ لەنەتتى جەمئىيەتتە ئىلىم-پەننى قىزغىن سۆيۈش ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىي كەيپىياتقا، پوتكۇل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق قائىدىسىگە ئايلىنالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە ئەقىللىق كىشىلەر خارلانغان. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئىلىم، پەننى قىزغىن سۆيۈش بىر خىل ئەخلاقىي قائىدىگە ئايلاندى. سوتسىيالىزمنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا ئىلىم-پەننى قىزغىن سۆيۈپ، پەن-تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ، دۇنيادىكى ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىقىش ھەم دەۋرنىڭ بىزگە قويغان جىددىي تەلىپى، شۇنداقلا مائارىپ ئەخلاقىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ قالدى.

پېداگوگىكىلارنىڭ تەلىماتلىرىغا نەزەر سالساق، دۇنيا تارىخىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن پېداگوگلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەقلىي قابىلىيەتنى تەكىتلەش بىلەن بىر چاغدا، ئەخلاق تەربىيىسىنى بۆشۈكتىن باشلاشنى تەكىتلەپ، ئادەمنىڭ ئاماتى ئۈچۈن سېلىنغان ئەقىل دەردىنى ئەخلاق، پەزىلەت سۈيى بىلەن سۇغىرىش ۋە ئۇنى ئەڭ يۇمران ۋاقتىدىن باشلاپلا ئەخلاق رولچىسىغا ئىگە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار ئەقىلنى يادرو قىلغان بارلىق ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بالىلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلغار بالىلارنىڭ ئەخلاقىي تەرەققىياتىدىكى ئالامەتلەرنىڭ پۈرسىتىنى ئەقىل رولچىسى بولغان ئەخلاقىي پەزىلەت ئارقىلىق ئىگىلەش-

قۇتۇلالمايدۇ. ئەشۇ سەۋەبلەردىن بولسا كېرەككى، ھەربىر ئاتا-ئانا باللىرىنى، ھەرقانداق گۇرۇھ ئۆز ئەزالىرىنى، ھەرقانداق دۆلەت ئۆز خەلقىنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي مىزان ئۆلچەملىرى بىلەن تەربىيەلەشنى بارلىق ئىجتىمائىي ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ قىبلىنامىسى قىلىدۇ؛ ئۇيغۇر خەلقى ئادەتتە "سىياسەت بىر كېمە، ئۇنىڭسىز دەريادىن ئۆتۈمەن دېمە" دېگەنىدەك، ئەقلىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئەخلاق-پەزىلەت بىر كېمە، ئۇنىڭسىز ئەقىل دەرياسىدىن تىنچ-ئامان ئۆتكىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئەقىل بابىدا بىز ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەيمىزكى، ئىلىم-پەن بىلەن ئەخلاق ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە. ھەرقانداق ئىلغار ئەخلاق نادانلىقتىن يىراق بولىدۇ. مۇئەييەن ئەخلاق سەۋىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى مۇئەييەن ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. شۇ ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەخمۇت قەشقەرى، ناۋايى، يۈكنەكى، ئابدۇرېھىم نىزارىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەخلاق بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار بىلىم ئىزدەش، بىلىم ئاشۇرۇشنى ئەخلاقىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى دەپ قاراپ، بىلىم ئېلىش، ئۆگىنىشكە قىزىقىشنىڭ شەخس ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشتىكى رولىنى تەكىتلىگەن. جاھالەتلىك ئۆتمۈشتە گەرچە نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋالغان بولسىمۇ يەنىلا خېلى كۆپ ئالىم مۇتەپەككۇر ۋە دىيانەتلىك پېشۋالار ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشكە قىزىقىپ ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى تەھسىل قىلىش، ۋەتىنى، خەلقىنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ھەققەت ئىزدەپ ئىلىم-پەننى قىزغىن سۆيۈپ ھەقىقەت ئىزدەشتەك ئالىيجاناب پوزىتسىيىنى ئىپادىلىگەن. ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ئېكسپە-

ئەلۋى ئاساس يارىتىلىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ ئەخلاق پسىخولوگى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەملەرنىڭ بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەخلاقي تەربىيلىرىگە سەل قارىمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئەخلاقى تەربىيىسىنى بالىلارنىڭ بوۋاقلىق دەۋرىدىن باشلاشنى ئاشۇنداق تەكىتلەپ كېتىشى، ئەقىل ئەڭ يۇمران ۋاقتىدىلا رواجىغا (ئەخلاقي پەزىلەتكە) ئىگە بولمىسا، ئەقىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ تېز ھەم تولۇق ئۇنۇم ھاسىل قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يالغۇز ئەشۇ بىر ئالىمنىڭ قارىشى ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئىلىم-پەن تارىخىغا نەزەر سالساق، بۇ جەھەتتىكى پاكىتلارمۇ پېداگوكلارنىڭ ئەشۇ قاراشلىرىنى ئىسپاتلايدۇ. نۇرغۇن ئالىملار ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىلا ئىلىم-پەنگە ناھايىتى زور ئىشتىياق باغلىغان. ئۇلارنىڭ ئىلىم-پەنگە ئاشۇنداق ئىشتىياق باغلىشى، كىچىكىدىن باشلانغان ئىلىم-پەننى سۆيۈش ھەققىدىكى ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەخلاق تەربىيىسى ئۇلارنىڭ ئىلىمگە يۈزلىنىشىدىكى باغلىنىش نۇقتىسى بولغان. ھازىرقى كۈندىكى بالىلارنىڭ دىلىغا كىچىك ۋاقتىدىلا ئاشۇنداق پەزىلەت چېرىغى يېقىلسا، ئۇلارنىڭ ئەقىل نۇرى تېخىمۇ لاۋۇلدايدۇ-دە، ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن ئەقىلنىڭ بىرلىكى ئۇلارنى ئىلىم قايىنىمىغا ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسى دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىش ۋولقانلىرى مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يۈكسەك نىشانلىرى بىلەن بىرلىشىدۇ-دە، ئۇلارنى ئىلىم-پەن چوققىسىغا چىقىرىدىغان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە، ئۇلارنى كۈرەش مۇساپىسىدا

نى، دۇنيادىكى ھەممە ئۇلۇغلۇقلارنىڭ كاپالىتى بولغان ئەخلاق
ئۇرۇقىنى يۇمران قەلبلەرگە تېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلاد تەربى-
يىلەشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى قىلىپ كەلگەن. چۈنكى ئەخلاقنىڭ
يېتىلىشى قانچە بۇرۇن بولسا، ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسى قانچە
باي بولسا، ئۇنىڭدىكى ئەقىل-پاراسەت شۇنچە كەڭ دائىرىگە
قاراپ قانات قاقىدۇ. ھازىرقى زامان ئەخلاق پسىخولوگلىرىمۇ
ئەخلاقىي تەربىيىنى پسىخىك پەزىلەتنى چېنىقتۇرۇشنىڭ دانا تەد-
بىرلىرى دەپ قاراپ، ئۇنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ بالىلارغا ئەڭ كىچىك
ۋاقتىدىن باشلاپ سىڭدۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ. سوۋېت پسىخولوگى
زوسىماۋسكى ئوتتۇرىغا قويغان بالىلارنىڭ ئەخلاقى تەرەققىياتى
توغرىسىدا ئۈچ باسقۇچ، ئالتە مەزگىللىك تەلىماتنى مىسالغا ئالساق،
ئۇ: بالىلارنىڭ بوۋاقلىق دەۋرى "ئويغۇنلىشىش خاراكتېرىدىكى
ئىنكاس پائالىيىتى باسقۇچى" ۋە "ئەخلاقىي تەشەببۇسكارلىقنىڭ
قايتا ئىپادىلىنىش باسقۇچى"دا تۇرىدۇ. ئالدىنقى باسقۇچ ئىككى
مەزگىللىك بولىدۇ: سەزگۈ ئىنكاس مەزگىلى (بىر ياشتىن بۇرۇن)
ۋە ئەخلاقىي تەلەپكە سۆز بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇش مەزگىلى (بىر
ياشتىن تۆت ياشقىچە)، ئىككىنچى باسقۇچ ئالتە ياشقىچە بولۇپ،
بۇ ئەخلاق تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ
چاغدا ئۇلار بىۋاسىتە ھەرىكەتلەر ئارقىلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن
ئەخلاقىي ھەرىكەت ۋە ئەخلاقىي ھېسسىياتقا يۈزلىنىدۇ. ئەگەر
مۇشۇ چاغلاردىن باشلاپ ئۇلارغا ئەخلاقىي ھېسسىيات، ئەخلاقىي
ئىرادە، ئەخلاقىي خاراكتېر، ئەخلاقىي ھەرىكەت ھەققىدىكى تەربى-
يىنى باشلىغاندا، ئەخلاق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يىلتىز تارتىپ تەبى-
ئىي نەرسىگە ئايلىنىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئۈچۈن

زمىنىڭ ئەخلاقى ھەرقانچە گۈزەل بولغان تەقدىردىمۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى. پرولېتارىيات سىياسىيسىنىڭ كاتتا ئۇستازلىرى ماركس، ئېنگېلسلاردا مول پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى بولمىسا، شۇنچە ئۇلۇغ نەزەرىيىنى پەقەت ئەخلاقىقا تايىنىپ ئىجاد قىلالامتى؟ ھېچكىمكى، تارىخنىڭ ھەرقانداق دەۋرىدە ئەقىل ـ پاراسەت ئوشۇقچىلىق قىلمىغان، ھازىرمۇ ئوشۇقچىلىق قىلغىنى يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ئوشۇقچىلىق قىلمايدۇ.

ئەقلىي تەربىيە دېگىنىمىز، كىشىلەرنى سىستېمىلىق ھالدا پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە تېخنىكا ماھارىتى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تەربىيىدۇر. ئۇ، مائارىپنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

ئەقلىي تەربىيە ئىجتىمائىي، مەنىۋى مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئەقلىي تەربىيە ئارقىلىق كىشىلەر ئىنسانىيەت بىلىملىرى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئالدىنقىلار ئاساسىدا داۋاملىق ئالغا باسىدۇ؛ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئەقلىي تەربىيە سەۋىيىسىگە بولغان تەلىپى ئۈزلۈكسىز ئۆسىدۇ، ئەقلىي تەربىيىنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى رولى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشىدۇ.

ئەقلىي تەربىيە كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىدا زۆرۈر، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى ھەم ئەقىل ـ پاراستنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈ-

ھارغۇزمايدىغان قەتئىي ئىرادىسىگە، ئۇلارنى مۇنەۋۋەر ئىلىم-پەن خادىمىغا ئايلاندۇرىدىغان ئەقىل رواجىسىغا ئايلىنىدۇ.

دېمەك، كىچىك ۋاقتىدا باشلانغان ۋە ئاخىرىغىچە ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەخلاق تەربىيىسى ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئەقىل ۋە ئەقلىي پائالىيەتلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرقى كاپالىتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەرقانداق كىشى ئەقلىي پائالىيەت ئارقىلىق ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە چوڭراق ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەقلىنىڭ رولىنى ئەخلاق بىلەن ئاشۇرۇپ مېڭىشنى ئۆزىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىش كېرەك.

ئەمما، ئەخلاق بىلەن ئەقىل ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشىنىش، ئەقىل تەرەققىياتىدا ئەخلاق ھەم ئەقلىي تەربىيىنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش مۇھىملىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

ھازىرقى زامان جۇڭگو ئىقتىسادشۇناس ۋە پسىخولوگلىرىنىڭ تەتقىقاتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئەخلاق بىلەن ئەقلىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىختىساسلىقلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىچكى ئامىللار مۇناسىۋىتىدە مەركىزىي ھالقا بولۇپ، ئەقلىي پائالىيەتلەردە ئەخلاق بىلەن ئەقىل بىر گەۋدە بولۇپ ئۈنۈم بېرىدۇ. كونا جۇڭگودا ھە دېسىلا فېئوداللىق ئەخلاق تەكىتلىنىپ، ئەقىلگە سەل قارالغان، ھەتتا ئەقىللىق ئادەملەر چاتاقچى كېلىدۇ دەپ قارالغان. بۇنداق تەتۈر قاراشنىڭ تەسىرىدە نەچچە مىڭلاپ ئالىملارغا گۇمان بىلەن قاراش ياكى ئۇلارنى نابۇت قىلىشلار بولغان، بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك. ئەقىل-پاراسەت بىلەن قوراللانغان ئاشۇ ئالىملار بولمىسا فېئودال-

چوڭقۇرلىشىشىغا باغلىق بولىدۇ، مۇقىملىقنى ساقلايدۇ دېگىنىمىزدە، ھەربىر دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى تولۇقلىغاندىن كېيىن، شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش تەلەپلىرىدە بىر قەدەر مۇقىم بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئەخلاقنى تاساقاش، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بويىچە ئۇنى تولۇقلاش ۋە ئۇنىڭدىكى تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدىغان كونا نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر.

ئۇنداق بولسا ھازىرقى كۈندە ئەخلاقىي جەھەتتە بىز قانداق ئالىيجاناب خىسلەتلەرنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك؟

روشەنكى ئەخلاقنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئومۇمىي پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، كوممۇنىزملىق غايە، ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەت تۇرغۇزۇش، ئېسىل خىزمەت ئىستىلىنى يېتىشتۈرۈش، توغرا نۇقتىئىنەزەر تۇرغۇزۇش، كەسپىي ئەخلاقنى ياخشىلاش قاتارلىق تەرەپلەردە تەربىيىلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزمۇنلارنى ئېيتىشقا ئائىت كىتابلاردىن كۆپ كۆردۇق. شۇڭا بىز بۇ يەردە ئەخلاقىي ھېسسىياتنى يادرو قىلغان گۈزەل خىسلەت يېتىلدۈرۈش ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئەخلاققا ئائىت قالغان مەسىلىلەرنى مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن كۆرۈۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

### 2. گۈزەل خىسلەت

ئەخلاقتا ئالىيجاناب پەزىلەت يېتىشتۈرۈشنىڭ نىشانى بولۇۋاتقان گۈزەل خىسلەت ھېسسىيات بىلەن دۇنيانەتنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئۇ ئادەمدىكى نېگىزلىك پسىخىك ھادىسە، ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك

زىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى ئەقلىي قابىلىيەت ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ئىجاد قىلالايدىغان قىلىدۇ.

ئەقلىي تەربىيە مائارىپنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ، ئەخلاقىي تەربىيە، جىسمانىي تەربىيە، ئېستېتىكا تەربىيىسى ۋە ئەمگەك تېخنىكىسى تەربىيىسى قاتارلىقلارنى يۈرگۈزۈشنى ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى ۋە ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەكتەپلەردىكى ئەقلىي تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر جەھەتلەردىكى ئەڭ ئاساسىي بىلىمگە ئىگە قىلىپ، ئۇلاردا ئىلمىي دۇنيا قاراش ئاساسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىلىش قابىلىيىتىنى، ئىجادىي قابىلىيىتىنى ۋە جىسمانىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن قىلىپ چىقىدۇ.

يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەخلاق مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ تەرەپلەرگە تۇتىشىدىغان، ناھايىتى كۈچلۈك دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە نەرسىدۇر. ئۇ ھەم ھەرقاچان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ھەم ھەرىكەتلىنىش داۋامىدا مۇقىملىقىنى ساقلايدۇ. ئۆزگىرىدۇ ـ دېگىنىمىزدە، ئۇ سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى جەھەتلەردە يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى تەلەپلەر بىلەن ئۆزىنى تولۇقلايدۇ. بۇنداق تولۇقلاش تارىخىي داۋالغۇش كۈچلۈك بولغان، ئىلگىرىلەش جىددىي بولغان چاغلاردا گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇنداق يېڭى مەزمۇنلارنىڭ تولۇقلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان بىلىشىنىڭ

ئۇنداق بولسا، گۈزەل ياكى ئالىيجاناب خىسلەت قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟ ئۇ مۇنۇ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ: خەلقنىڭ ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز سادىقلىق ۋە تېز پۈكمەيدىغان قەتئىيلىك.

بۇ دۇنيانىڭ ھەممە قاسناقلىرىنى كېزىپ تەكشۈرگەندە ۋە پۈتكۈل ئىنسانلار تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرگەندە، ئەڭ ئۇلۇغ پەزىلەتلىك كىشىلەر دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولغان كىشىلەر بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى بولغان ساداقەتلىك پەزىلىتىگە ئىگە بولۇپ، دوستىغا سادىق بولۇش ئۈچۈن، دۈشمەنىنىڭ نەيرەڭلىرىگە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن نەپرەت ياغدۇرغۇچى، دۈشمەنىنىڭ تۈرلۈك تاپان تۇزاقلىرىنى تارمار قىلىش ئارقىلىق دوستلۇقنى مەدھىيىلىگۈچىلەردۇر. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادا ۋاپادارلىق بولمىسا، ئۆز قەۋمىگە، خەلقىگە، ۋەتىنىگە ساداقەتلىك بولمىسا، ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى؟ ساداقەتلىك ئەخلاقىي ھېسسىياتنىڭ تۈرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مېھمانىكى، بۇ كىشىگە ئۇلۇغ ھايات دەرىخىنى ھەيۋەتلەشتۈرىدىغان غالىبانە روھ بېغىشلايدۇ. ساداقەتلىكتىن يىراقلاشقانسېرى ئادىمىي ھاياتنىڭ لەززىتى تۆۋەنلەپ بارىدۇ، ساداقەتلىكتىن پۈتۈنلەي ئايرىلغاندا بولسا، ئادەم ئەخلاقىي ھېسسىيات دەرۋازىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. ئۆزىنى بەرپا قىلغۇچى ئانا تۇپراققا، ئەجدادىغا، خەلققە سادىق بولمىغان تۇزى كورلۇق بولسا كىشىنى ئادەملىك كاتېگورىيەسىدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ساداقەتلىكنىڭ ئادەم تالانتىنىڭ يېتىلىشىگە بولغان ئەھمىيىتى ھەرگىزمۇ ئەخلاقىي ھېسسىياتقا تەسىر كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئالايلۇق، پەنگە سادىق بولمىغاندا، ئىنتايىن خەتەرلىك ئاقىۋەتنىڭ ئۇرۇقى كۆمۈلىدۇ. پەنگە سادىق

ئېھتىياج پەيدا قىلغان ئالىي ھېسسىيات ياكى كەيپىياتتۇر. بۇنداق ھېسسىيات ئەخلاق بابىدىكى ئالىي ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ پرولېتارىيات-لىق ھېسسىيات، كوللېكتىۋىزملىق ھېسسىيات ۋە ئىنقىلابىي جەسۇر-لۇقنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئەخلا-قىي، ئىدراكى، بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان ئالىيجاناب ۋە مۇرەك-كەپ ھېسسىياتتۇر. شۇڭا ئۇنى ئەخلاقنىڭ تۈرىگە قويۇپ، گۈزەل خىسلەت دەپ ئاتايمىز. بۇنداق خىسلەت مەلۇم شەيئىلەر ياكى مەلۇم تۈردىكى شەيئىلەرنى مەركەز قىلغان، ئۇزاققا داۋاملىشىدىغان ھېسسىيات يۈزلىنىشى، مەسىلەن، بىلىش تەشنالىقى، غايە، ئېتىقاد، ئەخلاق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. خىسلەت ئادەمنىڭ كۆڭلى ۋە بىلىش تەشنالىقى بىلەن باغلانمايدۇ، بەلكى ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇال-لىقى ۋە دۇنياقارىشى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئادەتتىكى ھېسسىياتتىن تېخىمۇ يۈكسەك بولغان مۇقىملىققا، يىغىنچاق-لاش خاراكتېرىگە ۋە يۈزلىنىشچانلىققا ئىگە. ئۇ ھەركىمنىڭ تەربىيە-لىنىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەركىمدە پەرقلىق بولىدۇ. خىسلەت غۇرۇر ۋە پەزىلەت ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ، رېئاللىقتا ھېسسىيات ۋە دىيانەتنىڭ بىرلىكى بولۇپ ئىپادى-لىنىدۇ. ئالىيجاناب پەزىلەت تاكامۇل ئادەم بولۇشتىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى تاۋلايدۇ، تالانت ۋە ئىجادى-يەتنىڭ نىشانىنى قەتئىيلەشتۈرىدۇ، ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەت-لەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، كىمكى ئەخلاق جەھەتتە ئۆزىنى تاۋلىماق-چى ۋە تىرىشچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرمەكچى بولسا، ئۆزىنى خىسلەت جەھەتتىن چېنىقتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ساداقەتلىككە باغلىق بولىدۇ. چۈنكى خەلىققە سادىق بولغاندىلا، ئەخلاقىي ھېسسىياتتا ساغلاملىقنىڭ ئۇلى سېلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، قىيىن ئۆتكەللەردىمۇ تەۋرەنمەيدىغان باتۇر بولغىلى، ئەڭ قىيىن پائالىيەتلەردىمۇ نىشانلىق ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

ھازىرقى كۈندە، ئايرىم كىشىلەر يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان بولسىمۇ، بىز شۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشىمىز كېرەككى، پەقەت خەلققە سادىق كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ، ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا چوت سوقىدىغان، پۇرسەتپەرەستلىك قىلىدىغان كىشىلەر قىيىنچىلىققا، ئوڭۇشسىزلىققا، خورلۇققا ۋە زەربىگە ئۇچرىغاندا، باتۇرلۇق بىلەن خەلىققە ساداقەت ئىپادىلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ساداقەتلىك باتۇرلۇقنىڭ، جاسارەتنىڭ ئەخلاقىي ئاساسى، يالغانچىلىق ساختىپەزلىك بولسا ئەخلاقىي ئاساسنىڭ بوششىپ كېتىشى ۋە چىرىشىدۇر.

ساداقەتلىك ئەخلاقىي خىسلەتنىڭ ئىچكى شەكلى بولۇپ، تىز پۈكمەيدىغان قەتئىيلىك ئەخلاقىي خىسلەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا تىز پۈكمەيدىغان روھ بولمىسا بولمايدۇ. جەڭگە كىرگەندە شۇنداق بولىدۇ، پەن بىلەن شۇغۇللانغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ، مەلۇم كۆرەش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ يەردە پەقەت پەن ئۇستىدىكى قەتئىيلىكنىلا مىسالغا ئالساق، ماركس «كاپىتال»نى يېزىشقا 40 يىل سەرپ قىلدى، ئۇنىڭ ئاخىرىنى تېخى ئېنگېلس ئىشلەپ پۈتتۈردى. نيۇتون ئالەمنىڭ تارتىشش قانۇنىنى كەشىپ قىلىش ئۈچۈن 20 يىل سەرپ قىلدى. ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن 15 يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئىلىم

بولمىغانلار بىر مەھەل خېلى ئەقىللىق كىشىلەرنى ئالداپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەقىقەتنى ئالداپ كېتەلمىگەچكە، بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزلىرى ئالدامچىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، ساداقەتلىك ھەممە شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان خىسلەت. بىراق، بەزى چاغلاردا، دۈشمەنگە ۋە ئەسكى ئادەملەرگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تاكتىكا ئىشلىتىشمۇ ئەقىل تەقەززاسى بولۇپ، بۇمۇ خەلق ئىشلىرىنى غەلىبىلىك ھالدا بىر باشقا ئېلىپ چىقىش يولىدىكى ئاقىلانە ساداقەتلىكتۇر. تۇرمۇشتا، خىزمەتتە يولداشلارغا، پەرزەنتلەرگە، پەۋقۇلئاددە شارائىتلاردا، ئايرىم ئىشلار توغرىسىدىكى بەزى پىكىرلەرنى يوشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما خەلق ئىشلىرىغا بولغان ساداقەتلىكتە ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئەمەلىي تۇرمۇشتا يۈز بېرىۋاتقان ھەق-ناھەق مەسىلىلەردە ئېنىق گەپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ دۆلەتكە، مەملىكەتكە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، جان ساقلاش تاكتىكىلىرى ئۈستىدىلا باش قاتۇرىدۇ. بۇنىسى توغرا ئەمەس. ئويلاپ باقايلى، جۇڭگو خەلقىغە بالايىئاپەت كەلتۈرگەن "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" داۋامىدا دۆلەت رەئىسىدىن تارتىپ مىڭلىغان زىيالىيلار ئىنقىلاب ئىشلىرىغا ئاسىيلىق قىلماي تەتۈر ئېقىمغا تاقابىل تۇردى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ سۇنماس روھىدىن ھەرقانداق قىيىن شارائىتتا خەلققە سادىق بولۇشتا تەۋرىنىشنىڭ نامەردلىك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئالالايمىز. پېشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق مۇھىتتا ئاشۇنداق مۇستەھكەم تۇرغۇزغان نەرسە خەلققە بولغان ساداقەتلىكتۇر. كاتتا يازغۇچىلار، ئالىملار، سەنئەتكارلار ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمۇ، ئۇلارنىڭ خەلققە بولغان

يېتىلىشى ئەتراپىدىكى يولداشلار ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلغان ھالدا ئىشقا ئاشمايدۇ، ئالدىنقىلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىنمۇ ئايرىلمايدۇ. بىر كىشىنىڭ ئىلمى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى قانچە ئەھمىيەتلىك بولغانسېرى، ئۇ ئىلمى نەتىجىلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئىزباسار مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ ئويلايدۇ. بۇ خۇددى بىركىشى باي بولغانسېرى ئۇنىڭغا مىراسخورلۇق قىلىدىغان كىشىگە ئەھمىيەت بەرگەندەك مەسىلىدۇر. دېمەك، ھەرقانداق كىشى بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئېسىل نەرسىنى ھامان بىر كۈن باشقىلارنىڭ ۋەرسلىكىگە قالدۇرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ، كىشىلەرگە ئاخىرقى ھېسابتا مال-دونيالا كېرەك بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى باشقىلار بىلەن بولغان مېھرىبانلىق ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ كېرەك بولىدۇ. مەسىلىگە مۇشۇنداق قارىغاندا، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، باشقىلار بىلەن دوستانە ئۆتۈش ھەركىمدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئورۇنداش زۆرۈر بولغان مەجبۇرىيەتتۇر. قايسىبىر ئالىمنىڭ "دوستلۇق ئۈچۈن بولمىسا، بۇ دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى" دېگەنلىكى ئېسىمدە. راست ئەمەسمۇ؟ ئادەم ئۆزىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشنىلا بىلىدىغان ھايۋاندىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر ئۆزىدىن باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلمىسە، ھايات خۇشاللىقى بەدەل تۆلەش ۋە تۆھپە قوشۇشتا ئەمەس، پەقەت ھەق ئېلىش، شان-شەرەپنى كۆتۈرۈشتە دەپ قارىسا، ھېچ بولمىغاندا، مۇشۇ نۇقتىدا ئۆز قورسىقىنىلا ئويلايدىغان ئاشۇ ھايۋانغا ئوخشاپ قالامدۇ؟ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار باشقۇرۇشتا دىققەت ئېتىبارىنى ئادەمنىڭ سۈپىتىنى

يولدىكى ئەشۇنداق ئۇزاق مۇساپىلىق كۆرەش جەريانلىرىدىن مەلۇمكى، ھەرقانداق بوش مەيسە ئادەم ئىلىم-پەن ئىشلىرىغا يارىمايدۇ. پەقەت تېز پۈكمەيدىغان قەتئىيلىككە ئىگە كىشىلەر قىيىنچىلىقتىن، سەپەر ئۇستىدىكى تاغ-داۋان، دەريا-دېڭىزلاردىن قورقماي ئەگ خەتەرلىك چوققىلارغا چىقالايدىغان، قىيانلىق ئوكيان ئاستىغا چۈشەلەيدىغان، ھەتتا لەيلۈن دوزاقنىڭ ئوت بارخانلىرىدىن قورقمايدىغان باتۇر ئادەملەرلا ئىلىم-پەن دەرىخىنىڭ پاراسەتلىك مېۋىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۈزەلەيدۇ.

كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتتىكى گۈزەل ھېسسىيات ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن كېچىش روھى

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەخلاقتا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، ئەدەبكىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئەمما ئەدەب دېگەن سىپاگەرلىك ئەمەس. ئىچكى جەھەتتىكى گۈزەل ھېسسىيات بىلەن مەدەنى ئىپادە تەبىئىي ھالدا بىرلىككە كەلگەندىلا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كېلىشىملىك سادا چىقىرالايدۇ. ئۇنداق بولسا گۈزەل ھېسسىيات دېگەن نېمە؟

بىرىنچى، كېلىشىملىك بولۇش گۈزەل ھېسسىياتنىڭ بىر ئىپادىسى. كېلىشىملىك بولۇشنى دېمەك ئاسان، قىلماق تەس. غەربىي ياۋروپادىكى بەزىبىر پەيلاسوپلارنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار ئادەمنىڭ تەبىئىتى "شەخسىيەتچىلىك" "ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى — بۆرە" دەپ قارايدۇ: بۇنداق بولغاندا، كىشىلەرنىڭ كىلىشىپ ئۆتۈشى ناھايىتى تەس بولىدۇ. كېلىشىملىك بولۇش سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى ئامىللاردىن باشقا، پەزىلەت ۋە ھېسسىيات جەھەتتە تەربىيىلىنىشكە باغلىق. ھەرقانداق كىشىنىڭ قابىلىيەتلىك بولۇپ

بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟
بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمىلىك. لېكىن، "پەرىز تۇتۇش" تىن باشقا، ئېھتىمال تىل ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئىجتىمائىي ئالاقىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار، ئەقىللىق، چېچەن، گەپكە ماھىر، يۇمۇرلۇق گەپلەرنى جايىدا قويالايدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پسىخىك ھالىتىنى پەرەز قىلالايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكى ئېھتىياجىنى چىقىش قىلالايدۇ. ئۆزىنىڭ سۆز مەزمۇنىنى ۋاقتىدا رەتكە سالالايدۇ. ئالاھىدە مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئۇلار سۆز سەنئىتىدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ پەرىزنى شەرتسىز ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.
بىرىنچى پەرىز: مەسخىرىلىك سوراق قىلىشتىن ساقلىنىش، بەزى ئادەملەر باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇق كىبىرىنى كۆرسىتىپ، چىرايىدا بىر خىل مەسخىرىلىك كۈلكە ئىپادىلىنىدۇ. ئىشلەتكەن جۈملىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تەنىلىك قايتۇرما سوراق تەرتىقىسىدە ئېيتىلغاچقا، قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ بىزار قىلىدۇ. ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئازارلىشىپ قېلىشى، خىزمەتداشلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈشى، قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا ئاغرىنىشىپ قېلىشىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب بىر تەرەپنىڭ مەسخىرىلىك، تەنە ئارىلاشقان جۈملىلەرنى كۆپلەپ ئىشلەتكەنلىكىدە. تىل تەلەپپۇزىدىكى سوراق قىلىش مەنىسىدىكى سوغۇق مۇئامىلە كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەگەر باشقىلارغا يۇقىرىقىدەك مۇئامىلە قىلغاندا، بۇ ئۇنى كەمسىتىش بولۇپ، ئازراقمۇ كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ. پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئېيتقاندەك، "ئادەمنىڭ ئەڭ سەمىمىي ئارزۇسى مۇئەييەنلەشتۈرۈش." ھەممىلا ئادەم مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى

ئۆستۈرۈش تەرەپكە يۆتكىگەن. قابىل كارخانىچىلار زاۋۇت - كارخا-
نىلاردا چوڭ ئائىلە كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغان. بىز
خەلق خوجايىن بولىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەتتە ئىناق ئۆتمەسلىككە
نېمە ئاساسىمىز بار؟

پسىخولوگلار كېلىشمەسلىك بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى مۇھەببەت، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ناھايىتى زىچ بولىدۇ، ھەر خىل تەربىيىۋى ئامىللار بىلەن مۇنداق مۇھەببەت - ھېسسىياتنى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى تار ھېسسىياتتىن مەنىۋى جەھەتتە خەلققە، ۋەتەنگە، دوستلارغا ۋە يولداشلارغا يۆتكەش كېرەك، چۈنكى قايناق مۇھەببەت ھېسسىياتى يوق ئادەمنىڭ تالانتلىق بولۇش ئېھتىمالى نىسپىي ھالدا تۆۋەن بولىدۇ، دەيدۇ. بىز كېلىشمەسلىك بولۇش جەھەتتە پسىخولوگلار دېگەن دەرىجىگە يېتەلمىسەكمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى كۆرسەتكۈچى بولغان دىلنىڭ گۇۋاھچىسى تىلىمىزنى بولسىمۇ ئوبدان باشقۇرۇپ، ئۆزىمىزدە ئەتراپىمىزدىكىلەرگە زوق بېغىشلايدىغان خىسلەت تۇرغۇزۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئەمەلىيەتتە تىل سەنئىتىدۇر. بىر ئادەمنىڭ تىل تالانتى قانچە ياخشى بولسا، گەپ - سۆزى شۇنچە راۋان بولىدۇ. تۇرلۇك ئىشلاردا ئۆز قابىلىيىتىنى روشەن نامايان قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ۋەھالەنكى، بەزى كىشىلەر گەرچە سۆزدە چېچەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدىكى ھەقىقى دوستىدىن بىرەرسىمۇ يوق. ھەتتا بىر ئورۇندىكى خىزمەتداشلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، "كەۋدىسى بىلەن سايىسى بىر - بىرىگە تەسەللىي بېرىپ"، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يالغۇز - يېگانە، غېرىبلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ،

كەمتەرلىك بىلەن باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاڭ. مۇشۇنداق قىلغاندا، باشقىلار پسىخولوگىيە ۋە روھىي جەھەتتە سىز بىلەن دائىملىق، نورمال ئالاقە قىلىشقا رازى بولىدۇ.

ئىككىنچى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش. بۇ سۆزنى تىلغا ئالغىنىمىزدا ۋە پۈتۈن سۆزنى ئەقلىي پائالىيەتچىلەر ئۇچۇن ئېيتۋاتقىنىمىزدا سەل - پەل ھاياجانلىنىپ قالىمىز. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە، يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئەۋزەل سوتسىيالىستىك مۇھىتىمىزدا بۇ سۆزنى تەكىتلىسە قۇلىقىغا خۇشياقمايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئەمما، بىز بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىق ئادەملىرى، پەن - مەدەنىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىكەنمىز، ئايرىم بەغەرەز-لەرنىڭ بىزگە ئالمىغانداق ئالىجوقىلىق بىلەن شالىنى چېچىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئەلا بىلىدىغان روھنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش ئۇچۇن تېخىمۇ كۆچەپ تەرغىبات ئېلىپ بېرىشىمىز ۋە بۇ روھنى ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىمىز كېرەك، بۇ بىزنىڭ جامائەت ئالدىدىكى مەڭگۈلۈك بۇرچىمىز.

جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە مۇئامىلىسى ئاساسەن مېھرىبان. باشقىلارغا توغرا يول بىلەن ياردەم قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلايدىغان ئادەملەر كۆپ ساندا. بۇنداق ئاساسىي ئېقىمنى جەزمەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، مەنىۋى دۇنيايىمىز-نىڭ قۇرۇق جايلىرىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى تىياتىر ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدا كوچىلاردا يىقىلىپ قالغان قېرىلارنى يۆلەپ قويمايدىغان، ئاپتومو-بىللاردا قېرىلار ۋە بالىلارغا ئورۇن بەرمەيدىغان ئىشلار تەنقىد

ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن، سۆھبەتلىشىشتىكى مەسخىرىلىك سوراق قىلىش ئادەمنى ئىنكار قىلىش بىلەن باراۋەردۇر. شۇڭا باشقىلار بىلەن ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە، سەۋرچانلىق بىلەن قائىدە سۆزلەش كېرەككى، باشقىلارغا بېسىم ئىشلەتمەسلىك، تەنە گەپ قىلماسلىق لازىم. تەنە گەپ قىلغاندا زىددىيەتلىك مەسىلىلەردىكى تالاش-تارتىشنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، بۇنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قىلچە پايدىسى يوق.

ئىككىنچى پەرىز: باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن سۆز-چۆچەك تارقىتىشتىن ساقلىنىش: جەمئىيەتتە ئاز بولمىغان ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا گەپ قىلمايدۇ. قانداقلا ئىش بولسا، ئارقىسىدىن سۆز-چۆچەك تارقىتىدۇ. ئۇلار «تۇكسۇرۇك» ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىدۇ. بۇ ناھايىتى قەبىھ قىلمىشتۇر. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاز بولمىغان تراگېدىيىلەرنى مۇشۇنداق پىتنە-پاساتلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقماي تۇرۇپ، باشقىلاردىن ئاڭلىغان قىلدەك نەرسىنى پىلدەك يوغىنىتىپ، بەزى شەخسىي مەخپىيەتلەرنى كەلسە-كەلمەس سۆزلەپ يۈرمەسلىك لازىم. شۇنداق قىلغۇچىلارمۇ جامائەت ئەخلاقىغا يات بۇنداق قىلمىشلاردىن قول ئۈزۈشى لازىم.

ئۈچىنچى پەرىز: ئۆزىنى كۆپتۈرۈشتىن ساقلىنىش. يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئۆزىنى كۆپتۈرۈش، تۆكمىدەك ئارتۇقچىلىقلىرىنى تۆگىدەك كۆرسىتىش، باشقىلارنىڭ ئۈستىدە تۇخۇمىدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە ئوخشاش قىلىقلار ھەرقانداق ئادەمنى زېرىكتۈرىدۇ. كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمەكچى بولىدىكەنسىز، ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىڭىز ئۈستىدە ئازراق سۆزلەڭ. باشقىلارنىڭ سۆھبەتكە قىزىقىشىنى قوزغاپ،

كېرەك. بۇ نەغمىنى تەڭكەش قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى بىر-نەچچە ئېغىز گەپتە، ئازراق ماددى نەرسىدە، ئىش ھەققىدە، شان-شەرەپتە... ۋە باشقا پايدا تېگىدىغان ئىشلاردا ئۆز نەپسىمىزگىلا چوت سوقماي، ئاز-تولا ئۆتۈنۈشتىن ئىبارەت. ئۆتۈنۈشنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەيمىزكى، كىشىلەر زىيان تارتقاندا، ئادەتتە زىيان تارتقان ئىشنى قىلماسلىق ياكى غەلىۋە قىلىپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ دەردىنى ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈش، ئۆزى زىيان تارتىپ باشقىلارغا ئۆتۈنۈشنى ئىبارەت ئۈچ خىل پوزىتسىيىدە بولىدۇ. بۇنداق ئۈچ خىل پوزىتسىيە ئىچىدە ئۆتۈنۈش ئەلا بولۇپ، ئازراق ئۆتۈنۈش روھى، كۆپ ھاللاردا، كىشىنى كۆپرەك ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدۇ. كىشىنى ئەقلىي پائالىيەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە تېزراق ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداقلا باشقىلارمۇ بىر كىشىنى ھەردائىم ئۆتۈنۈپ بېرىشكە قىستىمايدۇ. ئۆتۈنۈش تۈپەيلى زىيان تارتىش ۋاقىتلىق، چەكلىك بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتچىلەر ئۈچۈن ۋاقىت تولىمۇ قىممەتلىك بولغاچقا، ئۇششاق نەرسىنى تالىشىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشمۇ گۇڭ كۆتەرمەيدۇ. يەنە كېلىپ ھازىرقى زامان ئادەملىرى بار سورۇنلارغا بۇرۇنقى زاماننىڭ توخۇ سوقاشتۇرۇش مەيدانلىرىدىكى كەيپىياتنى كۆچۈرۈپ كېلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. خورازلار سوقۇشقاندا بىرسى بىر پەشۋا تېپىپ چۈشكەن ھامان يەنە بىرسى بىر پەشۋا تېپىدۇ، شۇڭا، "سەن ماڭا بىر ئېغىز دەككە بەرگەن ئىكەنسەن، مەنمۇ ساڭا بىر ئېغىز دەككە بېرىمەن" دەپ ئۆزىمىزنى خورازنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويساق بولمايدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىز پەزىلەت قۇدرىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشىمىز كېرەك.

قىلىنىۋاتىدۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئومۇمىي ئەخلاقىقا قارىمۇ قارشى بولغان بىرمۇنچە ئىشلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئەھۋاللار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش تەلىپىگە زىت. بۇنداق ئەھۋاللار باشقىلاردا كۆرۈلسە ئۇنىڭ تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا ئۇنىڭ بىخلىرى بولسا تازىلا ۋېتىشىمىز كېرەك، بۇ جەھەتتە ھەممەيلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مەنىۋى مەدەنىيەت غۇنچىلىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۆزى زىيان تارتىش ھېسابىغا باشقىلارغا ئۆتۈنۈش بۇ ئىنساننىڭ كۈچ قۇدرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئالىي پەزىلەتتۇر. زامانىمىزنىڭ ئۇچۇر دەۋرىگە يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق بارغانسېرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. دۇنياۋى ئىلىم-پەن ئىشلىرىدا بولسا تىلى، دىنى ئېتىقادى، مىللىتى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ھەمكارلىشىپ چوڭ-چوڭ تەتقىقات تېمىلىرىنى بىرلىكتە ئورۇندايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ غىرىمدان-لىقلىرىدىن باشقا، يەنە جەمئىيەتتىكى ئەشۇنداق مۇناسىۋەت تورلىرىدىن ئايرىلىپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئىچكى ۋە تاشقى مۇناسىۋەتلەردە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق ياكى بۇنداق زىددىيەتلەر بولماي قالمايدۇ، كەپكىر قازاننىڭ لېۋىگە تەگمەي قالمايدۇ. ئەمما، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كەپكىر بىلەن قازاننى بىر-بىرىگە سوقۇشتۇرماي، لېگەن، تەخسە ۋە چوكىلارنىمۇ ئۆز يولى بىلەن ئىشقا سېلىپ نەغمە چىقىرىش

بار. ئېتىلغاندا قۇلاقنى يارغىدەك ئاۋاز چىقارغىنى بىلەن، بىردەمدىلا كۆلگە ئايلىنىپ كېتىدىغان "پوچاگىزا" تىپىدىكى شەخسلەر تارىخ سەھنىسىدىن بىردەمدىلا يوقىلىدىغان يولۇچىلاردۇر.

بىز تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇغىنىمىزدا بەكمۇ تەسىرلىنىمىز، ئاماملىنىمىز، بۇ ئۇلارنىڭ باشقىلارنىلا كۆزلەش روھى ۋە پىداكارلىق روھىنىڭ بىزدە چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى قوزغىغانلىقىدۇر. مەسىلەن، مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق كاتتا زاتلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر- دۇر. ئىنسانى پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەشھۇر كىشىلەردىن بولۇشى ناتايىن. بەزى تولىمۇ ئاددىي كىشىلەر ئادەتتە جاپاغا چىداپ ئاددىي - ساددا ياشايدۇ. ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا بارلىق مال - دۇنياسىنى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا تەقدىم قىلىدۇ. بەزى يېزا ئوقۇتقۇچىلىرى مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزۇن يىلغىچە يۈدۈپ مەكتەپكە ئاپىرىدۇ. بەزى ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر يېزىلاردىكى يېتىم - يېسىر، بوۋاي - مومايلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆيىگە ئەكىلىپ باقىدۇ. مانا بۇ ئىشلار كىشىگە پەزىلەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى- نىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرمامدۇ؟

ماركس "ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى ئۈچۈنلا ئىشلىسە، ئۇ ئېھتىمال داڭلىق ئالىم، مەشھۇر شائىر بولالىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقى مۇكەممەل ئادەم ۋە ئۇلۇغ ئادەم بولالمايدۇ" دېگەنىدى. بەزىلەرگە بۇ سۆزلەر بەك ئېغىر تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكنىڭ زىيىنىنى تارتقان ھەرقانداق كىشى بۇ سۆزنىڭ قىممىتىنى جەزمەن چۈشىنىدۇ. ئېھتىمال بەزىلەر بۇ سۆزلەرنى "كوممۇنىستىك خىتابنامە" دەپ قارىشى مۇمكىن،

ئەمما، بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان زىيان تارتىش ھېسابىغا باشقىلارغا ئۆتۈنۈش، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاپ، مەدەنىي جەمئىيەت قۇرۇش يولىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلەردە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە كە قورساق بولۇشنى، ئالىيجاناب پەزىلەتنى قوغداشنى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان خىسلەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئىنسان پەزىلىتىنىڭ كۈچ قۇدرىتى قەيەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان پەزىلىتىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى كىشىلەر قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشتا. ئىچى - تېشى ئوخشاش بولۇپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق بىلىپ، كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەممە جايدا خەلقنى، كوللېكتىپنى باشقىلارنى كۆزلەيدىغان كەمتەر، سەممىي، ئاقكۆڭۈل ئادەملەر كىشىلەرنىڭ چىن ھۆرمىتىگە ۋە مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولالايدۇ. مانا شۇنداق باشقىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدىغان مەنىۋى كۈچ ئىنسان پەزىلىتىنىڭ قۇدرىتىدۇر.

مۇشۇنداق پەزىلەتنىڭ قۇدرىتىگە ئىگە كىشىلەر ئۆز نەپسىنى دەپ باشقىلارغا، ئومۇمغا زىيان سالمايدۇ، بەلكى ئۆزى زىيان تارتىسمۇ پىداكارلىق بىلەن خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىدۇ. ھەقىقىي ئىنقىلابچىلار ئەنە شۇنداق كىشىلەردۇر. بۇ خىل كىشىلەر يالغۇز سىياسىي ئىنقىلابچىلار ئارىسىدىلا ئەمەس، دوختۇرلار، ئالىملار، ئوقۇتقۇچىلار، ئاددىي مېھنەتكەشلەر ئارىسىدىمۇ كۆپلەپ ييتىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، شۆھرىتى، ھوقۇقى، مەنسۈپى يۇقىرى بەزى كىشىلەر ئىچىدە مۇنداق پەزىلەتتىن تولىمۇ يىراقتا تۇرىدىغانلارمۇ

دەخلى يەتكۈزۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا بىللە يۈرگەن كىشىلەرنىمۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىگە شاللاق كۆرسىتىپ قويىدۇ. ھېسسىيات بابىدا ئېيتىلىۋاتقان پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ سۇخەنچىلىك قىلىش، چاكىنا نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتماسلىق، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتتە شاللاقلىق قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ نازۇك يەرلىرىنى بۇلغاش، ھەتتا ئايرىم چاغلاردا باشقا جىنسلىقلارنىمۇ پەقى-پەسەت قىلماسلىق، ھە دېسىلا كىشىلەرنى تىللاش، ھەتتا تېخى بىر كىشىنى تىللىۋالغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىش، پەسكەش چاقچاقلارنى قىلىش، جامائەت سورۇنلىرىدا ۋارقىراپ-جاقىراش ياكى ئەدەبسىزلىك بىلەن سەت قىلىقلارنى قىلىش، يامانىدىن قورقۇپ، ياۋاشنى بوزەك قىلىش، خىزمەت ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش، يولداشلار ئارىسىدا ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىش، ئۆزىنىڭ چوتىنىلا سوقۇپ سىكە-پىيازلىق قىلىش، بىر توپ كىشىلەر بىلەن غۇژمەك بولۇۋېلىپ باشقىلارغا شالىنى چېچىش، ياخشى ئۆگەنمەي سامان قورساقلىق قىلىش، ھەتتا تېخى بىلمىگەننى بىلمەن دەپ ئۆزىنى ئۆلىما قىلىپ كۆرسىتىش، يالغان گەپنى تولا قىلىش ۋە نومۇسسىزلارچە ئۆزىنى ئاقلاش، ساددا كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت سېلىش، ئۆزى بىر نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ، باشقىلارنى زورمۇزور دوراش، يېرىم ياتا بىلىمنى ناھايىتى چوڭ چاغلاش، كۈچلۈكلەرگە چەكسىز خوشامەت قىلىپ ئاجىزلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، باشقىلاردىن ھۆرمەت تاما قىلىپ باشقىلارنى ھۆرمەتلى-مەسلىك، ھەتتا تېخى باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي ھاكاۋۇرلۇق قىلىش،

ئەملىيەتتە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، تارىخىي شەخسلەرنىڭ مۇشۇنداق ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلىگەن سۆزلىرى ئالدىمىزدا سان ـ ساناقسىز تۇرۇپتۇ. ئالىم ئېيىنشتېيىن: "بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى قىممىتى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ھېسسىيات، ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۇشتە قانچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىغا باغلىق" دېگەنىدى. ئەگەر جەمئىيىتىمىزدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر مۇشۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولسا ئىشلىرىمىز يەنىمۇ يۈرۈشۈپ، جەمئىيىتىمىز تېخىمۇ تېز ئالغا سىلجىغان بولاتتى.

ئارزۇ ـ ھەۋەسنى پاكلاشتۇرۇش

ئارزۇ ـ ھەۋەسنى پاكلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدىغان پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى تۈگىتىشكە تىرىشىشىمىز ۋە ئالىي ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق بېكىتىشىمىز كېرەك.

بىز پىسخىك پەزىلىتىمىزدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشكە تېگىشلىك پەس ئارزۇ ـ ھەۋەس شۇنداق بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىكى، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا كىشىنى بىزار قىلىدىغان بىر خىل مىشچانلىق ھېسسىياتىنى تارقىتىدۇ، ئالىيجاناب ھېسسىياتنىڭ ئورنىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ھەرقاچان تىركىشىپ تۇرىدۇ. ئەمما، پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر بىۋاستە ئىجتىمائىي جىنايەت شەكىللەندۇرمەيدىغان، ناھايىتى روشەن زىيانلىق ھەرىكەت بولۇپ ئىپادىلەنمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنى يا قانۇن ـ ئىنتىزام بىلەن چەكلىگىلى بولمايدۇ، يا ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكىلى بولمايدۇ. ھېسسىياتىدا مۇشۇنداق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر بار ئادەملەرمۇ ئەسكى ئادەملەر ئەمەس، ھەتتا تېخى بەزى جەھەتلەردە ياخشى ئادەملەردۇر. ئەمما، ئۇلار ئەشۇ ھەۋەسلىرىنىڭ پەسلىكى ۋە پەزىلىتىنىڭ يۈكسەك ئەمەسلىكى تۈپەيلى بىكاردىن ـ بىكارغا ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىغا

يېتىم، توي-تۆكۈن قاتارلىق سورۇنلاردا ئەدەبسىزلىك قىلمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ سالاپىتى بىزگە جانلىق ئۈلگىدۇر. ئالىي ئارزۇ-ھەۋەسلەر، كۆڭۈلدىكى ئوي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەنە شۇ پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە قارشى ئېيتىلغان قىممەتلىك ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ كىچىك پېئىللىق، ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە ئۆزىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە كۆيۈنۈش، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلىغان ھالدا يېڭىلىق يارىتىشقا باتۇرلۇق قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيە جەھەتتىن ئالغاندا، كىشىلەر بىلەن ئىناقلىق، باشقىلارغا يول قويىدىغان مەرد-لىك، تەبىئىي مېھرىبانلىق، چىقىشقاقلىق، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ ئىش قىلىدىغان ئوڭلۇقلۇق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. شان-شەرەپكە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتىن ئالغاندا، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇش،، خۇشال بولغاندا ئويناقلاپ كەتمەسلىك، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا ھودۇقۇپ كەتمەسلىك، مەسىلىلەرگە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، كىچىككىنە ئىشلارغا يىغلاپ-قاقشاپ كەتمەسلىك، بىر تال بۇغدايدا سەمرىپ، بىر تال بۇغدايدا ياداپ كەتمەسلىك، يوللۇق گەپ بولسىمۇ ئۇنى بىر ئېغىز بىر ئېغىزدىن چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەش، ئاچچىقى بولسىمۇ ئاۋۋال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئاندىن گەپ قىلىش، ئەدەبسىزلىك كۆرۈلسە دەرھال ناماقۇل بولۇش، ئاجىزلارنى ئاسراش ۋە يامانلارغا تېگىشلىك دەككە بېرىش، ئادەمنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئېچىتقۇ گەپلەرنى قىلماسلىق، مېھمانلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلماسلىق، بالا-چاقىلىرىنى خەقنىڭ ئالدىدا تىللىماسلىق ۋە ئۇرماسلىق، ئىناق بولغان يارۇ-بۇرادەرلەر بولغاندىمۇ ئۇلارنى تېگىشلىك سورۇنلاردا

سالاھىيتىنى ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھارماي ماختاش ۋە باشقىلار.

ئالىي ئارزۇ - ھەۋەسلەر ئەنە شۇ پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە قارشى ئېيتىلغان قىممەتلىك ھېسسىياتتۇر. كىشىلەرنىڭ سالاپىتىگە ئۈلگە بولىدىغان تەربىيەتلىك ئادەملەرنىڭ سالاپىتىگە قاراپ باقايلى. ئۇلار كىيىنىش قاتارلىق تاشقى بىزەكلەرگە مۇۋاپىق دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى، ئادەتتە ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. مۇبادا مەلۇم قاراشقا قوشۇلمايدىغان تەقدىردىمۇ "قۇرۇق گەپ"، "جۆيلۈش"، "ئاخماقلارچە گەپ"... دەپ ۋارقىراپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ دەلىل - قاراشلىرىنى چىرايلىقچە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قوشۇلماسلىقىدىكى سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ. باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەنسىپىنى، تۆھپىسىنى، ئارتۇق-چىلىقىنى كۆز - كۆز قىلمايدۇ. ئۇلار قىلغان سۆزىگە ئەمەل قىلىدۇ. ھەرقانداق مۇشكۈلگە يولۇققان تەقدىردىمۇ قىلغان سۆزىدىن يانمايدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ. ئۇلار ئاساسىي تەرەپ بىلەن ئاساسىي بولمىغان تەرەپنى روشەن ئايرىيدۇ. ئارىسىدىكى ئازراق ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان بىرەر ئىش تۈپەيلى ئۆز دوستلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتمەيدۇ. بۇ خىل كىشىلەر كۆپ ئادەم بار يەردە بىرەرسىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئەيىبلىمەيدۇ. باشقى-لارنىڭ زوق - ھەۋەس، ئادەتلىرىنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولمايدۇ. ئۇلار باشقىلار ئازابلانغان ياكى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئەھۋالدا ھەرگىز كارى بولماي بىر چەتكە چىقىۋالمايدۇ. ئىمكانىيىتى يار بەرسە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدۇ. ھەرقانداق سورۇن-لاردا، مەسىلەن، مەجلىس، مۇسابىقە، مېھماندارچىلىق ئۆلۈم-

قالماستىن، يەنە مۇزىكا بىلىدىغان، رەسىم سىزالايدىغان، ناخشا ئېيتالايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ كەسپلىرىدە ئىجادىي ئىشلىيەلەيدىغان يېڭىچە مەدەنىي تۇرمۇشنى ئۆزلەشتۈرۈش، ھەم ئەسلى ۋەسلىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان، ھەم زامانغا ئۇيغۇنلاشقان ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئارزۇ-ھەۋەس ئىچكى ھېسسىيات شەكلى بولۇپ، ئالىي ئارزۇ-ھەۋەسنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى سالاپەتتۇر. سالاپەت دېگىنىمىز ئادەمنىڭ قەددى-قامىتى ۋە خۇي-پەيلى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ گەپ-سۆزى، ئىش ھەرىكىتى، پوزىتسىيىسى، قەلبى، خاراكتېرى، مىجەزى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقى، كىيىنىشى، قابىلىيىتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما، ئۇ مەزمۇنلارنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇنىڭ مەزمۇنى تاشقى قىياپەت بولۇپ كۆرۈنىۋاتقان قەددى-قامەتتىمۇ مەنىلىك بولغان، ئىچكى ھېسسىيات ۋە پەزىلەتكە قارىغاندا ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەرسىدۇر. ئەڭ ئىخچام سۆز بىلەن ئېيتقاندا، سالاپەت ئارزۇ-ھەۋەس ۋە پسىخىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداق بولغانلىقتىن، سالاپەت بىر ئادەمنىڭ قەددى-قامىتى ۋە تەققى-تۇرقىنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنىڭ ئورتاق گۈزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىپ يۈرىدىغان بىر ئادەم بىلەن ياسىنىپ يۈرۈشكە دىققەت قىلمايدىغان بىر ئادەمنى مىسالغا ئالساق، ئالدىنقى ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى ناچار، كېيىنكى ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى مۇكەممەل بولسا، چىرايلىق، ياسىنىۋالغان ئادەم ئۆزىنىڭ تەربىيە كۆرمىگەنلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىشى، ياسىنىشقا ئانچە دىققەت قىلمايدىغان ئادەم

تېگىشلىك ھۆرمەتلەش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، قىسقىسى ئال
ئارزۇ-ھەۋەس كىشىلىك ھېسسىياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم ھېسسى
بولۇپ، ھەرقانداق كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئۆز
تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك. ئالىملار، باشقۇرغۇچىلار ۋە سىيا
خىزمەتچىلەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى تۆۋەن بولۇپ قالسا،
ئۇلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىغا ئايلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بەز
ئورۇن ۋە جايلاردىكى بەزى كىشىلەر ئارىسىدىكى تۈگىمەس ناخش
ماجىرالارنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردىغۇ.

ئالىي ئارزۇ-ھەۋەسنىڭ شەكىللىنىشى، مىجەز، تۇغما تالان
قاتارلىق ئامىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسلىقى ئائىلىق تەربىيىلە
نىشكە باغلىق بولىدۇ. ئالىي ئارزۇ-ھەۋەسنى شەكىللەندۈرۈش
ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، بىرقەدەر ئەتراپلىق ھالدا پەن-مەدەنىيەت
بىلىملىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش، ئىككىنچىدىن، ئۆزىد
بىرقەدەر يۈكسەك بولغان ئىستىتىك قابىلىيەت ۋە ياخشى-يامان
پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈش، ئۈچىنچىدىن، باشقىلارغا
قىزغىن ياردەم بېرىدىغان، جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن
كېچىدىغان ئېسىل پەزىلەت تۇرغۇزۇش، تۆتىنچىدىن، كوممۇنىستىك
ئەخلاقنى ھەرىكەتلىرىگە مىزان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز مىللىتىنىڭ
ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ھەرىكەتكە ئايلان
دۇرۇش، زۆرۈر بولغان قائىدە-يوسۇنلارنى پۇختا ئىگەللەش كېرەك.
ھازىرقى ياشلار يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى توغرا مۆلچەرلەپ، شەرەپلىك
مىللىي ئەنئەنە، ئىنقىلابىي ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر
چاغدا، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەبىھ يولى بولغان بېكىنىۋېلىش-
تىن ئازاد بولۇپ، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئەدەبلىك بولۇپلا

ەپ سورايدىغانلار چىقار. ياق، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرۈش
ىنسانلارنىڭ تەبىئىتى، بۇنىڭدا شەك يوق. لېكىن "قۇشنىڭ
گۈزەللىكى سىرتىدا، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى قەلبىدە"، ئەگەر بىر
ئادەمنىڭ رەڭگى چىرايلىق بولغان بىلەن، ئىچكى دۇنياسى پاسكىنا
بولسا، ۋۇجۇدىدا ئالىيجانابلىقتىن ئەسەر بولمىسا، سەممىي بولۇش،
ىززەت ـ ھۆرمەتنى ساقلاشتەك پەزىلەت بولمىسا، ئۇنداق تاشقى
گۈزەللىكنىڭ نېمە پايدىسى؟ زامانىمىزدىكى سالاپەت رەتلىك
كىيىنىشنى، ئۆزىنى گۈزەللەشتۈرۈشنى، بۇ دۇنيانىڭ تېگىشلىك
ھوزۇرلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش جەھەتتىكى يوللۇق پائالىيەتلەرنى
ھەرگىزمۇ رەت قىلمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردا ئوبرازىنى گۈزەللەش-
تۈرۈش ناھايىتى جىددىي مەسىلە. بۇ مەسىلىدە بىز مەيدانىمىز
قەتئىي ھالدا ئىقتىسادى شارائىت يار بەرگەن دائىرىدە گۈزەل
كىيىنىشنى قەتئىي تۈردە تەشەببۇس قىلىمىز. فېئوداللىق ۋە خۇرا-
پاتلىقنىڭ دەردىنى شۇنچە ئۇزاق تارتقان خەلقىمىزنىڭ ئوبرازىنى
يەنىلا خۇنۈكلەشتۈرىدىغان ھەرقانداق خۇراپاتلىق ۋە سولچىللىقلارغا
قارشى كۈرەش قىلىشنىمۇ تەكىتلەيمىز.

ئەرلىرىنى تەگرىسىنىڭ ئوغلىغا، خوتۇن ـ قىزلىرىنى كۈن ۋە
ئايغا ئوخشۇتۇپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ ئوبرازىنى گۈزەللەشتۈرۈشنى
تۈرلۈك ئىجادىي يوللار بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

بىز پەقەت پەلەكنىڭ گەردىشى بىلەن يېقىنقى زامان تارىخىدا
بىزگە چىپلىغان نادانلىق ئۇرۇغىنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىمىزگە،
ھېسسىياتىمىزغا ۋە پىسخىك ھەرىكەتلىرىمىزگە ئېلىپ كەلگەن چاكىنا
تەرەپلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، زامانىۋى ھايات يارىتالايدىغان ۋە
لەززەتنى ئېتىيالايدىغان سالاپەتلىك خەلق بولۇشنى كۆزلەپ،

ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەنلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق نۇقتىئىنەزەر بىلەن بىز شۇنى جەزمەنلەشتۈرىمىزكى، ئەتراپلىق مەدەنىيەت تەربىيىسى ۋە مول بىلىم-مەلۇمات سالاپەتنىڭ تۈۋرۈكى. زامانىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ئاددىي ئادەمدىمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدىكى مەدەنىيەت بىلىمى بولۇش كېرەك. بولمىسا ئۇ قانچە چىرايلىق ياسىنىۋالغان بىلەنمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تومپاي كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ سالاپىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىلىمسىز ئادەملەر مەنىۋى جەھەتتىن خۇددى فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەرگە ۋە ياكى ئاللىقانداق ئەجەللىك كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ چىرايىدا قان قالمىغان ئادەملەرگە ئوخشاش خۇنۈك بولىدۇ. بۇنداق كاللىسى قۇرۇق ئادەملەر مەيلى تاشقى جەھەتتىن قانچە ھەيۋەتلىك كۆرۈنمىسۇن، ئۇنىڭ قىممىتى ناھايىتى كۆپ بولغاندىمۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ قاسىردىقىغىلا توغرا كېلىدۇ-دە، كىشىلەرگە ھەققىي تۇردە ئىستېتىك تۇيغۇ بېغىشلىيالمايدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بەزى كىشىلەر زاماننىڭ ئادەم سالاپىتىگە قويغان بۇنداق تەلىپىنى ياخشى بىلىپ يەتمىگەچكە، پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى جەھەتتە تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەي، ھە دېسىلا مودا كىيىملەر بىلەن ئۆزىنى ياساشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. قانچە ياسانغان بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ كاللىسى ئاددى، پىكرى چېچىلاڭغۇ، مەنىۋى دۇنياسى قۇرۇق بولغاچقا، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەلۇم بىر ھالقىسىدا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالماي كىشىلەرنى بىزار قىلىدۇ.

بۇنداق دېسەك سالاپەت كىيىنىشنىڭ قارشى تەرىپىدىكى نەرسىمۇ

# ئالتىنچى باب پسىخىكا پەزىلىتى ۋە ئەقىل

## 1. پسىخىكا پەزىلىتى

ئەلمساقتىن بۇيان كىشلەر مەشھۇر ئالىملار ۋە ئالىم بولغۇسى كىشلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىق بولىدۇ، بولمىسا ئالىملاردىن بولالمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەننىدى. بىرنەچچە ئون يىلدىن بۇيان بۇنداق قاراشتا شۇبھە تۇغۇلدى ۋە بۇنداق قاراشلار ئىنكارمۇ قىلىندى. بەزى پسىخولوگلار ئىختىساسلىقلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە، تارىختىكى بىرمۇنچە مەشھۇر ئالىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدى. تەھلىل نەتىجىسىدە، ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە باش كۆتۈرۈپ چىققان داڭدارلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىق بولمىسىمۇ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا خاسىيەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى بايقىدى. مەسىلەن، مەشھۇر ئالىم ئېينىشتېين، دارۋىن ۋە بۈيۈك شائىر ئىرگىيوتى، بايرونلار باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغانلىرىدا ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسى جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئانچە ھالقىپ كەتمەيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكى بايقالدى. ئۇلار ئەقلىي قابىلىيەتتە ئانچە يۇقىرى ئەمەس، يۇقىرى بولغاندىمۇ ئوتتۇرا ھال كىشلەرنىڭ ھوشيارراقلىرىغا توغرا كەلگۈدەك سەۋىيىدە تۇرۇقلۇق،

سالاپەتنىڭ تاشقى قۇرۇلۇشىنى ئىچكى قۇرۇلۇشى ئاساسىدا ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەكىتلەيمىز.

چۈنكى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى قىياپىتىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىلا بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئۆزىگە خاس بولغان سالاپىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئادەم ئىچىنى بىلىم بىلەر قانچە بېزىگەنسېرى ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان سالاپىتى شۇنچە گۈزەللىشىپ بارىدۇ. تەنىنىڭ قامەت، تەمبەل بولۇشى كىشىنىڭ بەختى، ئۇ ئادەمنى كىشىلەرنىڭ تەن سېلىشتۇر-مىسىدا خۇددى ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئورنى ئۈستۈن ئادەمدەك ھەيۋەت كۆرسىتىدۇ، ئۇ گۈزەل ئەخلاقىي ھېسسىيات بىلەن بىرلەش-كەن بولسا، ئۆزىنىڭ گۈزەل جامالىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەمما، روھى دۇنياسى پەس ئادەمنىڭ گەۋدىسى قانچە ھەيۋەت بولغان بىلەنمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرەلمەيدۇ.

بېكون: "گۈزەل ئەخلاق خۇددى ياقۇتقا ئوخشايدۇ. ئۇ ئاددى بىر مەنزىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەشەمەت بىلەن ياسانمىغان، ئەمما گۈزەل ئەخلاق بىلەن راۋۇرۇس، جىددىي تۇرغان ئادەممۇ كىشىدە ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغايدۇ" دېگەن. تەقىقى-تۇرقى جەھەتتىن ئانچە چىرايلىق بولمىغان نۇرغۇن ئالىملار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قانچىلىك گۈزەل، قانچىلىك قەدىرلىك تۇيۇلىدىغانلىقى بىزگە ئايان. مانا بۇ ئۇلاردىكى تالانت ۋە ئەخلاقنىڭ بىرلىكى نامايان قىلىۋاتقان تاشقى سالاپەت كۆرۈنۈشىدۇر.

پەزىلەتكە ئىگە بولغان كىشى هاياجانلانىدىغان چاغدا هاياجانلانمايدۇ، تەمكىن بولۇشقا تېگىشلىك چاغلاردا تەمكىن بولالايدۇ. دېمەك كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىلىرى قاتارىدا شۇ كىشىنىڭ پسىخىك پەزىلەت قۇرۇلمىسىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەنرەك بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ پسىخىك پەزىلەت قۇرۇلمىسى ئەلا سۈپەتلىك بولسا، ئۇنداق ئادەم پەزىلەت جەھەتتە ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەقلىي قابىلىيەتتە ئەلا كىشىلەر قىلغان ئىشلارنى قىلىپ كېتەلەيدۇ. ئەكسىنچە، پەزىلەت قۇرۇلمىسى ئەلا سۈپەتلىك بولمىسا، ئەقلىي پائالىيەتلەردە چېكىنىپ كېتىدۇ.

بەزىلەر ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ هەممىسىگە پەزىلەت ئىشلەپ كەتمەيدۇ، تېخنىك - تەبىئىي پەن دېگەنلەرگە ئەقىل بولسىلا بولدى دەپ قارايدۇ. تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەقىل - پاراسەت بەك ئىشلەيدۇ، ئەمما، هەرقانداق كىشىنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ تەرەققىياتى هەرقاچان ئۇنىڭ پسىخىك پەزىلەت تەرەققىياتى بىلەن توپتوغرا باغلىنىپ كەتكەچكە، شۇ ئەقلىي پائالىيەتلەرنى تۈۋرۈكتەك كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پسىخىكا ئامىللىرى كەم بولسا بۇنداق ئەقلىي پائالىيەتلەردىمۇ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئادەمگە پسىخىكا ساغلاملىق ئۆلچەملىرى بويىچە ئۆزىنى تولۇقلاش ۋە پسىخىكا پەزىلىتىنى چېنىقتۇرۇش ناهايىتى مۇھىمدۇر. بۇنداق چېنىقىشنى مۇسكۇلنى چېنىقتۇرۇشقا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئادەمنىڭ

نىمىشقا دۇنياغا مەشھۇر ئىختىساسلىقلارغا ئايلاندى؟

پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، پسىخىكا پەزىلىتى مۇكەممەل ئادەم تەربىيىلەشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئۇ ئادەتتە خاراكتېر، ھېسسىيات، ئىرادە، ئىشتىياق كەيپىيات قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە پسىخىك تەرەققىياتىدا پەرقلەر بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ پسىخىكلىق پەزىلەتلىرىدىمۇ ئىندىۋىدۇئاللىقلار بولىدۇ.

پسىخىكا پەزىلىتى ئىختىساسلىقلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىچكى ئامىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەخلاق ئەقىل ۋە جىسمانىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل ئارىسىدا تۇرىدۇ. شۇنداقلا تۇغما خۇسۇسىيەت ۋە مىجەز بىلەنمۇ چەمبەرچەس باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، ئادەمدە ساغلام پسىخىك خۇسۇسىيەت بولمىسا، ساغلام بولمىغان ھەتتا زىيانلىق بولغان ئىجتىمائىي ھەرىكەت پەيدا بولۇش ئېھتىمالى تۇغۇلىدۇ. ساغلام بولمىغان پسىخىكا ھەرىكەتنى شەكىللەنگەن ھامان ئەخلاق بۇلغىنىدۇ ياكى بۇزۇلىدۇ. ئالاھىدە شارائىتلاردا ئەخلاق بىلەن پسىخىكا ھەرىكەتنىڭ بىرىنىڭ بىرىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، ھەسەتخورلۇق پسىخىكىسى ئەدەپ كەتسە پەزىلەت بىلەن بىللە ئۇنىڭ بىرىدىغان ئەخلاق بەربات بولىدۇ؛ ئەخلاقسىزلىق ئەدەپ كەتسە ساغلام بولمىغان پسىخىكىنىڭ يېتىلىشى مۇنبەت زېمىنغا ئىگە بولىدۇ. ساغلام بولمىغان پسىخىكىلىق ھادىسىلەر ئەقىلنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدۇ. ياخشى ئەخلاق بىلەن بىرلەشكەن ساغلام پسىخىكا پەزىلىتى ئەقىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، ناھايىتى قۇدرەتلىك ۋە جانلىق بولغان مەنىۋى قۇۋۋەت بولىدۇ، ساغلام پسىخىكىلىق

قويغاندا، خاتالىقنى بايقاپ ئالغان ۋە دادىسىغا قانداق ھېسابلىسا توغرا بولىدىغانلىقنى ئېيتىپ بەرگەن، توققۇز يېشىدا قاتارنىڭ يىغىندىسى ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى ئىشلەپ چىققان؛ 24 يېشىدا «ئارىفمىتىكا تەتقىقاتى» دېگەن مۇھىم ئەسەرنى يازغان؛ ئۇ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، يەر ماگنىت ئىلمى ۋە دىنامىكا قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئەمما، مۇشۇنداق ئۇلۇغ بىر ماتېماتىك غەيرىي ئېۋكىلىد گېئومېترىيىسى سىستېمىسىنى كەشىپ قىلىش داۋامىدا قالاقلىق ۋە نادانلىقنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سۆزلەيدىغان چاكىنا كىشىلەرنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى ۋە قارشىلىقلىرىدىن قورقۇپ، ئاخىرىدا كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسىگە تەسلىم بولغان. ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەشپىياتىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمايلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان، ھەتتا ھەسەتخورلۇق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن گائۇسنىڭ نامى غەيرىي ئېۋكىلىد گېئومېترىيىسى سىستېمىسىنى ئىجاد قىلغانلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغان. ئۇنىڭ ئورنىنى ۋېنگرىيىلىك يانۇش بويا، روسىيىلىك نىكولاي روباچېۋسكى ۋە نېمىس ماتېماتىكى دىيمان بېرنماردلار ئىگىلىگەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنى شۇ ئالىملارنىڭ خۇلاسە خاراكتېرلىك سۆزلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

يانۇش بويا مۇنداق دەيدۇ: "ھاياتنىڭ مەقسىتى كوللى ئىنسانىيەتنى ياخشى كۈن ۋە بەختكە يەتكۈزۈشتۇر"، "مەن مۇشۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال". نىكولاي روباچېۋسكى مۇنداق دەيدۇ: "ھايات — ھاياتنىڭ شادلىقىدىن تەسىرلىنىشتىن، ھاياتىمىزدا ئۇزلۇكسىز مەيدانغا كەلگەن يېڭى مەسىلىلەردىن تەسىرلىنىشتىن

ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ئىقتىساتچىل بولۇش، قانۇن ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. ھىلبىرت داۋىد مانا شۇنداق تەلەپچان ئۇستاز دادىسىنىڭ پەزىلەت تەربىيىسىدە "گەپ-سۆزى چۈشىنىكسىز، ھەتتا بىر-بىرىگە زىت بولسىمۇ، ھەرقاچان كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان دەرىجىدىكى ھەقىقەتنى قوغلىشىش ئىستىكى بار" بالا بولغان، ئۇ بىر تەييارلىق مەكتىپىدە ئوقۇغاندا، ئۆگىنىشتىن قىينىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى تىرىشچان بولغاچقا، ھەرقانداق بىر مەسىلىگە يولۇققاندا، ئۇنى تولۇق ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرمىگىچە ئىچكىرىلەپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالمايلا قالماستىن، بەلكى سەۋىيىدە ئوقۇتقۇچىسىغا بەزى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويغىدەك دەرىجىگە يەتكەن. بۇ مەكتەپتىن يەنە بىر تەييارلىق مەكتىپىگە يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ھەممە پەنلەردە ئەلا نەتىجىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، ماتېماتىكىدا ھەممىدىن ھالقىپ كەتكەن. يازما ئىمتىھاندا نەتىجىسى پەۋقۇلئاددە ياخشى بولغانلىقتىن، ئېغىزچە ئىمتىھاندىن كەچۈرۈم قىلىنغان. مەكتەپ ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىغا: ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى باشقىلارغا "نەمۇنە"، ئۇنىڭدا "پەنگە ناھايىتى قويۇق قىزىقىش بار" دەپ باھا يازغان.

پەزىلەت بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا ئەنە شۇنچىۋالا تەسىر كۆرسىتەمدۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن تەسىر كۆرسىتەلمەمدۇ؟ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۈيۈك ماتېماتىك كارل فىرىدىرىخ گائۇس كىچىكىدە برائۇنشۋېگ شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئىدى. ئۇ ئۈچ يېشىدا دادىسى ياردەمچى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى خاتا ھېسابلاپ

## 2. ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان پسىخىكا پەزىلەتلىرى

1) ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق. ئەقلىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى مەيلى قانداق ئىش قىلسۇن، ئاجايىپ زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلەيدۇ ۋە جەمئىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھازىر ئايرىم كىشىلەر خۇددى قۇرۇقتىن-قۇرۇق دەپ قويىدىغان پەتىۋا ئورنىدا كۆرۈپ، ئانچىۋالا پىسەنتكە ئالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىجتىمائىي مەسئۇل-يەت بولمىغان كىشىنىڭ روھى دۇنياسى قۇرۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى ناھايىتى ئاجىز ھالەتتە بولىدۇ. ئۆتمۈش ۋە ھازىرنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەن مۇنەۋۋەر پېشقەدەملەر بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بىر ئادەمنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىڭ بار-يوقلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ناھايىتى كۆپ مىساللار بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشكەندە، ئۇلار غايە بولمىغان، جەمئىيەت، دۆلەت، مىللەت ئالدىدا جاۋابكار بولمايدىغان كىشىنىڭ كېرەكسىز بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ھېچ بولمىغاندا، ئۆمرىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش غېمى بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى گەرچە ۋاقىتلىق بىر قىزغىنلىق بىلەن بىرەر ئىستەك ياكى گۈزەل ئىستىقبال ئۈستىدە شېرىن خىياللاردا بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭدا ئۆمۈرلۈك ئىنتىلىدىغان مۇقىم غايە ۋە بۇ غايە بىلەن زىچ باغلانغان

دېرەك بېرىدۇ...ھايات گويا دەريانىڭ ئېقىنىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئەگرى-دوناي يول بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئېقىنى بەزىدە شانلىق نۇرىنى چاچسا، بەزىدە ئاچچىق ئاغرىقلارغا ھامىي پىكىر قىلىشنىڭ ھاڭلىرىدىن ئۆتىدۇ. ھەرقانداق بىلىمسىزلىكلەر ئۇنىڭ شىددەتلىك ئېقىنىنى توسۇپ قالالمايدۇ؛ بىلىمسىز ھايات ئۆلۈك ھالەتتىكى تۈز سىزىقلىق ھەرىكەتتۇر.“

دېمەك، گائۇسىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ئۇنى ئۇلۇغ بىر كەشپىياتتىن مەھرۇم قىلسا، يانوش بۇيانىڭ ئالەمنىڭ غېمىنى يەيدىغان پەزىلىتى، نىكولاي روباجېۋسكىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلارنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەش پەزىلىتى ئۇلارنىڭ نامىنى قورقۇنچاقنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى.

يۇقىرىقى مىسالدىن كۆرۈپ ئالالايمىزكى، كىشىلەرنىڭ ئۆز خاراكتېرى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا تۇرغۇزۇلغان يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلىتىدىن ئۇنىڭ بارلىق ئىجادىيەتلىرىگە ئۇلۇغ ۋە ئادىل بىر نۇر چاقناپ تۇرغاندەك، تەبىئىي پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۆزىدە تۇرغۇزغان پەزىلەت سىڭىپتىدىمۇ ئۇلار ئىجاد قىلغان بارلىق پورما، تېئورىما، ئىلمىي ماقالە ۋە باشقا ئىختىرالارغا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەققانىي نۇر چېچىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم، مەيلى قايسىبىر ساھەدە ئەقلىي پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تولۇق كۆزلەيدىكەن ۋە ئىلىم-پەن تارىخىدا ئىز قالدۇرۇشنى ئويلايدىكەن، ئۆزلىرىنى ئۇلۇغلۇققا باشلايدىغان ئاشۇ ماياكنى قەلبىگە ئورنىتىشى كېرەك. ئۇنداق بولسا، كىشىنى ئەقلىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەتكە باشلاپ بارىدىغان ئەڭ ئەلا پىسخىك پەزىلەتلەر قايسىلار؟

يېڭىشكە قۇدرەت بېرىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى خاسىيەتلىك كۈچتۇر.

2) كەسپكە بولغان مۇھەببەت، قىلىۋاتقان ئىشىغا بولغان ئىشتىياق ۋە ھەۋەس. مەلۇمكى، ئىختىساسلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئىجادىي خاراكتېر ئالغان پائالىيەتلەردە بولىدۇ. ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىجادىيەت نىشانىنى تاللاش شەرت بولىدۇ. ئىجادىيەت نىشانىنى تاللاش جەمئىيەت ئېھتىياجىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش بىلەن بىر چاغدا، شەخسنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە نېمىنى ئىجاد قىلىپ بېرىشكە نىيەت قىلغانلىقىدىكى ئىشتىياق ۋە ھەۋەسكە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىشتىياق كىشىلەرنىڭ رېئال ئوبيېكتىپ دۇنياغا تۇتقان ئۆزگىچە پوزىتسىيىسى ۋە تونۇشىدىكى يۈزلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئىشتىياقنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ مەلۇم بىر شەيئىگە بولغان قىزىقىشنى ئاساس قىلغان ئارتۇقچىلىققا ئىگە. بىر كىشىدە بىر شەيئىگە نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولغاندىلا، ئاندىن شۇ شەيئىگە قارىتا ھەۋەس تۇغۇلىدۇ. ھەۋەس ئىشتىياقنىڭ ئارتۇقچىلىقى (مەخسۇسلىقى) نى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئىشتىياق قانچە كۈچەيسە ھەۋەس شۇنچە قوزغىلىدۇ، تەتقىقاتتىكى تىرىشچانلىق شۇنچە ئۇلغىيىدۇ، ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىمۇ شۇنچە چوڭىيىدۇ. بۇ ھال ئىشتىياق — ھەۋەس — ئارتۇقچىلىق — ئىقتىدار تەرتىپى بويىچە تەكرارلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئىشتىياق ۋە ھەۋەس ئىجادىي پائالىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى — كىشىلەرنىڭ ھەقىقەت ئىزدەشكە تاشلانغان تۇنجى قەدىمى بولىدۇ. شۇڭا، بىر كىشى تاللانتلىق بولۇپ چىقىمەن دەيدىكەن،

ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بولمىغانلىقتىن، بىرەر شامالغا يولۇققان هامان ئۈتتەك قىزغىنلىقتىن سوۋۇپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئازراق تاپا - تەنە ياكى زەربىگە ئۇچرىغان هامان چىدىيالماي هەممىدىن ۋاز كېچىدۇ، هالبۇكى ئۆزىنىڭ قەۋمى ۋە يۇرتىنىڭ غېمىنى يېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ ئادەملىك ئىززەت - هۆرمىتىنىمۇ يەرگە ئۇرىدۇ. بۇ، ۋاقىت بىلەن هېسابلىنىدىغان چەكلىك، قەدرى - قىممەتلىك هايات ئۈچۈن نېمە دېگەن هاقارەت - هە!

تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەرنى ئويلساق، ئۇلارنىڭ هەر خىل پىتنە - پاساتلار، تاپا - تەنىلەرنىڭ زەربىسىگىلا ئەمەس، هەتتا ئاجايىپ يامان زالىملار ۋە كىشىنى سەسكىندۈرىدىغان زۇلمەت كۈچلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماي ئالغا باسقان. بۇ دۇنيادىكى بارلىق ناچارلىق ۋە ناكەسلىكلەر ئىچىدە ئادەمنى ئەڭ قىينايدىغىنى خورلۇقتۇر، ئىنسان قوبۇل قىلىش ئەڭ تەس بولغان نەرسە باشقىلارنىڭ ناهەق بوزەك قىلىشى، خارلىشىدۇر. ئەمما، بۇنداق خورلۇق ۋە قوبۇل قىلىش تەس بولغان نەرسىنىمۇ ئادەم ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇلۇغ يالقۇنلۇق ئىنقىلابىي قەدەملەر ئارقىلىقلا يەنجىپ تاشلىشى مۇمكىن. نوبىل ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە پارتلاتقۇچ دورىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۆز ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋاتقان خوشاللىقتا بۇنداق تاسادىپىي پارتلاشنىڭ ئۇنىڭ نەزىرىگە گويا ئاشىق بىقارار بولغان گۈزەل پەرىدەك كۆرۈنگەنلىكىنى ئېيتقان. دېمەك، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت پەزىلىتى ئادەمگە ئەڭ يامان خەتەرنىمۇ بۆسۈپ ئۆتىدىغان شىجائەت ۋە غەيرەت ئاتا قىلىدۇ. خەلقىمىز، ۋەتىنىمىز ئالدىدا، قىسقىسى، جەمئىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بارلىق قىيىنچىلىقلارنى

بار، بۇلار ئىچىدە كۆپرەك كىشىلەر مايىل بولۇۋاتقان قاراش
ئامېرىكا پسىخولوگى ماسلوۋنىڭ قارىشىدۇر. ئۇ پسىخىكىسى
ساغلام كىشىلەر تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ دەپ قارايدۇ:

رېئاللىققا بولغان سەزگۈرلىكى ئۆتكۈر بولىدۇ؛ كونا ئادەتلەرگە
يېپىشىۋالمايدۇ؛ ھاياتنى، باشقىلارنى، تەبىئەتنى سۆيىدۇ؛ تۇرۇۋاتقان
مۇھىتتا مۇستەقىللىق ۋە تېچلىقنى ساقلايدۇ؛ ئېگىزلىك بولغان
پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي نەزەرىيىلەرگە كۆڭۈل قويىدۇ؛ ئەڭ نورمال
شەيئىلەرگىمۇ ئىشتىياق باغلايدۇ؛ ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلەن
چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتالايدۇ ۋە قىزغىنلىق بىلەن باشقىلارغا يار-
يۆلەك بولىدۇ؛ ھەقىقىي دېموكراتىك پوزىتسىيىگە، ئىجادىي ئىدىيىگە
ۋە يۇمۇرلۇق ھېسسىياتقا ئىگە بولىدۇ. ھاياتنىڭ خۇشلۇق-
خاپىلىقلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ.

ئەقلىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار
پسىخىكا ساغلاملىقىنىڭ بەلگىسى بولغان يۇقىرىقى تەرەپلەردە
ئۆزلىرىنى تاۋلىشى، ساغلام پسىخىكا پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە يېتىشتۈ-
رۈشى كېرەك. ھازىرقى تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ
جەھەتتە تاۋلىنىشتا ئالدى بىلەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ رولى
ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. كىشىلەر يازغۇچىنى "ئىنسانلار روھىنىڭ
ئىنژېنېرى" دەپ ئاتايدۇ. مەشھۇر يازغۇچى چىن مۇ «بالىلىق
چېغىمنى ئەسلىسەم» دېگەن ئەسىرىدە، ياخشى ئەسەرلەرنىڭ قانداق
قىلىپ ئۇنىڭدا گۈزەل قەلب يېتىشتۈرگەنلىكى، قانداق قىلىپ ئۆزى-
نىڭ ئىختىساسلىشىش يولىغا مېڭىشىغا سەۋەب بولغانلىقى ئۈستىدە
توختىلىپ: "مۇنەۋۋەر ئەسەر ھەقىقەتەن خەزىنىگە ئوخشايدۇ، بۇ
خەزىنە ئىچىگە كىرىپ قالساق، ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك بايلىقلار شۇ

شاختىن ـ شاخقا قونماستىن، بىر مەۋقەگە كېلىشى ۋە جەمئىيەت، دۆلەتكە پايدىلىق بىر ئىجادىيەت نىشانىنى تاللاپ پەن ھەقىقىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

3) پسىخىكا ساغلاملىقى. كىشىلەر چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان، ئاجايىپ ئىجادىي ئەمگەكلەر بىلەن خەلقى ـ ئالەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئالىملارنى ئويلىغىنىدا، ئېھتىمال ئۇلاردا ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە پەزىلەتلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايدىغاندۇر. ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، ئالىملار ھەممىلا يەرگە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان مایاك ئەمەس، بەلكى كىشىلەر كۆرۈپ بېتەلمىگەن نەرسىلەرنى كۆرۈش، كىشىلەر بايقاپ ئالالمىغان نەرسىلەرنى بايقاش پسىخىكىسى بار ئادەملەردۇر. بۇنداق كىشىلەردە ساغلام پسىخىكا بولىدۇ. ئىلىمىزنىڭ پسىخولوگلىرى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: پسىخى-كىسى ساغلام كىشىلەر، بىرىنچىدىن، كۆپ ساندىكىلەر بىلەن پايدا-زىيان توقۇنۇشىدا بىرلىككە كېلەلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىش، ئەمگەك ۋە تۇرمۇشنى نورمال داۋاملاشتۇرالايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، باشقىلار بىلەن نورمال مۇناسىۋەتتە بولالايدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلار ئۇنى چۈشىنىدۇ، ئۇمۇ باشقىلارنى چۈشىنىدۇ؛ نورمال چاغلاردا باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ، ئۇنىڭ جامائەتچىلىكتە دوستلىرى بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، ھەرىكىتى نورمال بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ ھەمدە ئىزچىللىق ھەم ئوموميلىق كۆز قارىشىغا ئىگە بولىدۇ.

ساغلام پسىخىكا تۆۋەنچىمۇ ھەققىدە خەلقئارادا نۇرغۇن تەلىماتلار

يىلغا بارغاندا ئاندىن مېنىڭ ئەسىرىمنى ئوقۇيدىغانلار چىقىدۇ" دېگەنىدى. بۇ بىر خىل ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز راست بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ «قىزىل ۋە قارا» دېگەن داڭلىق ئەسىرى ئەدەبىيات ساھەسىدە راستىنلا داڭ چىقاردى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنىڭ "ئۆزىگە ئىشىنىشى" ھەرگىز ئاساسسىز، كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان، قارىغۇلارچە ئېيتىلغان ئۆزىگە ئىشىنىش بولماستىن، بەلكى ئورۇنلۇق ئىشىنىش بولۇپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىغا ئۇيغۇنىدى. دېمەك ئۆزىگە ئىشىنىش ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغاندىلا ئىشەنچلىك بولىدۇ.

گىتلېر يازغان «كۈرەش نىشانىم» دېگەن كىتابتا گەۋدىلەندۈرگەن "ئۆزىگە ئىشىنىش" دۇنيادا كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ، لېكىن، ئاقىۋەتتە گىتلېر يەنىلا ئاجايىپ زور مەغلۇبىيەت بىلەن ئۆلدى؛ ناپالېئون ئۆز ۋاقتىدا كۈچلۈك قوشۇن ۋە زامانىۋى قورallarغا ئىگە بولدى، ئۆزىنى "ئالپ تاغلىرىدىنمۇ ئۈستۈن" دەپ قارىدى، ئەمما، روسىيىگە تاجاۋۇز قىلغاندا مەغلۇپ بولۇش ۋە سان ھېلىنا ئارىلىدا ئۆلۈشتەك ئاقىۋەتكە قالدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، گىتلېر ۋە ناپالېئونلار ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ ئۆزىگە تەلۋىلەرچە ئىشەنگەنىدى.

يۇقىرىقى ئىككى خىل ئاقىۋەتتىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، كىشى ئۆزىگە ئىشەنمىسە، بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، ئۆزىگە ئىشىنىش چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، ئەسەبىيلەرچە ئىش كۆرۈش كېلىپ چىقىدۇ-دە، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ. بۇ، ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ ئاكتىپ-پاسسىپ ئىككى تەرىپى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

هامان زوقۇغىنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا دادام مېنى ئېلىپ بېر
بېرمۇنچە كىتابلارنى سېتىۋېلىپ كەلگەندە، مەن شۇ هامان
كىتابلارنى پولغا يېيىپ دۈم يېتىپ قانماي ئوقۇيتتىم... مەن دائ
شۇنداق ئويلايمەنكى، ئەگەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر جەلب قىل
تۇرمىغان بولسا، كىچىك چېغىمدىكى كەپسىزلىكىمدىن، باشقى
يولغا مېڭىپ، هاڭغا چۈشۈپ كەتكەن بولاتتىم. بەختىمگە يار
كىتاب ئوقۇشقا بولغان ئامراقلىقىم مېنى تەدرىجىي قۇتقۇزۇۋالدى
دېگەن.

ئۇنىڭدىن قالسا، روهى كۆتىرەڭگۇ، دىلى شاد بولۇش، ساغلا
بولمىغان ئارزۇ-هەۋەسلەردىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ هەقتە ب
كۆپ گەپ قىلمىساقمۇ هېكايە ۋە رىۋايەتلەردە ئۆزلىرىنى تۇتالماي
يامان ئارزۇ-هەۋەسلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن پادىشاهلارنىڭ
گادايلىققا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە ساغلام ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن بىر
مۇنچە كىشلەرنىڭ گادايلىقتىن شاهلىققا ئايلانغانلىقى هەققىدىكى
هېكمەتلەر بىلەن تونۇشۇش كۇپايە قىلار.

ئۇنىڭدىن قالسا، پسىخىكا جەهەتتىكى ساغلاملىقنى يۇكسەك
دەرىجىدىكى مۇقىملىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك. بۇنداق
مۇقىملىق قەتئىيلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى پسىخىكىلىق هالەت
يۇكسەك دەرىجىدىكى مۇقىملىققا يەتكەندىلا، تاشقى مۇهىتنىڭ
هەرقانداق دەخلىسىگە قارشىلىق كۆرسەتكىلى ۋە تاقابىل تۇرغىلى،
مەنىۋى ساغلاملىقنى مۇئەييەن دەرىجىدە ساقلاپ، ئۇنىڭ ئىجادىي
رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

4) ئۆزىگە ئىشىنىش. 100 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ستېندال ئۆز
ئەسىرى تېخى جاهاندىكى كىشلەرگە تونۇلمىغان چاغدا: "1935-

ئېيتىلغان ئاشۇ ناچار پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئىش ھەممە باللاردا مۇتلەق مۇشۇنداق بولمىسىمۇ، كۆپ ھاللاردا شۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بەختكە يارىشا باللار مېھرىبان ئاتا-ئانا ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئادەتتە كۆپ تاللانمىغاچقا، يامان پەزىلەتلەرنىمۇ ئاسانلىقچە ئۆزىدە يېتىلدۇرمەيدۇ. ئارزۇلانغان ۋە ئارزۇلانمىغان باللارنىڭ ئىككى خىل پەزىلەتكە مايىل بولۇشى، ئادەملەرنىڭ پەزىلىتى نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىگە ئىشىنىش دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەربىرىمىزنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىگەرچىلىك ئۆلچىمى بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەنە شۇ ئۆلچەملىرىمىزگە سېلىشتۇرۇپ تۇرىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچى قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئادەمنىڭ ياخشى پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەنمىز، ئۇ ئادەمنى كۆپ ئەيىبلەۋەرمەستىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئادەمگەرچىلىك ئۆلچىمىنى داۋاملىق تۈزىتىپ توغرىلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز، ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە چېقىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر ئۆزىمىز مەلۇم جەھەتتە بىرەر ئەقلىي پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرەلمەكچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە بولغان قارشىمىزنى يېڭىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك. بۇنداق قىلمايدىكەنمىز، ئۆزىمىزنىڭ پەزىلىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىمىز بىكارغا كېتىدۇ. ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى ياخشىلاش ۋە ئۇنى ئەقلىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان ھالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىش كېرەك. چۈنكى تاشقى ئامىل

ئۆزگە ئىشىنىشنىڭ ئىككى ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىكى سەۋەب
شۇكى، ئۆزگە ئىشىنىش كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەمنى مەلۇ
تۇرمۇش نىشانىغا داۋاملىق بىلەن باشلايدىغان پىسخىكا پەزىلەت
بولۇپ، ئۇنىڭ پاسسىپ تەرىپى ئەۋج ئالغاندا، ئۆزگە ئىشىنىش
ھەددىدىن زىيادە كۈچلۈك بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، كىشىنى شۆھرەتپە
رەسلىككە باشلاپ كېتىدۇ، ئاكتىپ تەرىپى ئەۋج ئالسا، كىشى
ئالغا ئىنتىلىدىغان، تۇرمۇش ۋە ئىلمىي ئىشلاردا دادىل قەدە
تاشلايدىغان قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە، ناپالېئونغا ئوخشاش، كال
قىزىپ قالغاندا ئۆزگە قارىغۇلارچە ئىشىنىشكىمۇ قارشى تۇرىمىز
تۈرلۈك ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى تۈرلۈك مەغلۇبىيەتلەر-
نىڭ خېلى كۆپچىلىكى ئۆزگە ئىشىنىشنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن
كېلىپ چىققانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ
شەرت ـ شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدىكى ستېندالچە ئۆزگە
ئىشىنىشنىمۇ قەتئىي قۇۋۋەتلەيمىز.

بەزىلەر: ئىشەنچىسىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى تۇغما بولىدۇ، ئۆز-
گەرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئاتا ـ ئانىسى
ۋە قەۋمى ـ قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن ۋە مۇۋاپىق
ئارزۇلانغان باللار كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆزىنى "ئەقىللىق، ئاق
كۆڭۈل، چىرايلىق ئوخشايمەن، شۇڭا باشقىلار مېنى ياخشى كۆرىدۇ"
دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەشۇ ھۆرمەت ۋە نامغا لايىق
بولۇش ئۈچۈن، باشقىلار ئىشەنگىدەك ياخشى پەزىلەتلىك بولۇشقا
تىرىشىدۇ. باشقىلار ياخشى كۆرمەيدىغان باللار ھەم كىشىلەر ئۇنى
"دۆت ساراڭ، نان قېپى، لەتتىۋا" دەپ تىللىغانلىرىدا، ئۆزىنىڭ
ياخشىلىقىغا ئىشەنمەيدۇ ـ دە، باشقىلارنىڭ تىل ـ دەشناملىرىدا

ئالملارنىڭ ئۇلۇغ بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكرلىرىگە، روھى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان يېڭى نەرسىلەرگە ئىشەنگەن، ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى ئويلىرى ھەقىقەتكە قارشى نەرسىلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئۆزى بىلىپ يەتكەن ھەقىقەتكە سادىق بولۇپ، ھەقىقەتكە قارشى نەرسىلەر بىلەن مۇرەسسە قىلمىغان. ئۇلار ھەقىقەتكە قارشى ئەخمىقانە مۇرەسسەنى چاكىنا ئادەملەرنىڭ نەيرىڭى دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى شۇكى، ئۇلار كىتابىنامىلاردىكى ئەقىدىلەرنى ئوقۇپ تەتقىق قىلغانكى، ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرىدا تاماملانغان ھەقىقەت دەپ چوقۇنمىغان. پايدىسىز ئەنئەنىۋى (پايدىلىق مىللىي ئەنئەنە ئەمەس) نەرسىلەردىن ئۆزىنى ئازاد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇق خاراكتېرى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىگەن. شۇڭا، ھەربىركىشى ئۆزىنىڭ روھى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ياالقۇنجاۋاتقان ھەقىقەت ئۇچقۇنلىرىنى تېخىمۇ چوڭ يانغىنغا ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

ئۇنداق بولسا ئىشەنچنى قانداق مۇستەھكەملەيمىز؟

"قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە" دېگەن ئەقىدە بويىچە ئىش قىلىپ، ئۆزىمىزدە چوڭ ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئالغا باسىدىكەنمىز، بۇ دۇنيادا باشقىلار چىققان ئىلىم-پەن چوققىسىغا بىزمۇ چىقالايمىز. ئەقىل چىرىغى بىلەن پىسخىكا پەزىلەتلىرىمىزنى تېخىمۇ يورۇتۇپ، ئىلىم مەشئىلى بىلەن بەختىمىزنى يورۇتالايمىز. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، قىلىۋاتقان بىرەر ئىش ئەپلەشمەي قالغان ھامان، بۇ

پەقەت ئىچكى ئامىل ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. بۇ ئىنسانلار پسىخ
كىسىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىيىتىدۇر.

قىسقىسى، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە بولغان ئىشەنچە ھە
بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈ
ناھايىتى مۇھىم. بىز ھەرقاچان ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىنى بارغانسېر
گۈزەللەشتۈرۈشكە بولغان ئىشەنچىنى جان - جېنىمىز بىلەن قوغد
شىمىز كېرەك، دۇنيادىكى بارلىق ئىلمىي بولغان ئىلىم - پەن نەز
رىيىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار ئوبرازىنى بارغانسېرى گۈزەللىك
كۆتۈرۈپ مېڭىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى
قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، ئەمما، بىز پەقەت ياخشى نىيەت بىلەن
بېرىلگەن ۋە بىزنى ئاسرايدىغان، گۈزەللىككە باشلايدىغان پىكىرلەرنى
قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىراۋ بىزنىڭ ئىززەت - نەپسىمىزگە
غۇرۇرىمىزغا قەستەن چېقىلىپ، بىزنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ئادەم
ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ، بىزنى يەرگە ئۇرماقچى بولۇپ كايىسا، تىل
لىسا، ھەتتا تېخى بىزنى دۆت، كالۋا دېسە، بىز ئۇنىڭ تېگىشلىك
داۋسىنى بېرىپ، بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئادەملىك ھۆرمىتى بىلەن
دوستلۇق، ئەركىن - ئازادلىقنى دەپ ئەقلىي پائالىيەت قىلىدىغانلىقى
مىزنى تونۇتۇپ قويىشىمىز كېرەك. چۈنكى بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى
غۇرۇر، ئىنسانى ئىززەت - نەپسى بىزنى قوغدايدۇ، ئادەمدىكى ئەڭ
قىممەتلىك خىسلەت — ئۆزىگە ئىشىنىشنى قوغداشتۇر. ئەگەر بىز
ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدىكەنمىز، بىز
چوقۇم چۈشكۈنلىشىپ كېتىمىز، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە
ئىنتىلىش ئىرادىمىز ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

دۇنيادا ئۇلۇغ ئاتالغان ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ۋە ئۇلۇغ ئۆلىما-

بولىدۇ.

بەشىنچى، توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىن قورقۇپ، يېڭى پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرلاردىن ۋازكەچمەسلىك كېرەك. چۈنكى يېڭى شەيئىلەر-نىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى توقۇنۇشلار ۋە زىددىيەتلەر ئىچىدىن غەلىبە قىلىش جەريانىدۇر. يېڭى نەرسىلەر ھە دېگەندىلا بەزىلەرنىڭ دىتىغا ياقمايدۇ، توغرا بولسىلا ھامان بىر كۈن باش كۆتۈرۈپ خەلققە پايدا يەتكۈزىدۇ.

ئالتىنچى، بىرەر ئەقلىي پائالىيەتتە مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئاسان پەيدا بولىدىغان ئۈمىدسىزلىكتىن ساقلىنىپ، ئىشنى ئاز قىلىپ، باش ئاغرىقىدىن ساقلىنىش، ئاۋارىچىلىقتىن باش تارتىشتەك پاسسىپ پىسخىك خىياللارنى كۆڭۈلدىن چىقىرىپ تاشلاش كېرەك. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت مۇتلەق بولمايدۇ، مەغلۇبىيەتمۇ مۇتلەق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنى كىشىنىڭ تىرىشچانلىق دەرىجىسىگە قاراپ ئۆزگە-رىدۇ.

يەتتىنچى، كەمتەرلىك قىلىمەن دەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان تەسەۋۋۇرلاردىن ئاسانلىقچە ۋازكەچمەس-لىك كېرەك. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ساختا شۆھرەت ئۈچۈن ئەمەس، ئەقلىي پائالىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلاردىن ۋازكېچىپ، كەمتەرلىك قىياپەت كۆرسەتمەكچى بولۇش ساختا شۆھرەتپەرەسلىكتۇر.

### 3. ئەڭ ئەلا پىسخىكا پەزىلەتلىرى

ئەقلىي پائالىيەت جەريانىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئامىللار رول

ئش "قاملاشمىدى" دەپ قارىماي، ئۇنىڭ "قاملاشمىغان"لىقىدى
سەۋەبلەرنى تېپىپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تېپىش كېرەك.
ئىشنى ياخشى قىلىشنىڭ يوللىرىمۇ ئەقىل يوللىرىمىزدا تېخ
مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى، نام-شەرەپ، ئورۇن-مەرتىۋە بىلەن ئەقلىي ئىجاد
يەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك. نام-شەرە
ئورۇن-مەرتىۋە دېگەنلەرنىڭ ئەقلىي، ئىجادىي پائالىيەتلەر بىل
بولغان مۇناسىۋىتى ئانچىۋالا چوڭ ئەمەس، تارىخىي ۋە رې
ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، كاللىسىدا بوخچا يوق، ماددىي تاماخورلۇ
تىن خالىي، تۈز كۆڭۈل بولغان، نام، مەرتىۋىسى يوق كىشىلەر ئەقل
پائالىيەتلەردە مۆجىزە ياراتقانلىقىدىكى پاكىتلار كۆپ، ئۇنى
ئۈستىگە نام-شەرەپ دېگەنمۇ ئەقلىي پائالىيەت مۆجىزاتلىرىد
كېيىن بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، مەلۇم بىر ئەقلىي پائالىيەت ئۈستىدىكى يېڭى پىك
ياكى تەسەۋۋۇر رېئاللىققا ئايلانمىغان ھامان "ئەمدى بولمىدى
دېمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق يېڭى پىكىر
تەسەۋۋۇر دەسلەپ مەيدانغا كەلگەندە، كۆپ ھاللاردا، مۇكەممە
بولۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن، بۈگۈن رېئاللىققا ئايلانمىغان ئىشن
ئەتىمۇ رېئاللىققا ئايلانمايدۇ دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئەقلىل
ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى قاملاشمىغان ئىشلارنى قاملاشتۇرۇش، بۈگۈن
قاملاشمىغان ئىشلارنى ئەتە ياكى ئۆگۈنى قاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت

تۆتىنچى، ماددىي ۋە مەنىۋى شەرت-شارائىت يار بەرمىگەن چاغ
لاردا، توغرا تەسەۋۋۇردىن ئاسانلىقچە ۋازكەچمەي، تىرىشى
شەرت-شارائىت يارىتىش كېرەك ھەم شەرت-شارائىت ياراتقىلى

ئىشقا سالالىشىمىز، ئىجادىي كۈچىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرالىشىمىز مۇمكىن. ئۇنداق بولسا، ئادەم تەبىئىتىدىكى ئىجادىي بولغان پسىخىك پەزىلەتلەر قايسىلار؟

1) يېڭىلىق يارىتىش تەشنالىقى. بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلەردە بۇ مەسىلە شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ تۇراقلىق ھالىتىگە بولغان زىتلىشىش پسىخىكىسىدا ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئۇچقۇنى تەبىئىي ھالدا يالتىرايدۇ. بۇنداق زىتلىشىش پسىخىكىسى تەپەككۇر شەكلى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋە پىكىرەنلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش ۋە پىكرەنلىك كىشىلەرنىڭ پەن ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭىلىق يارىتىش ئىجادىيەت پسىخىكىسىنىڭ مۇھىم بىر پەزىلىتىدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىجادىيەت قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگەندەك خېلى كۈچلۈك بولغان يېڭىلىق يارىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئالدى بىلەن ھاياتقا ۋە ھاياتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرگە قىزىقىدۇ، ئەنئەنىۋى شەيئىلەر ۋە ئەنئەنىۋى تەجرىبىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە يۈلىنىۋېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ بەلكى "ھەق راست"، "دەل ھەقىقەت" دەپ يۈزگەن شەيئىلەرنىڭ كەمتۈك يەرلىرىنى تېپىپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كىشىلەر كۆنۈكۈپ كەتكەن خاتا نەرسىلەرنى رەت قىلىپ تۈزىتىش ئارقىلىق ئىنسانلار ھاياتىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش كويىدا بولىدۇ. بىز بۇ يەردە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ قىزىقىش ئىپادىسى بولغان بىلىش تەشنالىقى ۋە ھەيرانلىقى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولغان شۈبھىلىنىش بىلەن تۆۋەندە

ئوينايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەلاسى ئىجادىيەت پسىخىكى-
دۇر. چۈنكى ھەركىم ئالىقاچان توپلىغان بىلىم-تەجرىبىلىرى
ئاساسىدا ئىلمىي يىغىنچاقلاش ئېلىپ بارىدۇ ياكى ئۇ بىلىملىرىنى
دەۋرگە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭىباشتىن پىششىقلاپ ئىشلەپ يېڭى
ئىدىيە، يېڭى چۈشەنچە، يېڭى نەتىجە، يېڭى شەيئى، يېڭى بۇيۇم
ئىشلەپچىقىرىدۇ، بۇنىڭدا ئىجادىيەت پسىخىكىسى ناھايىتى مۇھىم
رول ئوينايدۇ.

بىز جاپالىق ئۆگىنىش جەريانلىرىنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈپ، ئەتراپلىق بىلىم ئالغاندىن كېيىنلا ئۇنى قانداق تەتبىقلاش توغرىسىدا باش قاتۇرىمىز ياكى بىلىمىمىز بەك كۆپ بولۇپ كەتمىگەن تەقدىر-دىمۇ يېڭى بىر ئىش قىلغىمىز كېلىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ توپلىغان بىلىم-تەجرىبىلىرىمىز ئاساسىدا ئىلمىي يىغىنچاقلاش ياكى يېڭىلىق يارىتىشقا يۈزلەنگەنلىكىمىزدۇر. ئەمما، باشقىلارنى قايىل قىلغىدەك يېڭى ئىشنى ھەممىمىز قىلالمايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ ئىجاد قىلىشقا زۆرۈر بولغان پسىخىك پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرەلمىگەنلىكىمىزدۇر. ھەرقانداق بىر ئىجادىيەت جەريانىدا ئىندىۋىت خاسلىقىنىڭ ئەقلىي ياكى ئىدىيىۋىلىك تەرەپلىرى ئاسا-سلىق ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىندىۋىت خاسلىقىنىڭ پسىخىكىلىق پەزىلەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك-لىرىمۇ رول ئوينايدۇ. بىز ئىجادىيەت جەريانىدا رول ئوينايدىغان دۇنياغا قاراشنى ۋە ئەقلىغە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ئەڭ ئەلا بولغان پسىخىكىلىق پەزىلەت — ئىجادىيەت پسى-خىكىسىنىڭ پەزىلەتلىرىنىمۇ ئىگىلىۋالساق، بىرقەدەر ئۇتۇقلۇق بىلەن ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلىرىمىزدە ئىجادىي قابىلىيىتىمىزنى تولۇق

نىدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىشكە بولغان تەشنالىقى يولىدا ئۇلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئەنە شۇنداق مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئالدى بىلەن بىلىش تەشنالىقى بىلەن باشلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟

بىلىش تەشنالىقى، يېڭىلىق يارىتىش تەشنالىقى ئالىملارنىڭ تۆرلۈك كەشپىياتلىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ ئىلىم-پەن يولىغا مېڭىشىغىمۇ سەۋەبچى بولغان. دۇنيا بويىچە تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى ياساشقا مەسئۇل بولغان ئامېرىكىلىق فىزىكا ئالىمى ئوپپېنھېيم كىچىك چېغىدا چوڭ دادىسى بەرگەن بىر پارچە رودىنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولغان تەشنالىقىنىڭ سەۋەبىدىن شۇ چاغدىن باشلاپ ئىلىم-پەنگە ئىشقىنى باغلىغان.

بىلىش تەشنالىقى بىلەن ھەيران بولۇش چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. ئېينىشتېين: مېنىڭمىزدىكى ئۇقۇم رېئال دۇنيادىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر بىلەن توقۇنۇش ھاسىل قىلغاندا "ھەيران" بولىشىمىز مۇمكىن، ۋەھالەنكى بىلىشىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بۇنداق "ھەيرانلىق"تىن ئۈزلۈكسىز قۇتۇلىمىز. يەنى ھەيرانلىقنىڭ ئۆزى ئىزدىنىشلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر، دېگەن. ئېينىشتېين تۆت-بەش ياش چېغىدا دادىسى كۆرسەتكەن كومپاسقا ناھايىتى ھەيران بولۇپ، ئاشۇنداق بەلگىلىك نىشان بويىچە مىدىرلاپ تۇرىدىغان كومپاس سترېلكىسىنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم نېمىدۇر بىر نەرسە يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان. ئۇ 12 ياشقا كىرگەندە تەكشىلىك گېئومېترىيىسىنى ئوقۇپ بېقىپ، ئۇنىڭدىكى

تونۇشىمىز.
تازا زەڭ قويۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، ئىنسانلار ئورتاق ھالدا بىلىش تەشنالىقى ۋە ھەيران بولۇش تەبىئىتىگە ئىگە. ئىنسانلاردىكى بۇ تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشىغا، يېڭىلىق يارىتىشىغا ئىلھام بېرىدۇ-دە، كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى سىرلارنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تۇرمۇشتا نېمىنىڭ قاتتىق، نېمىنىڭ يۇمشاق، نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەچ بىز ئەنە شۇ بىلىش تەشنالىقى ۋە ھەيران بولۇش ھېسسىياتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ناھايىتى ئۇزاق سەپەرلەرنى باستۇق. ھېچنېمىنى بىلمەي ئاتا-ئانىمىزدىن سوراشقا باشلىغاندىن تارتىپ ھازىرقى بىلىمىزنىڭ يۇكسەكلىك دەرىجىسىگىچە ئەنە شۇ بىلىش تەشنالىقى ۋە ھەيرانلىقىنىڭ شارابىتىنى ئۈزلۈكسىز ئىچىپ كەلدۇق. شۇڭا ، ھازىر تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىنسان ھاياتىدىكى بىلمىگەن سىرلارغا ئادەتتىن تاشقىرى ھەيرانلىق بىلەن سەپ سالىدىغان، ئۇلاردىكى سىرلارنى ئېچىپ تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئايلاندۇرىدىغان كىشىلەردۇر. مەسىلەن، تەجرىبە فىزىكىسىنىڭ پىرى فارادىي بىرچاغدا بىر قېتىم جامائەتكە ئۆزىنىڭ ئېلېكتروماگنىت تەجرىبىسىنى ئەمەلىي كۆرسىتىپ بولۇشىغا بەزىلەر ئۇنىڭدىن: "بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار" دەپ سورىغاندا، فارادىي ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا: "سىز ئېيتىپ بېقىڭە، يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ نېمە كېرىكى بار" دېگەن سوئال بىلەن جاۋاب بەرگەن. قاراڭلار فارادىي نېمىدېگەن ياخشى جاۋاب بەرگەن-ھە! چۈنكى ئىلىم-پەننىڭ ئىجتىمائىي رولى ئاساسلىقى ئىنسانلارغا بەخت يارىتىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئىپادىلە-

يەت جەھەتتە "بىز تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىمىز، تېخىمۇ كەڭ زېمىننى كۆرىمىز، ئەسلىدىكى نەزەر دائىرىمىزدە يوق نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز."

2). شۇبھىچىلىك. بىز شۇبھىلىنىشنى ئىلغار قائىدە-تۈزۈملىرىمىزنى ۋە ئەنئەنىلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدىكى ئىجادىي پىكىرنى ئويغىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ تىلغا ئېلىۋاتىمىز، ئەلۋەتتە. شۇبھىلىنىشنى يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئەمەلىي باسقۇچى دەپ ئاتىسا بولىدۇ. چۈنكى پسىخىكىسى نورمال ئادەملەردە بىلىش تەشنالىقى ۋە ھەيرانلىق بولىدۇ. يەنى ئۇلار تۇرمۇشقا قىزىغىن بولىدۇ. ئەمما ھەرقانداق نەرسىگە قارا-قويۇق قىزغىن بولۋەرمەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ قىزغىنلىق دەرىجىسىمۇ ھەرنېمىگە ئۆز لايىقىدا بولىدۇ. دۇنيانى ۋە ھاياتنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە قىزىقىشتىن باشقا يەنە، ھاياتقا دەخلىسى بولغان نەرسىلەردىن شۇبھىلىنىش، ئۇلارنى ھاياتقا تېخىمۇ پايدىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىش خاھىشچانلىقىدا بولىدۇ. شۇبھىلىنىشمۇ بىلىش تەشنالىقى ۋە ھەيرانلىققا ئوخشاش ئىجادىي پائالىيەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇبھىلىنىش دەماللىققا بىرمۇنچە بېكىتىلىپ كەتكەن نەرسىلەرگە زىت كەلگەندەك تۇرسىمۇ، ئۇ ئىجادىي پائالىيەتلەردە يەنىمۇ يۇكسەك بىر پەللىگە چىقىشتىن دېرەك بەرگەن ھالدا ئەقىل-پاراسەتنىڭ يېڭى ئۇچقۇنلىرىنى كىشىلەرنىڭ نەزەرىگە نامايان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، پەقەت ئىجادىي روھقا باي ئادەملەرلا ئەنئەنىۋى نەرسىلەردىن قانائەت ھاسىل قىلماي، ئەنئەنىۋى شەيئىلەر ۋە تەجرىبىلەرنىڭ ئەقىلغە مۇۋاپىق مېغىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىكى كەمتۈك جايلارنى ئىزدەپ-

ئوخشايلىقچە بىلىۋالغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن تېئورېمىلارنىڭ (مەسىلەن، ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۈچ ئېگىزلىكنىڭ بىر نۇقتىدا كېسىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى تېئورېما ۋەھاكازالارنىڭ) ئىسپاتلىنىشىغا ئىگە بولالىغىنىدىنمۇ ھەيران بولغان. ئېينىشتېيننىڭ ئىسپىلىك نەزەرىيىسىنى ۋاقىت بىلەن بوشلۇق ئۇقۇمىغا بولغان قاتتىق ھەيران قېلىشى تۈپەيلىدىن ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە كەشىپ قىلىنغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، ھەيرانلىق قەدىرلەشكە تېگىشلىك ھېسسىياتتۇر. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىككى، بىز ھاياتىمىزدىكى ھەربىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ــ ئاشۇ بىلىش تەشنالىقى ۋە ھەيرانلىق بىلەن باشلايمىز. ھەربىر مەسىلىنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا، يەنە شۇ تەشنالىق ۋە ھەيرانلىقنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ يېڭى ئىشلارغا ئىشتىياق باغلايمىز. بۇنداق ئايلىنىش بىزنى مەڭگۈلۈك تەرەققىيات مۇسابىقىسىغا باشلاپ كېتىۋېرىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەگەر بىز تۇرمۇش شارائىتىمىزغا كېرەكلىك ئەمەلىي بىلىملەرنى جۇغلىۋالغاندىن كېيىن، تەبىئىتىمىزدىكى ھەيرانلىقنى ئەقلىي قابىلىيەت تەرەپتىكى يەنە بىر ھەۋەس ياكى قىزىقىشقا باشلىمايدىكەنمىز، تەبىئىتىمىزدىكى بىلىش تەشنالىقى ياكى ھەيرانلىق ئاجىزلاپ، بىزدىكى ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىدىمۇ چېكىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر تۇرمۇش شارائىتلىرىمىزغا كېرەكلىك بىلىملەرنى جۇغلىۋالغاندىن كېيىنمۇ، تەبىئىتىمىزدىكى ھەيرانلىقنى تۇرمۇشىمىزدا تېخى ھەل بولمىغان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قىزىقىشىغا ئۈزلۈكسىز تۇردە يۆتكەپ تۇرىدىكەنمىز بىزدىكى ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت سەۋىيىسى ئۆسۈپ بارىدۇ. پاۋلوپنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئەقلىي قابىلە-

بۇرچى ئىنسانىيەتنى بەخت، سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئىزىلىشكە باتۇرلۇق قىلىشتۇر. بىزدە كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىككى تەرەپتە كۆرۈلىدۇ: بىرسى ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا بىرەر يېڭى ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ياكى بىرەر ئىقتىدار كۆرسىتىش؛ يەنە بىرى زامان تەلىپىدىن كېيىن قالغان، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيەلەرنى بۇزۇپ تاشلاش ياكى ئۇنى تۈزىتىپ ئۆستۈرۈش. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ھەرئىككىلىسىدە خوراپاتلىق توسالغۇ بولىدۇ. خوراپاتلىقنى تۈگىتىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئەنئەنىگە ئايلانغان ياكى كۆپچىلىك توغرا دەپ تونۇۋالغان نەرسىلەردىن شۈبھىلىنىشكە جۈرئەت قىلىش ھەرقانداق كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك پەزىلەتتۇر. نۇرغۇن ئالىملار ئەنە شۇنداق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى قەدىرلىك يېرى ئەنئەنىۋى نەرسىلەردىن شۈبھىلىنىش، خاتا نەرسىلەرگە چوقۇنماسلىق، تەتۈر ئېقىملارغا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم-پەن دۇنياسىدىكى بىنەم يەرلەرگە گۈل ئۆستۈرۈشتۇر. ئالايلۇق ئېينىشتېيىندىكى مۇستەقىل كاللا ئىشلىتىپ ئىجاد قىلىش روھمۇ شۈبھىلىنىشتە ئىپادىلەنگەن. ئۇ ھەرقانداق نەزەرىيىلەرنى مۇستەقىل پىكىر قىلىش پوزىتسىيىدە تۇرۇپ تەكشۈرگەن. ئۇ ئەنئەنىۋى ۋە مۇتلەق ۋىقىت — بوشلۇق نەزەرىيىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان «ماس ۋاقىتلىقنى ئۇقۇمى»دىن شۈبھىلەنگەچكە «خۇسۇسىي مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى»نى ئىجاد قىلىشنىڭ غەلىبىلىك سەپىرىگە ئاتلاندى.

بىز ھايات سەپىرىمىزگە نەزەر سېلىپ، ئۇنى مۇۋاپىق تۇردە

تېپىپ، ئۇنى يېڭىلاشقا جۈرئەت قىلىدۇ. شۇڭا بۇ تولىمۇ قەدىرلىك روھتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك روھ بولىدۇكى، بۇنداق شۇبھىلىنىش بولمىسا، يەنى كونىلىقنى تۆگىتىپ يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت بولمىسا ھەرقانداق قابىلىيەت ئىجادىي قابىلىيەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. بەزى چاغلاردا، بەزىلەر مەدەنىيەت ھەققىدە گەپ بولسىلا ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان مەدەنىي مىراسلارنى تىلغا ئالىدۇ، مەدەنىي مىراسلارنى قەدىرلەيدىغان روھنىڭ بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. بىراق، ھازىرقى مەدەنىيەت سەۋىيىمىزنىڭ قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇش بولسا تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۈستىدە كۆپ ئويلانمايدۇ.

رېئاللىق، ئەمەلىي ئېھتىياج ئۈستىدە باش قاتۇرۇش بولسا، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىمىزنى ھازىر قابىلىيەتتىن ئىجادىي قابىلىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا، تار دائىرىلىك، بىر تەرەپلىملىك، قاتماللىقتىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىمىزنى زامان تەلىپى بويىچە جارى قىلدۇرۇپ، تىلغا ئالسا مىللىي غۇرۇرغا دەخلى يەتكەندەك تۇيۇلىدىغان، ئەمما مىللىتىمىزنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بەزى ناچار پسىخىكىمىزنى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بويىچە تەڭشەپ، دۇنيا مىللەتلىرى ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماسلىق ئۈچۈن، ۋۇجۇدىمىزدىكى ئويلاشقا، شۈبھىلىنىشكە جۈرئەت قىلىشتىن ئىبارەت پسىخىكىلىق پەزىلىتىمىزنى ئورغۇتىشىمىز لازىم.

بىز ئويلاشقا، شۈبھىلىنىشكە جۈرئەت قىلىشنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەيمىزكى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ مۇقەددەس

تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتى بىزنى بىرمۇنچە كونا نەرسىلەردىن شۆبھىلىنىشكە، بىر خىل ئىجادىي يول تاللاپ مېڭىشقا قىستىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قەلبىمىزدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى چىرماپ تۇرغان كىشەننى چېقىشىمىز كېرەك.

قەلبىمىزدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى چىرماپ تۇرغان كىشەننى چېقىپ تاشلاش دېگەنلىك ئىجادىي يولدا مېڭىشنىڭ چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن ھاياتىمىزنىڭ مەززىلىك ۋە تېخىمۇ گۈزەل بولۇشىغا دەخلى قىلىۋاتقان كونا كۆز قاراش ۋە كونا نەرسىلەردىن شۆبھىلىنىش دېگەنلىكتۇر. بىز ئالاھىدە تىلغا ئالىدىغان كەشپىيات، ئىجادىيەت دېگەنلەر باشقا نەرسە ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئۇنىڭ نامۇۋاپىق يەرلىرىدىن شۆبھىلىنىش ئاساسىدا، ئۆزگىچە تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۆزگىچە تەسەۋۋۇرلار ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش دېگەنلىكتۇر.

3) قىزىقىشنى مەركەزلەشتۈرۈش. قىزىقىش ئادەمنىڭ مەلۇم شەيئىنى بىلىشكە ئىنتىلىش ياكى مەلۇم پائالىيەتنى ياقتۇرۇش ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ پائالىيەتكە قاتنىشىش خاھىشىدۇر. بۇنداق خاھىش مۇئەييەن ھېسسىيات بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەسىلەن، مۇزىكىغا قىزىقىدىغان كىشىلەر مۇزىكىغا ئائىت خەۋەرلەرگە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، مۇزىكىغا ئائىت تۈرلۈك خەۋەر-مەلۇماتلارنى ئىزدىنىپ ئوقۇيدۇ، يېڭىدىن چىققان تۈرلۈك ناخشىلارغا كۆڭۈل قويىدۇ. تۈرلۈك ياخشى مۇزىكا لېنتىلىرىنى رەتلەپ ساقلايدۇ

خۇلاسىلاپ كۆرسەك، بىرمۇنچە نەرسىلەردىن، ھەتتا ئۆزىمىزدىنمۇ ئازراق شۈبھىلەنمىسەك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئالايلۇق، كىچىك ۋاقتىمىزدا دىلىمىز ئاق ۋە تېتىك ئىدى، ھەرنەرسىنىڭ ياخشىلىق تەرىپىنى ئويلاشنى ئەيىب سانىمايتتۇق، يالغان سۆز قىلمايتتۇق، خىيال كەپتەرلىرىمىز ئىنسانىي ھاياتقا پايدىلىق ھەرقانداق نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ پەرۋاز قىلىشىدا قانات قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېشىمىز چوڭ بولدى، نۇرغۇنلىغان ئادەت-رەسىمـيەتلەر بىلەن كاللىمىز زاماسكىلاندى. تار دائىرىدىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدۇق. بۈگۈنكى كۈندە، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى شۇنداق تېز بولىۋاتىدۇكى، نۇرغۇن جەھەتلەردە كۆز قارىشىمىزنى يېڭىلىمىساق ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشالمايمىز. ئالايلۇق، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرىنىڭ بىلىمى 3 ـ 4 يىل ئىچىدە يېڭىلانمىسا ئۇ ئادەم كارغا كەلمەس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ شەھىرىدىمىزمۇ بۇندىن سەككىز يىل بۇرۇن ئۈچ قەۋەتلىك بىنالار يوق ئىدى. مانا بۈگۈنكى كۈندە قەۋەتلىك ئېگىز بىنالار شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە قەد كۆتۈردى. سەككىز يىل بۇرۇنقى بىر قەۋەت ياكى ئىككى قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى پىلانلىغۇچى كىشىلەرنىڭ ئىلمى ھازىرقى ئالىي ئىمارەتلەرنى پىلانلاشتا كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى. باشقا ساھەلەردىمۇ بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى ناھايىتى تېزلەشتى. ئائىلىمىزگە ئورنىتىلغان زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىڭ تېزلىكتىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىمىزنى زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن توغرا پايدىلىنىشنى بىلگىدەك دەرىجىگە كۆتۈرمىسەك، ئائىلىمىزنى ئىقتىساتچىل باشقۇرۇشتا قىينىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئىش قىلىپ، جاھاننىڭ

باللاردەك ۋە ياكى ساراڭ بىلەن ئوخشىتىشنى پەرق ئەتكىلى بولماي-
دىغاندەك كۆرۈنىدىكەن دەيدۇ، بۇنىسى راست گەپ. بىرەر تەتقى-
قات تېمىسىغا مەركەزلەشكەن قىزىقىش ئۇلارنى ئىزدىنىۋاتقان غايىۋى
دۇنياسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەزىدە ئاشىق-بىقارارغا ئايلاندۇرىدۇ،
ئۇلار بەزىدە شۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم كىشىلەر ياكى شاگى-
رتلىرى بىلەن بىللە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ھەتتا شۇ تېمىغا
مەستانە بولۇپ كېتىدۇ ياكى تەتقىقات تېمىسىدىن باشقا ھەممىنى
ئۇنتۇغان ھالدا گويا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك سۆزلىشىپ ھارغاندا،
مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ياكى كىتابلىرىغا بېشىنى قويغان ھالدا
ئۇخلاپ قېلىپ، تاڭ ئاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق مەر-
كەزلەشكەن قىزىقىش يېتەكچىلىكىدىكى ئۇزاق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق
ئاخىرى بىر كۈن تەتقىقات مېۋىسىنى ئۈزىدۇ. مەركەزلەشكەن قىزى-
قىش ياكى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئىجادكارلارنى ئاشىق-بىقارارغا
ئايلاندۇرىدىغان قىزغىنلىق بولمىسا، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازى-
نىشى مۇمكىن بولمايدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار ئادەتتىكى كىشىلەردىن
ئەقىللىقراق بولغان تەقدىردىمۇ، ئانچىۋالا ھالقىپ كەتكەن دانالار-
دىن ئەمەس، ئۇلار پەقەت بىلىم ئالمىغان ياكى ئازراق بىلىم
ئالسىمۇ تەتبىقلاشنى بىلمەيدىغانلاردىن ھالقىپ تۇرىدۇ. لېكىن،
قىزىقىش، قىزىقىشنى مەركەزلەشتۈرۈش، بارلىق دىققىتىنى قىزغىنى-
لىق بىلەن ئىجادىيەتكە مەركەزلەشتۈرۈش جەھەتتە بولسا، باشقى-
لاردىن زور دەرىجىدە ھالقىيدۇ.

دېمەك، قىزىقىش كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر خىل ئىدىيىسىنىڭ
شەكىللىنىشىدە ياكى خىزمەت ۋە ئۆگىنىشىدە بولسۇن، كىشىنى
ئىجادىي تەرەپكە باشلايدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ كىشىلەر-

ھەمدە مۇزىكا ئاڭلىغاندا كەيپىياتى خۇش خۇي بولىدۇ، زوق-ئىشتىياقى تولىدۇ. يول يۈرگەندىمۇ ئاستا ناخشا ئېيتىپ ماڭىدۇ ھەمدە مۇزىكا پائالىيىتىگە قاتنىششقا ئىرىشىدۇ. ئوقۇتقۇچى بولغانلارمۇ مائارىپ خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە-تونۇشتۇرۇشلار ۋە خەۋەر-ماقالىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىكى خەۋەرلەرنى مەيلى گېزىت-ژۇرناللاردىن ئاڭلىغاندا ياكى تېلېۋىزوردىن كۆرگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندىمۇ مائارىپقا ئائىت مەسىلىلەرنى سۆزلىششنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشىدە مەلۇم شەيئىگە قىزىقىش بولىدىكەن، شۇ شەيئىي ياكى پائالىيەتكە ئاكتىپ، قەتئىي پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. ئۇ ئۆزى قىزىقىدىغان ئۆگىنىش، تەتقىقات خىزمەتلىرىنى بىر خىل يۈك دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا ئۆگىنىش، خىزمەتلىرىدىكى قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماي قەتئىيلىك بىلەن ئۆگىنىدىغان، ئىشلەيدىغان ئىشتىياق پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئالىملار ۋە ئىجادكارلارمۇ ئاۋۋال ئاشۇ كىشىلەردەك بىرەر نەرسىگە قىزىقىدۇ، بۇنداق قىزىقىش بارا-بارا ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنى بارلىق قىزىقىشلىرىنى بىرلا نەرسىگە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. نۇرغۇن ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىغا نەزەر سالساق، بەزى ئالىملارنىڭ ئۆزى قىزىققان تەتقىقاتنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، لازىم تېپىلىغاندا غەۋۋاسلاردەك دېڭىز ئاستىغا كىرىشتىن ياكى تاغقا چىققۇچى سپورتچىلاردەك قىيا تاغلارغا چىقىشتىن يانمايدىغان ھالەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بەزىلەر بىلىملىك ئالىملار ياكى بەزى يازغۇچىلار بەزى چاغلاردا ئاجايىپ جەسۇر بولۇپ كۆرۈنسە، بەزىدە كىچىك

بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنىڭ پائالىيەتكە بولغان ئىجادىي پوزىتسىيىسى ھەرقاچان ئەڭ مۇكەممەل ئۇسۇلىنى ئىزدەپ تېپىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا، بىر ئادەم پەقەت ئادەتلىنىپ كەتكەن تار پائالىيەت دائىرىسى ئىچىدىلا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋەرمەي، ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى ھەر تەرەپلىمە يېتىشتۈرسە، يېڭى ئىلھامغا ئىگە بولۇپ، ئىجادىي پائالىيىتىنى بىرقەدەر تېزرەك ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن. دېمەك، قىزىقىشنىڭ مۇنداق تۇراقلىنىشى ۋە ئىجادىي تەرەپكە قاراپ مېڭىشى پەقەت ئۇنى چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق قىزغىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرگەندە رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇڭا، قىزىقىشنىڭ كەڭلىكى، مەركىزى، تۇراقلىقلىقى ۋە ئۇنۇمى قاتارلىق تۆت ئالاھىدىلىكىنى بىلىش، قىزىقىشنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىگە ئەڭ مۇۋاپىق بولغان دەرىجىدە قوزغاش، ئەڭ مۇھىمى كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىشنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى مەركىزىي قىزىقىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەركىزىي قىزىقىشنى ئۇزاققا داۋام قىلالايدىغان تۇراقلىق قىزىقىشقا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق قىزىقىشنىڭ ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. قىزىقىشنىڭ تۆت تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

بىرىنچى، قىزىقىشنىڭ كەڭلىكى: بۇ، قىزىقىش دائىرىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر يېڭى شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر بولىدۇ، ھەممىلا ئىشقا قىزىقىدۇ؛ بەزىلەر بولسا، ئۆزىنى كىچىككىنە دائىرە بىلەن چەكلەپ قويىدۇ، قىزىقىشىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن تار بولىدۇ.

ئادەم پسىخىكىسىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشى كۆپىنچە قىزىقىشنىڭ

نىڭ بىلىم ئىزدەپ ئەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىگە كۆڭۈل قويۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا، خىزمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ. ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان كىشىدە ئۆگىنىشتە تېخىمۇ تەشەببۇسكار، ئاكتىپ پوزىتسىيە شەكىللىنىدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە ئارقىسىدا ئۇنىڭدا خۇشال-جىددىي كەيپىيات ۋە تەشەببۇسكار ئىرادە بىلەن ئىجاد قىلىدىغان ھالەت پەيدا بولىدۇ-دە، بۇ ئار-قىلىق ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئەمما، قىزىقىش تۇغما بولمايدۇ، ئۇ مەلۇم ئېھتىياج ئاساسىدا، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىپ مېڭىۋېرىدۇ. شۇڭا، ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئىجادىيەت نىشانىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇن قىزىقىشچانلىقنى پىلانلىق تۈردە چېنىقتۇرۇش كېرەك. قىزىقىش پەزىلىتىنى چېنىقتۇرۇشنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەيمىزكى، قىزىقىشنىڭ ئادەمنىڭ پائالىيىتىدە ئوينايدى-دىغان رولىدا بىرنەچچە خىل ئەھۋال بولىدۇ. مەسىلەن، قىزىقىش-نىڭ پائالىيەتكە بولغان رولى تەييارلىق باسقۇچىدا تۇرغاندا، دىگەندەك تۇراقلىق بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنى چېنىقتۇرۇپ تۇراقلاش-دۇرسا ئادەم ئۆزى قىزىققان ئىشتا تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر ئادەم دەسلەپتە مانتىيورلۇققا قىزىقىدىغان بولسا، ئۇ بۇنداق تەييارلىق باسقۇچىدىكى قىزىقىشنى داۋاملىق چېنىقتۇرۇپ ئۆگەنسە فىزىكىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەگەر بۇنداق قىزىقىشنى كېڭەيتىپ ماڭسا، فىزىكىنىڭ بىرەر ساھەسىدە مۇتەخەسسىس بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، بىر ئادەمنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدىكى قىزىقىشى بىلەن بىرەر كەسىپكە بولغان قاتتىق قىزىقىش-قىزغىنلىق ئوتتۇرىسىدا پەرق

ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ھېسسىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش روھى بويىچە، بارلىق قىزىقىشىمىزنى ئۆزىمىز ئىجاد قىلماقچى بولغان ساھەگە ياكى پىلانىغا تۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇنى قىزغىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، قىزىقىشنىڭ ئۈنۈمى: بۇنىڭدا قىزىقىشنىڭ پائالىيەتتە ھاسىل قىلالايدىغان ئۈنۈمىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ قىزىقىشى پەقەت ئارزۇ ۋە تىلەك ھالىتىدىلا توختاپ قالىدۇ. بۇنداقلارنىڭ قىزىقىشى ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىرىشىپ ئۆز قىزىقىشىنى قاندۇرۇشىغا تۈرتكە بولالمايدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ قىزىقىشى بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ئادەمنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتىگە تۈرتكە بولىدۇ، ئەمەلىي ئۈنۈم بېرەلەيدۇ. شۇڭا، بىز ئىجادىي پائالىيەتلىرىمىزنى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، نورمال قىزىقىشىمىزنى قاتتىق قىزىقىشقا، كەڭ دائىرىلىك قىزىقىشىمىزنى مەركىزىي قىزىقىشقا ۋە ئۇنى تۇراقلانغان قىزىقىشقا كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

پارتىيىگە، ۋەتەنگە ۋە ئۈتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا بولغان كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىر خىل قىزىقىشتۇر. بۇنداق قىزىقىش ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالىدىغان، بىرەر ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنىڭ تۈپ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان پەزىلەتكە ئىگە. ئۇ ھاياجانلىنىشقا قارىغاندا چوڭقۇر بولىدۇ، ئۇزاققا داۋام قىلىدۇ، قىزىقىشمۇ ئىجابىي ۋە سەلبىي رولغا ئىگە. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ئۇ قارىتىلغان ئوبيېكتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر قىزغىنلىق شەخسىي نام-مەنپەئەت قوغلىشىشقا قارىتىلسا، كوللېكتىپ ۋە دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە ئېلىپ

كەڭ دائىرىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك بىلىمگە ئىگە بولۇشى ئۇلاردا كەڭ قىزىقىشنىڭ بولغانلىقىدۇر. ماركسنىڭ قىزى ماركستىن ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھېكمەتلىك سۆزنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، ماركس قىزىغا قەدىمدىن كېلىۋاتقان مۇنۇ ماقالىنى يېزىپ بەرگەن: "ئىنسانلارنىڭ ھەممە نەرسىسى مەن ئۈچۈن يات ئەمەس". شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئالدى بىلەن قىزىقىشچانلىقىمىزنى كەڭ دائىرىدە يېتىشتۈرۈپ، كەڭ بىلىم ئېلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، قىزىقىشنىڭ مەركىزى: بۇ، كەڭ قىزىقىش ئاساسىدا بىر مەركىزىي قىزىقىش بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىش پەقەت مەلۇم مەركىزىي قىزىقىش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن ئۇ قىممەتلىك پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا، قىزىقىشنىڭ كەڭلىكى بويىچە ئەتراپلىق بىلىم ئالغاندىن كېيىن، بىرەر ئىجادىي پائالىيەتنى نىشان قىلىپ، قىزىقىشنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، قىزىقىشنىڭ تۇراقلىقلىقى: بىر ئادەمدە ئۇزاققا داۋام قىلىدىغان تۇراقلىق قىزىقىش بولغاندىلا، ئاندىن ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولالايدۇ. بەزىلەردە تۈرلۈك قىزىقىشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قىزىقىشى دائىم ئالمىشىپ تۇرىدۇ. نېمىنى كۆرسە شۇنى قىلغۇسى كېلىدىغان بۇنداق ئادەملەر چوڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىجادىي پائالى-يەتلەردە نىشانلىق ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ

پائالىيەتلەردىمۇ بىر خىل باتۇرلۇق بولۇپ ئىپادىلىدۇ.
ئالايلۇق، قىرىلىقنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئادەمدە فىزىئولو-گىيىلىك يۇقىرى باسقۇچ ۋە ئەقلىي پائالىيەت ئەھمىيىتىدىكى ئالتۇن دەۋر ئاياغلىشىپ، توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان چېكىنىش يۈزلىنىشى پەيدا بولىدۇ. شۇنىداقلا بەختسىز ھادىسىلەرگە يولۇقۇشى بىلەن بەزى ئادەملەرنىڭ جىسمانىيىتىدە ئېغىر زەخىملىنىش يۈز بېرىپ، جىددىي جىسمانىي ھەرىكەتلەردىن توختاشمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇنداق چاغدا باتۇر كىشىلەر قەتئىيەتلىكتە تايىنىپ زېھنىي جەھەتتىكى كەملىكنى تولۇقلاپ، ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ ياشلىق باھارىنى ساق-لايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇستەھكەم غايە مەنزىل ئۇچۇن كېتىۋاتقان كىشىلىك ھاياتنى ساقلاپ قالىدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ ھەمدە بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى زاماننىڭ قەدىمىدىكى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزىدىغان شەرتمۇ بولۇشى مۇمكىن. نىشان ۋە نىشانىغا بارىدىغان قەتئىيەتلىك يوق ئادەملەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلاردىكى ئىرادە كۆيىي فىزىئولوگىيىلىك چېكىنىشكە ئەگىشىپ تۈگىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى ئەقلىي پائالىيەتلەرمۇ ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.
ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇت قەشقىرىنى ئالساق، قەتئىيەتلىكى ئۈستۈن كىشى بولغانلىقتىن، ياشىنىپ قالغاندىمۇ ئۇلۇغ ئىرادە كۈچى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى 15 يىل چامىسىدا كېزىپ تەكشۈرۈپ، 60 ياشتىن ھالقىغاندىمۇ دۇنياغا مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ چىققان. ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئەما ۋە گاس ئايال يازغۇچى ھېيرۇن كېلى بىر يېرىم ياش چېغىدا كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، ئۇ

بارىدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق قىزغىنلىقنىڭ قانداقتۇر ئىجتىمائىي قىممىتى بولمايدۇ. كوللېكتىپنىڭ شان - شەرىپىگە، جەمئىيەت پاراۋانلىقىنى كۆزلەشكە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا قارىتىلغان قىزغىنلىقلا مۇھىم ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگىدۇر.

قىزغىنلىق غايەت زور تۈرتكىلىك كۈچكە ئىگە بىر خىل ھېسسىيات ياكى ھاياجاندۇر. پاۋلوپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "پەن ئادەمدىن ئۆمۈرۋايەت كۈچ سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ"، "پەن ئادەمدىن يۇكسەك جىددىيلىك ۋە زور قىزغىنلىقنى تەلەپ قىلىدۇ". ئادەمدە قايناپ تاشقان قىزغىنلىق بولمايدىكەن، پەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببەت بولمايدىكەن، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش مۇمكىن ئەمەس.

قىزغىنلىققا قەيسەر ئىرادىمۇ يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىغا غايەت زور قىزغىن بولغان كىشىلەرلا ئۆز-ئۆزىنى رىغبەتلەندۇرۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ، قەيسەرلىك بىلەن ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارالايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قىزغىنلىقنى ھېسسىيات بىلەن ئىرادە ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

4) قەتئىيەتلىك. قەتئىيەتلىك شۇنداق قارىماققا ئادەمنىڭ جىسمانىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تويۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇھىمى ئۇ بىر خىل يېڭىلمەس روھىي كۈچ ياكى ئىرادە كۈچىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولغان جەسۇرلۇقتۇر. ئۇ يالغۇز جىسمانىي پائالىيەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان باتۇرلۇق بولۇپلا ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئىجادىي

ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئىجادىي پەزىلەتكە ئىگە قىلىغان. ئۇنداق بولسا ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى بۇنداق قەتئىيەتلىك قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

بىرىنچى، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە باتۇرلۇق كۆرسىتىشتە ئىپا- دىلىنىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك باتۇرلۇقتىن ئاي- رىلغان ھەرقانداق قابىلىيەت ئىجادىي قابىلىيەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈل- مەيدۇ، ئىجاد قىلغۇچى كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان نەرسىلەردىن گۇمانلىنىدۇ، يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئىجادىي روھىنى شۇ ھامانلا چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ ۋە بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن زىتلى- شىدۇ. بۇنداق چاغدا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يەتكىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئىجادكار باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، ئۆز نۇقتىئىنەزىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن قورقماي ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا ئىجادىي پىكىرلەر تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن نەرسە بولغانلىقتىن، ئىجادكار پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇنداق چاغدىمۇ بەل قويۇۋەتمەي، يېڭىباشتىن تەسەۋۋۇر قىلىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەش ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، قەتئىيەتلىكنىڭ ئىپادىسى بولغان باتۇرلۇق.تۇرلۇك توساقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈشتىكى ھالقىلىق روھتۇر.

ئىككىنچى، بەزى ئىشلاردا كەسكىن قارارغا كېلىشتە ئىپادىلى- نىدۇ. بۇ پەزىلەت باتۇرانىلىق پەزىلىتى بىلەن قولداشتۇر. ھەممى- مىزگە مەلۇمكى، ئادەتتىكى كىشىلەر مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە تېپ- تىنچ ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەتتا ئۆزى ئىشلەۋاتقان كەسىپنىڭ

قەتئىيەتلىك باب-دا ئاجايىپ چىنىققان كىشى بولغاچقا، تەقدىرگە باش ئەگمەستىن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىرادە بىلەن ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان مۈشكۈللەرنى يېڭىپ، ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى خاففو ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. ئۇ يەردە قەيسەرلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، بارلىق دەرسلەردە نورمال كىشىلەردىنمۇ يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن. كېيىن يەنە بەش دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگەنگەن، ئاخىرىدا ئالەمشۇمۇل يازغۇچى بولۇپ يېتىشكەن. كوپېرنىك، گالىلېي، شىنكو، جاك خېك قاتارلىق دۇنياۋى ئالىملارمۇ ئىلمىي تەتقىقاتتا كېرەكلىك ھېچقانداق ئەسۋابلارنى تاپقىلى بولمايدىغان شارائىتتا قەتئىي نىيەت بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا كېرەكلىك ئەسۋابلارنى ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ، ھەم ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسىنى بىر باشقا ئېلىپ چىققان، ھەم تەتقىقات جەريانىدىكى توسالغۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن بىرمۇنچە سايمانلارنىمۇ ئىجاد قىلغان. ھازىرقى كۈندىمۇ تېنى ناھايىتى ئاجىز بولغان بەزى ئالىملىرىمىزنىڭ كېچە-كېچىلەپ ئۇخلىماي ئىجاد قىلىۋاتقانلىقىنى، تېنى ئاجىز دوختۇرلارنىڭ ۋەتەننىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن چېلىشقان باتۇرلارنى داۋالاش يولىدىكى ئوپېراتسىيە قاتارلىق پائالىيەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن ئون نەچچە سائەتلەپ تىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ئەگەر ئۇلاردا ئەنە شۇ قەتئىيەتلىكتىن ئىبارەت جەسۇر روھ بولمىسا، ئاشۇنداق باتۇرلۇق قىلالامدۇ؟ ياق. قەتئىيەتلىكتىن ئىبارەت روھىي كۈچ ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ھەرقانداق جاپادىن قورقمايدىغان، قىيىن توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغان، بەزى ھاللاردا ھەتتا كاللىسىنى قولتۇقىغا ئېلىپ قويۇپ

ئىجادىي پائالىيەتنى قەتئىي ئىرادە بىلەن داۋاملاشتۇرۇشتا گۈللە-
نىدۇ. نيۇتوندىن بەزىلەر ئۇنىڭ مەشھۇر قانۇننى قانداق كەشىپ
قىلغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: "مەن مىنۇت-سېكۇنت ئۇنى ئويلاشتىن
خالىي بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن" دەپ جاۋاب بەرگەن، پاۋلوپ:
"چىداملىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى
شەرتىدۇر" دېگەن. دېمەك، قەتئىيەتلىك پەزىلەتتى ئۈزۈلدۈرمەي
ئويلاش، مەسىلىگە دۈچ كەلگەندە ئىرادىلىك بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

5) يۈكسەك ھاياجانلىنىش. بۇ يەردە شۇ ھېسسىيات بابىدىكى
ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بولغان يۈكسەك ھاياجانلىق ياكى قايناق
ھېسسىياتتىن ئىبارەت ئىجادىي پەزىلەتكە قاراپ ئۆتىمىز. يۈكسەك
ھاياجاننى مۇنداق ئاددىي مىسال ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن:

سپورتچىلارنىڭ مۇسابىقىغا كىرىش جەريانىدا ئۇلاردىكى ئىككى
خىل پسىخىكا تىپى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. سپورتچىلارنىڭ
بىر خىلى ئادەتتىكى چاغلاردا ئانچىۋالا گەۋدىلىنىپ كەتمەيدۇ،
ئەمما مۇسابىقە جەريانىغا كىرگەندە بولسا، ئۇلارنىڭ روھى ئۇر-
غۇپ، جاسارىتى ئۆرلەپ كېتىدۇ، مۇسابىقە مەيدانىنىڭ كەيپىياتى
ئۇلارنىڭ روھىغا ئاجايىپ زور ئىلھام بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەر
بىر كىلىتكىسى ھاجانغا كېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېسياتىنى
باسالمىغان ھالدا "مانا مەن جەڭگە تەييار" دېگەندەك ھالەتكە
كېلىدۇ. سپورتچىلارنىڭ يەنە بىر خىلى ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار مەشىق
قىلغاندا ھەممە تۈرلەردە دېگۈدەك ماھارەت كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنداق
چاغدا ئۇلار ناھايىتى زېرەك، تېتىك، ھەممىگە يارايدىغاندەك
كۆرۈنىدۇ. لېكىن، رەسمىي مۇسابىقە جەريانىغا كىرگەندە، بولۇپمۇ
بىرقەدەر چوڭ بولغان مۇسابىقە سورۇنلىرىغا بارغاندا، ئاللىقانداق

قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە بىرەر يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلمايدۇ. لېكىن ئىجاد قىلغۇچىلار ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ. ئۇلار ھەممە ئادەم بىلىپ بولغان نەرسىنى تەكرارلاشنىلا ئەمەس، بەلكى كىشىلەر بىلمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدىكى قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى نىشان قىلغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىرىشچانلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك، ئەگەر ئۇلاردا مۇشۇنداق جۈرئەت بولماي، كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ دەپ ئولتۇرىدىكەن، ئىجاد قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئىرادىلىك بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ: ئالىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا نۇرغۇن پەزىلەتلەر رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە ئەڭ مۇھىمى ئىرادىلىك بولۇشتۇر. دۇنيا تارىخىدا كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئەڭ زور ئىلھام بېغىشلايدىغان مۆجىزىلەر كۆپ ھاللاردا كاللىسى ساق مېيىپلارنىڭ باتۇرانە ھەرىكەتلىرى ئىكەنلىكى بىزگە ئايان. ئۇلار ئەنە شۇنداق مۆجىزىلەرنى ئىچكى - تاشقى جەھەتلەردىكى قىين مۇھىتلارنى ئۆز ھاياتىغا قىلىنغان ھەزىلە دەپ قاراپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن باتۇرلارچە ئالغا بېسىپ ياراتقان. نورۋېگىيىلىك مۇزىكانت بول بىرقېتىم پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن ماھارەت كۆرسىتىش مۇزىكا كېچىلىكىدە ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندا، ئىسكرىپىنىڭ بىرتال تارىسى تۇساتتىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن. ئۇ زادىلا ئۈن-تۈن قىلماستىن، ئۈزۈلمىگەن ئۈچ تال تارا بىلەن ئۇ نومۇرنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ خۇددى ھاياتنىڭ كۈيىنى ئەۋجىگە چىقىرىدىغان بىر تال تارا ئۈزۈلۈپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ. ئىجادىي ھايات ئەنە شۇنداق بىر كەملىك كۆرۈلگەندە

ئۇنتۇش" دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. بۇ، دەرۋەقە ئومۇمىي ئەھۋالدۇر. لېكىن ھاياجانلىنىپ كەتكەندە، ئۆزىنى يەنىلا سەگەك ۋە تەمكىن تۇتۇپ، ھاياجانلىنىش زۆرۈر بولغان چاغدا دەرھال ھاياجانلىنىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇنىڭ ھاياجانلىنىشىغا ئاللىقانداق بىر روھىي كۈچ ھامىي بولغاندەك ئۆز قېنىغا چۈشۈپ، ناھايىتى چەبدەس ۋە تەمكىن ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. چۈنكى كۈچلۈك كەيپىيات ھالىتىدىمۇ چوڭ مېڭە پوستلىقى ئوخشاشلا يېتەكچى رول ئويناۋېرىدۇ. ئومۇمەن نورمال ئادەملەر كۈچلۈك كەيپىيات ھالىتىدىمۇ يەنىلا مۇئەييەن "ئەقىل"نىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدۇ. روھىي جەھەتتە ياكى فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلار ياكى نورمال بولمىغان ئادەملەرلا كەيپىياتى قاتتىق قوزغىلىپ كەتكەندە ئاڭنىڭ تىزگىنلىشىدىن ھەققىي مەھرۇم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ، كېسەللىك ياكى نورمال بولمىغان ئەھۋاللاردۇر. شۇڭلاشقا بىرەر ئادەم يۈكسەك ھاياجانلىق ھالىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى قىلمىشى ئۈچۈن ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتتىن باش تارتالمايدۇ. دېمەك، قايناق ھېسسىيات گەرچە ئادەمنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى سەل-پەل تۆۋەنلەتسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى پۈتۈنلەي تۇتۇۋالالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايدۇ. ئالايلۇق، مۇنەۋۋەر رېئالىست ئارتىسلار ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن سەھنىگە چىققان ھامان ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەسەردىكى خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك يەرلەردە ئۇلار ئاجايىپ خۇشاللىق بىلەن ئويناقلايدۇ ياكى جەزبىي ياش تۆكىدۇ، غەم-قايغۇ قىلىشقا تېگىشلىك يەرلەردە بولسا خۇددى ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەندەك

سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ ـ دە، ماھارىتىنى ئوبدان جارى قىلالمايدۇ. سپورتچىلارنىڭ مۇنداق ئىككى تىپقا ئايرىلىشى ئۇلاردىكى ھاياجاننىڭ يۇكسەك دەرىجىسگە يېتىشى بىلەن كۆرۈلىدىغان ئالامەتكە باغلىق بولۇپ، بۇ ھالەت يۇكسەك ھاياجانلىقنىڭ ئادەمنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە ئاجايىپ زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھال ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىكتۇر. دېمەك، ئادەمدە ھاياجانلىنىش بولمىسا، بىر ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئەڭ ياخشى بولغان ھاياجانلىنىش كەيپىياتى ئۆزىنى شۇ ھەرىكەتتە چېنىقتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنداق ياكى بۇنداق يۇكسەك ھاياجانلىق تېز ۋە شىددەتلىك پارتلايدىغان، داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقا بولغان قايناق ھېسسىيات ياكى بىر خىل كەيپىياتتىن ئىبارەت.

يۇكسەك ھاياجانلىق ئادەم ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ قاتتىق غىدىقلىنىشتىن قوزغىلىدۇ، كۆپىنچە ئويلىمىغان يەردىن پەيدا بولىدۇ. بۇ يۇكسەك ھاياجانلىق ھالىتى ئاستىدا ئىچكى ئورگانىزمدا بەز ۋە تاشقى ئىپادىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. مەسىلەن، ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ كەتكەندە ئويناقلاپ كېتىش، قاقاقلاپ كۈلۈش، ھۆكۈرەپ يىغلاش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا ھېسسىياتنىڭ قوزغىلىشىغا ئەگىشىپ ئادەمنىڭ بارلىق پىسخىك جەريانى ۋە بارلىق ھەرىكەتلىرىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئادەم ھاياجانلانغاندا، بەزىدە "ئەس ـ ھوشنى يوقىتىپ"، "ئۆزىنى

ئىشلەش دەيدۇ. قاراملىق بىلەن ئەرزىمەس ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇپرىتىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرمايدىغان ھاياتتا قانداقمۇ گۈزەللىك بولسۇن.

## 4. ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان پىسخىكا ئامىللىرى

1) تارمەھكەمچىلىك. بۇ كىشىنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيىتىگە ئايلانغان جاھىل شەخسىيەتچىلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق روھىي ھالەتتىكىلەر بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئۆز ئورنىنىڭ، ئۆز گۇرۇھىنىڭ ۋە ئۆز ئورنىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايدۇ، باشقىلاردىن ئۇچۇر يوشۇرىدۇ، بىكىنىۋالىدۇ، بۇنداق روھىي ھالەت ئەۋج ئالسا، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىگە چىدىماسلىق قىلىش، ئىلمىي ئىشلاردا، ئىلمىي مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ ناتوغرا پىكرىنى يورغىلىتىش، ھەتتا ئۆزى بىلىپ يەتمىگەن مەسىلىلەردىمۇ گەپدانلىق قىلىش ياكى ئۆزىنىڭلا نەپسىگە چوغ تارتىش، ئۆزىنىڭ كىچىك مەزھىپى مەيدانىدا تۇرۇپ نادانلىق قىلىش ئارقىلىق ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىلەرنى قوغداپ قېلىشقا ئۇرۇنۇش، قاراپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى نابۇت قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك يامان يولغا باشلايدۇ. بۇنداق تارمەھكەمچىلىك قىلىدىغانلار گەپ-سۆز، ئىش ھەرىكەتتە سۇبيېكتىپ ھەم ئۆكتەم بولىدۇ. ئۆزىنى بىلىشتە ئانچە ئاقىلانە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلمايدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى جىنىنىڭ

ئەلەملىك ياش تۆكىدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللار يۈكسەك ھاياجان ئادەم-نىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمەيدىغان-لىقىنى ۋە ئۇنى مۇۋاپىق تېزگىنلىگەندە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدى-غانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۈكسەك ھاياجانلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. سەلبىي يۈكسەك ھاياجانلىق كۆپىنچە ئورگانىزم پائالى-يىتى ئۈچۈن تىزگىنلەش رولىغا ئىگە، ياكى قاتتىق ھاياجانلىنىش ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىجابىي ھاياجان سالماقلىق ۋە قەيسەر ئىرادە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، شۇڭا ئۇ، كىشىلەر-نىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشى ياكى خەيىم-خەتەرنى يېڭىشى، ئىلمىي ئىشلاردا قىيىن ئۆتكەللەردىن بۆسۈپ ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، توغرا ھەرىكەتلەرنىڭ غايەت زور ھەرىكەتلەندۈر-گۈچى كۈچى بولۇپ قالىدۇ.

سەلبىي ھاياجاننى تىزگىنلەش تامامەن مۇمكىن. توغرا ئىدىيىۋى تونۇشقا، توغرا ئەخلاقىي پەزىلەتكە ۋە قەيسەر ئىرادىگە ئىگە ئادەملەر ئۆزىنىڭ ھاياجانلىقىغا بېرىلىپ كەتمەستىن، بەلكى ھايا-جانلىقىنى تىزگىنلەيدۇ.

پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە تۈرلۈك ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھاياجانلىقنىڭ ئىجابىي تەرىپىدىن تولۇق پايدىلىنا-لايدىغان، خىزمەت ئورنىغا كەلگەن ھامان ھاياجانلىق بىلەن ئىش-لەپ كېتەلەيدىغان ۋە مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بولۇشى كېرەككى، ھاياجانلىنىشنى بىلمەيدىغان لايغەزەل ئەزمىلەر-دىن بولماسلىقى كېرەك. بەزىلەر بۇنداق ھاياجانلىق بىلەن ئىش-لەشنى ۋە ئىجاد قىلىشنى ھاياتقا زىيانلىق بولغان ئۆزىنى ئۇرۇپ

يىتىگە ئوبيېكتىپ جەھەتتىن توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ھالەتنى جەزمەن ئۆزگەرتىش كېرەك. چۈنكى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىجادىيە-تىگە كاشىلا بولىدىغان سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى توسالغۇلارنىڭ تۈگىتىلىشى مۇۋاپىق بولغان ئوبيېكتىپ مۇھىت ۋە شارائىت ھازىر-لاش، ئەقلىي ۋە ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

3) ھەسەتخورلۇق.

"كۆكگۈل بوستانغا جاھان سىغمىدۇ
ھەتتا جاھان تۇرماق ئاسمان سىغمىدۇ،
مۇبادا رەشك باغلىسا ئۇنى
بەلكى تېرىق قاسرىقىمۇ ئاران سىغمىدۇ.①"

ھەسەتخورلۇق تارمەھكىمەچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىدۇر. بۇ كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدىغان بىر خىل ناچار كەيپىيات بولۇپ، ئاساسلىقى ئۆزى بىلەن كەسىپداش بولغانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ يۇقىرى قابىلىيەت بىلەن نەتىجە يارىتىشىغا چىدىماسلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ ياكى ئېشىپ كەتكەن بولسا ھەسەت قىلىپ پەرىشان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن زېھنىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئۈستىگە سەرپ قىلماي، باشقىلار بىلەن ھېساب-كىتاب قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، كەمسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلى-دۇ، ئۇلارنى قارىلايدۇ. ھەتتا ھەر خىل يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، ئىجادىيەت ۋە باشقا جەھەتتىكى

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

بارىچە يوشۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ مەلۇم ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۇستۈنلۈكىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆپتۈرۈپ، ئۆزىنى ماختاي-دۇ. باشقىلارنى چۆكۈرىدۇ. تازا ئەدەپ كەتكەندە بولسا شەرەپ قازانغۇچى كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاشقا، ئۆزىدىكى ناچارلىقلارنى تۈرلۈك ھىيلىگەرلىك يوللىرى بىلەن باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇشقا بېرىپ يېتىدۇ. دېمەك بۇنداق كىشىلەر ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە ئوبيېك-تىپ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەقلىي پائالىيەتلەردە، بولۇپمۇ ئىجادىي تەپەككۇردا ئەتراپلىق بولالمايدۇ-دە، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، مۇنداق ئەھۋاللارنى تۈزىتىپ ئىلمىي ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى ئىجادىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىلمىي دېموكراتىيىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇپ، تارمەھكىمە-چىلىك خاھىشىغا خاتىمە بېرىش كېرەك.

2). قاتماللىق. قاتماللىق دېگىنىمىز ئۆزگىرىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋاللارغا بولغان بىر خىل قارشىلىق بولۇپ، ئاساسلىقى سېزىم ۋە پىكىر قىلىش جەھەتتە كونىلىقنى ساقلاش بولۇپ ئىپادى-لىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يېڭى نەرسىلەرگە كونا نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارايدۇ. ئۆزىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆزگەرگەن يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولىدۇ، كونا يولدا مېڭىشنى ياخشى كۆرىدۇ. خىزمەت ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر بويىچە ئىلگىرىلەپ، زامانى-ۋى تەرەققىياتنى كۆزلىگەنلەر بىلەن قەستەن زىتلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار كونا ئىدىيىۋى ئۇسۇلنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. بۇنداق كىشىلەر ئەگەر رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا بولۇپ قالسا، باشقىلارنىڭ ئىجادى-

بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ھەر خىل توسالغۇلارغا يول ئاچىدۇ. مەغرۇرلۇقنىڭ ماھىيىتىنى سۇرۇشتۇرگەندە، ئۇ، بىلىمسىز-لىك ياكى بىلىم ئازلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، مەغرۇرلانغان كىشىنىڭ ئىچى تېخىمۇ كاۋاك بولىدۇ. بىلىش نەزەرىيىسىدىن قارىغاندا، مەغرۇرلۇق ئىدېئالىزم بىلەن مېتافىزىكىلىق دۇنيا قاراشنىڭ ئىپادى-سى بولۇپ، مەغرۇرلانغۇچىنىڭ بىرەر قاتمال ئىدىيىگە چوقۇنغان-لىقىنى ياكى كەم-كۈتە بىلىمىنى "دۇنيا" دەپ چۈشىنىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچى ئۆزىنى "قوچقار" ھېسابلايدۇ-دە، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن تامغا ئۇسسۇيدۇ ياكى يېرىم بوتۇلكا سۇدەك شالاقلايدۇ، كىشىلەرنىڭ پايدىلىق نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بارغانسېرى ئوبيېكتىپ ئۆلچەم-دىن يىراقلىشىدۇ (ھەققانىي قاراشتا چىڭ تۇرغان كىشىلەر مەغرۇر-لانغۇچى ئەمەس، ئەلۋەتتە). مەسىلەن، بىر كىشىنى كەسىر سانغا ئوخشاتساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەمەلىي قابىلىيىتى سۇرەتكە، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان مۆلچەرى مەخرەجگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزىنى يۇقىرى مۆلچەرلىگەنسېرى بۆلۈنمە كىچىكلەيدۇ، يەنى يېتىلمىگەن كىشى ئۆزىنى يۇقىرى مۆلچەرلىگەنسېرى ئۇ ياراتقان نەتىجە شۇنچە كىچىكلەپ بارىدۇ-دە، ئەقلىي پائالىيەت قورغانى ئىچكى جەھەت-تىكى مەغرۇرلۇقنىڭ رەقىبى تەرىپىدىن بۆسۈلۈپ بارىدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەتتە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان مەغرۇر-لۇقتىن ساقلىنىپ، مەخرىجى كىچىك كەسىر سان بولۇشى كېرەك.

چېكىدىن ئاشقان كەمتەرلىكمۇ خۇددى مەغرۇرلۇققا ئوخشاشلا، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نەرسە. تەبىئىيكى، كەمتەرلىك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئەمما، چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە كەمتەر-

ھەققانىي ئىش بىلەن شۆھرەت قازانغان ياخشى كىشىنى يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق ھەسەتخورلۇق ئاداۋەت ۋە ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇقنىڭ كۆپىيىشى خەلقنى ئالەمنى بىرگىنىدۈرىدىغان نەرسە بولغاچقا، بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنى داۋالاش ناھايىتى جىددىي مەسىلىدۇر.

4). قورقۇنچاقلىق. ئەقلىي ئەمگەك ئىنسانلارغا تېخى مەلۇم بولمىغان سىرلارنى يورۇتىدىغان پائالىيەت بولغاچقا، ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆپ ھاللاردا كىشىلەر تېخى تىلغا ئالمىغان سۆزلەر بىلەن سۈرەتلىنىدىغان شېرىن مېۋىدۇر. ئۇ پۈتۈنلەي جاپالىق ئەمگەك ۋە كۆرەش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. شۇڭا، قورقۇنچاقلىق ئەقلىي ئەمگەككە نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك توسالغۇدۇر. چۈنكى قورقۇنچاق كىشى قىيىنچىلىقتىن، جاپادىن، مەغلۇبىيەتتىن قورقىدۇ. قورقۇنچاقلىقنىڭ ئەجەللىك يېرى مەسئۇلىيەتتىن قورقۇش بولۇپ، ئۇ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى بوغۇپ قويىدۇ. بۇنداق بوغۇلۇش داۋاملىشىۋەرسە، ئىجادىي قابىلىيەت ئاخىرى بېرىپ يوقىلىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ئۆز ۋۇجۇدىدىن قورقۇنچاقلىقنى يوقىتىشى كېرەك.

5). مەغرۇرلۇق ياكى ئۆزىنى كەمسىتىش. بىر كىشى ئەقلىي پائالىيەت جەريانىدا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيدىغان قورقماس جاسارەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە توغرا مۇئامىلە قىلالمىسا، يەنى مەغرۇرلانسا ياكى ئۆزىنى كەمسىتسە، ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى ياكى ئۆزىنى كەمسىتىش كىشىلەرنىڭ ئىچكى ھالىتىدىكى رەقىب

لىرى گوركى ئېيتقاندەك تىرىشچانلىق ئارقىسىدا قولغا كەلگەن.
تىرىشچانلىق ئىجادىيەت بولۇقنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەسى
بولۇپ، كىشى قانچە كۆپ ئىجتىھات قىلسا، قانچە كۆپ ئۆگەنسە،
شۇنچە كۆپ بىلىم ئالالايدۇ، شۇ بىلىملىرى ئاساسىدا شۇنچە كۆپ
ئىجاد قىلالايدۇ، نەتىجە يارىتالايدۇ. كىشىلەرنىڭ توغما ھالىتىدە
پەرق بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقىنى
ئىنكار قىلىشتەك ئالجوقلىق بولىسمۇ، ئەمما، تالانت، قابىلىيەت
بەلگىلىك فىزىئولوگىيىلىك سۈپەت ئاساسىدىكى مائارىپ ۋە مۇھىت-
نىڭ تەسىرىدە تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنى-
شىش ئارقىسىدا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. تەبىئىيكى، ئۆگىنىش بىلەن
ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئوخشاشلا تىرىشچانلىققا موھتاج. تىرىشماي
ھورۇنلۇق قىلىش كىشىدە بەختىنى تەلەيدىن سىناش روھىي ھالى-
تىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قانداقتۇر يوق بىر خىيالغا باغلاپ قويىدۇ.
بۇنداقتا كىشى ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن،
بەزىدە ھەتتا توپۇق يوللارغا كىرىپ قېلىپ، ئەسلىدىكى ئاساسىنىمۇ
يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئىجادىيەت يولىدا ”ئۇجمە پىش،
ئاغزىمغا چۈش“ دەيدىغان بۇنداق توسالغۇنى يوقىتىپ، تىرىشىپ،
تىرمىشىپ، ئىجادىيەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇش لازىم.

7) يۇمىلاق تاۋۇزلۇق. قۇللۇق ئاسارەتلىرىنىڭ ئىنسانلار پىسى-
خىكىسىغا ئېلىپ كەلگەن بۇ كاساپىتى ئىختىساسلىقلارنىڭ كامالەتكە
يېتىشكە نەچچە مىڭ يىللار توسقۇنلۇق قىلدى. زامانىمىزنىڭ پىسى-
خىلوگلىرى يۇمىلاق تاۋۇزلۇقنى كىشىلەر ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر
قاتلىمىدىكى ئېتىقاد بىلەن تاشقى كۆرۈنۈش ئوتتۇرىسىدا ئىپادى-
لىنىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىكنىڭ ئىپادىسى، قۇللۇق ئىدىيىسىگە

لىك قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىمۇ قىلالمايدىغان، بۇنىمۇ قىلالمايدىغان ئىقتىدارسىز ھېسابلىسا، ھەتتا ھەمىشە ئۆزىنىڭ ناقابىللىقى بىلەن پەرىشان بولسا، بۇنداق روھ "ئەقلىي پائالىيەت پالەچلىكى"نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق كەمتەرلىكمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان قاتماللىق بولۇپ، ئەقلىي پائالىيەتنىڭ رەقىبىدۇر. بەزى پسىخولوگىيە ئالىملىرى "سەن قانداق ئادەم بولماقچى بولساڭ، شۇنداق ئادەم بولالايسەن؛ سەن نېمىنى قىلالايمەن دەپ بەل باغلىساڭ شۇنى قىلالايسەن" دەيدۇ. بىز بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى يىپتىن يىڭنىسىغىچە سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەي شۇنداقلا چۈشىنىدىغان بولساق، ئۆزىگە ئىشىنىش ئىنسان ھاياتىنىڭ بىرىنچى قەدىمى — ئاكتىپ ھاياتنىڭ باشلىنىشى دېگەن مەنا چىقىدۇ. شۇڭا ھەربىر ئادەم ئۆزىنى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكى، بولۇپمۇ ئۆزىگە ئىشەنچە قىلالماسلىق ھالىتىنى ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى بوغىدىغان دەرىجىگىچە ئۆزىگە ھامىي قىلىۋالماسلىقى كېرەك. بىز تەكىتلەيدىغان كەمتەرلىك ئۆزىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ئاساستا مۆلچەرلەش بولۇپ، بۇنداق كەمتەرلىك ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇش ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك.

6)، ھورۇنلۇق. ئەقلىي پائالىيەت تىرىشىپ بىلىم توپلاش ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. "تالانت — تىرىشچانلىقتا" دېگەن بۇ سۆز يىمىرىلمەس ھەقىقەتتۇر. ئۇلۇغ ئەدىب گوركى: "تالانت — ئەمگەكتۇر، ئادەمنىڭ تۇغما تالانتى — ئۇچقۇندۇر، ئۇچقۇن ئۆچۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، يالقۇنلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇچقۇننى يالقۇنلىتىشنىڭ ئۇسۇلى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك، يەنە ئەمگەكتۇر" دېگەنىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئىجادىيەت-

يامان پەرىلەتتۇر. بۇ پسخىك پەزىلەتلەر ئچىدە كىشىلەرنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان خۇسۇسىيەت بولۇپ، بۇ پەزىلەت ھاياتنىڭ قەدىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي پائالىيەت قىلغۇچىلار بۇ جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

ئەمما، يەنە بىر قىسىم مۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار يوملاق تاۋۇز ئەمەس، ئەمما مەلۇم غەزەز بىلەن كېمىنىڭ ئىككى بېشىغا دەسسەيدىغانلاردۇر. بۇلار ئاساسلىقى بىرەر كىشىنى مات قىلىشنى ئويلايدۇ. بۇلارنى يۇقىرىقىدەك ھەقىقەتنى ساتىدىغان يوملاق تاۋۇزلاردىن پەرقلەندۈرۈشمىز كېرەك. بۇنداق كىشىلەرنى بايقاپ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نىشانلىق سورۇنلاردىكى سۆزىدە "شۇنداق..." ۋە "لېكىن..." دېگەن سۆزلەرنى سۈيىئىستېمال قىلىۋاتقانلىقىغا قارىساقلا بولىدۇ. ئۇلار بىراۋنىڭ پىكرىگە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن "شۇنداق، ھەقىقەتەن شۇنداق" دېگەن گەپلەرنى قىلىدۇ، ئارقىدىنلا ئەسلى مەنىسى يوشۇرۇنغان، دەۋاتقان سۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغان "لېكىن" دېگەن سۆزىنى قوشۇپ قويىدۇ. ئۇلار مۇنداق ئىككى ياقلىملىق پىكىرلەرنى قويۇشتا باشقىلارنىڭ پىكرىنىڭ ھەقىقەت قىسمىنى تېپىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تولۇق بولمىغان قىسمىنى تولۇقلاش كويىدا بولمايدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ راستچىل بولۇش پرىنسىپىغا خىلاپ قىلىقتۇر.

مەھكۇم بولۇپ، ئىرادىسىگە قارشى سۆزلەرنى قىلىش، ئىرادىسىگە قارشى ئىشلارنى قىلىش دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە قارىساقمۇ بۇنداق خاراكتېر ھەقىقەتتە باش ئېگىش بولۇپ ئىپادىلەنمەستىن، ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغانلارنىڭ ناتوغرا پىكىرلىرىگە قوشۇلۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك يەنە بىرسىگە يولۇققاندا، ئۆزى باشتا قوشۇلغان پىكىردىن يېنىۋېلىش، ئاخىرى بېرىپ ھېچكىمنىڭ ھەقىقەت پىكرىگە سادىق بولماسلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق پىسخىك پەزىلەتتىكى كىشىنى ئاخىرى بېرىپ "ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ" دەيدىغان جان باقارلىق يولىغا باشلاپ قويىدۇ. بۇنداق پىسخىكا تەرەققىي قىلىۋەرسە، شۇنداق خۇسۇسىيەتلىك كىشىلەرنى سۇخەنچىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. باشقىلارمۇ بۇنداق يۇملاق تاۋۇزلۇقنى بارا-بارا بايقاپ ئالالايدىغان ئەقىلگە ئىگە بولغاچقا، يۇملاق تاۋۇزنىڭ ئىككى يۈزلىمە ھەرىكەتلىرىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنى دوستلۇق، يولداشلىق، سەپداشلىق، ھەتتا ئادىمىلىك كاتېگورىيەلىرىدە ئېتىراپ قىلمايدۇ-دە، يۇملاق تاۋۇزنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇملاق تاۋۇزلۇق قىلىپ پايدا ئالماقچى بولغان كىشى تۇرمۇشتا پەقەت ۋاقىتلىق پايدا ئالىدۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەقلىي پائالىيەتلەردە زىيان تارتىدۇ.

قىسقىسى، يۇملاق تاۋۇزلۇق پىسخىكا پەزىلەتلىرى ئىچىدىكى ئادەملىك ئىززەتنى يوقىتىدىغان، ئادەمنى ھەقىقەتنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ۋاقىتلىق پايدىنى كۆزلەيدىغان چۈپەيلىككە ئېلىپ بارىدىغان، پارتىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشتا ئادەمنى مەيدانى قەتئىي ئەمەس ناپاكلىققا ئېلىپ بارىدىغان، ئىجادكارلىقىنى قۇربان قىلىپ ئاددىيلىقنى تەكىتلەيدىغان مۇغەمبەرلىككە ئېلىپ بارىدىغان

بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ خۇددى بىر سىنىپتا ئەچچە ئون ئوقۇغۇچى ئوقۇسا، كەلگۈسىدە ھەر خىل ئادەم بولۇپ چىققاندەك بىر ئىش بولۇپ، ئەقلىي پائالىيەتلەردە ھېسسىياتنى قانداق باشقۇرۇش ۋە ئۇنى قانداق نىشانلارغا مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن ھەركىشىنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىدە ھەر خىل نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. ھېسسىياتنى نىشانلىق بولغان ئەقىل-پاراسەت ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى ئوبدان تۇتۇۋېلىپ، زېھنىنى جامائەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىشقا يىغقاندا ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ، ھېسسىياتنى نىشانسىز قويۇۋەتكەندە، ئۇلار بۇ "كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەك، كۆڭۈل ھەر ياققا باشلايدۇ، سەمەرقەنت ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ" دېگەندەك يامان ئاقىۋەتلەرگە قالىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ھېسسىياتنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

## 1. ھېسسىيات ۋە ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى

ھېسسىيات كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىگە بولغان بىر خىل پوزىتسىيىسى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىگە ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ. ھېسسىياتنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر قوزغايدۇ. لېكىن، ھېسسىيات بىلىش جەريانىغا ئوخشىمايدۇ. بىلىش جەريانى ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ھېسسىيات بولسا، ئادەمنىڭ شەيئىگە بولغان بىر خىل ياخشى كۆرۈش ياكى يامان كۆرۈش خاھىشى بولۇپ، بىلىشتىن ئىرادىگە ئۆتۈشتىكى

# يەتتىنچى باب ھېسسىيات ۋە ئەقىل

ئەمەلىي تۇرمۇشتا نەزەر سالساق، ھېسسىياتنىڭ كىشىلەرنىڭ ياش چېكى ۋە ھېسسىيات جەھەتتە تەربىيىلىنىشىگە قاراپ ھەر خىل بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ياشلارنى مىسالغا ئالساق، ئۇلاردا ھېسسىيات قويۇق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدىكى خىيال كەپتەرلىرى قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېسسىياتىدىكى خىيال كەپتەرلىرىنى قاياققا ئۇچۇرۇشنى بىلمەي، ئۆزىدە ئارتۇقچە بىر قابىلىيەت ساقلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ياكى ئۆزىدىكى ئەقىل پاراسەتنى ئىشلىتىشكە ئورۇن تاپالمايۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. ياشلارنىڭ يەنە بەزىلىرى ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ھېسسىيات تەربىيىسى كۆرگەن ۋە خىيال كەپتەرلىرىنى خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئەھمىيەتلىك بولغان بىر نىشانغا قاراپ ئۇچۇرغانلار بولۇپ، بىلىم پارتلاۋاتقان دەۋرىمىزدە بارلىققا كېلىۋاتقان تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ھەزىم قىلىپ، ئەقلىي پائالىيەتلىرىدە يېڭى-يېڭى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەي ئالدىراش بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق ياشلار ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن غەم يېمەيدۇ، بەلكى ۋاقىتنىڭ ۋە ۋاقىت بىلەن ھېسابلىنىدىغان چەكلىك ھاياتنىڭ قىسقىلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ ئىككى خىل ياشلار پەقەت ھېسسىياتلىرىنى باشقۇرۇش، ئۇنى ئۈزلۈكسىز سازلاشتۇرۇش ۋە مەقسەتلىك بىر نىشانغا مۇقىملاشتۇرۇش

يۈكسەك ئېھتىياج يەنە ئەخلاقىي ھېسسىيات، ئىدراكىي ھېسسىيات ۋە ئىستېتىك ھېسسىيات تۈرلىرىگە بۆلىنىدۇ. ھېسسىيات ئەقلىي ئامىللار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ساز ھېسسىيات پەزىلىتى كىشىلەر ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھېسسىيات پەزىلىتى ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىياتنىڭ ئۈنۈمى، ھېسسىياتنىڭ يۈزلىنىشى، ھېسسىياتنىڭ مۇقىملىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ھاللاردا ھېسسىيات ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدىغان كەيپىياتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق ھاللاردا كەيپىيات ئۇ كەيپىيات، بۇ كەيپىيات دەپ يۈرگەن شەكىللەر بويىچە ئۇچۇق تۈس ئالىدۇ-دە، ھەرىكەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، ئەگەر بىر كىشىدە قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى بولسا، بۇ خىل كەيپىياتتىكى كىشى بىرەر ئىشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنلا، قىيىنچىلىق بار ئىشلارغا يۈرەكسىزلىك قىلىدۇ ياكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش غەيرىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بۇنداق كەيپىيات ئېغىرلاشقانسېرى كىشىنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىدە پاسسىپلىق يۈز بېرىدۇ، ئۇنداق ئادەمدە ئالغا ئىنتىلىش غەيرىتى ۋە ئىجادىي پائالىيەت قىلىش روھى سۇسلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاز-تولا قىيىنچىلىق، زىددىيەت، مۇشكۇلات بار ئىشنى قىلىشتىن باش تارتىدۇ، ھەتتا ھەق-ناھەق ئۈستىدە تالاش-تارتىش بولۇۋاتسىمۇ ۋىجدانىي گەپ قىلىشتىنمۇ يالتىيىدىغان بولۇۋالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كەيپىياتىدا قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان كەيپىيات بولسا، ئۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش يولىدا ئۆزى دۇچ كەلگەن شەيئىلەردىكى ماھىيەت ۋە قانۇنىيەتنى بىلىۋېلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا

كۆۋرۈكتۇر. ھېسسىيات ئادەملەرنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتى بولغانلىقتىن، ئادەتتە كىشىلەرنىڭ مەيدانى، ھەۋىسى، ئادىتى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئېھتىياجىغا بېقىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشى ياكى قاندۇرۇلماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ياقتۇرۇش، يىرگىنىش، خۇشاللىنىش، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش، سۆيۈنۈش ۋە قورقۇش جەھەتلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، شەيئىلەرگە تۇتۇلغان تەستىقى پوزىتسىيە خۇشاللىق ياكى يۇكسەك ھېسسىياتنى پەيدا قىلسا، شەيئىلەرگە تۇتۇلغان ئىنكار پوزىتسىيە قايغۇرۇش ياكى پاسسىپ ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ھېسسىياتنى تۆۋەن ۋە يۇكسەك دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىمىز. تۆۋەن دەرىجىلىك ھېسسىياتنى شەخسىي ئېھتىياج، يۇكسەك ھېسسىياتنى جەمئىيەت ئېھتىياجى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئادەمنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان ئېھتىياجلا — فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج، بىخەتەرلىك ئېھتىياج، سۆيگۈ-مۇھەببەت ئېھتىياجى، ئىززەت-ھۆرمەت ئېھتىياجى، تولۇق تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجى قاتارلىقلار بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ئېھتىياج ئارقىسىدا قوزغالغان ھېسسىيات ئەقىل تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى، شەخسنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشى ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارامەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىش ھېسسىياتى بولۇپ، بۇنداق ھېسسىيات كىشىنى "سەن قىلغاننى مەنمۇ قىلالايمەن" دېگەن ئىستەك بويىچە ئىرىشچانلىققا يېتەكلەيدۇ. بۇنداق ھېسسىيات قوماندانلىقىدىكى شىجائەت كىشىنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىنى ئىجادىي دەرىجىگە كۆتۈرۈشكە توسقۇن بولغان ھورۇنلۇق ھالەتلىرىگە بەرھەم.

لىكنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر.

ھېسسىياتنىڭ يۈزلىنىشچانلىقى دېگىنىمىز ھېسسىياتتىكى يەنە بىر خىل پەزىلەت بولۇپ، ھېسسىياتنىڭ نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى ۋە نېمىشكە قارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاڭ يۈزلىنىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىنىشىدىكى پەرق ئوخشاش بىر خىل ھېسسىياتنى ماھىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، نەپرەت ئەسكى ئادەمگە قارىتىلغاندا، ئالىيجاناب ھېسسىيات بولسا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا قارىتىلغاندا پەسكەش ھېسسىيات بولىدۇ. دېمەك، ھېسسىياتنىڭ يۈزلىنىشچانلىقى ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە تۇتقان ئىنتايىن مۇھىم پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنىڭ بەنت قىلىشىدا بولىدۇ. ھېسسىياتنىڭ يۈزلىنىشچانلىقى ئۆزگەرمەس نەرسە بولماستىن، تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. ئەقلىي پائالىيەتچىنىڭ ھېسسىياتى ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يۈزلىنىشى كېرەك.

ھېسسىياتنىڭ تۇراقلىقلىقى دېگىنىمىزمۇ ھېسسىياتنىڭ يەنە بىر خىل پەزىلىتى بولۇپ، ھېسسىياتنىڭ تۇراقلىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ مۇقىملىشىشىغا قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ھېسسىياتنىڭ تۇراقلىقلىقى كۆپ قېتىملىق ھېسسىيات تەسىراتلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ ۋە بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى تۇرلۇك تەرەپلەرگە باغلانغان ھەرىكەتلەر مۇقىملاشقانسېرى تۇراقلىشىپ بارىدۇ. ھېسسىياتنىڭ تۇراقلىقلىقى يەنە ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە باغلىق بولۇپ، ھېسسىياتتىكى چوڭقۇرلۇق ئاشقانسېرى ھېسسىياتنىڭ تۇراقلىقلىقىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. تۇراقلاش-

غەيرىتىنى بارغانسىرى ئاشۇرۇپ ،اگىدۇ. قىيىن ئىش بولسۇ، ئالدى بىلەن ئۇ ئىشنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ چامى يەتكەن ئاساد-راقلىرىنى تاللاپ ئىشلەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئىشنىڭ تەرتىپىنى ئىگىلەپ، تەرتىپ بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئىلگىرىلەش يولىدا بۇ ئىشنى ئۆزۈل-كېسىل ھەل قىلىشنىڭ نېگىزلىك نۇقتىسىنىمۇ تاپىدۇ-دە، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان خۇشاللىق كەيپىياتى بىلەن دادىل ئىلگىرىلەيدۇ.

دېمەك، غەيرىي ئەقلىي بولغان ھېسسىياتتىن كېلىپ چىققان كەيپىيات بىركىشىنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇقى دېگىنىمىز ھېسسىياتتىكى بىر خىل پەزىلەت بولۇپ، ئۇ، ھېسسىياتنىڭ ئادەمنىڭ پىكرى ۋە ھەرىكىتى بىلەن باغلىنىشىنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. چوڭقۇر ھېسسىيات مۇقەررەر ھالدا بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك تەرەپلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك باغلىنىدۇ ۋە ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئالىدۇ. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەر ماھىيىتىگە بېرىپ تاقالغانسېرى چوڭقۇر-لىشىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىد-جىسى تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك شەيئىنىڭ ماھى-يىتىگە بولغان بىلىش سەۋىيە-سى ۋە ھېسسىياتنىڭ شۇ شەيئىگە بولغان يۈزلىنىشچانلىقى ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە بىۋا-ستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چوڭقۇر ھېسسىيات كىشىلەرنىڭ شەيئىلەر-نىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشىنى ۋە ئىزدىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەم ھېسسىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن-

بېرىلدى. ھېسسىياتنىڭ گويا توك ئېقىمىنى كۈچەيتىدىغان ياكى ئاجىزلىتىدىغان ترانسپور ماتوردەك بارلىق ئەقلىي پائالىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، ھېسسىيات ئۆزگەرگەن ھامان ئەقلىي پائالىيەتتە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

زامانىمىزدىكى فىزىئولوگ ۋە پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم بىر جىددىي ئەھۋالغا يولۇققاندا، ئورگانىزمدا شۇ جىددىيەتلىككە مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولىدۇ ۋە بۇنداق ئۆزگىرىش ئادەمدە ئادەتتە كەم كۆرۈلىدىغان ھېسسىياتنى قوزغاپ، ئاجايىپ بىر سېھىر كۈچ پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئېرت كەتكەندە ئادەتتە كۆتۈرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېتەلەيمىز، دۈشمەن ياكى بىر ياۋايى ھايۋان قوغلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئادەتتە ئۆتەلمەيدىغان دەريا ياكى تاغ قاتارلىق توسالغۇلاردىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيمىز. بۇنداق چاغلاردا تېخى باشقىلارنىڭ ھە-پە دەپ توۋلاپ بېرىشلىرىمۇ ئادەمگە بىرمۇنچە مەدەت بولىدۇ.

مۇشۇنداق خەتەرلەرگە يولۇققاندا، قىيىن بىر ئىشنى توساتتىن پەيدا بولغان سېھىر كۈچنىڭ ياردىمىدە قىلىۋەتكەن ئادەم ھەتتا ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئۆزى ئىشەنمىگەندەك "توۋا، غەلىتە بىر ئىشقۇ، ھەجەپ بىر كۈچلۈك بولۇپ قالدىما؟" دەپ قالىدۇ. بەزىلەر "ھەر ھالدا قىلغان-ئەتكىنىم بار ئىكەن، خۇدا ساقلىدى" دەيدۇ. ئادەمدە بۇنداق سېھىر كۈچنىڭ پەيدا بولۇشى ئاللىقانداق غايىب بىر ئەھۋالنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قۇۋۋەت قويۇپ بېرىدىغان "مىكرو تېپلىق يىغىلغۇ" لارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ماشىنىلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى قۇۋۋەتكە مۇھتاج بولغاندەك،

قان ھېسسىيات كىشىنى پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، چىدامىلىق ۋە تولۇق ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرگە ئاتلىنىشقا ئۈندەپ بارىدۇ.

قىسقىسى، ھېسسىيات مەيلى قانداق شەكىلدە ئىپادىلەنمىسۇن، ئۇ ھامان ئەقلىنىڭ ئىلھامچىسى بولىدۇ. ئاكتىپ ھېسسىيات كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەقلىي پائالىيەتكە باشلاپ كىرىدۇ ھەتتا ئەقلىي پائالىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىسى بولغان ئىجادىي پائالىيەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئالايلۇق بەزى ئالىملارنىڭمۇ قىزغىنلىق، چوقۇنۇش ۋە قەۋەت ياخشى كۆرۈشلەر ئارقىسىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. بۇ ھال ئىجادىي تەپەككۇر يالغۇز ئەقلىي پائالىيەت جەريانىلا ئەمەس، بەلكى يەنە تەپەككۇر قىلغۇچى باشتىن - ئاخىر بىر خىل قايناق ھېسسىيات تەسىرىدە ھەرىكەتلىنىدىغان غەيرىي ئەقلىي جەريان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. روشەنكى، بۇنداق جەريان چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ نېرۋا سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ھېسسىيات پەيدا بولغاندا، ئورگانىزمدا ئۇنىڭغا ماس كەلگەن ئۆزگىرىش جەريانى يۈز بەرمەيدۇ. ئۇنداق بولسا ھېسسىياتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى نېمە؟

ھېسسىياتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى ھەققىدىكى مەسىلىلەر مۇرەككەپ، تالاش - تارتىشلارمۇ كۆپ ئىدى. فىزىئولوگ ۋە پسىخولوگلارنىڭ ئۇرتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ھېسسىيات تۈرلىرىنىڭ قوزغىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق چاغدا قانداق ئۇنۇم بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە تەندىكى قۇۋۋەت قويۇپ بېرىدىغان ماددىلار ۋە مېڭىدىكى ھېسسىيات بۇدۇرىسىنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق جاۋاب

يۈرەكنى قوزغىتىپ، قان بېسىمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە قان قەنتىنى ئاشۇرىدۇ)نى ئاجرىتىشنى تېزلىتىپ ۋە ئۇنى پۈتۈن تەنگە ئەۋەتىش ئارقىلىق قۇۋۋەت مەنبەسى بولغۇچى ماددىلارنىڭ تېزلىكتە قۇۋۋەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. مەخسۇس ئۈچ فوسفاتلىق ئادېنو-زىن تەركىبىدىكى يۇقىرى قۇۋۋەتلىك فوسفات كىسلاتاسى بېغىنى ئېچىشقا مەسئۇل بولغان بىر خىل فېرمېنت ئەشۇ فوسفات كىسلاتاسى بېغىنىڭ "مىكروللۇق ئوپېراتسىيە پىچىقى"نى قولغا ئېلىپ تۇرىدۇ. بۇيرۇق كەلگەن هامان، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى جانلىنىدۇ-دە، ئۈچ فوسفاتلىق ئادېنوزىن تەركىبىدىكى كىسلاتا بېغىنى كېسىپ تاشلايدۇ. فوسفات كىسلاتاسى بېغى شۇ هامان زور مىقداردا قۇۋۋەت قويۇپ بېرىدۇ. دېمەك، چوڭ مېڭىدىكى هېسسىيات قوماندانلىقى بىلەن تەندە ئادەتتە كەم كۆرۈلىدىغان سېھىر كۈچ كۆرۈلۈپلا قالماستىن، ئەقلىي پائالىيەتتىمۇ كۈچلۈك ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقىدۇ. هېسسى-ياتنىڭ ئەشۇ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ئاساسىدا ئەقىلگە تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالىنى بىز تۆۋەندىكى هېسسىيات تۈرلىرى ۋە ئۇلار-نىڭ هېسسىياتقا بولغان تەسىرى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىز ئارقىلىق تېخىمۇ چۈشىنىپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

## 2. هېسسىيات، كەيپىيات ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىلگە تەسىرى

هېسسىيات بىلەن كەيپىيات بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى ئۇقۇم.

كەيپىيات ئورگانىزمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنىڭ قانائەت-لەنگەن-قانائەتلەنمىگەنلىكىدىن پەيدا بولىدۇ. هېسسىيات بولسا،

ئادەم تېنىدىكى پائالىيەتلەرمۇ قۇۋۋەتكە موھتاج بولىدۇ. ئادەم بۇنداق قۇۋۋەتنى تاشقى دۇنيادىن ئالىدۇ ياكى ئۆز تېنىدە زاپاس ساقلانغان قۇۋۋەت مەنبەسى بولغۇچى ماددىلار — قەنت، ئاقسىل، ماي قاتارلىقلارنىڭ پارچىلىنىشىدىن ئالىدۇ. بۇنداق ماددىلار ئادەتتە ئادەم تېنىدە "مىكرو تېپلىق يېقىلغۇ" — ATP غا يەنى ئۈچ فوسفاتلىق ئادېنوزىن بەزلىرىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، جىددىي ھەرىكەت ئېھتىياجى بولغان ھامان ئادېنوزىن بەزلىرى ھەرىكەتكە كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە تەسەۋۋۇر پەيدا بولىدىغان بىر مېڭە بۇدۇرسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئېگىزلىك ھېسسىياتلارمۇ مەركەزلەشكەن يەنە بىر ئۆسۈكچە بولىدۇ. ئەنە شۇ مېڭە بۇدۇرسى بىلەن مېڭە ئۆسۈكچىسى ئوتتۇرىسىدا نېرۋا باغلىنىشى بولغانلىقتىن، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى ئەقلىي پائالىيەت رايونلىرى بىلەن ھېسسىيات رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېسسىيات نورمال شارائىتلاردا نورماللىق بىلەن ئەقلىي پائالىيەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، جىددىي ھالەتتە تەندىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن جىددىي تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى قوماندانلىق رول ئوينايدۇ. ئادەم جىددىي ئەھۋالغا يولۇققاندا، ئەنە شۇ "ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى" بولغان چوڭ مېڭىدىكى ھېسسىيات تەننى ئوراپ تۇرغان نېرۋا سىستېمىسىغا "جىددىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى" بېرىدۇ-دە، پۈتۈن تەن "بىرىنچى دەرىجىلىك ھالەت"كە كىرىدۇ ۋە خۇددى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرەش مۇسابىقىسىغا ئوخشاش بىر ئەزا يەنە بىر ئەزاغا خەۋەر يەتكۈزۈپ ۋە ياردەم بېرىپ، جىددىي ئىشلەشكە باشلايدۇ. بۆرەك ئۈستى بېزى ئادرېنالىن (ئىچكى ئەزالارنىڭ قان تومۇرلىرىنى قىسقارتىپ،

رېئاللىق بىلەن ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدا خىلمۇخىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىلىدۇ. ئوخشاش بىر شەيئىي ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان تەرىپى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئوخشاش بولمىغان مۇناسىۋەت ئىچىدە تۇرۇشى، بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەتتا زىددىيەتلىك كەيپىياتى ياكى ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئادەمنى ئوخشاش بىرۋاقىت ئىچىدە بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى كەيپىيات ياكى ھېسسىيات ئىچىدە قالدۇرۇشى مۇمكىن. بىر ئادەمنىڭ ئوخشاش بىر شەيئىگە بولغان كەيپىياتى ياكى ھېسسىياتى ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردا ئوخشاش بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. تۇراقلاشقان ئاكتىپ ھېسسىيات ۋە كەيپىيات ئەقلىي پائالىيەتكە تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقتىن، ھېسسىيات ۋە كەيپىياتتا ئەشۇنداق گىدىرماچلىقلار بولغاندا، ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنىڭ قۇلى بولۇپ قالماستىن، ئۆزىمىزنىڭ ھېسسىيات ۋە كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، كەيپىيات ھېسسىياتنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ياكى كەسكىنلەشكەن قۇتۇبى بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئىككى قۇتۇب بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قۇتۇبلۇقلۇقى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ۋە ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت قارىمۇ قارشى خاراكتېردە ئىپادىلىنىدۇ. كەيپىياتنىڭ ئىككى قۇتۇبلۇقلۇقى ئاكتىپلىق (غەيرەتنى ئارتتۇرىدىغان) ۋە پاسسىپلىق (غەيرەتنى ئازايتىدىغان) تىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئالدىنقىسى ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيەت قابىلىيىتىنى ئارتتۇرىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن، خۇشاللىق ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىدە ئىلھاملىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛

ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنىڭ قانائەتلەنگەن - قانائەتلەنمىگەن- لىكىدىن پەيدا بولىدۇ. كەيپىيات ھالەت خاراكتېرلىك بولۇپ، مەلۇم ھالەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە ئۇ ھالەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. ھېسسىيات ھەم ھالەت خاراكتېرىگە ھەم تۇراق- لىققا ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ئېنىق پەرق- لەندۈرۈش تەس. ئۇلارنى ئادەتتە مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن پەرقلەندۈرىمىز:

بىرىنچى، ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىكىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈش. كەيپىيات بىرقەدەر كۈچلۈك ھېسسىيات بولۇپ، ھېسسىيات بولسا بىرقەدەر ئاجىز كەيپىياتتىن ئىبارەت. ئىككىنچى، كەيپىيات بىر قەدەر كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ھاياجانلىنىش كۆپرەك بولىدۇ، شۇنىڭ- دەك ئۇ روشەن تاشقى ئىپادىگە ئىگە بولىدۇ. ھېسسىيات بولسا بىر قەدەر ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا ھاياجانلىنىش ئازراق ياكى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھېسسىيات بىلىشنىڭ تەسىرىگە ياكى تېزگىنلىشىگە ئاسان ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ تاشقى ئىپادىسىمۇ تازا روشەن بولۇپ كەتمەيدۇ. ھېسسىيات بىلەن كەيپىياتنى مۇنداق پەرقلەندۈرۈشنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا نىسپىي بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەخلاقىي ھېسسىياتى كۈچلۈك قوزغالغاندا بىر خىل كەيپىيات بولۇپ قالىدۇ. كەيپىيات ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ۋە ئاڭنىڭ تەڭشەپ تۇرۇشى ئارقىسىدا تەدرىجىي ئاجىز- لىشىپ، ھېسسىياتقا ئۆزگىرىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنى قوزغىتىدىغان سەۋەب ئوبيېكتىپ رېئال- لىقتىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن تۇغۇلىدىغان ئېھتىياجى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئوبيېكتىپ

تىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، مەيلى قانداق دەرىجىدىكى ھېسسىيات ۋە كەيپىيات بولسۇن، ئادەم مېڭىسىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھېسسىياتلارنىڭ ئاجىز ۋە كۈچلۈك دەرىجىلىرىدە چوڭ مېڭە پوستلىقى قوماندانلىق، يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىشى ئادەمنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدا مۇناسىپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، ئەقلىي پائالىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى چېكىندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ۋەھىمە چەككەندە تاتىرىش، ئىزا تارتقاندا قىزىرىش، جەزبىي تۇيغۇغا كىرگەندە كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇش، قايغۇرغاندا ئۇنلۇك يىغلاش، خۇشال بولغاندا ئويناقلاپ كېتىش، مەيۈسلەنگەندە روھى چۈشۈپ كېتىش قاتارلىقلار ئەنە شۇ ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىگە ھەرقاچان تەسىر قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ روشەن بەلگۈلىرىدۇر.

ئادەمنىڭ ھېسسىياتى تاشقىرىدىن ئېلىۋاتقان تەسىرگە قارىتا تولىمۇ سەزگۈر بولىدۇ. ئادەم تۈرلۈك-تۈمەن شەيئىنى ئۆزىنىڭ ھېسسىيات ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ-خۇشال بولىدۇ، غەزەپلىنىدۇ، مەيۈسلىنىدۇ، ھوزۇرلىنىدۇ. ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق قايتۇرىدۇ. ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنىڭ مۇنداق سەزگۈرلىكى، ئۇلارنىڭ ئەقلىدە قوزغايدىغان جىددىي ئۆزگىرىشلىرى، ھەتتا ئۇلارنىڭ يا بەختلىك، يا بەختسىز ئاقىۋەتلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىز تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھېسسىيات ياكى كەيپىياتنىڭ ئەقلىدىكى ئەمەلىي فۇنكسىيىلىرى ئارقىلىق سەل-پەل چوڭقۇرلاپ چۈشىنەيلى.

كېيىنكىسى بولسا، ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيەت قابىلىيىتىنى تۆۋەنلە-
تىدۇ. مەسىلەن، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن پەيدا بولىدىغان غەمكىنلىك،
ئىچ پۇشۇقى ئېشىپ كەتكەندە ئادەمنىڭ دىلىنى غەش قىلىپ،
كاللىسىنى قاپاقتەك قىلىپ قويىدۇ. كەيپىياتنىڭ ئىككى قۇتۇبلۇقى
جىددىيلىشىش ۋە يېنىكلىشىش بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىككى
قۇتۇپلۇق بولۇش كۆپىنچە ئادەم ئەقلىي پائالىيىتىنىڭ ھالقىلىق
پەيتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىمتىھان ياكى مۇسابىقىدىن بۇرۇن
كەيپىياتنىڭ جىددىيلىشىشى، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن جىددىي ئەھۋالدا
ياكى خەتەرلىك شارائىتتا ئىپادىلىنىدىغان جىددىيلىك ھالىتى،
شۇنىڭدەك جىددىي پەيت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ياكى جىددىي-
لىك يوقالغاندىن كېيىن جىددىيلىكنىڭ تۈگىتىلىشى ياكى يېنىكلىشىپ
قېلىش ھالىتى يۈز بېرىدۇ. ئىككى قۇتۇپلۇق بولۇش ھاياجانلىنىش
ۋە خاتىرجەملىك بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ھاياجانلىق كەيپىيات قاي-
ناق ھېسسىيات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىمۇ قارشى بولغىنى
خاتىرجەم كەيپىياتتىن ئىبارەت. ئادەم كۆپىنچە خاتىرجەم كەيپى-
يات ھالىتىدە تۇرىدۇ. ھاياجانلىق بىلەن خاتىرجەملىكتىن ئىبارەت
بۇ ئىككى قۇتۇپ ئارىلىقىدا ئاجىز بولغان ۋە تىنچ داۋام قىلىدىغان
كەيپىيات ياكى ھېسسىيات ھالىتى بولۇپ، ئۇ كەيپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
كەيپىياتنىڭمۇ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى بىردەك بولمايدۇ. پسىخولوگلار
كۆپىنچە كەيپىياتنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىگە قاراپ، ئاچچىقلىنىشىنى
تېرىكىش، غەزەپ، قاتتىق غەزەپ، قەھرى غەزەپ، قايناپ ـ تاش-
قان غەزەپ قاتارلىقلارغا، خۇشاللىقنى خۇشاللىق، قاتتىق خۇشال
بولۇش قاتارلىقلارغا ئاجرىتىدۇ. ئاجىزراق كەيپىيات ھېسسىياتقا
يېقىن كېلىدۇ، ناھايىتى كۈچلۈك كەيپىيات بولسا، قايناق ھېسسىيات-

لىدە زۇلمەت كۆلەڭگىسى بولغان ۋەھىمە ئۇنىڭ يېڭى بىر ئىجادى-يىتى ئۈچۈن چىراغ بولغان. بۇ چاغدا غالجىر ئىت كېسەلى بىلەن خېلى كۆپ ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مۇنداق ۋەھىمىنى ئۆزىدىن ۋە ئىنسانلاردىن جۇدا قىلىش ئۈچۈن، ھايات خەتىرىگە قارىماي، غالجىر ئىت يېنىدا ئۈچ يىل تەتقىق قىلىپ، ئەڭ ئاخى-رىدا ئۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ۋاكسىنىسىنى ئىجاد قىلغان ھەمدە شۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغان بىر بالىغا بۇ ۋاكسىنىنى سېلىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان، ئۆزىنىمۇ 50 يىللىق ۋەھىمە ئازابىدىن ئازاد قىلغان.

پاستىر يولۇققان مەسىلە ئۇزاققا سوزۇلغان ۋەھىمىنىڭ جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشىدا بارلىققا كەلگەن ئەقلىي ئىلگىرىلەش بولۇپ، ۋەھىمىنىڭ ئاستا كۆرۈنۈشلىرىمۇ ئەقلىي پائالىيەتلەردە تەسىر قوزغايدۇ. مەسىلەن، يوقسۇللۇق بىر خىل ۋەھىمە، لېكىن نامرات ئائىلىلەردە چوڭ بولغان بالىلارنى ئەشۇ ۋەھىمىنىڭ تۈرتكىسىدە نامراتلىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ چارىلىرىنى ئويلايدىغان ئادەتنى، ئەڭ مۇھىمى ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق كۈرەشلەر ئارقىلىق نامراتلىقنى ئۆزگەرتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ ھەمدە ئۇنداق بالىلار چوڭ بولغاندا ناھايىتى تىرىشچان باتۇر بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، زۇلۇم بىر خىل ۋەھىمە، لېكىن زۇلۇمدا قالغۇچى خەلق قاراڭغۇلۇقتىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان ۋەھىمىنىڭ ياخشى تەسىر پەيدا قىلىش تەرىپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغان، ھەتتا جانغا زامىن بولىدىغان تەرىپىمۇ بار. مەسىلەن، ئامېرىكىدا ئەتراپى يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتىر ئۇسكۇنىلىرى قويۇلغان بىر ئورۇندا خىزمەت

بىرىنچى مىسال ۋەھىمە. ۋەھىمىدىن ئىبارەت ھېسسىيات شەكلى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقاندا، ئەقلىي پائالىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى ئۈزۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل رول ئوينايدۇ. ۋەھىمىنىڭ ئەقلىي پائالىيەتكە بولغان تەسىرىنى بىز ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەسىرلەر ئارقىلىق چۈشىنىمىز.

ۋەھىمىنىڭ ئاكتىۋال تەسىرىگە فرانسىيىلىك ئۇلۇغ مىكروبىئولوگ پاستېر (1822 — 1895)نىڭ ۋاكسىنا سېلىش يولى بىلەن غالجىر ئىت، مەرەز، ۋابا (خولېرا) قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە دېزىنفېكسىيە (مىكروبسىزلاندۇرۇش) يولى بىلەن فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىلەرنىڭ پىلىچىلىك، پىۋىچىلىك، هاراقچىلىق كەسپلىرىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ئىجادىيىتى تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئۇ ئۇلۇغ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ 1868 - يىلى پالەچ بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق چوڭقۇر ئىزدىنىشلەردە بولغان. 1881 - يىلىغا كەلگەندە، غالجىر ئىت كېسەللىكى گىرىپتار بولغان. شۇنىڭ بىلەن يىراقتىن بىر ئىتنىڭ هاۋشىغانلىقىنى ئاڭلىغان هامان ۋەھىمە چېكىپ بىئارام بولغان، ھەتتا ئىت هاۋشىغاننى ئاڭلىسا ئانا يۇرتى ۋە شۇ يەردىكى غالجىر ئىتلار يادىغا يېتىپ، خۇددى بىرەر ھەقەمسايىسىنىڭ غالجىر ئىتى كېلىپ چىشلىۋالىدىغاندەك، شۇ سەۋەبتىن ساراڭ بولۇپ قالىدىغاندەك، ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى ئويلاپ ئۆزلۈكسىز ۋەھىمە چەككەن. شۇ چاغدا، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ جېنىغا تاقىشىدىغان 10 نەچچە خىل كېسەلگە ۋاكسىنا سېلىپ داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، تۇساتتىن ئىتتىن قورقۇش ۋەھىمىسى ئۇنى غالجىر ئىت كېسىلىنى تەتقىق قىلىشقا باشلاپ كىرگەن. ئەس-

ئانچە يىراق بولمىغان ئوت ئۆچۈرۈش شۆتىسىغا ئۆتۈپ كېتەمەن دېگەن خىيالغا كەلگەن ۋە خىيالدىكى ئىشنى قىلغان. نەتىجىدە بىنادىن چېچىلىپ كېتىپ ئۆلگەن.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ۋەھىمىدىن ئىبارەت بۇ ھېسسىيات كاللىدا ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، تۇساتتىن ئادەمنى قورقۇتۇش شەكلى بىلەن قوزغالغاندا، مېڭىدىكى ھېسسىيات رايونى بىلەن ئەقلىي رايون سىگناللىرى باغلىنىدۇ-دە، تەسەۋۋۇر ئىلھاملىرى قوزغىلىش ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇ ھالەت قورقۇشتىن پەيدا بولغان ۋەھىمىنىڭ مېڭىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى شۇ مىنۇتلاردىكى ئېھتىياج ناھايىتى زور دەرىجىدە ئادەمدىكى ھېسسىيات كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ناپالېئون ھېسسىياتنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇ، ئۆزىنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدىكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن نېرۋا قوزغىلىشىنىڭ بىلىش ۋە تەپەككۇر ئارىسىدا مەلۇم باغلىنىش ھاسىل قىلالايدىغانلىقى ھەممە بەزىدە كىشىنى دانا، غالىبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان تاكتىكا قوللىنىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن.

ناپالېئون دەۋرىدىكى ئىش زامانىمىزدىكى ئۇزاقتا سوزۇلىدىغان ئىجادىيەت پىلانلىرىنىڭ ئىشەنچلىك، توغرا بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، ئىنتايىن كۈچلۈك بىر خىل ھېسسىيات بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزنى پۈتۈنلەي مەھكۇم قىلىۋالغان چاغدا، كاللىمىزدىكى تەسەۋۋۇر ناھايىتى ئەسەبىيلەشكەن ۋە ھەرقانداق ھۆكۈملەرگە پىسەنت قىلمايدىغان قۇتۇپ ئاتلاش ھالىتىگە كېلىپ قالىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا شەك كەلتۈرىدىكەنمىز، تۇساتتىن ئۆزىمىزگە ئوت كەتكەن، ئاتا-ئانىمىز ياكى باشقا مېھرىبانىمىز جىددىي خەۋپكە

قىلىدىغان بىر ئىشچى توك سوقۇۋېتىشتىن قورقۇپ تۈرلۈك تەدبىرلەر بىلەن مۇداپىئەلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ كاللىسىغا "يۇقىرى بېسىملىق توك جېنىمغا زامىن بولارمۇ" دېگەن ئەندىشە كىرىۋالغان. بىر كۈنى ئۇ خىزمەت ئورنىدا بىر تال توك سىمىغا پۇتلىشىپ كېتىپلا يىقىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ تېنىدە توك سوقۇۋېتىش بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ پۇتلىشىپ كەتكەن سىمدا توك يوق بولۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى "مېنىڭ جېنىمنى هامان توك ئالىدۇ" دېگەن ئوي ئۇنى ئۆلتۈرگەن.

قاراڭلار، ھېسسىياتنىڭ ۋەھىمە شەكلى نېمىدېگەن كۈچلۈك ھەم نېمىدېگەن خەتەرلىك!

يەنە شۇنداق غايىب ۋەھىمىلەرمۇ بولىدۇكى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئۇزاققىچە ھۆكۈم سۈرمەستىن، تۇساتتىن بىر دەھشەتكە يولۇقۇش ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ. بۇنداق چاغدىمۇ يەنىلا ئىككى خىل ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ھېسسىياتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىنى بايان قىلغاندا، تۇساتتىن خەتەرگە يولۇققاندا، ئادەمدە بىر خىل سېھىر كۈچىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كىشىنى قوغداپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتۇق. روشەنكى بۇ خىل ئەھۋال غايىب ۋەھىمىنىڭ ئاكتىپ تەرىپى. پاسسىپ تەرىپى بولسا، سېھىر كۈچىنىڭ ئەقىل قوماندانلىقىدا بولمىغان تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق، بىر يەردە 10 نەچچە قەۋەتلىك بىر بىناغا ئوت كەتكەندە، 8-قەۋەتتە ئولتۇرۇشلۇق بىر ئانا بالىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ۋەھىمە چېكىپ، بىر ئەخمىقانە خىيالغا كەلگەن ۋە شۇ خىيال بىلەن بالىسىنى دېرىزىدىن كوچىغا ئاتقان. يەنە بىر قىز بالا كارىۋىتىغا سېلىنغان كىرلىكنى ئارغامچا قىلىپ ئېشىپ ئۆزى ئەشكەن ئارغامچا بىلەن ئۆزىدىن

جەستىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. مىكروس-كوپتا كۆزىتىش نەتىجىسىدە ۋەھىمىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ يۈرىكىدە كۆپلىگەن ھۈجەيرىلەرنىڭ نىكروز (ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆلۈشى) لىنىپ كەتكەنلىكى بايقالغان، بۇنى ئادرېنالىن كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئادرېنالىن — بۆرەك ئۈستى بېزى ئىلىك ماددىسى ئاجرىتىپ چىقارغان بىر خىل گورمون بولۇپ، بۇ گورمون يۈرەكنىڭ سوقىشىنى تېزلىتىپ ۋە قان تومۇرلىرىنىڭ سىقىلىشىنى كۈچەيتىپ، شۇنىڭ بىلەن قان بېسىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەتتە ئادەم تېنىدە ئاز مىقداردىكى ئادرېنالىن ئاجرىتىپ چىقىرىلىپ، ھاياتنىڭ نورمال پائالىيىتىدىكى ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدۇ. لېكىن، توساتتىن قورقۇپ كەتكەندە ۋە قاتتىق ۋەھىمە چەككەندە، ئادرېنا-لىننىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى تېزلىكتە كۆپىيىپ كېتىدۇ، يۈرەكنىڭ زور تۈركۈمدىكى ھۈجەيرىلىرى نىكروزلىنىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۈرەك توساتتىن توختاپ قالىدۇ. مانا بۇ ۋەھىمىدىن ئۆلۈشتۇر.

بۇنىڭدىن كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇكى، ۋەھىمىدىن ئىبارەت ھېسسىيات شەكلى بەزى ئالىملاردا ۋە ئادەتتىكى كىشىلەردە توسات-تىن ئەقلىي پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ دەپ، ئەقلىي ئەمە-گەكچىلەرگە ۋەھىمە سېلىش بىلەن ئالىلىقاندا ق مەقسەتلەرگە يەتمەكچى بولۇش زامانىمىزنىڭ نادانلىرى قىلىدىغان ئەخمىقانە ھەرىكەتتۇر. ئەقلىي پائالىيەتنىڭ يۇقىرى ئۈنۈمىنى ھەقىقىي تۈردە قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋەھىمىنى يوقىتىپ، روھى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە ۋەھىمىدىن ھالاكەتكە ئۇچراش پىسخىك ۋە

يولۇققان ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئورۇنسىز خورلانغان چاغلاردىكى
ھېسسىياتىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقساق بولىدۇ. بۇنداق
چاغدىكى ھېسسىيات ۋىجدانىي بار ھەرقانداق ئادەمدە جەزمەن يۇق-
رىقىدەك ئىككى خىل نەتىجە بېرىدۇ دېمەك، ۋەھىمە كىشىنى جازا-
لاش خاراكتېرىدىكى ھېسسىيات بولغانلىقتىن ھەم توساتتىن تەسىر
پەيدا قىلىپ كىشىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ، ھەم
توساتتىن ناھايىتى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى قىلىشقىمۇ مەجبۇرلايدۇ.
لېكىن، ئومۇمەن ئالغاندا، بېسىم ئەقلىي پائالىيەت بولغان تەسەر-
ۋۇرنى پالەچ ھالغا چۈشۈرمەيدۇ، دېگەندىمۇ، ئەقلىنىڭ تىنچلىقتا
ئۇزاققىچە ئۈنۈم بېرىشى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى
تۆۋەنلىتىدۇ. چۈنكى ئەقلىي پائالىيەتنى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە
قىلىدىغان ئىلھام ئەركىن ھالەتتىكى تەپەككۇردا پەيدا بولغانلىقتىن،
بېسىم، تەھدىت كۈچەيگەن شارائىتتا ئەركىن ھالەتتىكى تەپەككۇر
بولمايدۇ. مەسىلەن، 2- دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا ناتسىس گېرمانىيە-
سىدە دۇنياغا داڭلىق خىمىك ئالىملار بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار ئۆز
ھاياتىنىڭ گىتلىر قولىدا تۇرغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزلىرىدىن
سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان ئامېرىكا خىمىكلىرىدىن كېيىن قالغان.

ۋەھىمىنىڭ ئادەم تېنىدە پەيدا قىلغان فىزىئولوگىيىلىك بۇزغۇن-
چىلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئەقلىي پائالىيەتنىڭ ئەركىنلىككە نەقە-
دەر مۇھتاجلىقىنى، ھەرقانداق جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
تەبىئىي يوللار بىلەن پەيدا بولىدىغان ۋەھىمىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش
بىلەن بىر چاغدا، سۈنئىي تەھدىتلەرنى يوقىتىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر-
لىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

يېقىندا ئامېرىكىلىق ئىككى دوكتور ۋەھىمىدىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ

گىزمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر قىلمىغان ۋە تىلغا ئالمىسىمۇ بولىدى- غان شەيئى بولماستىن، ئۇ تىلغا ئالمىسا بولمايدىغان ۋە سۆيمىسە بولمايدىغان شەيئى بولۇشى كېرەك". بىزنىڭ ھېسسىياتىنىڭ مۇھەب- بەت بىلەن نەپرەتكە يېقىنلىشىدىغان تۈرلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا، مۇھەببەت ۋە نەپرەت توغرى- سىدىلا ئاددىي چۈشەنچە بىلەن چەكلىنىمىز.

مۇھەببەت ۋە نەپرەت ھېسسىياتى كىشىنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىدە ئاجايىپ زور بۇرۇلۇش ياسايدۇ. ئالايلۇق، مەشھۇر ئىنگلىز شائىرى سكود ياش چېغىدىكى سۆيگىنىنىڭ دادىسىنىڭ مەجبۇر- لىشى بىلەن بەگزادىگە نىكاھلىنىشى تۈپەيلىدىن ھەسرەت- نادا- مەتتە قېلىپ، شۇ ھەسرەت- نادامەت ھېسسىياتىنى "رولوبىستا" ۋە "ھېستوك" قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، مەش- ھۇر شائىرغا ئايلانغان. ئامېرىكىلىق بىر قىز ئېرى ھايات ۋاقتىدا باشقا بىر كەسىپتە ئىشلەيدىغان بولسىمۇ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئۇنى كۈيلەيدىغان ناخشا ئوقۇپ غەزەل- خان، ئاندىن ئاتاقلىق مۇزىكانتقا ئايلانغان. ئۇنىڭ "تەبەسسۇم مەن- دىن جۇدا" دېگەن مۇزىكىسى دۇنياۋى داڭلىق مۇزىكىغا ئايلانغان.

ئۇلارنىڭ شائىر ۋە مۇزىكانت بولۇپ كېتىشى ئالدى بىلەن ئۇلاردا ئىچىگە پاتۇرالمايدىغان ھەسرەتنىڭ قوزغىتىشىدىن بولسا، ئاندىن قالسا ئۇلارنىڭ تۇغما ۋە غەيرىي تۇغما قابىلىيەتلىرىنىڭ مەلۇم نىشان ئۈچۈن ئىشتىلىدىغان ئادەت يېتەكچىلىكىگە ئۆتكەنلىكە- دىن بولغان.

مۇھەببەت بىر خىل ھېسسىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈرلۈك شەكىللەردە تۈرلۈك ئۈنۈم بېرىدۇ. ئۇ ۋەتەن مۇھەببىتى بولۇپ

فىزىئولوگىيىلىك ئامىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدە پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى توغرا بولسا يۈرىكى توم بولىدۇ، يۈرەك توم بولسا بىرنېمىدىن قورقمايدۇ، باتۇرلۇق بىلەن ئەركىن يۈرەلەيدۇ. ھەق - ناھەق ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان باشقا ۋەھىمىلەرمۇ كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى چېنىقتۇرۇشقا، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە باغلىق بولۇپ، ئىرادىسى مۇستەھكەم ۋە ھېسسىياتى مۇقىملاشقان ئادەملەر ۋەھىمە چەكمەيدۇ ۋە ھالاكەتكە ئۇچرىمايدۇ؛ ئىرادىسى ئاجىز، قورقۇنچاق، شەخسىيەتچى كىشىلەر بولسا ئۆزىگە دەخلىسى بار دەپ قارالغان ھەرقانداق كىچىك ئىشتىن قورقىدۇ- دە، ۋەھىمىدىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، ئىرادىلىك بولۇش تولىمۇ زۆرۈر.

ئىككىنچى مىسال مۇھەببەت ۋە نەپرەت. يۇقىرىدا مىسالغا ئالغان ۋەھىمىدىن ئىبارەت ھېسسىياتنىڭ بىر خىلى كىشىنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىگە ئاشۇنداق ئىككى خىل تەسىر كۆرسەتكەندىن باشقا، ھەر خىل ھېسسىياتلارمۇ ھەر خىل تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مۇھەببەت، تەشنالىق، نەپرەت، گۈزەللىك، خوشاللىق، زوقلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەقلىي پائالىيەت ھەتتا ئىجادىي پائالىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئالايلۇق، بەدىئىي ئىجادىيەتتە ھېسسىيات ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھىجرانلىق ھەم جۇدالىق پەيتلەردە يازغۇچىلارنىڭ قەلبىدە ھېسسىياتلار قايناپ، لېرىك شېئىرلار ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇلۇغ يازغۇچى تولستوي بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "ئەسەرنىڭ ياخشى يېزىلىشى ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ يۈرىكىدىن غەزەل ئېتىلىپ چىقىشى كېرەك". ئەسەرلەردە "بايان قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغىنى، ھەر-

ئجادىي پائالىيەتنى ئالگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، پوشكىن: "زوقلۇنۇش مۇسابىقىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى" دېگەن. روشەنكى، بۇ يەردە ئېيتىلۋاتقان مۇسابىقە شۈبھىسىز ھالدا ئەقلىي مۇسابىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لەززەتلىنىش ھېسسىياتى ھەققىدە ئۇلۇغ فىزىك بوھىن: "مەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئۆزى ناھا-يىتى چوڭ لەززەتلىنىش ئىكەنلىكىنى دەسلەپتىلا ھېس قىلىپ، شۇن-دىن باشلاپ تا ھازىرغىچە بۇنىداق لەززەتلىنىشلەردىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمەن" دېگەن ھەمدە ئۇنىڭ زادى قانىداق لەززەتلىنىش ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ: "بۇنىداق لەززەتلىنىشنىڭ ئۆزى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى كۆزىتىش، ئىجادىيەت ئېپىنى تېپىش ۋە بۇ قالايمىقان دۇنيانىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى مەلۇم قائىدە بىلەن تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى لەززەتتۇر" دېگەن.

مۇھەببەتنىڭ ئۆچىشى بىلەن كېلىپ چىققان نەپرەتمۇ كىشىلەرنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بىر چوكانىنىڭ يارىسىنى داۋالىغان بىر دوختۇرخانىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇ چوكانىنىڭ ئېرى سۈرەت ئاپپاراتىغا ئوخشاش بىر مىلتىق بىلەن ئۇنى يارىدار قىلغان. ئۇ ئادەم ئەسلىدە بىرەر نەرسە ئىجاد قىلغۇچىلىكى يوق ئادەم ئىكەن، ھەتتا تۇرمۇشنىمۇ قامداشقا چامى يەتمەي، ھەرەك-سەرەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنى ئۆيـ-دىن قوغلاپ چىقارغان ئىكەن. ئۇ، خوتۇنىنىڭ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىغا نەپرەتلىنىپ، شۇ نەپرەتنىڭ قوزغىتىشى بىلەن ئايالىنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەمما كىشىلەر بىلمەيدىغان سىرلىق مىل-تىق ياساپ چىقىشقا نىيەت قىلغانىكەن. بۇ ھەقتە "دەۋر" ژورنىلى خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئۇنىڭ ئىختىراسى بىر كورۇپكىغا

شەكىللەنگەندە تۈرمەنلىگەن كىشىلەرنى ھەتتا ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بىرىشتىن قورقمايدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. ئانا مۇھەببىتىگە ئايلانغاندا، ئائىلىسىدىكى ناھايىتى ئىنچىكە ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بالىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ئانىلىق ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالايلۇق، ئامېرىكىدا جىددىي بىر ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا، بىر ئايال ئۇرۇشقا كېرەكلىك ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆچتىن بىر ھەسسە ئاشۇرىدىغان بىر خىل ئۇسۇلنى ئىجاد قىلغان. ئۇ بۇ ئىجادىيىتىگە ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان ئوغلىغا بولغان مۇھەببەت سەۋەب بولغانلىقىنى ئېيتىلغان. دېمەك، ئۇنىڭ ئوغلىغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنى نورماللىقتىن ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىجادكارغا ئايلاندۇرغان. ھازىرقى پسىخولوگ ۋە فىزىئولوگلارنىڭ تەتقىقاتى بويىچە قارىغاندا، ئانىلىق تەبىئىتىنىڭ ئاڭلىق ئادەمدە ئاشۇنداق دەرىجىدىن تاشقىرى مۇھەببەت شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىپلا قالماي، ھەتتا ھايۋانلاردىمۇ ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ۋە جىنسىي قوزغىلىشتىن ئۇرغۇن دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان قۇدرەت ھاسىل قىلالايدۇ. بۇنداق قۇدرەت نى-نى ئىشلارنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتىشكە يارايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخى يارالغاندىن بۇيان، مۇھەببەت ئوتلىرى كىملەرنى نېمە كويلارغا سالمىدى ۋە نېمە ئىشلارنى قىلغۇزمىدى دەيسىز؟ تەبىئىيكى ئەشۇ كوي ۋە ئىشلار ھايات مەشئىلى بولغان ئەقىل چىرىغىنى دائىم يورۇتۇپ تۇردى.

بىز دەۋاتقان ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتىن باشقا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان زوقلىنىش، لەززەتلىنىش قاتارلىق ھېسسىياتلارمۇ ئەقلىي پائالىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا

تەسىر كۆچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

پسىخولوگىيە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھېسسىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئەقلىي پائالىيەتلەردىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالىيجاناب ھېسسىيات قوماندانلىقىدىكى ئىجادىي تىرىشچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. چۈنكى بىر ئادەم ئۆزى قىلىۋاتقان بىر ئىشقا ئالىيجاناب ھېسسىيات بىلەن مۇھەببەت باغلاپ، شۇ مۇھەببەتنى ئەمەلىيەت جەريانىدا چىڭىقتۇرۇش ئارقىلىق تۇراقلاشتۇرسا، ئۆزى قىلىۋاتقان شۇ خىزمەت ئۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلاندۇرغۇچى ھەم رىغبەتلەندۈرگۈچى؛ چېنىقىش ھەم دەم ئېلىش، شۇنىڭدەك خۇشاللىق بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئەشۇ خىزمەتتىن باشقا ئىچ پۇشىغنى چىقىرىدىغان باشقا قىزىق ئىش بولمايدۇ. تەبىئىيكى بۇنداق دەرىجىگە يېتىش خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇلۇغ ئالىم پاستىر ۋە ئېينشتېينلەرگە ئوخشاش ئالىيجاناب ھسسىيات بىلەن تۇرلۇك قىيىن ئۆتكەللەردىمۇ ئۆز نىشانىدىكى ئىشقا ئىنتىلىش، باشقا ھەرقانداق خىيالنى قويۇپ تۇرۇپ ئاساسلىق ئىشقا مۇھەببەت باغلاشتەك ئىجادىي تىرىشچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق بولىدۇ. ئىجادىي تىرىشچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئالىيجاناب ھېسسىياتنىكى تۇراقلىقىنىڭ قەدىرلىك يەرلىرىنى بىلمەيدۇ. ئەمما، ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەت يولىدا ئىجادىي تىرىشچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، خىزمەتتە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلغاندىن كېيىنكى ھېس قىلغان لەززەتلىنىش ھامان ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل رىغبەتلەندۈرگۈچى بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىمىز ۋە پائالىيىتىمىز

ئوخشايدىغان سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىغا ئوخشاش نەرسە بولۇپ، قەلەي، يالىتىلغان تۈنىكىدىن ياسالغان ۋە ئۈستىگە ماركا چاپلانغان. ئۇنىڭ ئىچىگە بولسا، يوغانراق مۈشەكسىمان نەيچىدىن ياسالغان يالاڭئاتار مىلتىق يوشۇرۇلغان." بۇ يەنە شۇنداق ئۇستىلىق قىلىغانكى، ھەر باب بىلەن بىر قىز بالىنى ئۆزىگە كۆندۈرۈپ، ئۇ قىزنى مۇشۇ ئاپپارات شەكىلدىك مىلتىق بىلەن "بىر چوكاننىڭ سۈرىتىنى تارتىپ ئېلىشقا ئەۋەتكەن." ئۇنىڭ سېھىر گەپلىرىگە ئىشىنىپ كەتكەن قىز ئالدانغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرسەتكەن چوكاننىڭ سۈرىتىنى تارتىمەن دەپ كونۇپكىنى باسقان. نەتىجىدە "سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى" دىن ئوق چىقىپ ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ پۇتىغا تەگكەن. يارىلانغان بۇ چوكان دوختۇرخانىغا كەلتۈرۈلگەن ۋە يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن.

قاراڭلار! ئۇنىڭدىكى نەپرەت نېمە دېگەن باي تەسەۋۋۇرلارنى قوزغىغان-ھە! جاھانسازلىق جەھەتتە ئىزدىنىپ خاتا يوللاردا يۈرگەن ئەشۇ ئەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئەگەر پاك بىر ھېسسىيات ۋە ئاكتىپ بىر ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە تاۋلىنىپ بارغان بولسا، ئۇ قانچىلىك نەتىجە ياراتقان بولاتتى-ھە!

## 3. ھېسسىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە ھېسسىيات تەربىيىسى

يۇقىرىدىكىلەر بىرقەدەر تاۋلانغان ھېسسىيات تۈرلىرىنىڭ ئەقلىي پائالىيەتتىكى تۈرلۈك ئىنكاسلىرى بولۇپ، بۇ بىزگە ھېسسىياتنىڭ تاۋلىنىش ئارقىسىدا تۇراقلاشقان چاغدىلا، گويا ئېتىلغان ئوق ياكى كونۇپكىنى باسقان ھامان ئاقىدىغان ئېلېكتر ئېقىمىغا ئوخشاش چوڭ

## 4. باللارغا ساغلام ھېسسىيات تەربىيىسى بېرىش

بىز كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ دانالىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىي ھۆرمىتى ئۈستىدە سۆزلىگەنلىكىمىزدە، ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى زېرەك-لىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئۇلارنى قانداق تەربىيىلىگەن-لىكنى زوق-شوق بىلەن ئەسلەيمىز. بۇ ئېھتىمال تالانتنىڭ ئۇرۇقى كىچىك ۋاقتىدىكى ئىشتىن بىخلايدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ ئانا يىلتىزلىرىدىن بولغان ھېسسىياتمۇ ئەنە شۇ تالانت دەرىخى دەسلەپ تىكىلگەندىلا ئۈسۈشكە باشلىغانلىقتىن، پسىخولوگ ۋە تالانتشۇناسلار زامانىمىزنىڭ ھېسسىيات ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى جەريانىدىكى بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن، ساغلام ھېسسىيات يېتىشتۈ-رۈشنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاشنى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئىختىساسلىق-لارنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم تەدبىر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ.

ھېسسىيات تەربىيىسىنى باللىق دەۋرىدىن باشلاشنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، ساغلام ھېسسىيات ئادەمنىڭ بىر خىل پسىخىك تۈرمۇشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەمنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا بىخ سۈرۈشكە باشلايدۇ. ئادەم جىسمىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، بېيىيدۇ ھەمدە ئادەمنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەر-دىن تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنىڭ ئىختىساسلىق بولۇپ چىقىشىدا ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوي-نايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تالانت ئىگىسى بولغۇسى باللارنىڭ ھېس-

ۋەھىمە، مۇھەببەت، نەپرەت، قايغۇ، خۇشاللىق، ئارزۇ دېگەندەك تۈرلۈك ھېسسىياتلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن كۈچىيىدۇ دېگەندىن كۆرە، ئالىيجاناب ھېسسىيات قوماندانلىقىدىكى تىرىشچانلىق ئادىتىنىڭ تەسىردە كۈچىيىپ بارىدۇ دېسەك تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. چۈنكى بەزى ھاللاردا مەلۇم رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ قۇدرىتى چەكسىز بولسىمۇ، ئەمما، بۇنداق كۈچ ناھايىتى مۇقىمسىز بولغانلىقتىن، بىز ئۇنى يۆلەنچۈك قىلالمايمىز، پەقەت ۋە پەقەت مۇقىملاشقان ھېسسىيات رىغبەتلەندۈرۈشىنىلا يۆلەنچۈك قىلالايمىز.

بۇرۇنقى چاغلاردا نۇرغۇن كىشىلەر ناھايىتى مۇرەككەپ ئەقلىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىغانلىقتىن، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، ئەقلىي پائالىيەت جەھەتتىكى چېنىقىشلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئەمدىلىكتە ئەقلىي جەھەتتە ئىجادىي تىرىشچانلىقنى چېنىقتۇرۇش ھاياتىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدىكى ئەقلىي پائالىيەتلەردە ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن ئالىملار ئىجادىي تىرىشچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەكىتلەش بىلەن بىر چاغدا، ھېسسىياتنىڭ يىلتىزى ئادەمنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا بىخ سۈرگەنلىكتىن، ھېسسىيات تەربىيىسىنى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاشنىمۇ جەزملەشتۈردى. شۇڭا، بىز ئالىيجاناب ھېسسىيات تەربىيىسىنى ئىككى چوڭ تۈركۈم بويىچە چۈشىنىپ، چوڭلارغا ھېسسىيات بابىدىكى ئەڭ ئالىيجاناب ئەقلاقىي ھېسسىيات بولغان گۈزەل خىسلەت تەربىيىسىنى ئاساس قىلىشنى، بالىلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ ساغلام ھېسسىيات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلەيمىز.

ئۇ سەۋەنلىكى ئۇچۇن ئۇنىڭغا قاتتىق كايىغان ۋە ئۇنىڭ سايامەتكە چېقىشنى مەنئى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا "ئەسكى بالا" دېگەن بەدنام چاپلىنىپ، ئاتا-ئانىسى، مۇئەللىملىرى، ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا كەمسىتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن خورلىنىپ، يىتىمسىراش، قايغۇرۇش ھېسسىياتى ئۇنىڭ سەبىي قەلبىنى چۇلغىۋالغان، بۇ ھېسسىيات بارا-بارا تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىڭدا ھەممىدىن بىزار بولۇش ۋە كەمستكەنلەردىن ئۆچ ئېلىشتىن ئىبارەت ساغلام بولمىغان پسىخىك ھالەت پەيدا بولغان. مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا مۇئەللىم ئۇنى يەنە ھەزىلە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا مەكتەپتىكىلەر ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، سىنىپلارغا ئوت قويۇپ بېرىپ، جىنايەتچىگە ئايلانغان. قاراڭلار، بالىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئورۇنسىز زەربە بېرىش قانداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ-ھە!

تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار ۋە مۇئەللىملەرنىڭ بالىلارنىڭ ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشتە يارىتقان ياخشى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، شۇنى چۈشىنىمىزكى، ئاشۇ ئەھۋال بالىلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ھېسسىيات جەھەتتە تەربىيىلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چېرنىشۋىسكىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، "نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى تېز ھەم توغرا چۈشىنىپ كېتىشكە ئادەتلىنىش" ھەمدە "بارلىق خەيرى ساخاۋەتلىك ۋە گۈزەل نەرسىلەرگە كۈچلۈك مۇھەببەت باغلاش"، "بىلىمنى بېيىتىپ مېڭىش، كاللا ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىش، ئالىيجاناپ ھېسسىياتتا بولۇش" — تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر يېتىشتۈرۈشكە تېگىشلىك ھېسسىيات پەزىلىتى بولۇپ، بۇ پەزىلەتلەرنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ چىڭ تۇتمىغاندا ئورۇنداپ كەتكىلى بولمايدۇ.

سىياتىنى چېنىقتۇرۇش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

باللارغا قارىتا ھېسسىيات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئالاھىدە تەكىتلەشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، باللارنىڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرى يۇمران بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە يۈز بېرىدىغان قوزغىلىش جەريانى تورمۇزلىنىش جەريانىدىن روشەن ھالدا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ نېرۋىسىدا مۇقىملىق ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېسسىياتنىڭ باللارنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى ھەرقاچان چوڭ ئادەملەرگە قارىغاندا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر بالىلىق دەۋرىدە باللارنىڭ ھېسسىياتىدىكى بۇنداق مۇقىمسىزلىققا دىققەت قىلىنمىسا، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا توغرا مۇئامىلە قىلىنمىسا باللارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا زامىن بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. مۇنۇ بىر مىسال بۇنداق ئاقىۋەتلەرنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئېنىقلىنىشىچە، مەلۇم بىر دۆلەتتە بىر بالا مۇنداق بىر ئەھۋالغا يولۇققان. ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە ئويغىنىپلا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبرالىشىش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇلار بۇ بالىنى بىرسى-بىرسىگە ئىتتىرىپ، ئۇنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ھېچقايسىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالمىغان. بۇ بالا ئۆزىنىڭ تاشلاندۇق بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىگەن ۋە خورلۇققا چىدىماي يىغلاپ كەتكەن. ئۇ شۇ خاپىلىق بىلەن مەكتەپكە بارغان. شۇ كۈنى ئۇلار مەكتەپ بويىچە ساياھەتكە چىقماقچى بولۇپ، مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرقىنى بويىچە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشى لازىم ئىكەن. ئەمما، ئۇ بالا ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغان. مەكتەپكە بارغان ھامان مۇئەللىمى

ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىنى ئاشۇ ئۇلۇغ ئوب-رازلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېسىل ھەرىكەتلىرىگە ئىنتىلدۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى باسقۇچتا ئۇلارنى بارا-بارا ۋەتەنگە، مىللەتكە، جەمئىيەتكە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنىڭ ئاددىي-ئاسانلىرىنى قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدا دەسلەپتە شەكىللىنىشكە باشلىغان ياخشى ئامىللارنى تۇراقلاشتۇرۇش ھەم ئۇلغايتىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

مۇشۇ ئۈچ باسقۇچلۇق تەربىيە ئائىلىدە چىڭ تۇتۇلسا، ئۇلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى ھېسسىيات تەربىيىسىنى بىرقەدەر تېز قوبۇل قىلىپ، كەلگۈسى ئۇلۇغ ئىشلارغا ئىشتىراك قىلىش ھېسسىيا-تىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ بارىدۇ-دە، ئاشۇ ھېسسىيات تۈرتكە-سىدە ئەقلىي پائالىيەتلىرىنىڭ دەسلەپكى پەشتىقىدا مەزمۇت تۇرالايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن غايەت زور ھەرىكەتلەن-دۇرگۈچى كۈچ بولىدۇ. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى تەربىيە بىلىم ئېلىش ۋە دۇنيا قاراشنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدا زۆرۈر. چۈنكى بۇنداق تەربىيە باللارنىڭ ياخشى تەرەپكە مېڭىشى ياكى يامان تەرەپكە قاراپ مېڭىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، باللار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنلا ئائىلىلەردە ئېلىپ بېرىلغان ھېسسىيات تەربىيىسىنىڭ مېۋىسىنى قوغداپ، ئوقۇغۇچىلار-نىڭ ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى بارغانسېرى ھېسسىيات كۈچى بىلەن ئېلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاساسلىقى، ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇت-

ئۇنداق بولسا بالىلارغا ھېسسىيات تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟
ئومۇمەن قىلغاندا، بالىلارغا بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى ئوخشىمىغان باسقۇچلاردا ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى بالىلارنىڭ ھېسسىياتى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بالىلار كىچىك چاغلىرىدا ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلىشقا ماھىر بولمىغانلىقتىن، كىچىككىنە ئىشقا يولۇققان ھامان ھاياجانلىنىدۇ ياكى يىغلاپ غەلۋە قىلىدۇ، ھەتتا چوڭ كىشىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ بىر خىل پاسسىپ ھېسسىياتىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئاڭلىق كونترول قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان تۈرلۈك ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى، ئويناشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلاردا قىزىقىش پەيدا قىلىش، شۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ساغلام يېتىلىش تەرەپكە بۇراش كېرەك. بالىلار ئوقۇشقا كىرىشكە يېقىنلاشقاندا بالىلارنىڭ ھېسسىياتى يېتىلىشكە باشلىغانلىقتىن، بۇ باسقۇچتا بالىلاردا يۇقىرىقى ھېسسىياتلارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار يالغۇز ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىش ۋە باشقا تەربىيىلەرنى بېرىش بىلەن توختاپ قالماستىن، تۈرلۈك ياخشى نەرسىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى كۆرسىتىپ سۆزلەش، باتۇرلارنى، ئاقكۆڭۈل ياخشى كىشىلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇنى ئوبرازلىق شەكىللەر بىلەن ئۇلار قەلبىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلەرنى ناھايىتى راۋان، جانلىق ئىپادىلەپ، ھەرىكەت

# سەككىزىنچى باب   خاراكتېر ۋە ئەقىل

ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرنىڭ ئەقىل ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەرگە بولغان تەسىرى ھەققىدە قەدىمكى زاماندىكى پسىخولوگلاردىن تارتىپ زامانىمىزدىكى پسىخولوگلارغىچە نۇرغۇنلىغان ئالىملار تۈرلۈك تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خاراكتېرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەقلىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. ئالىملارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي پائالىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىنى چېنىقتۇرۇشى ۋە بالا-چاقىلىرىدا ساغلام خاراكتېر يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۇل سېلىشى جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، ھەركىم ئۆز ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولىدىكەن، خاراكتېرنى چېنىقتۇرۇش ۋە ساغلام خاراكتېر يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. ئۇنداق بولسا، بىز مىجەزنى چېنىقتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ خاراكتېردىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان يازغۇچى ئىسھاق ئاسىموۋنىڭ باشلايلى.

## 1. ئاسىموۋنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى

بىئولوگ، ئىلمىي پانتازىيە ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلە-

قۇچىلار تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى خۇشال، كۆتىرەڭگۈ روھلۇق ھېسسىياتقا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېخىمۇ ئاكتىپ ھالدا بىلىم ئۆزلەشتۈرىدىغان ۋە ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىلىشى، مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىپ بولغان ھېسسىيات چۈشەنچىسىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى مۇستەھكەملىشى، تەڭشىشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى؛ باللارنىڭ ئۆگىنىش ۋە پائالىيەتلەردە نەتىجە قازىنىشىغا سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتە باشتىن ئاخىر ئاكتىپ ھېسسىيات چۈشەنچىسىنى ساقلاپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە كۆپ رىغبەتلەندۈرۈشى؛ ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز كەيپىياتىنى تىزگىنلەش، تەڭشەشكە ماھىر بولۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىش ۋە تۇرمۇش، ئۆگىنىشتە يولۇققان ھەر خىل مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش روھىي ھالىتىنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

كىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغان دەسلەپكى كۈنلەردە نامرات ئىدى. بۇ مۇھىت ئۇنى تىرىشچان قىلىپ تەربىيىلىدى. شۇڭا، ئۇ 15 يېشىدا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىر-گەندىن باشلاپ، مىكرو ھېكايە يېزىش بىلەن ئالغان قەلەم ھەققىگە تايىنىپ ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇش ۋە تۇرمۇشنى قامدىدى. 1939-يىلى فىزىكا پەنلىرى بويىچە باكلاۋېرلىق ئۇنۋانى ئالدى، 1941-يىلى ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالدى. 1947-يىلى خىمىيە پەنلىرى بويىچە پەلسەپە دوكتورى بولدى. 21 يېشىدا «گوگۇم چۈشكەندە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى ئېلان قىلىش بىلەن ئەدەبىيات ساھە-سىدە باش كۆتۈردى.

ئۇ كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئاشۇ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ناھايىتى ياش تۇرۇپلا قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاساسلىق زېھ-نىنى بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورلۇق، دوتسېنتلىق ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، يازغۇچىلىقنى ئىشتىن سىرتقى پائالىيەت قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىئوخىمىيە جەھەتتىكى ئىلمى ۋە نەزەر دائىرىسىمۇ كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئۆسۈپ باردى. شۇنىڭ بىلەن 1955-يىلى بوستون ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىنىڭ بىئوخىمىيە پىرافېسورى بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ بارغانسېرى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كىتابخانلارغا ھەم ئىلمىي مەلۇمات ھەم ئەدە-بىي ئوزۇق بېرىدىغان ئۆزگىچىلىك بىلەن يارقىنلىققا كۆتۈردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ئالغان «ئاسىموۋنىڭ ئىلمىي ساياھىتى» ناملىق ئىلمىي پانتازىيە ئەسەرلىرى ئۇستۇن بەدىئىي ماھارەت بىلەن كىتابخانلارنى يەردىن ئاسمانغا، ئاسماندىن كائىناتقا

رىنى ئىجاد قىلىش بويىچە دۇنىيانى ھەيران قالدۇرغان چولپان ئاسىموۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان بولغىيدىڭىز.

ئۇ ھەپتىدە بىر پارچە كىتاپ يېزىشتەك يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئىجاد قىلدى. ئۇ كاللىسىدا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى - ئۈچ خىل ئەسەرنى يېزىشنى پىلانلىيالىدى. ئۇ ھەر كۈنى يېزىقچىلىق شىرەسى ئالدىدا كەم دېگەندە سەككىز سائەت چىڭ ئولتۇرۇپ، ماشىنكىسى بىلەن ئەسەرلىرىنى ئۇردى.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ يازماقچى بولغان ئەسەرلىرىنى بىر تەرەپتىن كاللىسىدا پۇشۇرۇپلا قالماستىن، كاللىسىدا پۇشۇرغانلىرىنى مىنۇتىغا 90 سۆز سۈرئىتى بىلەن ئۇرۇپ بولدى. ئۇنىڭ چىۋەر قوللىرى ماشىنكىنى شۇنچە تېزلىك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىلھام دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىغا ماس ھالدا پەرۋاز قىلىۋاتقان پەرۋاز كەپتەرلىرىگە يېتىپ بولالمىدى. ئۇنىڭ يازغانلىرى شۇنداق سۈپەتلىك، نەپىس، جانلىق، يېقىملىق، قىزىقارلىق ۋە يۇمۇرلۇق بولۇپ چىقتىكى، يېزىلىپ بولغان ھامانلا مەتبەگە يوللاندى. ئۇ ئەسەرلەر مەتبەدىن چىققان ھامان ئامېرىكا ۋە دۇنيادىكى مىليونلىغان كىتاپخانلارنى ئۆزىگە جەلب قىلىۋالدى. بۇ نېمە دېگەن كارامەت - ھە!

راست ئىشقا ھەممە كىشى ئىقرار بولۇش كېرەك. ئۇ ھەقىقەتەن ئىنسانلار ھەقىقىي ھۆرمىتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىلىرى بولۇشقا تېگىشلىك تالانتلىق يازغۇچى.

ئىساق ئاسىموۋ 1920 - يىلى روسىيىدە تۇغۇلدى. ئۈچ يېشىدا دادىسى ئۇنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ نيۇيورك شتاتىنىڭ بىروكلىنىدا چوڭ بولدى ۋە 1928 - يىلى ئامېرىكا تەۋەلى-

سورايدىغاندۇ.

ئۇنىڭ يازغۇچىلىقتىكى كامالىتى ئاللىقانداق بىر سىرلىق كۈچنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئېنىق نىشانغا ئىگە بولۇش ۋە قەتئىي ئىشەنچتە بولۇشتىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس ئىنتىلىشچان خاراكتېرىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا كىشىلەر ئاسىموۋ-نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ مۇشۇ خاراكتېرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن تونۇشقىنىمىزدا، شۇنى كۆرىمىزكى، ئۇنىڭ نىشانلىق ئىلگىرىلەش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش خاراكتېرى ئىزچىل ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان. ئۇ ئۆزىگە يۈكسەك بىر غايىنى تۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئاشۇ غايىگە يېتىش مۇساپىسىنى بىرنەچچە ئىلگىرىلەش نىشانلىرىغا بۆلۈۋېلىپ، ئەشۇ باسقۇچلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ بېسىپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

"مەن خىمىيە جەھەتتە پەلسەپە دوكتورى بولۇشنى نىشان قىلىپ، ئۇ نىشانغا يەتتىم. چوڭچەك يېزىشنى نىشان قىلىپ، ئۇ نىشانغا يەتتىم، ئۇنىڭغا ئۇلاپ ھېكايە يېزىش نىشانىنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭغىمۇ يېتىۋالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىشنى نىشان قىلىپ، ئۇ نىشانغىمۇ يەتتىم. ئەڭ ئاخىرىدا مەن پۈتكۈل بىر دەۋرنىڭ يازغۇچىسى بولۇش قارارىغا كەلدىم ۋە ھەقىقىي تۈردە شۇنداق يازغۇچى بولدۇم".

ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى نېمە دېگەن كۈچلۈك، يەتمەكچى بولغان نىشانى نېمە دېگەن ئېنىق-ھە! بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، خاراكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا، غايە ۋە ئىشەنچ كىشى ھاياتىدا ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك ئۇلۇغ بىر كۈچتۇر. گوركىنىڭ سۆزى

ۋە كائىناتتىكى ناھايىتى يىراق مۇساپىلىق پىلانىتلارغىچە ساياھەت قىلىپ، قۇياش سىستېمىسىغا قايتىپ كەلگەندەك ھېسسىياتقا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىزنى زامان چەكسىزلىكىدە ھاياتسىز ئىرالاردىن زامانە ئاخىرىغىچە ساياھەت قىلدۇردى، بىزنى ئېلېمېنتلار ۋە ئاساسىي زەررىچىلەر دۇنياسىنىڭ تىلسىماتلىق ئوردىلىرىغا باشلاپ كىرىپ، مانا: مۇشۇنداق "مىكرولۇق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى" دىن تەرتىپ بويىچە مولېكۇلا، ئاقسىل، مىكروئورگانىزم ۋە بىزنىڭ بەدىنىمىزدەك بۈيۈك سەنئەت بىنالىرىنى قانداق ياساش ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. مۇشۇنداق ئۇزاق ئىلمىي ساياھەتنى ئاياغلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئاپتور بىزگە يەنە ھېكايىلىرىدا ئادەم مېڭىسىنىڭ تەپەككۇرى ھەققىدە قىزىق-قىزىق ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ بەردى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەزەلدىن كۆرۈلمەگەن ئەدەبىي زوق بىلەن شادلاندۇق، خۇددى ئەرەب رىۋايەتلىرىدىكى زىلچىغا ئولتۇرۇپ ئاسماندا ساياھەت قىلىۋاتقان ھېسسىيات بىلەن تۈرلۈك پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى يۈزلىنىشى ھەققىدە ئىلىم شارابىنى ئىچتۇق. ئۇنىڭ بۇ كىتابلىرى كۆزلىرىمىزنى تالغۇزىدىغان ئادەتتىكى كىتابلار ئەمەس، قولغا ئالسىلا ئوقۇپ تۈگەتمىگىچە يەردە قويۇپ قويۇشقا ئادەمنىڭ كۆزى قىيمايدىغان بىباھا گۆھەر كىتابلاردۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىيات بىلەن تەبىئىي پەنلەرنى مۇنداق زىچ بىرلەشتۈرەلىشى دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلىپ يېتىشتە ئارقىدا قالغان خەلقلەرنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىلمىي ھايات قۇرۇشقا باشلاپ ماڭدى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانلار ئېھتىمال ئۇ شۇنچە كەڭ بىلىم ۋە شۇنچە يۈكسەك يازغۇچىلىق ماھارىتىنى قانداق ئۆگەنگەندۇ دەپ

ھەرىكىتىدە ئىزچىللىشىپ ماڭغانلىقتىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ تالانتلىق ياكى تالانتسىز ئادەم بولۇپ يېتىلىشىدە مۇھىم ئىچكى ئامىللاردىن بىرى بولىدۇ. پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، خاراكتېر ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدىكى پسىخىكا ئۇسلۇبى سۈپىتىدە ئادەمنىڭ تۇرمۇش نىشانى، تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ۋە ئىرادە جەريانى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. دۇنيانى رەڭگارەڭ تۈسكە كىرگۈزۈۋاتقان تۈرلۈك ئىجادىيەتلەرنىڭ مەنبەسى ئەنە شۇ ھەرىكەتتە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرنىڭ بولغانلىقى بولۇپ، ئەگەر خاراكتېردىن ئايرىلسا دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بىر خىل قېلىپتا قۇيغان كېسەكتەك بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇلاردىكى دۇنيانى بېزەيدىغان رەڭگارەڭ قىزىقارلىق گۈللەر توزۇيدۇ. بۇ مىللىي ئەدەبىيات ۋە مىللىي سەنئەتنىڭ جېنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق مىللىي ئەدەبىياتلارنىڭ جېنىدۇر.

ئارستوتېل "خاراكتېر كىشىلەرنىڭ ئىرادە باغلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى" دېگەن. ئادەم "ئىرادە باغلاش" ئارقىلىق نېمە قىلىدۇ؟ روشەنكى، كىشىنىڭ نېمىگە ئىرادە باغلىغانلىقى شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇش نىشانى ۋە تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. "ئىرادە باغلاش"نىڭ چىڭ ياكى بوش بولۇشى، قەتئىي ياكى دېلىغۇل بولۇشى بىر كىشىنىڭ پەزىلىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا، ھەر كىمنىڭ ھەر ئىشقا قانداق ئىرادە باغلىشىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، ئوي-پىكىر-لىرى، مېڭىش-تۇرۇشلىرىدا تۈرلۈك ئۆزگىچىلىكلەرنى ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي پائالىيەت-لىرى — سېزىش ۋە كۆزىتىش، بىلىش ۋە بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەش، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر قىلىشلىرىغا ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە

بويىچە ئېيتقاندا، "ھاياتتا ئىستەك ۋە ئۆزىدىكى قۇدرەتكە بولغان ئىشەنچ بولسا، پۈتكۈل ھايات جاراڭلىق دەۋر قوڭغىرىقىغا، مەڭۋى كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋە ئالىيجاناب ھەرىكەتلىرى بىلەن كىشىلەردە زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ئۇلۇغ قوڭغىراققا ئايلىنىدۇ". بۇنداق روھتا كىشى ھەتتا قېرىساللىق ۋە بەزى خېيىم - خەتەرلەرگە يۈز تۇتقاندىمۇ كۈچ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى غايە بولمىسا، ئۆزىگە ئىشەنچ بولمىسا خاراكتېر جەھەتتە بوشاڭلىق ئەۋج ئالىدۇ، تۇرلۇك پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، ئەقلىي پائالىيەتلەردە تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنداق بولسا خاراكتېر دېگەن نېمە؟

## 2. خاراكتېرنىڭ مەزمۇنى

ئېنگېلسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بىر كىشىنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ قانداق قىلغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئاسىموۋمۇ ئۇنىڭ مىسالىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ يادروسى، ھەربىر ئادەمنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىدا بىرقەدەر مۇقىم ئىپادىلىنىدىغان ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتىدۇر. بۇنداق خۇسۇسىيەت پسىخىكا كاتېگورىيىسىگە تەۋە نەرسىدۇر. شۇڭا، پسىخولوگىيىدە خاراكتېرنى ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مۇستەقىل پسىخىكا ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ يىغىندىسى دەپ ئاتايدۇ.

دۇنيادا خاراكتېرى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەم بولمايدۇ، ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق

لۇق ئۇستازلىرى ئۇنى ياپونىيىدە قېپقېلىشنى دالالەت قىلغاندا، ئۇ "مېنىڭ ئوقۇشقا كېلىشىم ۋەتىنىم ئۈچۈن" دېگەن مەردانە سۆزنى ئېيتىپ ۋەتەنگە قايتقان.

ئەركىن سىدىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ پەننىڭ ئەڭ سىرلىق سارايلىرىغا كىرىپ ساياھەت قىلىشقا بەل باغلىغان ياشلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا قېرىپ ھالىدىن كېتىۋاتسىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىغا قايغۇرۇپ كەشىپ قىلىۋاتقان، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ساغلام خاراكتېرى بىزگە خاراكتېرنىڭ ساغلام يېتىلدۈرۈلۈشى ئىنسان ئەقلىگە يوشۇرۇنغان پاراسەت تورلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە پالدىر-لىتىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ساغلام خاراكتېر يېتىشتۈرگەن كىشىلەر، بىرىنچىدىن، پەننى ۋە ئۆز كەسپىنى سۆيىدۇ. بۇ سۆيگۈ ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئېغىر بېسىملارنى كۆتۈ-رۈپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، بۇنداق ئىشەنچ ئادەمنى ئۆزىنى كەم چاغلايدىغان، ئۆزىنى روھىي قۇل چاغلايدىغان كەمستىش روھىدىن ئازاد قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولىدۇ. بۇنداق روھ كىشىنى ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىشكە ئۈندەيدۇ. دېمەك، ساغلام خاراكتېر بىر خىل ئالىيجاناب تۇرمۇش نىشانى، ئاكتىپال ھايات پوزىتسىيىسى ۋە ئەلا سۈپەتلىك ئىرادە پەزىلىتىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق ئەلا سۈپەت-لىك خاراكتېر شەخسىينى ئالىي ھۆرمەتكە، مىللەتنى بەخت-سائا-دەتكە، دۆلەتنى يېڭىلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلىدىغان ئىجادىي پائا-لىيەتلەرنىڭ باشلامچىسى بولىدۇ. ئامېرىكىلىقنىڭ مودىن دەۋرىدىكى يۈكسەك تۇرمۇش نىشانى ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق ئىشلەش خاراكتېرى

كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاشۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇزاق چېنىقىشلاردا يېتىلدۈرۈلگەن ساغلام خاراكتېرنىڭ تەسىرى سان-ساناقسىز ئاددىي كىشىلەرنى تالانت ئىگىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئالدى بىلەن پەننىڭ چوققىسىغا چىقىشقا باتۇرلۇق قىلىش بويىچە چېنىققان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن سىدىقنى ئالايلۇق، ئۇ خاراكتېر جەھەتتە ئۆزىنى ئۇزاق مۇددەت تاۋلىغاندىن كېيىن، ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭمۇ قەتئىي ئىرادىسىگە كەلسە تەرەققىي تاپقان زامانىۋى مىللەتلەر قىلغان ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆز جايىدا پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەر ئارىسىدىكى پەرقنى ئازايتىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ئىرادە قىلغان. ئۇنىڭدا ئاشۇنداق ساغلام خاراكتېر ھازىرلانغاچقا، ئۇ تېخى ياش تۇرۇقلۇق، ئانا تىلىدىن باشقا خەنزۇ، ياپون، ئىنگلىز تىلىنى پۇختا ئىگەللەپ، ئۇ تىللاردا ئەركىن سۆزلەيدىغان ۋە يازىدىغان دەرىجىگە يېتىپلا قالماستىن، ياپونىيىدە ئوقۇغان قىسقىغىنا ئىككى يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ سەككىز تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەپ تۈگەتكەن. ئىنگلىز، ياپون تىلىدا 19 پارچە ئىلمىي ماقالە يازغان، بۇنىڭ 11 پارچىسى ياپونىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلغان، تۆت پارچىسى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلغان، ئۈچ پارچىسى ئامېرىكىدا چىقىدىغان بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك كەسپىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن ئۇ ۋەتىنىمىزگە ۋە مىللىتىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن. ياپون-

قىلىسىمۇ، بىرەر ئىلمىي ئىجادىيەت مېۋىسىنى يارىتالمايدۇ.

بەزى ياشلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلاپ قىزىقىش سەپىرىدە ئەركىن ساياھەت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىدا تۇراقلىق بولماي شاختىن-شاخقا قونۇپ تۇرغانلىقى، نەتىجىدە بىرەر ئەقلىي پائالىيەتنى ئىجادىي ئېلىپ بارالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىسخىك خىياللىرى-دىكى دولقۇنلارنى تىزگىنلەشكە ماھىر بولماي، ئاجايىبوللارنىڭ تۇرلۇك غىدىقلاشلىرىغا مەس بولۇپ، خىيالىي ئويلار بۇرنىنى يېتىلەپ تىزگىنسىز قىزىقىش ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ، بۇ قىزىقىشتىن ئۇ قىزىقىشقا، ئۇ قىزىقىشتىن بۇ قىزىقىشقا شاخلاپ مېڭىۋەرگەن. نەتىجىدە ئۇلاردىكى ئەقلىي قابىلىيەتلەرنىڭ گۈللىنىش باسقۇچلىرى ئەشۇ ئاجايىپ-غارايىپ پىسخىك ھالەتتە كۆمۈلۈپ قېلىپ، ئۇلاردىكى تالانت خەلقى-ئائىلىگە ئايدەك جامالىنى كۆر-سىتىشكە مۇۋەپپەق بولمىغان. قىزىقىش ھەۋەسلىرىنىڭ نىشانسىزلىقى ۋە ئۇنىڭ ياخشى چېنىقتۇرۇلماسلىقى ئۇلارنىڭ يېتىلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بىر كىشىدە تەربىيىلىنىشتىن باشقا، دۆلەتكە، خەلققە تۆھپە قوشۇش ئارزۇسى بولغان تەقدىر-دىمۇ، ئەگەر تۆھپە قوشۇشنىڭ نىشانى ۋە كونكرېت ئۇسۇلى جەھەتتە (كەسپىي بىلىم ۋە قابىلىيەت جەھەتتە) شەرت ھازىرلىمىسا، ئېغىزدا خەلق ئۈچۈن ئۇنداق بىجانىدىل ئىشلەيمەن، بۇنداق بىجا-نىدىل ئىشلەيمەن دېگەن بىلەن، بۇ گەپلەر ئاخىرى بېرىپ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى

ۋە ياپونلۇقنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە بۇرجەكلىرىدىكى پاراسەت مارجان-لىرىنى يىغىپ كېلىپ مىللەتكە ئىشلىتىش خاراكتېرى بۇگۈنكى باي-باياشات ئامېرىكا ۋە ياپوننى ياراتتى. ناچار خاراكتېرنىڭ ئىپادىلىرى بولغان ھورۇنلۇق، يالقاۋلىق، غاپىللىق، غەيۋەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، دوستىغا نوچىلىق قىلىشتا باتۇر، دۈشمىنىگە قورقۇنچاق بولۇش ۋە ساغلام خاراكتېرنىڭ ئەكسىچە بولغان بارلىق ۋىژدانسىزلىقلار شۇ كىشىنى، شۇ كىشىلەر توپىنى، يۇرتىنى ۋە مىللەتنى خاراب قىلىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ.

ساغلام خاراكتېر تۇغما قابىلىيىتى ياخشى كىشىلەرنىلا ئەمەس، تۇغما قابىلىيىتى ئانچە ياخشى بولمىغان كىشىلەرنىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. تۇغما قابىلىيىتى ئانچە ياخشى بولمىغان كىشىلەر، تۇغما قابىلىيىتى ياخشى كىشىلەردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ كەسپىنى سۆيۈش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ھەرقاچان ئالغا ئىنتىلىش خاراكتېرىدىن بولىدۇ. ئالايلۇق، ئۇلار بىر ئىش ئۈستىدە نەچچە ئون يىللاپ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىنى شۇ بىر ئىشقا سەرپ قىلىدۇ. ئىجادىيەت ئۈستىدىكى تۇرلۇك تاپا-تەنىلەرگە ئەستايىدىل تاقابىل تۇرىدۇكى، ئۇ تاپا-تەنىلەر بىلەن يالتىيىپ قالمايدۇ. تۇرمۇش يولىدا ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتىسىمۇ، كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتمىگىچە تىنىماي كۈرەش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەكسىچە بەزىلەرنىڭ تۇغما قابىلىيىتى ناھايىتى ئەۋزەل بولسىمۇ، ئەمما، خاراكتېر جەھەتتە ئۆزىنى تەربىيىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە بېرىلىدۇ. بىر مەۋقەدە توختىماي شاختىن-شاخقا قونىدۇ. نەتىجىدە ئۆمۈر بويى پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندەك

دىغان قابىلىيەت ۋە مەقسەتكە يەتمىگىچە توختىمايدىغان باتۇرلۇقلا بولىدىكەن، ئادەم ۋۇجۇدىدىكى قالغان پەزىلەتلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزلۈكىدىن بىرىدۇ. پسىخولوگلار بەزى مەشھۇر ئالىملارنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئەقلىي ۋە ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل كاللا ئىشلىتىشنى بىلىدىغانلىقىنى، پىكىر يوللىرىنى ئاسارەتكە ئېلىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، يېڭى شەيئىلەرگە كۈچلۈك ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، ئىزدىنىۋاتقان تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى يېپىدىن يېڭىنىسىغىچە ئېنىقلاپ كۆرىدىغانلىقىنى، مەۋقەسىنىڭ چىڭلىقىنى، قىيىنچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى، تۇرمۇشىدا مەدەنىي ئادەت يېتىلدۈرگەنلىكىنى ۋە باشقىلار بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك ھەمكارلىشىپ ئۆتىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلاردىكى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالغانمۇ؟ ياق، بۇ ئەلا پەزىلەتلەر شۇ كىشىلەرنىڭ ئەلا سۈپەتلىك خاراكتېرىدىن بىخ ئۇرۇپ ئۆسۈپ چىققان. شۇڭا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ساغلام خاراكتېر تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

### 3. ساغلام خاراكتېرلىك كىشىلەرنىڭ ئىپادىلىرى

ساغلام خاراكتېرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تېخى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي يەكۈن بولمىسىمۇ، ھازىرقى پسىخولوگلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى تۆۋەندىكى قاراشقا قوشۇلىدۇ.

بۇلار مۇنۇلار:

1) ئەمەلىيەتچان بولىدۇ. 2) ئۆز كاللىسىغا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ.

ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن باشتىلا ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمە-
گەچكە، ئۆزگىنىش، تۇرمۇش، خىزمەتتە ئاڭلىق بولالمايدۇ. ھەقىقە
خىزمەت قىلىپ بېرىدىغان قابىلىيەتنىمۇ ئاڭلىق چېنىقتۇرالمايدۇ.
خاراكتېردىكى بۇنداق نىشانسىزلىق ئۇنىڭ ئېقتىدارلىق ئادەم بولۇپ
يېتىلىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز. "سول" چىل ئىدىيە يامراپ
كەتكەن ئاشۇ يىللاردا، بىرمۇنچە كىشىلەر "غايە" ئۈستىدە قۇرۇق
گەپ سېتىپ، ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئىشتا يەتمەكچى بولغان نىشانىنى
سۆزلىمەي، ئېغىزدا "پارتىيە نېمە دېسە شۇنى قىلىمەن" دېسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە "قانداق قىلغاندا پارتىيە ئۈچۈن تۆھپە قوشالايمەن"
دېگەننى ئويلىمىدى. ھەتتا بەزى ئەخمەق كىشىلەر تېخى پارتىيە
ئىشلىرىغا قانداق تۆھپە قوشۇش ھەققىدە ئەمەلىي ئويلانغان ۋە
خىزمەت قىلغانلارنى "نام چىقىرىشقا ئۇرۇندى"، "شەخسىيەتچى"
دېگەندەك سۆزلەر بىلەن جەلە قىلدى. ھازىر بىز خاراكتېرىمىزنى
چېنىقتۇرۇش داۋامىدا ئاشۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى تۈگىتىپ،
ئۆزىمىزنىڭ خاراكتېرى، مىجەزى جەھەتتىكى تۈرلۈك ئامىللارنى
ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، تېزدىن "ئىجتىمائىي ئېھتىياج بىلەن شەخ-
سىنىڭ ئارتۇقچىلىقى" ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نىشان تۇرغۇزۇشىمىز
كېرەك. شۇنىڭدەك جەمئىيەتكە، ۋەتەنگە ئەمەلىي تۆھپە قوشۇش
ئۈچۈن، مول بىلىم ئېلىش، دۇنياغا قاراش جەھەتتە ئەتراپلىق
تەربىيىلىنىشتىن باشقا، زېھنى كۈچنى نىشانلاپ ئالغان ئەھمىيەتلىك
ئىشقا يىغىش قابىلىيىتى، پۈتكۈل ئەقىل-پاراسەتنى قەتئىي ئىشەنچ
بىلەن قىزىقىپ كىرىشكەن خىزمەتكە ئومۇميۈزلۈك مەركەزلەشتۈرۈش
قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ
خاراكتېرىدە مۇستەھكەم ئىرادە، مۇناسىپ تالانتنى ئىشقا سالالاي-

يىللاردىن بۇيان چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەقىل ۋە پاراسەت توغرىسى-
دىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى چۈشەن-
چىنى بىرقەدەر ئايدىڭلاشتۇردى ھەمدە تۇغما خۇسۇسىيەت بىلەن
مىجەزنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق
بارلىقىنى، تۇغما خۇسۇسىيەت ۋە مىجەز ئوخشاشلا ئادەمنىڭ
خاراكتېرى بىلەن باغلىنىپ، ئەقلىي پائالىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتى-
دىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

بىزنىڭ ھازىرقى چۈشەنچىمىز بويىچە ئېيتقاندا، خاراكتېر فىزى-
ئولوگىيىلىك جەھەتتىن ئاساسلىقى تۇغما خۇسۇسىيەت ۋە مىجەز بىلەن
باغلىنىدۇ. تۇغما خۇسۇسىيەت تۇغما تالانت ۋە مىجەز ئەھمىيىتىدىن
ئېيتقاندا، ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ئۆيغۇنلىشىش خاراكتېرى بىلەن
زىچ باغلىنىدۇ. خاراكتېر قاتارلىق پسىخىكا پەزىلىتىگە نىسبەتەن
ئېيتقاندا، گويا بىرنەرسىنىڭ ئىككى خىل كۆرۈنىشىدەك مۇناسىۋەتتە
بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇغما تالانت ۋە مىجەز خاراكتېر قاتارلىق
پسىخىكا پەزىلىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى
بولىدۇ. ھالبۇكى، خاراكتېر قاتارلىق پسىخىكا پەزىلىتى ئۈستىدىكى
تەتقىقات تۇغما تالانت ۋە مىجەزنى بىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلى-
نىشنىڭ كۆۋرۈكى بولىدۇ. دېمەك، تۇغما تالانت ۋە مىجەز جەھەت-
تىكى پەرق بولمىسا، خاراكتېرنىڭ ئاساسى مەۋجۇت بولدى دېگەن
تەقدىردىمۇ، بۇ گەپنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئايرىش تەس بولىدۇ.
خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدە تەتقىقات بولمىسا، تۇغما تالانت ۋە
مىجەزنى تاللاش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش مۇمكىن بولمايدۇ.

پسىخولوگىيە تۇغما بولىدۇ، ئۇ، ئادەمنىڭ تۇغما ھالەتتىكى
فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى، ئاساسلىقى نېرۋا سىستېمىسى

3) باشقىلارنىڭ قابىلىيىتىنى قەدىرلەيدۇ. 4) باشقىلارغا مۇۋاپىق تۇردە تايىنىدۇ. 5) ئاچچىقىنى بېسىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ. 6) يىراقنى كۆرەلەيدۇ. 7) ئارام ئېلىشقا ماھىر بولىدۇ. 8) پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. 9) باشقىلارغا كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان بولىدۇ. 10) ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىدۇ، ئىشتىياق يېتىشتۈرىدۇ.

خاراكتېر جەھەتتە تاكامۇل ئادەم بولۇپ يېتىشىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. تىرىشىش ئارقىلىق بۇ پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈش ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. بولۇپمۇ دەۋرىمىزنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتكە پەۋقۇلئاددە موھتاج دەۋرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالىلىقاچان چېنىقتۇرغان گۈزەل پەزىلەتلەرنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرى ۋە يول ئېچىپ مېڭىش مىجەزىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك.

## 4. خاراكتېرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى

خاراكتېرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى تۇغما خۇسۇسىيەت ۋە مىجەزدۇر. بۇ چاققىچە ئېلىمىزنىڭ پسىخولوگلىرى ئەقىل ۋە ئەقىلگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق پسىخىكا پائالىيەتلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۇغما ئالاھىدىلىك بىلەن مىجەز ھەققىدە گەپ بولغاندا، بۇ ئىككىسىنى بىرنەرسە دەپ چۈشەندۈرگەن. مىجەز، شىجائەت، ھەۋەس، سالاپەت، پەزىلەت قاتارلىقلارنى خۇسۇسىيەتتىن ئىبادەت بىرلا نەرسە دەپ قارىغان. يېقىنقى

قىلىش يەر شارىنىڭ يۇمۇلاق ئىكەنلىكىنى ئېنىكار قىلىغاندەك بىمەنە-لىك بولىدۇ. شۇنداقلا ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق ئىتالىيان دانتېنىڭ توققۇز يېشىدا شېئىر يازغانلىقى، ئاۋىستىرىيىلىك كومپو-زىتور مۇزاتىنىڭ ئالتە يېشىدا مۇزىكا ئولتۇرۇشىنىڭ باش رولچىسى بولغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى ناۋايىنىڭ ناھايىتى كىچىك تۇرۇپ ئاتىسى غىياسىددىن باخشىم (ئۇستاز)نىڭ يارانلىرى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان شېئىرى بەزمىسىلەردە ئۆتكۈر پىكىر قىلىپ، ئالتە يېشىدا شېئىر يازغانلىقى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىمىز چوڭقۇرلاشقان ۋە بۇ جەھەتتىكى بىلىم بىلەن خەلق ئاممىسى قوراللانغان بولسا ئىدى، ئارىمىزدىن ئەنە شۇنداق ناھايىتى كۆپ تالانتلىق كىشىلەر بايقالغان ۋە تەربىيىلەن-گەن بولاتتى. مەلۇمكى ۋاقتىدا بايقالماي كۆمۈلۈپ كەتكەن تالانت بىزدە كۆپ، ئېگىزگە سەكرەشنىڭ ئەڭ ئۈلگىلىك مايىسى جۇجيەنخۇانىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا تېپىك مايىسلارنىڭ ۋاقتىدا بايقالمىغانلىقتىن تەربىيىلىنىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر. قىسقىسى، تۇغما خۇسۇسىيەت بىلەن تەن مۇناسى-ۋەتلىك. ئەمما، تۇغما خۇسۇسىيەت ئاساسلىقى مېڭىنىڭ تۇغما فىزى-ئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە ئوزۇقلىنىشقا ئوخشىتىشقا بولمايدۇ. تۇغما خۇسۇسىيەت ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما، ئۇ پەقەت ماددى ئاساس بولالايدۇكى، ئەقىلنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ. تۇغما قابىلىيەت پىسخىكا پائالىيەتلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەمما، ئۇ پىسخىكىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقى ئەمەس.

بىلەن مېڭىسىنىڭ، سەزگۈ ئەزالىرى ۋە پائالىيەت ئەزالىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تۇغما خۇسۇسىيەت ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرىنىڭ ماددىي ئاساسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئايرىلغاندا پسىخىكىلىق تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىختىساسلىقلارنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالدى بىلەن تۇغما خۇسۇسىيەتنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى خاراكتېرىنىڭ ۋە ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تۇغما قارىغۇ ئادەم رەسسام بولالمايدۇ، تۇغما گاس ۋە گاچا ئادەم مۇزىكانت بولالمايدۇ، مېڭىسى ئېغىر زەخمىلىنىشكە ئۇچرىغان ياكى مېڭىسىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىياتى نورمال بولمىغان ئادەمنىڭ تالانت كۆرسىتىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئاندىن قالسا، تۇغما خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇلارنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇ خۇسۇسىيەت ۋاقتىدا بايقال- مىسا، تالانتنىڭ يۇمران بىخلىرى كۆمۈلىدۇ ياكى قارام كىشىلەرنىڭ قارا قورساقلىق قىلىشى بىلەن نابۇت بولىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ قالسا، ئادەم تالانتىنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان تۇغما خۇسۇسىيەتكە نىسبەتەن قاراشلىرىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە نەزەرىيىۋىلەشتۈرۈش ئەقىل بولىقىنى ئېچىش ۋە ئەقلىدىن پايدىلىنىش، زېرەك بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ نىشانلىق تەربىيىلەش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئادەم ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. بۇنداق ئوخشىماسلىق ئۇنىڭ تۇغما ھالىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنداق ئوخشىماسلىق خاراكتېر جەھەتتىمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق پەرقنى ئىنكار

ئېيتقاندا، ئۇ بىر ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ۋە سىرتقى ھەرىكە-تىدە مەلۇم سىجىللىق، جانلىقلىق ۋە سەزگۈرلۈك قاتارلىق جەھەت-لەرگە ئائىت پسىخىكىنىڭ ئۇنىۋىرسال ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل پسىخىك پائالىيەت ئىپادىسى بولۇپ، شەخسنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە بىر خىل تۈس بېرىدۇ، مەلۇم تىپتىكى بىر خىل مىجەزى بار ئادەم ھەمىشە مەزمۇنى تامامەن ئوخشاش بولغان پائالىيەتلەردە ئوخشاش خاراكتېردىكى ھەرىكەت-لەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدۇ. مىجەز ئىنسانىيەتنىڭ فىزىئو-لوگىيىلىك تۇزۇلۇش ئالاھىدىكىنىڭ چەكلىمىسىگە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما نېرۋا سىستېمىغا ئىگە ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، باشقا پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك-لەردىن تېخىمۇ تەبىئىي ھەم تۇراقلىق خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. مىجەزنى مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگەرتىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى باشقا پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن ئاستا بولىدۇ.

مىجەز توغرىسىدا تۈرلۈك نەزەرىيىلەر بار. مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر تېبابىتىدە مىجەزنىڭ ماددى ئاساسى خىلتلاردىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. خىلتلار سەۋەبى ماددىيە (ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراق)، سەۋەبى سۇرىيە، سەۋەبى پائالىيە ۋە سەۋەبى غايىدىن ئىبارەت ماددا ۋە كۈچنىڭ تەسىرىدىن مۇرەككەپ ئۆزگىرىش ئاساسىدا بىرىكمە سۇيۇقلۇقنى ھاسىل قىلىدۇ، مانا بۇ خىل سۇيۇقلۇق خىلتلار دەپ ئاتىلىدۇ. خىلتلارنىڭ ئاساسىي ماددىسى تۆت ماددا بولغانلىقى ۋە ھەرقايسى خىلتلار تەركىبىدىكى تۆت ماددا ئىچىدە بىر خىلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەنلىكى ئۈچۈن،

تۇغما خۇسۇسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان خاراكتېر دېگىنىمىز تەن، ئەقىل، پسىخىكا پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىسى بولۇپ، بىز تۇغما خۇسۇسىيەتنى تەتقىق قىلغاندا، تۇغما خۇسۇسىيەتنىڭ تۈرلىرى، تۇغۇلغاندىن كېيىنكى مۇھىت ۋە مائارىپ تەربىيىسىنىڭ ئۇنىڭغا تەسىرىنى تەتقىق قىلىمىز ۋە شۇ ئاساستا تۇغما خۇسۇسىيەتتىن ئۆسۈپ چىقىۋاتقان خاراكتېرنى چېنىقتۇرىمىز.

بىزنىڭ ھازىرقى سەۋىيىمىزدە ئېيتىۋاتقان تۇغما خۇسۇسىيەت ئالدى بىلەن مېڭىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئاندىن تەنىنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېڭە بىلەن تەن ئالاھىدىلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا نېرۋا سىستېمىسى باغلىغۇچ رول ئوينايدۇ. مېڭە جەھەتتىن ئېيتقاندا، تۇغما خۇسۇسىيەت ئەقلىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىختىساسلىقلارنى كىچىك ۋاقتىدا بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. تەن جەھەتتىن ئېيتقاندا. تۇغما خۇسۇسىيەت تۈرلۈك جىسمانىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىختىساسلىقلارنىڭ ھۈنەر-سەنئەت، مۇزىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى كىچىك ۋاقتىدا بايقاش جەھەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالايلۇق، بىر ناخشىچى تاللاشتا ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئۈن چىقىرىش ئەزالىرىنى كۆزىتىمىز. ئۈن چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى تۇغما بولىدۇ. بۇ ھال يەنى تۇغما خۇسۇسىيەت ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

مىجەز — ئادەمنىڭ تىپىك، مۇقىم بولغان پسىخىكا ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى تىپلىرى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كىشىنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىدىكى ئىپادىسى. ئۇ ئادەم خاراكتېرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى ئىندىۋىدۇئال تۈسكە كىرگۈزىدۇ. باشقىچە

زىمىدا قان (سانگۋىس)، بەلغەم (فلېگما)، ئۆت (خولى) ۋە سەپرا (مېلانخولى)لاردىن ئىبارەت تۆت خىل سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئاشۇ تۆت خىل سۇيۇقلۇق نىسبىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئادەملەردە خولېرەك (كۆپ ئۆتلۈك)، سانگۋىنىك (كۆپ قانلىق)، فلېگماتىك (بەلغەملىك) ۋە مېلانخولىك (سەپرا) دەپ ئاتىلىدىغان بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان مىجەزلەر بولىدۇ، دەپ قارىغان.

تۆت خىلىت تەلىماتى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، تىبابەت جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىي جەھەتتە يېتىلىشىگە بولغان تەسىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يورۇتۇپ بېرەلمىگەنىدى. كېيىنكى كۈنلەردە پاۋلوپ بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ نېگىزلىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى تەلىماتىدا بۇ مەسىلىنى ئىلمىي چۈشەندۈردى. ئۇ ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا، مىجەزنى شەكىللەندۈرىۋاتقان سەۋەبلەرنىڭ شەرتلىك رېفلېكسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىمۇ رول ئوينايدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەب ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، نېرۋا سىستېمىسىدا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ نېگىزلىك تۆت خىل تىپى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. پاۋلوپ تەلىماتى بويىچە ئالىي نېرۋا پائالىيەتلىرىنىڭ تىپى تۆت خىل بولىدۇ. بۇ تىپلار يەنىلا تۆت خىل خىلىت بىلەن باغلىنىدۇ. بۇنى مۇنداق ئىخچاملاش مۇمكىن.

خىلتلارنىڭ كەيپىياتى بىر خىل بولمايدۇ. مەسىلەن، ئوّت ماددىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن خىلىت سەپرا خىلتى دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. ھاۋانىڭ تەركىبى (نىسبىتى) ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن خىلىت قان خىلتى دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. سۇ ماددىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن خىلىت بەلغەم خىلتى دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى ھۆل سوغاق بولىدۇ. توپراق ماددىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن خىلىت سەۋدا خىلتى دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى قۇرۇق سوغاق بولىدۇ.

ئىنسان بەدىنىدە توّت خىل خىلتلارنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. بىراق بۇ توّت خىل خىلتلار ئىچىدە بىر خىلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ كەيپىياتى (مىجەزى) ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، قان خىلتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ مىجەزى ھۆل ئىسسىق، بەلغەم خىلتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ مىجەزى ھۆل سوغاق، سەپرا خىلتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ مىجەزى قۇرۇق ئىسسىق، سەۋدا خىلتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ مىجەزى قۇرۇق سوغاق بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ قارىشىچە توّت خىل خىلىت ئاساسىدىكى توّت خىل مىجەز ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئەقلىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىجەزگە ئاساسەن كېسەللەرنى نىشانلىق داۋالىغىلى بولۇپلا قالماستىن، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ۋە يېتىلگەندىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا قاراپ نىشانلىق تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مىجەز توغرىسىدىكى تەلىماتنى قەدىمكى يۇنان دوختۇرى ھىپپوكرات ئوتتۇرىغا قويىدى. ھىپپوكرات ئادەم ئورگانىد-

ئاساسلىنىۋاتقان تۆت خىلت تەلىماتى سان-ساناقسىز تەتقىقات ئوبيېكتىدىكى يۈكسەك يىغىنچاقلاش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھەر كىم ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئىگە. تۆت خىلت ھەركىمدە ھەر خىل بولۇپلا قالماستىن، يەنە بەزىلەردە ئۆزئارا گىرەلىشىپمۇ تۇرىدۇ. تۆت خىلىنىڭ قايسى بىرسىنى ياخشى ياكى قايسى بىرسىنى ئەسكى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تۇغما خاراكتېرى ئۈستۈن بولسىمۇ، ئۇ پەقەت تاشقى مۇھىتقا ماسلاشقاندىلا ئاندىن ئەۋزەللىكى ياكى كەمچىلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇڭا، مىجەزنى تەتقىق قىلىش تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بولماستىن، بەلكى ئوخشىمىغان خىلتلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قېزىش ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ئاساسىي مەقسەتتۇر.

مىجەز تۇغما ھالەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان خىلتلار ئايرىمىسى بولسىمۇ، ئۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەسىرىگە كۆچلۈك ئۇچرايدۇ. مۇۋاپىق مۇھىت ۋە پايدىلىق ئەمەلىيەتنىڭ تاۋلىشى بىلەن ياخشى نەتىجە بېرىسە، ناچار مۇھىت ۋە پايدىسىز ئەمەلىيەتنىڭ توسالغۇسى بىلەن يامان نەتىجە بېرىدۇ. شۇڭا، مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەسىرى ناھايىتى مۇھىم.

بىرىنچىدىن، مۇۋاپىق بولغان تاشقى مۇھىت ئادەمنىڭ مىجەزىنى قىلىۋاتقان ئىشىغا يېقىنلاشتۇرۇش ۋە تالانت ئۇندۇرمىسىنى ئۆستۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مىجەزنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئوبيېكتىپ مېخانىزمىدىن تولۇق پايدىلىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تاشقى مۇھىت بىلەن باغلانغان. تاشقى مۇھىت مۇۋاپىق بولغاندا، فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزم ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. يەنى تاشقى

ئالىي نېرۋا پائالىـ
يىتىنىڭ تىپلىرى

- كۈچلۈك تىپ
  - تۇراقلىق تىپ
    - جانلىق تىپ ← كوپ قانلىق
    - جانسىز تىپ ← بەلغەملىك
  - تۇراقسىز تىپ ← كۆپ ئۆتلۈق
- ئاجىز تىپ ← سەۋدا

كىشىلەرنى زەڭ قويۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ مىجەزىدىكى تۆت خىلىت تەسىرىنى بايقاپ ئالالايمىز. ئادەتتە ئۆت ياكى سەپرا مىجەز كىشىلەر ھېسسىياتتا كۈچلۈك، قىزىققان، سۆز ھەرىكەتتە ھازىر جاۋاب، ئاقكۆڭۈل، ئالدىراڭغۇ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ تولىسى قىزىققان بولىسمۇ، ناھايىتى تالانتلىق بولىدۇ. بولار ئاقكۆڭۈل ۋە ساددىلىقى بىلەن تەدان كىشىلەر ئالدىدا ھاما-قەتتەك كۆرۈنىشىمۇ مۇمكىن، ئەمما، ئۇلار تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار مەستانىسى بولمىغاچقا، بىرەر ئىجادىيەت يولىدا ھارماي-تالماي ئىشلەيدۇ-دە، تەدان كىشىلەر مەڭگۈ قىلالمىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ. قان مىجەز كىشىلەر ھېسسىياتقا باي، كۆڭۈلگە كەلگەننى دەيدىغان، تېتىك، ئىش-ھەرىكەتتە چاققان بولىدۇ، ئەمما، ھېسسىياتتا سەپرا مىجەزلەردەك كۈچلۈك بولمايدۇ. بەلغەم مىجەز كىشىلەر ھېسسىياتتا ئاجىز، ئىش-ھەرىكەتتە ئاستا كېلىدۇ. سەۋدا كىشىلەرنىڭ ئىچى پۇقتا بولىدۇ، سۆز-ھەرىكەتتە تاقەتلىك، كەم سۆز بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ئىچكى جەھەتتە كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ مىجەزلەر ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەت ئۇنى تاۋلاش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلغاندا، بۇلارنىڭ مىجەزلىرىنى ھېسابقا ئالماي بولمايدۇ. ئەمما، شۇنى بىلىش لازىمكى، كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى پەرقلەندۈرۈشتە

قاچقان ۋە هايات قېلىپ ئېلىپ قاچقان ياۋايى هايۋانلار بىلەن بىللە ياشىغان 30 بالا بولۇپ، بۇلاردىن بەشنى ئېيىق "بېقىۋالغان"، ئىككىنى يىلپىز بېقىۋالغان"، ئون تۆتىنى بۆرە "بېقىۋالغان". بۇلارنىڭ تولىسى ئۆزى بىللە ياشىغان هايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئالغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لىتۋادىن تېپىلغان بىر بالا ئېيىق بىلەن ياشىغاچقا، ئۇنىڭ مېڭىش، هۆكىرەش، دەرەخكە يامىشىشلىرى خۇددى ئېيىقنىڭ بولغان. 1927 - يىلى هىندىستاندا مايمۇنلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىككى بالىمۇ بەئەينى مايمۇنلاردەك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا شاپشىپ يۈرگەن. دېمەك، پايدىسىز مۇهىت ئادەم بالىلىرىنى هايۋان قىلىۋەتكەن. بۇنداق بالىلارنىڭ ياشىغان مۇهىتى ۋە ئۇ قاتنىشۋاتقان پايدىسىز ئەمەلىيەتنىڭ يامان تەسىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك دەۋر، باسقۇچلىرىغا قاراپ باقايلى. جۇڭگونىڭ ئۆتمۈشىدىكى ئاچارچىلىق ۋە نامراتلىق مىڭلىغان ئەمگەكچىلەرنى خۇددى هېچقانداق ئۇلۇغ ئىش قىلالمايدىغاندەك قىلىپ كۆرسەتكەن. غەرب ئەللىرىدىكى ئايرىم بەغەرەزلەر تېخى جۇڭگولۇقلارنى "شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى" دەپ هاقارەتلىگەن. فورساق ئاچ، كىيىم جۇل - جۇل، هە دېسىلا بىرەر ۋەھشىيلىكتىن خاۋاتىرلىنىپ دەككە - دۈككىدە ياشايدىغان بىر ئىجتىمائىي مۇهىتتا هەرقانداق تالانتلىق كىشىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت قىلىشى تەس بولىدۇ - دە! شۇنداقلا سىياسىي جەهەتتىن ئەركىنلىك كاپالىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان هەتتا بەزى هاللاردا خوراپاتلىققا باش ئەگىدىغان مۇهىتمۇ كىشىلەرنىڭ مىجەزىدىكى قۇۋاچىلىقنى ئۆستۈرۈپ، چوڭ ئىشلارغا يۈرۈش قىلىش شىجائىتىنى تۆۋەنلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ناچار مۇهىت

مۇھىت مۇۋاپىق بولغاندا، ئادەم ئۆزاق ۋاقىت سەرپ قىلمايلا پايدىلىق بولغان شەرتلىك رېفلېكسنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ. مۇۋاپىق بولغان تاشقى مۇھىتنىڭ غىدىقلىشى بولمىسا مېجەز ئالىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغان رېتىمى ئاساس قىلىنىسىمۇ، زورۇر بولغان شەرتلىك رېفلېكس شەكىللىنەلمەيدۇ.

ئالايلۇق، دۇنيادا بۆرە، ئېيىقلار بېقىۋالغان بالىلار تېپىلدى. بۆرە، ئېيىقلار ئېلىپ قاچقان بۇ بالىلارنىڭ مەلۇم جەھەتتە تۇغما تالانتى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇ بالىلار ئادەملەر ئارىسىدىكى پايدىلىق مۇھىت ۋە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، بۆرە ۋە ئېيىقلارنىڭ ھايۋانى ئادەتلىرى ئاستىدا ياشىغانلىقتىن، ئادەملىك تالانتىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان ھايۋانلارنىڭ مېجەزىنى ئالغان. ئامېرىكىلىق بىر پوپ ھىندىستاننىڭ مىتنابىر شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر ئورمانزارلىقتىن بۆرە "بېقىۋالغان" ئىككى قىز بالىنى تاپقان. بۇ پوپ ئىككى قىزنىڭ بىرسىگە كامارا، يەنە بىرسىگە ئامارا دەپ ئىسىم قويغان. بۇ ئىككى قىز بالا ئۇزاققىچە بۆرە بىلەن ياشىغاچقا، سۆزلەشنى، ئەمگەك قىلىشنى بىلمىگەن، ئادەم نەسلى تۇرۇقلۇق ئادەملەرنىڭ قېشىغا كېلىشتىن قورقۇپ، ھايۋان تەرەپكە ئىنتىلگەن، پۇشۇرۇلغان تاماقنى يېگىلى ئۇنىماي خام گۆشنى يېگەن. ھەر كۈنى كېچە سائەت ئۈچلەردە بۆرىگە ئوخشاش ھوۋلىغان. ئامارا ئىككى ياشتا ئۆلۈپ كەتكەندە ئەقلىي قابىلىيەتتە ئادەملىك ئەقلىگە ئىگە بولالمىغان. كامارا 16 ياشقا كىرگەندە تۆت يىل تەربىيىلىنىپ 6 سۆز ئۆگەنگەن. 7 يىل تەربىيىلەنگەندە 45 سۆز ئۆگىنەلىگەن ۋە بىرنەچچە ئېغىز گەپنى ناھايىتى تەستە قىلالىغان. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر دۇنيا بويىچە ياۋايى ھايۋانلار ئېلىپ

يېتىلىشىگە توسقۇن بولىدىغان ناچار مۇھىتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قالاق باشقۇرۇشقا خاتىمە بېرىش، ئىلغار، دېموكراتىك ئىلمىي باشقۇرۇشنى كېڭەيتىش كېرەك. پايدىسىز ئەمەلىيەت ۋە پايدىسىز مۇھىتنىڭ توغىما ئۆزگىچىلىك ۋە مىجەزنى بوغۇپ، خاراكتېرنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالىملار خاراكتېر تەربىيىسىنى كىچىك ۋاقتىن باشلاشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

## 5. باللارغا قارىتىلغان خاراكتېر تەربىيىسى

ئىختىساسلىق ئادەم تەربىيىلەش ئۈچۈن خاراكتېر تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئالىملار بىر خىل قانۇنىيەت، بۇ قانۇنىيەت ئادەمنىڭ تۇغما ھالىتى ئاساسىدا ئۇنۇم بېرىدۇ، شۇڭا بۇ قانۇنىيەت بالىلىق دەۋردە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، كەڭ مەنىدىكى خاراكتېر تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي بولغان ئائىلىق پائالىيەتلىرى باشلانغان مەزگىلدىلا باشلىنىدۇ. شۇڭا، ئالىم تيېي جۆزەن ”ئەڭ ياخشىسى قۇياش ئولتۇرغان چاغدا نېمىلەرنى خىيال قىلىش ئەمەس، بەلكى قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ئىشقا كىرىشىش لازىم“ دېگەنىدەك، بالىلىق دەۋردىلا خاراكتېر تەربىيىسىنى باشلاش شەخسىي، نەسەب، مىللەت، دۆلەتنىڭ يېڭىچە روھ بىلەن كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئۇل سالىدۇ. ياپون پسىخولوگلىرىنىڭ كۆزىتىشىچە، مەشھۇر ئالىملار كىچىك ۋاقتىدا باشقىلارغا قارىغاندا، ھەۋەسكار ھەم ئىرادىلىك بولغان، بەزى ئالىملار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسى ۋە باشقى-

كىشىلەرنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتىدە تورمۇزلاش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق تورمۇزلاش ئادەمنىڭ نېرۋا پائالىيىتىدىكى قوزغىلىش بىلەن يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالىشىپ تۇرىدۇ. مۇھىتنىڭ تورمۇزلاش كۈچى ئاشقانسېرى ئادەمنىڭ مىجەزى بىلەن باغلانغان نېرۋا قوزغىلىشى ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈتۈلمىگەن زەربىلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياخشى مىجەزمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىكى ھاياتىي كۈچنى جارى قىلدۇرالماي، يۈرەكنى داغلايدىغان دەرتلەر بىلەن قاپلىنىپ، بارا - بارا چىقىشقاق ئادەم خاپىغان ئادەمگە، تاۋى نازۇك ئادەممۇ قوپال ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

مىجەزدىكى ئەقلىي قابىلىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ھاياتىي كۈچىنى تورمۇزلاش خاراكتېرىنى ئالغان ناچار مۇھىت ئاساسلىقى نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە زۇلمەتلىك ھۆكۈمران كۈچلەر تەرىپىدىن سۈنئىي يوسۇندا پەيدا قىلىنىدۇ. فېئوداللىستىك تۈزۈم، فېئوداللىزمچە ئائىلە باشلىقلىق ئىستىلى نېرۋا سىستېمىسىدىكى ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ۋەيران قىلىدىغان تورمۇزلىنىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پەن ۋە مىللەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى توسىدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە مۇنداق تۈزۈم ۋە زۇلمەت كۈچلىرى يوق، ئەمما، ئىنسان ھورىيىتىنىڭ غالىب باسقۇچى بولغان سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى مەدەنىي باشقۇرۇشتىمۇ ئانچە - مۇنچە سەۋەنلىكلەرمۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق سەۋەنلىكلەرنى بىرقەدەر ئاسان تۈزىتىپ كەتكىلى بولسىمۇ، بىر شەخسنىڭ پىشىپ يېتىلىشى 10 - 20 يىل ئەتراپىدا بولغاچقا، بۇنداق چەكلىك ۋاقىتتا يۈز بەرگەن سىياسىي سەۋەنلىكلەر كىشىلەردە يەنە ئەپسۇسلىنارلىق ئىقتىدارلىق ئىقتىدار كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي باشقۇرۇشنىڭ ھەرقانداق ساھەسىدە ئىختىساسلىقلارنىڭ

مىللەتنى، ئەمگەكنى سۆيۈش، كەسپچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەيرىخاھلىق، ھېسداشلىق، گۈزەللىك ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش، ئۆزىگە ئىشىنىش، كەمتەرلىك قاتارلىق پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈش تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر تۈركۈمى ئادەمنىڭ ئەقلىي، كەيپىياتى، ئىرادىسى قاتارلىق پسىخىكا ئۆزگىچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى خاراكتېر تەربىيىسى ھەۋەسكارلىق، خىيالچانلىق، قىزغىنلىق، باتۇرلۇق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، مۇستەقىللىق، ئىجادىيلىق قاتارلىق پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈش تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئىككى تۈركۈم بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىش غايىلىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى نىشان قىلىدۇ. بۇ — كەلگۈسىدىكى بارلىق ئەقلىي پائالىيەتلەرگە كۈچ - قۇۋەت بېغىشلايدىغان نىشاندۇر. كىمكى بۇ نىشاننىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدىكەن ۋە بۇ نىشان بويىچە چېنىقمايدىكەن، كەلگۈسى ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق قولغا كەلتۈرەلمەيلا قالماستىن، نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرگىمۇ يولۇقىدۇ.

خاراكتېر تەربىيىسىنىڭ ئۇسۇللىرىغا كەلسەك، بىرىنچىدىن، ئوخشاش بولمىغان ياش تۈردىكىلەرگە يارىشا تۈرلۈكچە ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بۇ يەردە پەقەت بالىلىق دەۋرىدىكى خاراكتېر تەربىيىسى ئۇسۇلى بىلەن قىسقىچە تونۇشىمىز. بالىلارغا بېرىلىدىغان خاراكتېر تەربىيىسى ئالدى بىلەن كونكرېت پائالىيەتلەر ئارقىلىق بولىدۇ. خاراكتېر ھەرىكەت جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ، شەكىللىنىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. شوخلۇق، ھەرىكەتچانلىق، جانلىقلىق ۋە ئىختىيارى پائالىيەتچانلىق بالىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدۇر. شۇڭا،

لارنىڭ تەنبىھلىرىگە قارىماستىن، ئۆزى قىزىققان ئىشلارغا پەرۋانە-دەك ئۆزىنى ئۇرغان، ھەتتا ئۆزى قىزىققان نەرسىلەرنىڭ مەستانىسى بولۇپ، ئۇلارغا بەنت بولۇپ كەتكەن. ياپونىيىلىك مەشھۇر پسىخو-لوگ شەنشياجۇنلاڭ تاق پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ھەققىدە توختىلىپ، تاق پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئادەتتە غەيرىي تاق پەرزەنتلەردىن ياخشىراق بولىدۇ، ئەمما "ئەقلىي قابىلىيەتنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىق مەسىلىسى خاراكتېر ئامىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ" دەيدۇ. دېمەك، ئۇ بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسەن بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئىقتى-دارىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنىڭ يادروسى خاراكتېر ئۆزگىچىلىك مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. ئالىملارنىڭ تۈرلۈك كۆزىتىشلىرىگە ئاساسلانغاندا، ساغلام خاراكتېر يېتىشتۈرۈشنى ئادەمنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئېلىپ بېرىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ماڭغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدىكى ئەقلىي پائالىيەتلەردە مۇھىم رول ئالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا "سۈت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ" دەيدىغان تەمسىل بار. بۇنىڭ مەنىسى كىشىنىڭ قەلبىدە كىچىك ۋاقتىدا يىلتىز تارتقان خاراكتېر ئۆمۈر بويى تەسىر كۆرسىتىدۇ دېگەن بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، كىچىك ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ساغلام خاراكتېر تەربىيىسى قايسى تەرەپلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

بۇ جەھەتتىكى تەلىم-تەربىيە ئاساسلىقى ئىككى چوڭ تۈركۈم بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر تۈركۈمى كوللېكتىپقا، باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى خاراكتېر تەربىيىسى، پارتىيىنى خەلقنى، ۋەتەننى،

سوزۇلىدىغان پائالىيەت بولغاچقا، مايىسىنى تارتىپ ئۆستۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئۇلارغا بېرىلىدىغان خاراكتېر تەربىيىسى سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلەش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئوبرازلىق بولۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەككى، بېسىم ئىشلىتىش، ھەيۋە قىلىش، ئۇرۇش، تىللاش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلماسلىقى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، بالىلاردىكى تەشەببۇسكارلىق ۋە پائالىيەتچانلىق بوغۇلۇپ قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ سەبى شوخلۇق تەبىئىتى تەدرىجىي ھالدا ئەلا سۈپەتلىك خاراكتېرگە ئۆزگىرىپ بارالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، تەربىيە ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. خاراكتېر تەربىيىسىنىڭ بۇنداق ئۇسۇلىدا ئىككى تۈرلۈك ئىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بىرىنچىسى بالىلارغا بەزى ئەلا سۈپەتلىك خاراكتېر مەزمۇنلىرىنى ئاددىي تىل بىلەن تەكرار ئۆگىتىپ، ئۇ مەزمۇنلارنى ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىنىڭ مىزانىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق بالىلارنى ئۆزىگە ئۆزى ئەگا بولىدىغان، ئۆزىنىڭ قىلىقلىرىنى ئۆزى دەڭسەپ كۆرىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، بىر ئىشنى قىلىۋاتقان بالا توساتتىن بىرنەرسىنى كۆرۈپلا ئىشنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، "دادام مېنى ئەمگەكچان بالا بولۇڭ دېگەن، ئانام مېنى تىرىشچان بالا بولۇڭ دېگەن" دېگەنلەرنى ئەسكە ئالىدۇ ـ دە، دەرھال بارغان يېرىدىن قايتىپ كېلىپ قىلىۋاتقان ئىشىغا كىرىشىدۇ. بۇ يەردە بالىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆزلەشكەن "ئىشچان، ئەمگەكچان"لىقتىن ئىبارەت ئەلا سۈپەتلىك خاراكتېر تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بۇنداق تەربىيە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن داۋاملاشتۇرۇلسا، ئۇلار چوڭ بولغانسىرى ئۇلارنىڭ خاراك-

ئۇلاردىكى ئىختىيارى پائالىيەتچانلىقنى تەشكىللىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئاڭلىق، ئىرادىلىك پائالىيەتچانلىققا باشلاش خاراكتېر تەربىيىسىدىكى ئالدىنقى مەسىلىدۇر. بۇ پائالىيەتلەر ئويۇن-تاماشا، ئەمگەك ۋە ئۆگىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، باللار ھەر خىل گۈللەرنى ئۇزۇپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر بىز باللىمىزنىڭ خاراكتېرىنى چېنىقتۇرماقچى بولساق، ئۇنىڭغا بىرەر تەشتەك گۈلنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ بىللە تاپشۇرىمىز. بىزنىڭ بۇنداق تۈيدۇرماي تاۋلاش ئۇسۇلىمىز بويىچە ئۇ بالا ئۇ گۈلگە "مېنىڭ گۈلۈم" دەپ ھەركۈنلىكى سۇ قۇيىدۇ، ئۇنى ئاپتاپقا سالىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ گۈلگە ياخشى پەرۋىش قىلسا ئۇنى مۇۋاپىق ماختايمىز، پەرۋىش قىلىشنى بىلمىسە ئۆگىتىمىز، يەنىلا ياخشى پەرۋىش قىلمىسا، ئۇنى مۇۋاپىق تۈردە تەنقىدلەيمىز. ئەگەر يېزىلاردا بولسا، بىرەر تۈپ مېۋىلىك دەرەخ ياكى بىرنەچچە تۈپ زىرائەتنى ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ، ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلىشقا يېتەكلەيمىز. شۇنداق قىلىپ باللاردا مەسئۇلىيەت- چانلىق ۋە ئەمگەك ئادىتى يېتىلدۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە زۆرۈر بولغان بەزى قائىدىلەرنى بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىشىنى سۈيلەپ، ئورۇندىيالىغان تەرەپلىرىنى تەقدىرلەپ، ئورۇندىيالمىغان تەرەپلىرىنى مۇۋاپىق شەكىللەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلاردا پەيدىنپەي ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت ئېڭىنى شەكىللەن- دۈرىمىز. ئۆگىنىش ۋە ئويۇن-تاماشالاردىمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇللار باللاردا ئەلا سۈپەتلىك خاراكتېر يېتىشتۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئەمما، باللارنىڭ خاراكتېرىنى چېنىقتۇرۇش ئۇزاققا

ئۇليانوۋ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مارىيا ئالېكساندروۋنا ئۇليانوۋلار ئائىلە تەربىيىسىدە روسىيەدىكى ئىلغار ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەرنىڭ يۈكسەك غايىسى ۋە تۇرمۇشىنى ئۆلگە قىلىپ خەلقنىڭ ئومۇمىي مەنپە-ئەتىنى نىشان قىلىپ، ھەققىي گراژدانلىق روھى بىلەن تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى پرىنسىپ قىلغان. بۇ ھەقتە ئى. يېچىرىنكو مۇنداق دەپ يازىدۇ:

”ئەر-خوتۇن ئۇليانوۋلار ئاتا-ئانىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئۆزىنگە قويغان ئەمەلىي ۋەزىپىسى (بالىلاردا) گراژدانلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار، ئەگەر بالىلار ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتناشمىسا، بۇ ۋەزىپىنى مۇكەممەل ئورۇنلاپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ جەھەتتە ئىليانىكولايېۋىچ ۋە مارىيا ئالېكساندروۋنا ن. گ. چېرنىشېۋسكىنىڭ پىكرىگە قوشۇ-لاتتى. ن، گ. چېرنىشېۋسكى مۇنداق يازغان ئىدى: ... ئەگەر گراژدان ئىشلىرىغا مۇستەقىل قاتنىشىش ئادىتىنى يېتىلدۈرسىمۇ، گراژدانلىق ھېسسىياتى بولمىسىمۇ، بىر ئوغۇل بالا ئاددىي بىر ئەركىشى بولۇپ يېتىشىشى، قرانلىققا يېتىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەر بولالىشى ناتايىن. ئاز بولغاندىمۇ جىگەرلىك يىگىت بولالىشى ناتايىن، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جامائەت مەنپەئەتى ئىدىيىسىنىڭ دائىرىسىدىن چەتلىسە، جامائەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش بىلەن پەيدا بولىدىغان ھېسسىياتقا ئىگە بولالمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ تەرەققىي قىلمىغىنى تۈزۈك. ئەگەر مەن كۆزىتىۋاتقان دائىرە ئىچىدىن، مەن قاتنىشىۋاتقان پائالىيەت دائىرىسىدىن جامائەت مەنپەئەتى نىشان قىلىنغان ئىدىيە ۋە مۇددىئا چىقىرىپ تاشلانسا، ئۇ ھالدا ماڭا كۆزەتكۈدەك نېمە

تېرىسىگە شۇنچە سىڭىپ، بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئادىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، بالىلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى تەبىئىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا تەربىيىسى ۋە مەكتەپ تەربىيىسى ئاساسىدا يېتىلگەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش بولمايدىكەن، ئەلا سۈپەتلىك خاراكتېرمۇ يېتىلمەيدۇ. ئىككىنچىسى بالىلارنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيەت تۈرلىرى جەھەتتىكى كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىش كېرەك. بالىلارنىڭ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ بەزى تۇغما خۇسۇسىيەتلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئالايلۇق، بەزى باللار ناھايىتى كەيپسىز بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى تىنچ ھەم ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىنى مۇۋاپىق دائىرىدە تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ بالىسىغا پەۋقۇلئاددە ئامراق بولۇپ ئىچىكىپ كەتكەنلەر بالىسىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ، بالىلىرىنى ئارتۇقچە ئەركە ـ نايناق، كارغا كەلمەس قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، چوڭلار ئۈلگە كۆرسىتىش بويىچە ئىش بېرىلىدۇ. باللار ناھايىتى دورىمىچى كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباپلارنى ـــ دادا، ئانا ۋە باشقا چوڭلارنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ دوراپدۇ. ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلىدىكى باشقا چوڭلار خاراكتېر جەھەتتىن چېنىققان ۋە بالىلىرىنى ساغلام خاراكتېر بىلەن تەربىيىلەش سالاھىيىتىنى يېتىلدۈرگەن بولسا، بالىلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىگە ئۈلگە بولالايدۇ. ئۇلۇغ لېنىننىڭ يېتىلىشىنى ئالايلۇق، لېنىننىڭ دادىسى ئىليانىكولايېۋىچ

ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغان جايلىرى ھەققىدە مۇپەسسەل مەلۇمات بېرەلمەيدۇ. ئاتا-ئانا بولغۇچى خۇددى بىر ئاپتوموبىل شوپۇرى ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ماشىنىدىن ئاڭلانغان ئاۋازلارغا قاراپ نەدە چاتاق بارلىقىغا ھۆكۈم قىلغاندەك، بالىلارنىڭ رەڭگى-رۇخسارى، كەيپىياتى، روھىي ھالىتى قاتارلىقلارغا قاراپ ئۇنىڭدىكى سالامەتلىك ئۆزگىرىشلىرىگە ھۆكۈم قىلىشنى، ئۇلاردا ئەلا سۈپەتلىك خاراكتېر يېتىشتۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزىدىغان كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىتىشنى بىلىشى كېرەك.

قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەگەر كىشىلەر خاراكتېر جەھەتتىن قەتئىي، باتۇر، تىرىشچان، سەممىي ۋە ئالغا بېسىشنى خالايدىغان بولۇپ يېتىلسە، ئۇلار تەبىئىيكى جاپاغا چىداپ ئۆگىنىدىغان پەزىلەتكە ئىگە بولىدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن ئەقلىي قابىلىيىتىمۇ نورمال تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە، خاراكتېر جەھەتتىن بوشاڭ، ھورۇن، قورقۇنچاق، ساختىپەز ۋە ئالغا بېسىشنى خالىمايدىغان بولۇپ يېتىلسە مۇنداق كىشىلەرنىڭ جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ-دە، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ نورمال تەرەققىياتىنىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، ھەركىم كىچىكىدىن باشلاپلا ياخشى خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر. ئەگەر ھەركىم كىچىكىدىن باشلاپلا خاراكتېر جەھەتتىن ئەتراپلىق تەربىيە ئالسا ۋە ئەمەلىيەتتە ئۆز خاراكتېرىنى ساغلام يېتىشتۈرۈشكە ئىنتىلسە، بۇ ئىشنى تولۇق

قالدۇ؟ قاتنىشىدىغان نېمە ئىش بار؟ ئاشۇنداق بولىدىغان بولسا ئۆزەمنىڭ يانچۇقىنى توشقۇزۇش، قورساق بېقىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا چاپقان بولىمەن... ...① بۇ سۆزدىن مەلۇمكى، لېنىننىڭ ئاتا-ئانىسى چېرنىشېۋىسكىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي گراژدانلىق خاراكتېرىنى بالىلارغا سىڭدۇرۇشكە ھەرقاچان ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ خەلق مەنپەئەتدار بولىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇلارنىڭ بالىلارغا بەرگەن خاراكتېر تەربىيىسى ئەنە شۇنداق غايىلىك ئادەم تەربىيەلەيدىغان نىشان بويىچە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەمدە ئۆزى ئۈلگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ خاراكتېرى دەل ھەقىقىي گراژدانلار خاراكتېرى بىلەن سۇغۇرۇلغان. لېنىن بولسا پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر داھى بولۇشنىڭ خاراكتېر ئاساسىنى ئائىلىسىدە تۇرغۇزغان. تۆتىنچىدىن، بالىلارنىڭ سالامەتلىكىگە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلدۇ. تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى شۇكى، سالامەتلىك ئەھۋالى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئالايلۇق ئۇزاق مۇددەت كېسەل بولۇپ يۈرگەن ئادەم، كۆپىنچە، خاپىغان بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەرگە قىلىغان مۇئامىلىسىدە بىردەم قىزغىن بولسا، بىردەم سوغاق بولىدۇ. ئەمما، ئۇلار نېمىلا قىلغان بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى بىرقەدەر ئېنىق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. بالىلار

① «ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئىستىبداتلىق بولۇش يولى»، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى 40-بەت.

# توققۇزىنچى باب   ئىرادە ۋە ئەقىل

ئادەمدە قۇشلاردەك قانات يوق، يىراقلارغا ئۇچۇپ بارالمايدۇ. لېكىن ناھايىتى يىراقلارغا يۇقىرى سۈرئەت بىلەن يېتىپ بارىدىغان غايىلىك ئۈمىد بولىدۇ، ھايات يۇلتۇزى بولغان ئەشۇ ئۈمىدلەرنى ئالىيجاناب ۋە قايناق ھېسسىياتلار ئىلھامىدىكى ئىرادە پەزىلىتى ۋە ئىرادە ھەرىكىتى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىرادە پەزىلىتى ۋە ئىرادىلىك ھەرىكەت بولمايدىكەن، ئەقىل-پاراسەت ئارقىلىق ھايات سەپىرىدىكى پۇتلىكاشاڭلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ھاياتنىڭ بەخت-سائادەتلىك گۈزەل بوستانلىرىغا كىرگىلى بولمايدۇ.

ئۇنداق ئىكەن، ئىرادە دېگەن نېمە؟ ئىرادىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن مۇنۇ ۋەقەگە قاراپ ئۆتەيلى:

## 1. ئىرادە

1899-يىل 31-دېكابىر كېچىسى — دۇنيا 20 ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا، شېرىن خىيال سۈرۈپ ياتقان بىر ئامېرىكىلىق يىگىت ئاجايىپ بىر مەستخورلۇق بىلەن ئۆيىدىن سەكرەپ چىقىدۇ-دە، ۋەلسىپىتىنى مىنگىنىچە 40 كىلومېتىر يول يۈرۈپ تەڭ كېچىدە سۆيگىنى مابىلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارىدۇ.

ئۇ يىگىت مابىل بىلەن مۇھەببەت باغلىغىلى ئىككى يىل بولغان

ئورۇنداپ كېتىشكە بولىدۇ. چۈنكى خاراكتېر تۇغما ئۆزگىچىلىك ۋە مىجەزگە باغلانغان بولسىمۇ، ئەمما، تەرەققىياتتا كېيىنكى تەربىيە-لىنىشكە باغلىق بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ قانداق خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىنى، ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىن قوبۇل قىلغان تەربىيىسى بەلگىلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەگەر تەربىيە ياخشى بولسا، كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ياخشى تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. مۇنداق خاراكتېر ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق. ئەگەر تەربىيە ياخشى بولمىسا، كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى تەبىئىيكى يامان تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. مۇنداق خاراكتېر كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ نورمال تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسىز بولىدۇ.

قىلغان. «بوۋرە ئوغلى»دىن كېيىن ئۇ توختىماي كۆپلەپ ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان ۋە دۇنياغا مەشھۇر بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق بەزى ئەللەردە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىشىلەرگە بىباھا گۆھەر تۇيۇل-غان. 1956 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇنىڭ ھېكايە توپلىمى نەشر قىلىنغاندا، باسمىدىن چىقىپ ئىككى سائەت ئىچىدىلا سېتىلىپ تۈگە-گەن. بۇ دۇنيا بويىچە شۆھرەتلىك بولغان يازغۇچى جېك لوندون (1876.1.12 — 1916.11.22) ئىدى.

راست ئەمەسمۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ يۈكسەك نىشانىغا يېتىپ بارغۇچە كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان، يۈرەكنى سىقىدىغان ئىشلار ۋە تاسادىپىي ھادىسىلەر ھېمىشە يۈز بېرىدۇ. بۇنداق بەختسىزلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش - قىلالماسلىق ھەربىر ئادەم ئۈچۈن سىناق.

جېك لوندوننىڭ كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇشقا تېگىشلىك يېرى ئەنە شۇ قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشى ۋە بەختلىسىزلىككە جەڭ ئېلان قىلىشىدۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئىرادە بارلىق ئەقلىي ۋە جىسمانىي ھەرىكەتلەردە مەقسەتنى ئاڭلىق تۈردە بېكىتىدىغان ھەمدە مەقسەتكە ئاساسەن ئۆز ھەرىكەتلىرىنى تەڭشەپ، كۆزلىگەن مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پسىخىكىلىق جەرياندۇر. ئىرادىنىڭ كۆرسەتكۈچى بولسا قىيىنچىلىقنى يېڭىشتۇر. يەڭگەن قىيىنچىلىق قانچە زور بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھەرىكەتتۇر. شۇڭا ئەمەلىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئاۋۋال مېڭىسىدە ھەرىكەت مەقسىتىنى بەلگىلىۋالىدۇ. جېك لوندوننىڭ يازغۇچى بولۇش جەر-يانى ئەنە شۇنداق ئاۋۋال يازغۇچى بولۇشنى بەلگىلىۋېلىش، ئاندىن

بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كېتىۋاتقان تەنتەنىلىك پۇرسەتتە مابىل بىلەن توي قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ يۈگىرەپ بارغان. لېكىن ئىش پۈتۈنلەي ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولغان. مابىلنىڭ ئانىسى ئۇ يىگىتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بىر دېڭىزچى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ يالغۇز قىزى مابىلنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىغا يول قويمىغان.

مابىل خاراكتېرى بوشاڭ قىز بولغانلىقتىن، ئانىسىغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. يىگىتكە تەلمۈرۈپ تاراملاپ ياش تۆكسىمۇ ئىرادىلىك ھەرىكەت قوللىنالمىغان. يىگىت چىن قەلبىدىن سۆيگەن قىزىدىن ئايرىلغىنى ئۈچۈن ھەسرەت-نادامەت چەككەن، يۈرىكى زەرداپ بولۇپ يىغلىغان ئەمما، مۇھەببەت ئېلىپ كەلگەن بۇنداق ئازابقا باش ئەگمەستىن، بەلكى ئۆزىنى ئۇنداق ئانىلارنىڭ قاراپ كۆزى يەتمەيدىغان كاتتا ئادەمگە ئايلاندۇرۇشقا ئىرادە قىلغان.

ياق، — دېگەن ئۇ، — ئۆزەمنى يوقىتىپ قويمايمەن، يېڭى ئەسىر بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرىلەيمەن!

ئۇ ئەشۇ ئىرادە بىلەن شۇ كۈنىلا ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشنى باشلىغان. ئىنسانشۇناسلىققا ئائىت بىرمۇنچە كىتابلارنى قولىغا چۈشۈرگەن ۋە ۋاقتىنى ئالتۇن بىلىپ، جان-جەھلى بىلەن ئوقۇغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزى ئەسەر يېزىپ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىككە جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن جىددى تەييارلانغان. ئەشۇ تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە ئۇ، 1900-يىلى فېۋرالدا «بۆرە ئوغلى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەر دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئامېرىكا ئەدەبىيات ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا

ئىپادىسى.

ئىرادە ـــ بىلىش ۋە ھېسسىيات بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. بىلىش جەريانى ـــ ئىرادىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت. چۈنكى، ئىرادە ھەرىكىتى چوڭقۇر، پىششىق ئويلىنىش ئاساسىدىكى ھەرىكەت؛ ئىرادە بىلىش جەريانىنى تەكشەيدۇ، بولۇپمۇ سىستېمىلىق ئۆگىنىش ۋە مۇستەقىل تەتقىقاتقا چوقۇم ئىرادە تىرىشچانلىقى ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھېسسىيات ئىرادىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنالايدۇ، مەسىلەن، شان-شەرەپ ھېسسىياتى كىشىلەرنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىگە ۋە ئىشلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ، ئىرادە ھېسسىياتقا نىسبەتەن تىزگىنلەش رولىنى ئويناليالايدۇ.

ئىرادە ھەرىكىتى بىر جەريان بولۇپ، ئۇ ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (1) قارار قىلىش باسقۇچى. بۇ ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن مۇددىئا ۋە مەقسەتنى ئېنىق بەلگىلەش، ئۇسۇل تاللاش، ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈش قاتارلىق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. (2) قارارنى ئىجرا قىلىش باسقۇچى. بۇ ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ۋە ھەرىكەت قوللىنىش باسقۇچى بولۇپ ئاساسەن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتە ئىپادىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلار بارلىق ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان مۇرەككەپ ۋە يۈكسەك ئىرادە ھەرىكىتى پسىخىكا جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى پەزىلەتلەرنى تەلەپ قىلىدۇ.

يازغۇچى بولۇش ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يازغۇچىلىقنىڭ ئەمەلىي باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق بولغان. بىزمۇ بىرەر ئەسەر يېزىش ياكى مۇرەككەپ بىر قۇرۇلۇشنىڭ چىرتيوژىنى سىزىشتىن ئاۋۋال ئۇنى رېئاللاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ كۆڭلىمىزگە پۈكمىز، ئاندىن كېيىن شۇ مەقسەتكە ئاساسەن مۇۋاپىق ئۇسۇل تاللاپ ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئەسەر يېزىش ياكى چىرتيوژ سىزىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

ئىرادە روشەن ئىپادىلىنىدىغان ۋە زىچ باغلانغان ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(1) ئۇ ئادەمنىڭ مەقسەتچانلىقى بىلەن باغلىنىدۇ. قارىغۇلۇق ياكى تاسادىپىي ھەرىكەتلەر ئىرادە ھەرىكىتى بولالمايدۇ، كۆزلىگەن مەقسىتى بولغان پائالىيەتلەرلا ئىرادە ھەرىكىتى بولالايدۇ.

(2) قىيىنچىلىقنى يېڭىش بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ. كىشىلەر ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنى ئۆلچەشتە ئاساسەن يېڭىدىغان قىيىنچىلىقنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئىرادە پەقەت ھەر خىل ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىكى قەتئىي ھەرىكەتتە گەۋدىلىنىدۇ.

(3) ئادەمنىڭ بىر قاتار قەتئىي ۋە ئۈنۈملۈك ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ. بۇنى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى ھەمىشە ھەرىكىتىنىڭ قەتئىيلىكى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ ئالاھىدىلىك ئۆزئارا بېقىنىدۇ ھەم بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. مەقسەتنى ئاڭلىق بەلگىلەش ئىرادە ھەرىكىتىدىكى ئالدىنقى شەرت. قىيىنچىلىقنى يېڭىش يادرو. قەتئىيلىك ۋە ئۈنۈملۈكلۈككە ئىگە ئەمەلىي ھەرىكەت بولسا ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ سىرتقى

ئوخشاش ئىپتىكلەر بىلەن باردى كەلدى قىلىش؛ دوراش ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەش ۋەھاكازالار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. نىشان بىخ ھالەتتىكى ئېھتىياجدۇر، شۇڭا ئۇنىڭ ئاڭدىكى ئىنكاسى ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ. ئېھتىياج نىشان ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي تارىخلىققا ئىگە بولغاچقا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىنساننىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئېھتىياجنىڭ ئۈسۈشكە ئەگىشىپ نىشان ئارزۇغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاڭدىكى ئىنكاسى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئېھتىياجدىن مۇددىئا پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كۆپ ھاللاردا بىرنەچچە مۇددىئا پەيدا بولىدۇ، ئىرادە پائالىيەتلىرى بۇ باسقۇچتا بۇنداق مۇددىئالارنىڭ بەزىلىرىنى تاللاپ، ئارزۇ مەخسەتكە ئايلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئىنساندا ئىجادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇسى پەيدا بولغاندا، ئۇنىڭدا ئالىم بولۇش، سەنئەتكار بولۇش ۋە ئىنژېنېر بولۇشتەك مۇددىئالار پەيدا بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ ئەگەر ئالىم بولۇش يولىنى تاللىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مەقسىتى ئايدىڭلاشقان بولىدۇ. مەقسەتنىڭ ئۆزى پائالىيەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولىدۇ.

ئىرادىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى مۇددىئادۇر. ئامېرىكا پسىخولوگى ئىركس ۋە دوتسىن كۆپلىگەن تەجرىبىلەر ئاساسىدا ئۈنۈمنىڭ مۇددىئاغا بولغان نورمىلىق بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئىركس-دوتسىن تېئورېمىسى دەپ ئاتىدى. بۇ تېئورېما بويىچە مۇددىئا قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۈنۈم شۇنچە ياخشى بولىدۇ، ئۈنۈمنىڭ بىر چوققا قىممىتى بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك مۇددىئا تەۋەلكىدە ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ ۋە بىر "يۇقىرى چەك" شەكىللەندۇرىدۇ. ئەمما مۇددىئا مەلۇم چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە، ئۈنۈم كېمىيىدۇ،

## 2. مۇرەككەپ ۋە يۈكسەك ئىرادە ھەرىكىتى

بۇنداق ئىرادە ھەرىكىتى ئادەتتە ئىككى تەرەپتە ئۆزىنىڭ ئۈنۈ-
مىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئادەتتىكى كىشىلەر توسۇپ قالالمايدىغان پاسسىپ
كەيپىياتنى تىرىشىپ توسۇپ قالىدۇ، بەختسىزلىك كەلگەندە ئۈمىد-
سىزلەنمەيدۇ، تېگىرقاپ يۈرمەيدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمنى
تەتۈرلۈكلەر بىلەن كۆرەش قىلىشقا، تاقابىللىششقا رىغبەتلەندۈرۈپ،
پاسسىپ كەيپىياتلارنى ئاكتىپ كەيپىياتلارغا، قايغۇنى كۈچكە، قىلىشقا
تېگىشلىك ئىشلارنى قەتئىي تۇرۇپ قىلىشقا، تۈرلۈك پېشكەل-
لىكلەرنى يېڭىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئىرادىسى كۈچلۈك ئادەم باتۇر
ئادەمدۇر، باتۇرنىڭ ئۇلۇق ئىشلاردا غەلىبە قىلغان ۋاقتىدىكى بىر-
دەملىك شادلىقى قىيىنچىلىق، يامانلىق ھەتتا خورلۇققا باش ئەگكۈ-
چىنىڭ ئۆمۈرلۈك شادلىقلىرىدىن ئۈستۈندۇر، شۇڭا، دۇنيادا ھەرقاندا-
داق ئۇلۇق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئويلىغۇچى ئالدى بىلەن
ئىرادىنى، مۇرەككەپ ئىرادە پائالىيىتىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنى
چىنىقتۇرۇشى كېرەك.

مۇرەككەپ ئىرادە پائالىيىتى نىشان، ئېھتىياج، ئارزۇ، مەقسەت ۋە
ھەرىكەتتىن ئىبارەت بەش باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. نىشان — ئىنساننىڭ
فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائىيلىق ماھارىتىدۇر. ئالايلۇق، ھاياتنى
داۋاملاشتۇرۇش — ئوزۇقلىنىش ۋە قوغدىنىش؛ نەسىل داۋاملاشتۇ-
رۇش — تۇغۇش؛ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىمكانىيەتنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ شەرتلىك رېفلېكسلارنى مەقسەتلىك قوزغاش،

تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

كەسكىنلىككە قارىمۇقارشى بولغان پەزىلەت بىقارارلىق ۋە تەنتەكلىكتۇر. بىقارارلىق ئاساسىي ئاچقۇچ بولغاچقا، ئىجادىيەتتە ئالىملاردەك كەسكىن قارارغا كېلەلمەيدۇ. ئارسالدى بولۇپ، دەرھال بىر پىكىرگە كېلەلمەيدۇ. ھەممە ئىشنى قىلىدىغاندەك ئەلپازدا بولسىمۇ، ھېچ ئىشنى قىلالمايدۇ. تەنتەكلەر بولسا پىكىر يۈرگۈزۈشكە قېرىق كېلىدۇ. يەڭگىللىك بىلەن تەۋەككۈلگە ئىش قىلىدۇ، بىر مەھەللىنىڭ قىزغىنلىقتا بېرىلىپ كېتىپ، قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىدۇ. بۇنداقلار ۋەزىپىنى ئاخىرى ئادا قىلالمايدۇ، مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ. مانا بۇ ئىرادىنىڭ ئاجىزلىقىدۇر.

چىداملىقلىق ــ شۈبھىسىزكى ناھايىتى مۇھىم ئىرادە پەزىلىتىدۇر. چىداملىقلىق تولۇپ تۇرغان كۈچ-قۇۋۋەتنى ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس غەيرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەر مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش يولىدا ھەرىكەت قىلغاندا، تولۇپ تۇرغان كۈچ-قۇۋۋەت، كۈچلۈك غەيرەت بولۇشى زۆرۈر. غەيرەتتە ئادەمنىڭ ئاداققىچە چىداملىق كۆرسىتىشتەك قەتئىي نىيىتى ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشتەك پەزىلىتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. چىداملىق ۋە غەيرەتلىك ئادەملەر مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقتىن مەيۈسلىنىپ كەتمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەتتىن مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدۇ. كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە غەيرىتى كەمچىل ئادەملەر ئۇنداق قىلالمايدۇ.

ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ياكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىرادە پەزىلىتىدۇر. ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان بولغاندىلا ئاندىن ئۇ بارلىق

ئۆزگىرىدۇ.

روس پسىخولوگى لېئوندېۋ يۇقىرىقى تىئورىيىسىغا مۇھىم تۈزە-
تىش كىرگۈزۈپ مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ تىئورىيىما بويىچە ئۇنۇم-
مۇددىئا ئەگرى سىزىقى يۇقىرىقى "چوققا قىممىتى يۇقىرى چېكى"
دىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا نۆلگە چۈشىدۇ. بۇ، ناھايىتى كۈچلۈك
غىدىقلاش ئاستىدا پىكىر قىلىش توختايدۇ، ئادەم ئاقىلانىلىق بىلەن
مەسىلە ھەل قىلىش قابىلىيىتىنى يوقىتىدۇ دېگەنلىك، مەسىلەن،
ئادەم ھەددىدىن زىيادە جىددىيلەشكەن ئەھۋالدا مۇنداق ئەھۋال
ناھايىتى ئاسان يۈز بېرىدۇ. لېئوندېۋنىڭ تىئورىيىسىغا تۈزىتىش
كىرگۈزگەنلىكى، ھەممە ئادەم شۇنداق بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس.
بەزى ئادەملەر مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەسىلەن. ئۆلۈم تەھدى-
تىگە يولۇققاندا، ناھايىتى سەگەك، ھوشيار ۋە ئىجاتچان بولۇپ
كېتىدۇ. بەزى كۆڭلىرى دۇنياغا نەزەر تاشلاپ، ئاجايىپ-غارايىپلار
ئارا شېرىن ساياھەت قىلغاندەك ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئىركىس-دوتسىن ئەگرى سىزىقى نۆلدىن تۆۋەنگە چۈشكەن-
دىن كېيىن، يەنە تەۋرىنىش ناھايىتى ئۈستۈن بولغان چوققا ھالىتى
كۆتۈرۈلىدۇ.

ئىجادىي پائالىيەت يۈكسەك مۇرەككەپ ئىرادە پائالىيىتى بولۇپ،
بۇنداق پائالىيەتتە ئىرادە — مەقسەتچانلىق، قەيسەرلىك، كەسكىنلىك
چىداملىقلىق، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ۋە ھاكازالاردىن ئىبارەت
خىلمۇخىل شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەر ئەمەلىيەتتە
ئىرادىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇڭا ئىرادىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكلىرىنى
ئاڭلىق ھالدا بىلگىنىمىزدە، بۇ ئالاھىدىلىكلەردىن تۇتۇش قىلىپ، ئۆز
ئىرادىمىزنى تەربىيىلەش ۋە چېنىقتۇرۇش، ئېسىل ئىرادە پەزىلىتى

ھەددە ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ بارىدۇ. مۇشۇنداق مەقسەتچانلىق بولغاندا
ھەرىكەتتىكى قارىغۇلۇقنى ئازايتىپ ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەت-
چانلىقىنى توغرا جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئالايلۇق ماتېماتىك چېن
جىڭرۇن "ماتېماتىكا تاجىسىدىكى گۆھەر" دەپ نام ئالغان «گودباخ
قىياسى»نى يېشىشنى ئۆزىگە تەۋرەنمەس مەقسەت قىلغاچقا، ئارقا-
ئارقىدىن مۇھىم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. مەقسەتچانلىققا قارىمۇ-
قارشى بولغان پەزىلەت تۇراقسىزلىق ۋە ئۆز بېشىمچىلىق بولۇپ،
تۇراقسىزلىق ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ توغرا تونۇشنى ئاساس قىلمىغان-
لىقىنى، ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ ھەقىقىي يوسۇندا تونۇپ
يەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆز بېشىمچىلىق بىرەر ئادەمنىڭ باشقى-
لارنىڭ ھەرقانداق نەسىھەتلىرىنى يولسىزلىق بىلەن رەت قىلغانلىقىنى،
باشقىلارنىڭ ھەرقانداق پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىشنى جاھىللىق بىلەن
رەت قىلغانلىقىنى ياكى رېئال ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە باقماستىن،
ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر
بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

قەيسەرلىك شۈبھىسىزكى ئىجادىي ئىرادىنىڭ قىممەتلىك پەزىلە-
تىدۇر. تۆھپىكار ئالىم-لارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئىگىلمەس،
پۈككۈلمەس روھقا ئىگە بولغانلاردۇر. دارۋىننىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ
پەۋقۇلئاددە قەيسەر روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

كەسكىنلىك پەزىلىتى مەقسەتنى تېز ۋە تەمكىن تاللاشتا ئىپادى-
لىنىدۇ. ئالايلۇق، ئېينشتېين كۋانت نەزەرىيىسى جەھەتتە زور
تۆھپە قوشقاندىن كېيىن، يەنى فوتوكۋانتىزم تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا
قويغاندىن كېيىن، گەرچە نۇرغۇن ئالىملار، مەسىلەن، سومۇففى
ئۇنى داۋاملىق كۋانتىزم مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا كۈچەپ

توسقۇنلۇقلارنى تىزگىنلەلىشى، ھەرقانداق زەربىگە تاقابىل تۇرالىشى، تەتۈر ئىقىمدىمۇ تەۋرەنمەي قەد كۆتىرىپ تۇرالىشى مۇمكىن. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ياكى ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىككى تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ: بۇنىڭ بىرى، قىلىنىدىغان قارارنى ئىجرا قىلىشقا ئۆزىنى ماھىرلىق بىلەن ئۈندەش، ھەممە قارارنى ئىجرا قىلىشقا زىت بارلىق ئامىللار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغان بولۇش، يەنە بىرى، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلغاندا ئۆزىنىڭ پاسسىپ كەيپىياتى ۋە چەكتىن ئېشىپ كەتكەن قىلىقلىرىنى تىزگىنلەشكە ماھىر بولۇش ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭلىق كونترول قىلىدىغان ۋە تەڭشەيدىغان بولۇش.

ماكارىنكو مۇنداق دەيدۇ: "كۈچلۈك ئىرادە نېمىنى ئارمان قىلسا شۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىغان ئىقتىداردىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە ئۆزىنى مەجبۇر قىلالايدىغان ئىقتىداردىنمۇ ئىبارەت. تورمۇز بولمىسا ئاپتوموبىل ھەيدەش مۇمكىن بولمىغاندەك، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بولمىسا ھەرقانداق ئىرادىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس."

مەقسەتچانلىق ئىجادىي ئىرادىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلىتىدۇر. ئەگەر ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئېنىق مەقسەت بولمىسا، ئۇ ھالدا چوقۇم بىرەر ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ ھەمدە بۇنداق پائالىيەتنى ئىجادىي پائالىيەت دەپ ھېسابلىغىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى مەقسەتچانلىق كۈچلۈك بولغان ئىرادە پائالىيىتى داۋامىدا كىشىلەر كۆزلىگەن مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى بىلىشكە ئاساسلىنىپ، ئىجادىيەت مەقسىتىنى ئاڭلىق بەلگىلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى باسقۇچلۇق تەشكىللىيەلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىجادىيەت مەقسىتىنى ئورۇندايدۇ

## 3. ئوگۇشسىزلىقلارنى يېڭىش

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ساغلام ھاياتلىق مەزمۇنىغا باي بولغان بەيگە، ئىرادە ئەنە شۇ بەيگىدە ئۆتۈپ چىقىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى. ئادىمى ھاياتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، چىن ئىنسانلار ئۆلمى بەيگىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. ئەمما ھايات بەيگىسىدە ئۆتۈش-ئوتتۇرۇش بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆتۈش بىلەن ئوتتۇرۇشنىڭ ئورنىمۇ بەيگە قىلغۇچىلارنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىرادىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ توغرا-خاتالىقىغا قاراپ ئالمىشىپمۇ تۇرىدۇ. مانا بۇ ھايات بەيگىسىدىكى دىئالېكتىكا.

ئوگۇشسىزلىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت، ھەرقانداق ئەقلىي پائالىيەت چوڭ-كىچىك توسالغۇ ۋە ئوگۇشسىزلىقلارنى يېڭىش ئارقىسىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. ئالايلۇق، مەغلۇبىيەت بىر خىل ئوگۇشسىزلىق. ئەمما مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ، ئىلگىرىلەش غەلىبىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئانىسى دەيمىز. ئەقىللىك كىشىلەر ھايات بەيگىسىنىڭ مۇشۇنداق دىئالېكتىكىسىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئوگۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ غەلىبە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان بالزاك "دۇنيادىكى ئەڭ پاراسەتلىك كىشىلەر مۇقەررەر نۇرغۇن بەختسىزلىككە مۇپتىلا بولىدۇ. جۈملىدىن ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولمايدۇ" دېگەن. شۇڭا، ئەقلىي پائالىيەتلەردە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ئوگۇشسىزلىقنى يېڭىپ غەلىبە قىلىش ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئۇنداق بولسا، ئوگۇشسىزلىق دېگەن

ئۇندىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ پۈتۈن زېھنىنى كەسكىنلىك بىلەن ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى مەسىلىسىگە قاراتقان. شۇنىڭ بىلەن ئېينشتېين تارتىش كۈچى مەسىلىسىدە ئومۇمىي نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت زور نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە كەسكىنلىك بىلەن بىر تۇتاش مەيدان نەزەرىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئاتلانغان. گەرچە ئۇ ھايات ۋاقتىدا مەيدان نەزەرىيىسى جەھەتتە كۆپ ئىلگىرىلەپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇ كۆرسەتكەن نىشان بويىچە ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئامېرىكىلىق فىزىك ۋېينبېرگ، گاراشئان ۋە پاكىستانلىق ئۇلۇق فىزىك ئابدۇسالاملار بىر تۇتاش مەيداندىكى ئۆزئارا ئاجىز تەسىر ۋە بىر تۇتاش ئېلېكتروماگنىت مەيداندىكى ئۆزئارا تەسىر نەزەرىيىسىنى تىكلەپ، 1979-يىللىق نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئىجادىي ئىرادە يەنە باشقا ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىكلەر كۆپ ئەھۋاللاردا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىكىشلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە مەشھۇر فىزىك ياڭ جېننىڭ ئالىملارنىڭ شىجائىتى ئۈستىدە توختىلىپ: "قېرىغان چېغىمدا توخۇ يۈرەك بولۇپ قالسەن... چۈنكى بىرەر يېڭى پىكىر پەيدا بولغان ھامان دەرھال ئۇنداق-مۇنداق دەتالاشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئالغا بېسىشتىن قورقىسەن. لېكىن ياش ۋاقتىڭدا بولسا يېڭى پىكىرلەرنى ئىزدەيسەن. دادىللىق بىلەن مۇسابىقىلىشىسەن. شۇڭا مەن ئۆزەمدىن ھەمىشە جاسارىتىمنى يوقىتىپ قويدۇممۇ-يوق؟ دېگەن سوئالنى سوراپ تۇرىمەن" دېگەن سۆزى ئىرادىنىڭ ئەشۇنداق ئۇنىۋېرسال ئىپادىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

بىئارام بولىدۇ؛ چېكىنىدۇ. ياكى ئوڭۇشسىزلىقنى ئېتىراپ قىلماي، روھى جەھەتتىن ئۆزىنى غالىپ كۆرسىتىدىغان سۈنئىي ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ "مەندە بار ئەيىب باشقىلاردىمۇ بار" دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىدۇ.

ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچىلاردىكى بۇنداق پاسسىپ روھىي ھالەتلەر ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمەيدۇ؛ ئەڭ ياخشىسى تۆۋەندىكى چارىلەر ئاكتىپ چارىلەردۇر. مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئىچكى-تاشقى سەۋەبلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، ئوڭۇشسىزلىقنى يېڭىش چارىلىرىنى تېپىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پسىخىك جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئوڭۇشسىزلىق دېگەن ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە. ھەرقانداق ئىجادىي پائالىيەت قىيىنچىلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ئوڭۇشسىزلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. تۇرمۇش ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەردە يۈز بېرىدىغان قىيىنچىلىق، توسالغۇ، ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ئادەملەر، ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇققاندا تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ-دە، ھودۇقۇپ كەتمەيدۇ، مەيۈسلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە بولغان غەيرەت ۋە ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

نېمە؟ ئۇنى قانداق يېڭىمىز؟
ئوڭۇشسىزلىق ئادەتتە كىشىلەر ئېيتىۋاتقان مەغلۇبىيەت، ئاماغا ئۇسسىۋۇپ بولۇپ، پسىخولوگىيىدە ئۇنى كىشىدە مەقسەتلىك پائالىيەتنىڭ توسالغۇ ياكى قوچۇۋېتىشكە ئۇچرىغاندا ئىپادىلىنىدىغان كەيپىيات ئالامىتى دەپ قارايدۇ، ئوڭۇشسىزلىق كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئوخشاش بىر خىل ئوڭۇشسىزلىق ئىرادىسى كۈچلۈك ۋە ئاجىز كىشىلەردە ئوخشاش بولمىغان ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ. ئوڭۇشسىزلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىش - قىلالماسلىق ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە، بولۇپمۇ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ.
بۇ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئىش خۇددى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن مەيدانغا چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئالايلۇق، تۇرمۇشتا ھالاۋەت كۆرگىچە جاپا بولىدۇ. ئەقلىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىچە قىيىنچىلىق بولىدۇ. غايىۋى نىشانغا يېتىپ بارغىچە مەغلۇبىيەت بولىدۇ ۋەھاكازالار. يەنە تېخى ھايات نىشانىسى يۈكسەك بولغان، ھايات دەرىخى بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە، مىللىتىگە تۈزۈكرەك ئىش قىلىپ بېرىش ساداقىتى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان كىشىلەرگە ئوڭۇشسىزلىقلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى، ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش تولىمۇ ساددىلىقتۇر.
ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇققاندا بەزى كىشىلەر ئوڭۇشسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى تاشقى ئامىللاردىن ئىزلەپ، باشقىلاردىن كۆرىدۇ؛ خامۇش ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ؛ يېتىمسىراش، ۋەھىمە چېكىش ۋە ئازابلىنىش كەيپىياتىدا بولىدۇ؛ تىت - تىت بولۇپ

لىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئىگىلىيەلەي-
دىغان، تەتبىقلىيالايدىغان ۋە يېڭى بىلىم ئىجاد قىلالايدىغان،
ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئەقىلگە قوماندان قىلىپ ئالغا باسالايدىغان
زامانىۋى ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ
يەردە ئەقىل بىلەن دۇنياۋى تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىگە، زامانىۋى-
لىشىشنىڭ ئادەملەرنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتىگە، زامانىۋى ئادەملەر بىلەن ئەنئەنىۋى ئادەملەرنىڭ مۇناسى-
ۋىتىگە ھەمدە زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىشچان كەلگۈسى
دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئىجادچانلىقتا يۈزلىنىشىگە دائىر كۆز
قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## 1. ئەقىل ۋە تەرەققىيات

يۇقىرىدىكى بابلاردىن مەلۇمكى، ئەقىل ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ
چىرىغى.

ئۆتكەن تارىخىمىزنى يادا قىلساق، چەكسىز كۈنلەرنىڭ يورغىلاپ
ئۆتۈشى ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى جىمى مەۋجۇداتلاردىن ئۇلۇغ
بولغان تارىخ دەرياسىنى ھاسىل قىلدى. بۇ تارىخ دەرياسىنىڭ ھەر-
بىر باسقۇچلىرىدا ئاجايىپ ئۆركەشلەر كۆتۈرۈلۈپ، ئىنسانلار جەم-
ئىيىتىگە مەنسۇپ بولغان دوردانە تامچىلارنى چاچراتتى. بۇ تامچى-
لاردىن قاتمۇقات ئىچكىرىلەپ قارايدىغان بولساق، مۇشۇ تارىخ
دەرياسىدا ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ قىممىتىنى بىلىش ۋە ئۇ
قىممەتنى قوغلىشىش ئىزلىرىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئىزلار يىراق
قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە يېتىپ قوپۇپ،

## ئونىنچى باب ئەقىل ۋە زامانىمىزدىكى ئادەملەر

ھازىر بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا كۆرەش قىلىۋا-تىمىز. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋەتىنىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ئۇلۇغۋار ئىش. ئۇنداقتا زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگەن نېمە؟ زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگەن خەلقئا-رالىق تەرەققىيات ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىلىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى باشقا ئەللەرنىڭ ھازىرقى ئىلغار مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجادىي تەرەققىيات جەريانىدۇر. بۇ تەرەققىيات جەريانى دۇنيادا ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش جەھەتتىكى سەكرەشنى ئىپادىلەيدىغان ئىلىم-پەن ئىنقىلابى، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى سەكرەشنى ئىپادىلەيدىغان تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتىكى سەكرەشنى ئىپادىلەيدىغان ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ياكى ئىسلاھات جەريانىدۇر. ئېلىمىزدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاشۇ مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدا دۆلىتىمىز ئومۇمىيۈزلۈك دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال زامانە-ۋىلىشىشنىڭ دۇنياۋى تەرەققىيات يۈكسىلىكىدە تۇرۇپ، بارلىق جۇڭگولۇقلارنى يۇقىرىدىكى ئىنقىلاب مەزمۇنلىرىنى ئونىنچى يىلغا قەدەر بۇ بۇنى بىرى سال گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ھالدا ئەقلىي سەكرەش قىلالايدىغان، زاما-

ئاۋۇدى، «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ قىياس قىلىشىچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ماشىنا ئادەملەرنىڭ يىللىق "ئاۋۇش نىسبىتى" 35%دىن ئۆسۈپ ماڭىدىكەن. ماشىنا ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىرچاغدا، ئۇلارنىڭ "تەدرىجىي تەرەققىياتى" مۇنورمال تېزلىك ئۆلچىمىدىن ھالقىغان ھالدا تەرەققىي قىلدى. 1968-يىلى ياپونىيە چۇەنچى ئېغىر سانائەت شىركىتى ئامېرىكا شىركىتىنىڭ ماشىنا ئادەم ياساش تېخنىكىسىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى سېتىۋالغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە ماشىنا ئادەملەر ئاددىي "ئەمگەك" قىلىشتىن "يۇكسەك ئەقلى ئىقتىدارلىق ئەمگەك" قىلىشقا تەرەققىي قىلدى. ئۇلاردىكى "نوپۇس" كۆپىيىش بىلەن "ئەقلىي ئىقتىدارى" تەرەققىياتى سانائەت ساھەسىدە "پولات تاۋلاش ئىشچىلىرى" قاتلىمىنى ھاسىل قىلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتا ئىپادىلىنىدىغان تەبىئىي مەنسۇپلۇقى — جىسمانى ئەمگەكنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى. ھەتتا تېخى ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتا ئىپادىلىنىدىغان قىسمەن ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى — ئەقلىي ئەمگەكنىڭ ئورنىنى ئىگەللەشكىمۇ كىرىشتى.

"پولات تاۋلاش ئىشچىلىرى"نىڭ سانائەت ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا جىسمانى ئەمگەكتىن ئازاد بولۇپ، تۈرلۈك تەرەققىيات خىزمەتلىرى، تەشكىلىي باشقۇرۇش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. يەنى پاراسەتلىك ئادەملەر بۇ دەۋرىمىزدە ئۆزلىرىنى يەنىلا تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ئەقلىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە تەتبىقلاش ئارقىلىق ئىپادىلەش مەقسىتىگە يېتىدىغان بولدى. ئۇلار ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى نەزەرىيە، يېڭى ئىدىيە، يېڭى

گۆش-گىيالارنى خام يېيىشتىن تارتىپ تاكى ھازىرقى ھايات يۈكسەكلىكىگە يەتكىچە بولغان جەرياننىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆرۈلىدىغان ئەقىل-ئىدراك ئىزلىرىدۇر. بىز ئەقىل-ئىدراك ئىزلىرىنىڭ بىر قىسمىنىلا خاتىرىلىگەن كىتاپنامىلارنى ئوقۇغاندا، گويا ئالدىمىزدا پايانسىز ئوكيان، چەكسىز ئالەم تۇرغاندەك ھېس قىلىمىز. ئەمما، كىتابلار ۋە يادنامىلار ئارقىلىق بىزگە ئايان بولۇۋاتقان بۇ چەكسىز ئالەممۇ بىزنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى ماڭىدىغان يوللىرىمىزغا مەۋھۇم ھۆكۈمالىق قىلالىغان بىلەن، بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلۇۋاتقان ۋە قويۇلىدىغان مەسىلەرنى بىر-بىرلەپ ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ.

قارىمامسىز، ئاخبارات خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە 1982-يىلى ئامېرىكىنىڭ «دەۋر» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 55 ياشلىق تويىنى ئوينىغاندا، بۇ ژۇرنالنىڭ «يىللار ئۆلگىسى» سەھىپىسىدىن كىمنىڭ ئورۇن ئالىدىغانلىقى خەلقئارادا كۈچلۈك دىققەت ۋە پەرەزلەرنى قوزغىغان. ئەمما، كىشىلەر نەزىرىدىكى بۇ سەھىپىدىن بىرژىنىپتىن كېيىن كېرىمىل ساردىيىغا ئاقساقال بولغان ئاندىرپوپ ياكى «كولومبىيە» نامىلىق ئالەم ئۇچار ئايروپىلانىنى تۇنجى قېتىم ئالەم بوشلۇقىغا ھەيدەپ چىققان ئالەم ئۇچقۇچىسى ئورۇن ئالماستىن، بىر ماشىنا ئادەم ئورۇن ئالغان. ماشىنا ئادەمنىڭ "ئاخبارات ئۆلگىسى" بولۇپ قېلىشى بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىرى پەيدا قىلغان قىزىقچىلىق بولماستىن، ئۇ ماشىنا ئادەمنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى خاسىيەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان رېئاللىقنىڭ گۇۋاھچىسى ئىكەنلىكىدىن بولغان. 1979-يىلى "ماشىنا ئادەملەرنىڭ تۇنجى يىلى" قىلىپ بەلگىلەنگەندىن باشلاپ، ماشىنا ئادەملەر "ئىرقى" بىزنىڭ پىلانېتىمىزدا تېزلىكتە

لمايدۇ.

ئالەم تۆرىلىپ ھازىرغىچە تۇرالىغان مۆجىزاتلار بولغان، ئادەملەر تۇرالىغان پىرامىدالارنى تۇرغۇزۇپ، قانالىلارنى قېزىپ، سېپىللارنى سوقۇپ، موتۇرلۇق ۋە موتۇرسىز قاتناش قورال-لىرىنى ياساپ، ئۇلارغا ئولتۇرۇپ، يەر ۋە ئاسماندا قاتىقىغان. ئىلىم-پەن يولىدا ئىزدىنىپ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت سەھىپىلىرىنى ئاچقان...قىسقىسى، ئادەم ھەممىنى قىلغان، ئەمما ئادەم ئادەمنى ياسىيالمىغانىدى. ھازىرقى كۈندە يۈكسەك ئېگى بار ئادەملەرنى يەنىلا ئانىلار تۇغۇۋاتقان بىلەن زامانىمىزنىڭ ئادەملىرى ماشىنا ئادەملەرنى ياساپ، جىسمانىي ئەمگەكنىڭ قوپال، ئېغىرلىرىنى ئۇلارغا قىلدۇردى. ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ، ئەقلىي ئەمگەككىمۇ يارايدى-غان ئېلېكتىرونلۇق مېڭىنى ياسىدى. ئېغىرلىقى پەقەت 54 گراملا كېلىدىغان ئالتە تىللىق مىكرولۇق ئېلېكترونلۇق ماشىنىنى ياساپ چىقتى. تېخى سۈنئىي بالاياتقۇدا ئادەم ئاپىرىدە قىلدى. مانا بۇلار بىزنىڭ يېڭى دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئەقىل نۇرى. بىزنىڭ ئەقلىمىزنىڭ ئۆتمۈشكە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئالەمدىن چوڭلۇقى! كىشىلەر جىسمانىي ئەمگەكتىن ئەقلىي ئەمگەككە بۇرۇلۇش بىلەنلا قالماي، ئەقلىي ئەمگەكنىڭ ۋاستىسى ۋە مەزمۇنلىرى جەھەتتىمۇ تېز ئىلگىرىلەپ، بارغانسېرى يۇقىرى سەۋىيىلىك مەدەنىيەت دول-قۇنلىرى ئۆركەشلەيدىغان يېڭى بىر دۇنيانى قۇرىدۇ. بۇ دولقۇنلار كىشىلەردىن ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىلىق يارىتىشنىلا تەلەپ قىلىپ قالماستىن، بۇرۇننىڭ ئۇچىنى كۆرىدىغان كالتە پەملىكنى، قىسمەن-لىكنى ۋە ئۆزىنىلا كۆرىدىغان تار نەزەر دائىرىنى، يىگانىلىق ۋە بېكىنمىچىلىكنى تۈگىتىپ، دۇنيانىڭ رېئال ئەھۋالى بويىچە ھەرىكەت

كۆز قاراش، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ۋاستە قاتارلىقلارنى ئىجاد قىلماقتا ھەمدە مۇشۇ ئىجادىيەتلەر ئارقىلىق ئاخبارات، ئۇچۇر قاتارلىق تۈرلۈك پايدىلىق مەنبەلەر ئۈستىدە توختىماستىن پىششىقلاش ئېلىپ بېرىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزىنىلا بىۋاسىتە ياراتماقتا ياكى ۋاستىلىق ھالدا ماددىي بايلىق ياراتماقتا.

يەنە قارىماسىز، ئېلېكتېرونلۇق مېڭە ئەنە شۇنداق ئۆزگۈچە-لىكلەرنىڭ يەنە بىرى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. ئۇ تېخى يېقىندىلا كىشلەرنى ھەيرانۇھەس قىلىدىغان ئۇستا ھېسابچى ئىدى. ھازىر ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى. ھازىر ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن "خىزمەت پونكىتى" ناملىق ئېلېكترونلۇق مېڭە ياسىغۇچى خوجايىنى سېتۇېن چۆبىسىد تەرىپىدىن "ئىككىنچى ئەۋلاد" نامى بىلەن دونيا بازىرىغا كىرىپ كەلدى. ئالىملار بۇنى ئەتراپلىق كۆزەتكەندىن كېيىن، 90 ـ يىللار مېڭىسى دەپ ئاتىدى. نەخ مەيداندا ئۆزى زىيارەت قىلغان، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر دۇنياغا ئېلان قىلغان ئاخبارات بويىچە قارىغاندا، 90 ـ يىللارنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭىسى گەپ قىلالايدۇ، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالايدۇ. "خىزمەت پونكىتى" ناملىق ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ يۇكسەك قابىلىيەتلىك چەكلىگۈچىسى سىغىمى چوڭ خاتىرە ئىسكىلاتى ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق مېڭىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش قابىلىيىتى بولۇپلا قالماي ئۇنى ئاجايىپ يۇكسەك قابىلىيەتكە ئىگە قىلغان يەنە بىرنەچچە قولىمۇ بار، بۇ ئېلېكترون-لۇق مېڭە ناھايىتى كۆپ ئۇچۇرلارنى، ھەتتا چوڭ بىر كۇتۇپخا-نىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىسىگە سىغدۇرۇپ ئېلىپلا قال-ماستىن، بەلكى مەخپىيەتلىكىنى ساقلايدۇ. خۇسۇسىي تۇرمۇشىنىڭ سىرلىرىنى بىركىشىگە دېمەيدۇ. ئىگىسى بۇيرۇق بەرمىگىچە مىدىر-

تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئەۋلادلارنىڭ ئۆز-لىرىدىنمۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشىغا ئاساس يارىتىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرى تۈزگەن دۇنيانى ئەۋلادلارنىڭ تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇشىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار كۆزگە كۆرۈنگەن ماددىي نېمەتلەرنى تالىشىپ ئۆتىدىغان مەخلۇقلارغا ياكى ئەۋلادىنى باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە چاڭ سېلىشقا ئۈندىگەن مەخلۇقلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۆمۈر بويى ئەقىل-پاراسەتنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ھاڭۋاقتىلىق قىلماي ئىشلەيدۇ، تەر ئاققۇزىدۇ ۋە شۇ تەر ئاققۇزۇۋاتقان سەپەرنى بىر مەنزىلگە يەتكۈزۈپلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ تىنماي يۈگرەيدىغان بالىلىرىغا: "بالىلىرىم، ئەجدادلار ئۇياتمىسۇن، ئەۋلادىڭلار سىلەرنىڭ غاپىللىقىڭلار تۈپەيلى ئەمتىرەپ قالمىسۇن، مەدەنىيەت، ئەقىل-پاراسەت يۇلتۇزلىرى بار تەرەپكە قاراپ يۈرۈڭ-لار!" دەپ ۋەسىيەت قىلالايدۇ.

بىزنىڭ ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز ئۆلمەس مەدەنىيەت پىرامىدا-لىرىنى تىكلەپ بولغاندىن كېيىن، بىزگە يەنە ئاجايىپ ئۇلۇغ ئۈمىد-لەرنى بېغىشلىغان، بىز ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ۋە ئۆز ئەۋلادلىرىمىزغا يۇقىرىقىدەك ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى مۇشۇ دەۋرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالايدىغان كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇشىمىز، ئۆتمۈش بىلەن خوشلۇشۇش غەيرىتى-مىزنى ۋە ئۇلۇغۋار غايىنى قوغلىشىدىغان قۇدرىتىمىزنى زامانىمىزنى بېزەيدىغان ئەمەلىي ھەركەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز، دۇنيانىڭ ھازىرقى پاراسەت دولقۇنلىرىغا يېتىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە!

ئەمما، ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى تۈرلۈك-تۈمەن كىتاب-

قىلىدىغان ئۈيغۇنچان ئەقىللىق ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دەۋرىمىزنىڭ بۇ تەلىپى ھەممىمىزنىڭ بەختى، چۈنكى تارىخىي ساۋاقلار بىر دەۋرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ، ئەۋلادىغا دانىشمەنلىك بىلەن ئىش تاپشۇرىدىغان ئۈيغۇنچان يېڭى ئەۋلادلارنى ياراتتى. ئىنسانلار ئەقىلسىزلىقنىڭ قارا بالالىرىدىن قۇتۇلدۇق ۋە ئۇنداق قارا بالالارغا ئورتاق قارشى تۇرۇشنى ئۆگەندۇق. خاسىيەت شۇ بولدىكى، ئۆزلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرىگە تەن بېرىپ، ئۆلۈشنى خالايدىغان، ئەمما ئۆزى ياشىغان دەۋر يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنى ئىجاد قىلىشىغا ئىشىنىپ، ئىش تاپشۇرغانلار بولسا، كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە قالىدۇ. ئۇلار زامانىمىزنىڭ ئۆلگىسى بولىدۇ! بۇنداق ئۆلگىلەر مانا مەن دەپ تۇرغاندا، قارام نوچىلىق قىلىشقا ھەققىمىز يوق، ئەلۋەتتە!

راست ئەمەسمۇ، تۈنۈگۈنكى دۇنيا بۈگۈنكى دۇنياغا ئوخشىمايدۇ، ئەتىكى دۇنيامۇ بۈگۈنكى دۇنياغا ئوخشاش بولمايدۇ. كەلگۈسى ئەۋلادلار ھەرنېمە دېگەن بىلەن دەۋرىمىزدىكىلەردىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئوبدان ئورۇنداپ، كەلگۈسىگە ھەسرەت قالدۇرمىغان دەۋرداشلىرىمىزنى كەلگۈسى ئەۋلادلار ئوخشاشلا سېغىنىپ خاتىرىلەيدۇ. چۈنكى بۇنداق ئۈيغۇنچان دەۋرداشلىرىمىز باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىنسانى ئىززەت-ھۆرمىتىگە چاڭ سېلىش بىلەن نەپسىنى قاندۇرۇش كويىغا چۈشكەن جاھالەت دەۋرىدىكى ئوۋچىلارغا، قەدىمكى زاماننىڭ ئىگىسى بولماقچى بولغان ھايۋان سوقاشچىلىرىغا، ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمەتلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە پۈتۈن دۇنيانى سورىماقچى بولغان

لەتلىرىگە ئوخشاشقا باشلىدۇق. ئىنسانلارنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن هالەتلىرى، يەنى باشقىلار كۆرسەتمە بەرمىسە ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنۇملۇك هەرىكەت قىلالمايدىغان گۇدەكلىكلەردىن قۇتۇلۇشقا باشلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن، ئۆزىمىزدىكى قۇدرەتنىڭ كارامەتلىرىگە تەسلىم ئەيلەپ، هە دېسلا باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئۆمىلەيدىغان ئادەتلەرنى ئۆزگەرتتۇق. بۇ هال بىزدە يېڭىچە بىر غورۇر، مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش غەيرىتىنى پەيدا قىلدى.

ئەمما، بۈگۈنكى دەۋر ئىشىك-تۈڭلۈكنى تاقىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولىدىغان شەخسلەرنىڭ مۇستەقىل دۇنياسى بولماي قالغىنىغا قارىماي، زامان ۋە ماكان، يوغان نەرسىلەر سۈرئەت ئاپاراتىغا كىچىكلەپ كىرگەندەك كىچىكلەشكە باشلىدى. جۇڭگونىڭ چاغان بايرىمىدا بۇ تۇپراق بىلەن قانداشلىق ۋە تۇغقانداشلىقى بولغان كىشىلەر دۇنيا مىقياسى بويىچە ئىكراندا كۆرۈشكەندەك، جاهان مەلۇماتلىرى كۆنلۈكى دېگۈدەك بىزنىڭ پىلانېتنى بىر ئايلىنىپ سايا-هەت قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ دۇنياۋى ئىش تەقسىماتى هەرقانداق مىللەت تارىخىنى دۇنيا تارىخىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن، دۇنيا ئىقتىسادىنى بىر گەۋدە بولۇشقا ئېلىپ كىردى. دېمەك هازىرقى دۇنيا قەدىمىي دۇنياغا زادىلا ئوخشىمايدىغاندەك بىرنېمە بولدى. قەدىمكى زاماندا چېرىك-لەر قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشقان بولسا، هازىرقى كۈندە جەڭ بولسا رايون خاراكتېرلىك هالاكەت پەيدا قىلىدىغان بولدى. قەدىم زاماندا كىشىلەر دىپلوماتىيىسى هەركىمنىڭ ئۆز بىلەرمەنلىكى بىلەن ياكى بىرەر تار دائىرىدە بولسا، هازىرقى كۈندە كىشىلەر تىل، دىن، دۆلەت ئاتلايدىغان يەرشارى خاراكتېرلىك ئاخبارات تورىغا

نامىلارنى ئۇقۇش ئارقىلىقلا ئەمەس، ئۇلارنى ئۇقۇش ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئەقىل - پاراسەتلىرىنى ئۈستۈن قىلىپ ئەسلىدە كۆرۈلمىگەن مۆجىزاتلارنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىجاد قىلىپ ياراتقان. ئىلىم - پەننىڭ راۋاجلىنىشى ئادەم بىلەن ماددىي كۈچلەر - نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، ئەقىل - پاراسەت ئىگىسى بولغان ئىنسانلار قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن نامايان قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ئۈزلۈك - سىز تۈردە يېڭىلاپ ماڭغان ئىنسانلارنىڭ پاراستى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ زور ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە. ئەقىلنىڭ يۈكسەك پەللىسى بولغان ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ بىخلىنىشى، يېتىلىشى ۋە سەگرەش ھاسىل قىلىشى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەق - قىي قىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەت - مەكتىمىز.

## 2. زامانىۋىلىشىش ۋە ئادەم

ھازىر، ھەممىمىز ئۆزىمىزنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتقا بولغان سەزگۈرلۈكىمىز بىلەن دۇنيا ۋە جۇڭگودا كېتىۋاتقان زامانىۋىلىشىش قاينىمىدىكى پىكىر دولقۇنلىرىنىڭ تەسىرىنى ئالدۇق. ھېچ بولمىغاندا بىز جۇڭگونى زامان تەلىپىدە يېڭىلاش بويىچە كېتىۋاتقان ھازىرقى زامان مەرىپەتچىلىكىنىڭ ئىجتىمائىيەت دەرسخانىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. بىلىم ئېلىشقا تەشنا بولۇش، ئادەمدە قابىلىيەت، ئىقتىدار يېتىش - تۈرۈشكە ئىشتىياق بىلەن ئىنتىلىش جەھەتتە دۇنيانىڭ ئىلغار مىلـ

تۈرقى جەھەتتىكى ياسىنىشى دەپ چۈشىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلىڭغا ئۇنىچىۋالا ھەشەم قىلىپ كېتىشنىڭ ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ-قۇر بولغان ئەقىل ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. چوڭ-چوڭ مۆلچەرشۇناسلىق ۋە ستراتېگىيىلىك پىلانلارنىڭمۇ ھاجىتى بولمايدۇ. بۇنداقتا جاھان ئوڭتەي-توڭتەي بولۇپ كەت-مىدى دېگەندىمۇ، زامانىۋىلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى كىشلەرنىڭ رايىنى ياندۇرىدىغان پاجىئەلەر بىلەن باغلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ھازىرقى كۈندە پۈتكۈل ئاخباراتلاردا دېگۈدەك ئىسلاھات توغرىسىدا سۆزلەن-گەن بىلەن، ھەقىقىي ئىسلاھات لايىھىلىرى ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ توغرا پىكىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھامان قارشىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئەنە شۇ خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇنداق ئەمەس، ئۇ، ئاڭ پورماتسىيە ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئىسلاھاتى مەنىسىدىن بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ يۈنىلىش خاراكتېرلىك داۋاملىق ئۆزگىرىشى جەريانىدۇر.

دېمەك، زامانىۋىلىشىش يالغۇز تۈزۈلمە ۋە تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش، بىر تۈركۈم ئىختىساسلىقلارنىڭ دۇنياۋىي تېخنىكا ئىنقىلابىغا، دۇنيانىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىشى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ئاساسلىقى پۈتكۈل ئاھالىنىڭ ساپاسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، پۈتكۈل ئاھالىنى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ خىسلە-تىگە، ئەقىل-پاراسىتىگە ئىگە قىلىش مەسىلىسىدۇر. بولۇپمۇ ئادەم مەسىلىسىدە بىرنەچچە نۇقتىلىق مەكتەپلەردە

ئەزا بولدى... قىسقىسى، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە تېز سۈرئەتلىك، چوڭ كۆلەملىك، مۇرەككەپلىك دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ئۆزگىرىشچان ھالەت شەكىللىنىپ، بارلىق مىللەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى دۇنيا تارىخىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى. ئاز دېگەندىمۇ بىز ياشاۋاتقان جۇڭگونى ئاتلانتىك ئوكيان دۆلەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قۇرۇلمىغا ئېلىپ كىرىشكە باشلىدى. دۇنيانىڭ باشقا تىپتىكى مەدەنىيەتلىرىمۇ جۇڭگوغا كىردى. جۇڭگو مەدەنىيىتىمۇ باشقا تىپتىكى مەدەنىيەتلەر بىلەن شالغۇتلىشىشقا باشلىدى. بۇنداق ئۆزگىرىش نۆۋەتتىكى زامانىۋىلىشىشنى دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بىر دۆلەت، مىللەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى شەرتلىكىنى بەلگىلىدى. بۇ شەرت ھەربىر دۆلەت ياكى مىللەتكە ئۆزگىچە بولغان نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ تالانتلىقلار، قابىلىيەتلىك كىشىلەر بولۇشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئەمما، بۇنداق تالانت ۋە قابىلىيەتلەر ئالدى بىلەن دۇنيا تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئارقىسىدىلا تولۇق ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. ئۇنداق ئىكەن، زامانىۋىلىشىش ۋە ئۇنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ھازىر، بەزىلەر زامانىۋىلىشىش ياكى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، شەھەرلەشتۈرۈش، سانائەتلەشتۈرۈش، دەپ چۈشىنىدۇ. ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى بولسا، خەلقئارادا تارقالغان مودېرنىزم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سەنئەت، قىياپەت ياكى ئىدىيە جەھەتتە مودېرنىزمغا لايىقلىشىش دەپ چۈشىنىدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەگەر ئاشۇنداق بىرلا نەرسىنى قوغلىشىدىغان ۋە ياكى سەنئەت، ئىدىيە، كىشىلەرنىڭ تەقى-

ئىنقىلابىنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە ۋە ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىدە يۈز بېرىدىغان بۇ ئىنقىلاب بارغانسېرى چوڭقۇرلايدۇ، كېڭىيىپ بارىدۇ. بۇ ھەرگىز زور بىر تۈركۈم ئادەملەر كونا ئىدىيىدە تۇرۇپ، ئىمپورت قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن جابدۇنۇۋالسا بولىدىغان ئىش بولماستىن، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، ئىجادىي قابىلىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىشقا ۋە ئەۋلادلاپ جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، دۇنياۋى رىقابەتكە قاتنىشالايدىغان ئىجادكار خەلققە ئايلىنىشقا باغلىق مەسىلىدۇر.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىچىدە ھىندىستاننىڭ مائارىپ سەۋىيىسى ناھايىتى ئۈستۈن، پەن-تېخنىكا خادىملىرى دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىسىمۇ، ئىقتىسادتا ئارقىدا قېلىشى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، دۆلەت ئىچىدە ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشى ئەنە شۇ قاتتىق فېئودال تەبىقىچىلىك، دىنىي مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىدىيىسى زامانىۋىلاشمىغانلىق بىلەن، ئاھالە ساپاسىنىڭ ئۆسمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىران، ئالدىنقى پەھلىۋى پادىشاھلىقلىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى زور كۆلەمدە ئېلىپ بارغانلىقى بىلەن تاجۇ-تەختلىرىنىڭ غولاپ كېتىشىمۇ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئىدىيە جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىمپورت قىلىنىدىغان نەرسە دەپ چۈشەنگەنلىكىدىن بولغان، شۇڭا، دۆلەت زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن فېئودالىزمنىڭ بىزگە قالدۇرغان نەرسىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، زامانىۋى ئادەم تەييارلاش كېرەك.

ئۆتكۈرلەرنى تەربىيىلەش، پۈتۈن كۈچنى توپلاپ تەنتەربىيىدە بىرىنچى لوڭقا ئېلىش، بىرقانچە خىل تېخنىكا دۇنياۋى سەۋىيىگە يېتىش، بىرىنچى ئالىم نوبېل مۇكاپاتى ئېلىش بىلەن چەكلەنمەستىن، پۈتكۈل مىللەتنى مەدەنىيلەشتۈرۈش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن ۋە مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيىسىنى زامانىۋى ئادەملەر بىلىم سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى، قابىلىيەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈشنى مەنزىل قىلىش كېرەك. مانا بۇ ھازىرقى زاماننىڭ زامانىۋىلاشقۇچى مىللەتلەرگە قويغان تەلىپى. ئومۇمىي خەلقنىڭ مەدەنىيەتلىك دېڭىزى بولغاندىلا، يۇقىرىقىدەك كېملەر تۈركۈم-تۈركۈملەپ دۇنياغا كېلەلەيدۇ ۋە مەدەنىيەتلىك خەلق دېڭىزىدا ئۈزەلەيدۇ. شۇ مىللەتمۇ زامانىمىزدىكى كەسكىن رىقابەتلەردە يېڭىلمەس ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئومۇمىي خەلقنىڭ ئەقىل ئىنقىلابىنى ۋە ئەقىل ئىنقىلابىنىڭ زورۇر شەكىللىرىنى پەسەنتكە ئالمىغان ھەرقانداق جاي، دۆلەت، مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار جەمئىيەتلىرىنى قۇرالمايدۇ. جەمئىيەتنى، باشقىلارنى ۋە ئۆزلىرىنى تەكرار ئىجاد قىلالمايدۇ. چۈنكى ئادەملەر پىكىر قىلىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى، ئىدىيىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئادەم زامانىۋىلىشىشىنىڭ زورۇر ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ئىلغار تېخنىكا ۋە زامانىۋى تۈزۈم ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈملۈك رول ئويناش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئادەملەرنىڭ بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن، زامانىۋىلىشىش تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمىي ئاھالىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئادەمنىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇرلاپ كىرىدىغان ئالاھىدە ئەقلىي ئىنقىلابتۇر. يېڭى تېخنىكا

ئېلان قىلىپلا قالماي، ئۆزلىرىنى چوڭ قىلغان زىددىيەتلىك يەر ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ، كائىناتقا قاراپ سەپەر قىلدى ۋە يەر ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، باشقا پىلانېتالاردا ياشاشنىڭ ماددۋىرلىرىنىمۇ باشلىۋەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-قۇدرىتى ماشىنا ئادەم ۋە ئېلېكتورونلۇق مېڭىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەنسۇپلىقلىرىنى ئىسلاھ قىلىپلا قالماستىن، باشقا جەھەتلەردىمۇ چەكسىز تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، ماكرو ئالەمنى كۆزىتىش جەھەتتە ئارىلىقى مىليارت نۇر يىلىدىن يىراق ئاسمان جىسىملىرىغا، مىكرولۇق ئالەمنى كۆزىتىش جەھەتتە بىلمىشلىرىمىزدىن تېخىمۇ كىچىك زەررىچىلەرگە قاراپ ئىچكىرىلىدى. تەرەققىيات قەدىمى بۇنداق چوڭ ۋە تېز بولۇپ كەتكەنلەر قەۋەت تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتقان مىللەتلەر بولمىسىمۇ، ھاياتلىق بەيگىسى يەر شارىدىكى ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىمۇ ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغانلىقتىن، بۇنداق تەرەققىياتقا يېتىشىۋېلىش پۈتكۈل ئىنساندلارنىڭ ئورتاق ئىشى بولۇپ قالدى. ھەرنېمە ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن بەختلىك، ئاجىزلىقى بىلەن بەدبەخت بولغاچقا، تەرەققىياتتا ئالدىمىزدا كەتكەنلەر بەختلىك بولغانىيرى، ئارقىدا قالغان قالاقلارغا قىيامەت قىيىن بولىدۇ. بۇنداق ئىكەن، زامانىۋدلاشتۇرۇش ئالدىدا ھاڭۋاقتىلىق قىلىشنى ئۆزىمىزنىڭ قول-پۇتىنى چۈشەش دەپ چۈشىنىمىز ۋە ئۆزىمىزنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇشنى ئادىمىلىك ھاياتنىڭ مۇتلەق شەرتى دەپ چۈشىنىمىز. شۇڭا، ھەرقانداق مىللەت زامانىۋىلىشىشنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش بىلەن بىر چاغدا، بۇنداق تەرەققىياتقا يېتىدشىۋېلىش يولىدا جان پىدا قىلىش، يولباشچىلار تارىخىنىڭ

لېكىن فېئودالىزمىنىڭ ئەرسىلىرىنى چۆرۈۋېتىمىز دەپ، بۇ ئۇلۇغ سەپەردە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى چۆرۈۋېتىدىغان ئالدىراڭغۇلۇق، ياقا خەلقلەر بىلەن مال ئۇستىدە سودا قىلغاندا مىللىي غورۇرنى يەرگە ئۇرىدىغان بەدقىلىقلار زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلپىدىكى ئىشلار ئەمەس. بىز چەت ئەللىكلەرنىڭ كىنو فىلىم-لىرىنى، ياپونىيىنىڭ ماشىنىلىرىنى، ياۋروپانىڭ كىيىملىرىنى، مودا بولغان تار ئىشتان ۋە گىرىم بۇيۇملىرىنى ئۆز لايىغىدا خوشاللىق بىلەن ئىمپورت قىلساق بولىدۇكى، ئىمپورت قىلغان ئەرسىلەر بىلەن قوراللىنىپ زامانىۋى ئادەملەرگە ئايلىنىمىز دېسەك بولمايدۇ. مىللىي روھنى، مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئارقىدا قالدۇرساق بولمايدۇ. چۈنكى ھەر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى دۇنيا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا مىللىي خاراكتېر ياراتقاندىلا دۇنيا مەدەنى-يىتىدە خۇش پۇراق گۈل بولۇپ ئېچىلىدۇ، ئەڭ تېز زامانىۋىلىشىدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش چەت ئەللەشتۇرۇش ئەمەس، مەنىۋى ئۆزگىرىش قىلىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئەقىل-پاراسىتىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، مىللەتنى دەۋرلەشتۇرۇش، بارلىق ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا مىللەتنى ئەلالاشتۇرۇش، مىللەتتە مەنىۋى ھەم ئىنسانىي ھۆرمەتنى ئۆستۈرۈش، داۋاملىق سەكرەپ ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك خەلق بولۇپ، دۇنيا خەلقىگە يارامىلىق ئوبراز بىلەن كۆرۈنۈش، يارامىلىق پاراسەت بىلەن مەدەنىيەت مېۋىسى تەقدىم قىلىشتۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھازىر ئىنسانلارنىڭ بىر بۆلۈكى تېخىمۇ ياخشى ھايات كەچۈرۈشكە بولىدىغان بوشلۇقلارنى ئىزدەش بويىچە بېكىنمىچىلىكلەرنى بۆسۈپ تاشلاشنىڭ تۈرلۈك خىتاپنامىلىرىنى

يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا يېڭىلانغان كىشىلىك ھاياتنى چۈشىنىشى كېرەك. ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، ئاپتوماتىك تىزگىنلەش، ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى، ئاۋ-ماتسىيە تېخنىكىسى، دېڭىز-ئوكيانلار قۇرۇلۇشى، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە قاتارلىق بىر يۈرۈش تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئىنسان-لارنىڭ ياشاش قىياپىتىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان چوڭقۇر ئىسلاھاتلىرىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېقىنقى تېخنىكىلار مەدەنىيىتى بىلەن بىللە ياشىشىنىڭ ئەھمىيىتى، مەسئۇلىيىتى ھەم ۋەزىپىلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئوبرازىدا ھاياتىي قۇدرىتىنى يوقاتقان ئۆتمۈشتىكى مۇھىتقا تەۋە نەرسىلەر بولسا چىقىرىپ تاشلاش كېرەك. بولۇپمۇ تۈز لىنىيىلىك ۋە تەكشى لىنىيىلىك تەپەككۇر قىلىش جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، گەۋدىلىك بولغان ئىجادىي تەپەككۇرغا سەل قاراش بىلەن يېڭى ھايات ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان تىراگېدىيىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زامان، دەۋر تەلىپى بويىچە ئۆزگىچە ياشاش ئېڭىنى تەۋرەنمەس يېڭى ئورۇنغا ئىگە قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىچكى مەزمۇن ۋە تاشقى قىياپەت جەھەتلەردىن ئۆزگىرىشچان ھاياتقا لايىقلىشىش كېرەك. ئەنئەنىۋى ئادەملەردەك بۇيۇملارنىڭ ماركىسى، خۇسۇسىيىتىدىن تارتىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئوبرازى، قىياپىتىگىچە نەچچە ئون يىللاپ بىر خىل تۇرۇشىدىن خۇشاللىنىدىغان ۋە لەززەتلىنىدىغان ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپلا قالماس-تىن، بەلكى يېڭىلىققا باشلامچىلىق قىلىدىغان ۋە تاشقى قىياپەت ھەم ئىچكى قىياپەت جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىلىققا ئۆزگە-

دەۋرىمىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى خەلقىمىز بىلەن بىللە ئورۇنلاش يولىدا، مىسلىي كۆرۈلمىگەن شىجائەت بىلەن ئۆگىنىش، زامانىۋىلىشىشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ئومۇمىي خەلقنىڭ بىلىم، ماھارەت، ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتە زامانىۋىلىشىشى ئاساسىدىكى دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىكى زور ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باتۇرلۇق بىلەن رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك.

دەۋر داشلىرىمىزنىڭ زامانىۋىلىششى ئۈچۈن مىكرولوق بورۇلۇش قىلىشقا كەلسەك، بۇمۇ ئۆزىمىزگە ۋە ئەۋلادلىرىمىزغا مەسئۇل بولۇش يولىدىكى ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي ئىش بولۇپ، بۇ ئىش بىزنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئىززەتلىك ئادىمى بولۇش ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىنسانلار تارىخىدىكى جەۋھىرى بىلىملەردىن ئۆگىنىش بىلەن بىر چاغدا، ئەقلىنى ئۆستۈرۈشنىڭ چارىلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىشكە تەقەززا قىلىدۇ. ئەقىل دۇلدۇلغا مىنىش ۋە ئۇنىڭ تېزگىنىنى پەزىلەت رولچىسىغا تۇتقۇزۇش دەۋر پاراستىنىڭ مېغىزى، ياشاش ھوقۇقىنى تالىشىشنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدۇر. شۇڭا، ھەربىر كىشى ئەقىل دۇلدۇلغا مىنىپ، ئۇنىڭ تېزگىنىنى پەزىلەت ئۇستىۈنلۈكى بىلەن ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزىگە: ئوبرازىمدا قانداق ئۆزگىچىلىكلەر بولغاندا، مۇشۇ دەۋر شەرت قىلغان ئاساسلىق مەدەنىيەت تەلىپىنىڭ ۋە يېڭى ھايات قويغان تەرەققىيات شەرتلىرىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايمەن؟ دېگەن سوئالنى قويۇشى كېرەك. مۇشۇ سوئال ئاساسىدا، بىرىنچىدىن، سەگەكلىك بىلەن ئۆزىنى دەڭسەپ ۋە مۇشۇ دەۋر كىشىلىرى تىرىشچانلىقى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىدە

ئاستىغا يېسۋېتىدۇ-دە، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى، ۋە-
تەنىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن غالىبىيەت سەپلىرىگە كىرگىلى قويمايدۇ.
روشەنكى، بۇ، كىشىلەرنىڭ ئەقلىدە غەيرىي نورماللىقنى پەيدا
قىلىدىغان كىشەن! بۇنداق كىشەننى چاقماي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىش، ھەممە يېرىدە گۈل-گىياھلار ئېچىلىپ تۇرغان بۇ
دۇنيانىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتلىرىنى مەزە قىلىش مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن
ئەمەس. بۇنداق روھىي ھالەتنىڭ ئاقىۋىتى قېيىداش، چۈش-
كۈنلۈك! بۇنداق روھىي ھالەتتىكى كىشىلەر دۇنيا تازا گۈللىنىپ
بىر يەرگە بارغاندا ھەتتا ئىنسانلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت
جەۋھەرلىرىگە توغرا باھا بەرمەستىن، "بۇ دۇنيا ئالدامچى
دۇنيا"، "يەر شارىدىكى ئىنسانلار پاسكىنچىلىقنىڭ ئۇرۇقى"دېگەن
ئەڭ بىمەنە خۇلاسىغا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۆزگىرىشچان دەۋرىمىزگە
لايىقلىشىش ۋە دەۋر ھاياتىنىڭ ياشلىق باھارىنى گۈللەندۈرۈش
ئۈچۈن، ھەركىم ئۆزلىرىگە قۇرۇۋالغان توزاقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش،
روھىي ھالىتىدىكى تىرىشماي تۇرۇپلا مەغلۇبىيەتنى كۈتۈش كىشەن-
لىرىنى چېقىپ تاشلاش، ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆزىگە خوجا بولۇش،
تىرىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، يېڭى ھاياتنىڭ لەززىتىنى
ئۆز ئەمگىكى بىلەن قولغا كەلتۈرۈش روھىي ھالىتىنى تۇرغۇزۇش
كېرەك.

قىسقىسى، زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن بولغان مىكرولۇق بۇرۇلۇشتا،
ھازىرقى دۇنيانىڭ پاراسەتلىك ياشاش ئۇسۇللىرىدىكى مەدەنىي
ئىلگىرىلەشكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئابىسا،
ئىندىۋىتىنىڭ مىللەتلەر ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش مۇساپىسىدا
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇشنى ئوردىنات قىلىپ، زامانىۋىلىشىش-

رىشنى قوغلىشىدىغان بولۇش كېرەك. بۇ، دەۋرىمىزنىڭ ئېگىزلىك مەدەنىيەت تەرەققىيات سۈرئىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مۇقەررەرلىك بولۇپ، گەرچە بەزىلەر دەۋرىمىزنىڭ مۇنداق تېزلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، ئەمما ئالدىراشچان شەكىللەنگەن مۇنداق ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى بىلەن جازالىنىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قەدىمكى زامان ۋە يېقىنقى زاماننىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ۋە بېكىنمىچىلىك ئېگى ھۆكۈمران بولغان چاغلاردا شەكىللەنگەن بەزى نەرسىلەر زامانىمىزنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشنى خالىمىسىمۇ، بۇنداق ئارزۇ پەقەت قۇرۇق خىيال بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ھازىرقى يېڭى ھايات ئىنسانلار مەدەنىيەت مۇساپىسىدىكى بىر قېتىملىق ئېگىزگە سەكرەش بولۇۋېرىدۇ. بۇنداق سەكرەشكە ئۆزى جۈرئەت قىلىپ ئاتلانمىغانلارنى دەۋرىمىز تەنقىدلەيدۇ. ئەيىبكە بۇيرۇيدۇكى، ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ ئېگىزگە سەكرەشنىڭ بالدىقىنى پەسكە چۈشۈرۈپ بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەركىم زامانىۋىلىشىشقا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئىجادىي دۇنيانىڭ ئېگىزگە سەكرەش مۇسابىقىلىرىنىڭ بىر تۈرىگە قاتنىشالايدىغان قابىلىيەتنى تېزلىكتە ھازىرلاش كېرەك.

راست دېگەندەك، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىدە ئۆرلەش ھەرىكەتلىرىدە ئاتلاپ ئۆتۈش ئەڭ تەس بولغان نەرسە كىشلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزى قۇرۇۋالغان توزاقلار، جۈملىدىن پسىخىك جەھەتتىكى تىرىشماي تۇرۇپ مەغلوپ بولۇش روھىي ھالىتىدۇر. بۇنداق ھالەت كىشىلەرنى ئالىلاقانداق تەقدىرى ئىلاھلارنىڭ ئاياغ ئاستىغا يىقىتىپ ئېگىزگە سەكرەشنى تەلەپ قىلىۋاتقان دەۋر روھى بىلەن زىتلاشتۇرۇپ، بەزى گالۋاڭ ئادەملەرنى ئاللاقانداق روھىي غايىبلارنىڭ

لىمىزنىڭ بۇنداق ئادەملىرىنىڭ سۈپىتى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ قاند-
داق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى ئادەملەر-
نىڭ سۈپىتى بىلەن، ئۆتۈپ كەتكەن دەۋر ئادەملىرىنىڭ سۈپىتى
بىلەن ئوخشاش بولۇشىمۇ مۇمكىن. زامانىۋى ئادەمگە بۇرۇلۇش
سۈپەتىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. سۈپەتىنىڭ ئۆزگىرىشىدە تەربىيىنىش
جەريانى بولىدۇ. بۇ جەرياندا، ئائىلە تەربىيىسى، مائارىپ، تۇر-
مۇش تەجرىبىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئۆزلىرىگە خاس رولىنى
جارى قىلدۇرىدۇ. بىر دۆلەتتە زامانىۋىلاشقان ئادەملەر قانچە كۆپ
بولسا، جەمئىيەت شۇنچە مەدەنىيەتلىك، ئەقىل بايلىغى مول، ئىلغار
جەمئىيەت بولىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۇرلۇك تەكشۈرۈشلىرى ۋە تەتقىقاتلىرى
بويىچە قارىغاندا، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشى تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا،
مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ زامانىۋىلىششى بولۇپ، زامانىۋىلاشقان
بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوبرازى ئەنئەنىۋى ئادەملەردىن پەرىقلىنىپ
تۇرىدۇ.

زامانىۋى ئادەملەر ئەنئەنىۋى نەرسىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇن-
مايدۇ. ئەنئەنىنىڭ مېغىزىنىلا ساقلاپ قېلىپ، شاكاللىرىنى تازد-
لاشقا، كونا تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن خوشلىشىشقا تەييار تۇرىدۇ،
ئۆز ئوبرازىنىڭ يېڭىلىنىشىدىن قورقمايدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەملەر
"مەن دېگەن مەن"، "مەن دېگەن مەندەك بولۇش كېرەك"، "مەن
دېگەن ئۆز پېتىمچە تۇرۇشۇم كېرەك" دەيدۇ ياكى كۆرسەتكەن
خىزمىتىنى پەش قىلىدۇ. زامانىۋى ئادەملەر بۇنداق قىلمايدۇ. "مەن
پەقەت بۇگۈنكى مەن"، "ئەتىگە بارغاندا يېڭىلىنىمەن" دەيدۇ.
تۈنۈگۈنكى خىزمەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، يۇمشاق

تىن ئىبارەت يېڭى ھاياتنىڭ سىمفونىيىسىنى ئەقىل بىلەن چېلىش كېرەك! دۇنيانىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشى-دىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى بىلىپ يەتمەيدىغان ھەر خىل يەككىلەر ئېڭى، ئومۇمنىڭ پاراستىنى ئۆستۈرۈشكە توسقۇن بولىدىغان كونا كېسەللەر مىللەتنىڭ زامانىۋى ئوبراز يارىتىشىغا زىيانلىق ھەرىكەت-لەر بولۇپ، بۇنداق ھەرىكەتلەردىن ئاڭلىق تۈردە چېكىنىپ چىقىپ، ئەجدادلار روھى ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان، ئەۋلادقا ئۈلگە قال-دۇرىدىغان زامانىۋى خەلقنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن ئەقىل ئۆگىنىش كېرەك.

### 3. ئەنئەنىۋى ئادەم ۋە زامانىۋى ئادەم

بىز زامانىۋىلىشىش تەلىپى بويىچە بۇرۇلۇش قىلىشنى تەكىتلى-گەندە، دۆلەت ئاھالىسىنىڭ ئەقلىي سەكرەشنى يادرو قىلغان زاما-نىۋى ئادەملەرگە ئايلىنىشنى كۆزدە تۇتىمىز، ئەلۋەتتە. زامانىۋى ئادەم دېگەندە، پەن-مەدەنىيەت بىلەن قوراللانغان، دەۋرىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ زاماننىڭ تەلى-پىدىن چىقالايدىغان، پرولېتارىياتچە ئەخلاق-پەزىلەت يېتىشتۈرگەن ئادەملەرنى كۆزدە تۇتىمىز. زامانىۋى ئادەمنىڭ يېتىلىشى ئۆزلۈكى-دىن بولمايدۇ ياكى تۇغما بولمايدۇ، كىشىلەر مودا كىيىملەرنى كىيىش، زامانىۋى ئۆيلەردە ئولتۇرۇش، چوڭ شەھەرلەردە ياشاش بىلەنلا زامانىۋى ئادەم ھېسابلانمايدۇ. بىر كىشىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇ-لىنى ئۆزگەرتىپ زامانىمىزنىڭ سەۋىيىسىدە تۇرمۇش كۆچۈرۈشى پەقەت ئۇنىڭ زامانىمىزنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنىلا ئىپادىلەيدۇ. زاما-

پۈتتۈرۈشكە دەخلى قىلىشىنى ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار، ۋاقىتنى قەدىر-لەپ، خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، سۆرەم-پالاسلىققا ياكى قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىدىغان مۇغەمبەرلىككە قارشى تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشتا تەرتىپكە ۋە ئىقتىسادچىللىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مۇھىتتا تۈرلۈك مەزمۇنلارنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەملەر ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار، مۇھە-تىنى ئۆزگەرتىشكە، ئۆزىنىمۇ مۇھىتقا لايىقلاشتۇرۇشقا تىرىشمايدۇ، ئىشلارغا ھورۇنلۇق قىلىدۇ، ئۆزەكى ئىشلاردىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ، خىزمەتلەردە سان قوغلىشىدۇ، ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياكى مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىغا قارىماي، ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەرگە ئېسىلىۋالىدۇ، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ياخشى-يامانىنى ئايرىيدۇ.

زامانىۋى ئادەملەر ئەقىل يېڭىلاشقا ئامراق، شۇڭا، ئۇلارنىڭ پىكىر يوللىرى كەڭ، كاللىسى ئوچۇق، پىكىر ھالىتى بىلەن ئەقىل ھالىتى ھەرىكەتچان، ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، يىراقنى كۆرىدىغان بولىدۇ. ئۇلار نەزەر دائىرىسىنى ئۆزىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىغىلا قارى-تىۋالماستىن، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ، جامائەتنىڭ مەنپەئەتى تەرەپكە قارىتىپ، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداق كاتتا ئىشلاردا ھەر خىل پىكىر بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىق تونۇپ، باشقىلارنىڭ ئوخشاشمايدىغان پىكىرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ پىكىرىنى ئاغدۇ-رۇپ تاشلىشىدىن قورقماي، بارغانسېرى ئادىل، ئىلمىي پىكىر قىلىپ جامائەتنى قايىل قىلىدۇ. قارشى پىكىردىكىلەرگىمۇ غەرەزلىك ھۇجۇم قىلمايدۇ. بەلكى داۋلى سۆزلەپ، قايىل قىلىش ئېلىپ

دىۋانغا ئولتۇرۋالمايدۇ، تۈنۈگۈنكى خىزمەتلىرىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن كەتكۈزۈپ قويغان ھەتتا ئازغان بولسىمۇ، چۈشكۈنلەشمەي، تەج-رىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئەقىل ئىشلىتىپ يېڭى يولغا قەدەم باسىدۇ. ئۇلار ئىلىم-پەندە، جەمئىيەتتە، تۇرمۇشتا يارالغان بارلىق يېڭى تەجرىبىلەر، يېڭى ئىدىيىلەر، يېڭى ھەرىكەت ئۇسۇللىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش پسىخىكىسى ئۇلارنى ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەملەر بولسا بۇنداق ئەمەس، ھەربىر ئىشتا ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەردىن بىرەر ئەندىزە تېپىۋېلىپ، ھارۋىنى كاتاڭدىن چىقارماي ھەيدەپ، بارغا شۈكرى قىلىپ ئۆتۈشنىڭ كويىدا بولىدۇ، ياكى باشقىلار ئىجاد قىلىپ بولغاندا، "مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان" دەپ تەييارغا ھەييار بولۇشنىڭ ئېپىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق پسىخىكىسى باشقىلارغا يۆلە-نىشكە، يۆلەنچۈكتىن پايدا ئالالىغاندا قىيداشقا، ھارۋا كاتاڭدىن چىقىپ كەتكەندە، يولدىن ئېزىپ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

زامانىۋى ئادەملەر مۇھىتنىڭ يېڭىلىنىشىنى سەممىيەت بىلەن قارشى ئېلىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ مۇھىتى، ئىچكى ئوبرازىغىمۇ دەۋر تۈسى بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئويغۇنلىشىش قابىلىيىتى، باشلامچىلىق قىلىش ئېڭى ۋە پاراسەت ئوبرازىنى بارلىق مۇھىت ئامىللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، ئۆزلىرىنى زامانىۋىلىشىش سېپىدىن چۈشۈرۈپ قويمايدىغان ئۇسۇللىنى تاللىۋا-لىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ مۇھىتنى تىزگىنلىشىگە، كىدىرماچلىقتىن تەرتىپلىك يولغا كېرىشكە، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، ئادەم قۇدرىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى تۈزىتەلىشىگە ئىشىنىدۇ. ۋاقىتنى، پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى ۋە باشقىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىش

رىئال مېۋە بەرگۈزىدۇ، بەخت يارا تقۇزىدۇ، كىشىلەرگە خوشاللىق، ھۇزۇرلۇق، يېڭىلىق، گۈزەللىك بەرگۈزىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇلار تارىخنىڭ ئۆزىگە بەرگەن سائەت ـ مىنوتلىرىنى قەدىرلەيدىغان پەزىلەتلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ھاياتنىڭ مېغىزىنى چاقىدۇ. بۇلاردىكى بۇنداق پىسخىك يۈزلىنىش ئۇلارنىڭ چارقىپلىكىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۈكسەك قابىلىيەتلىك كىشىلىك ھاياتنىڭ يولىدا ئايلاندۇرىدىكى، بۇ يولدا ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ باسقان خاسىيەتلىك ئىزلىرىنى قالدۇرىدۇ، ئەنئەنىۋى ئادەملەر ئۇنداق ئەمەس. بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى دېگەنلەرنىڭ چېكى ئانچە ئېنىق بولمايدۇ، قورساق تويسا، يالىڭاچ قالمىسا كەلگۈسىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. ھەتتا ئېغى، "بۈگۈن كۈن ئۆتسە، ئەتە خۇدايىم بار" دەيدۇ. ئۇلارنىڭ چارقىپلىكى جان بېقىشقا لايىق ئۈنۈم بىلەن ئۆز يولىدا ئايلىنىدۇكى، تەرەققىپەرۋەرلىك تەرەپتە يۇقىرى ئۈنۈم قوغلىشىدىغان قابىلىيەت بىلەن ئايلىنىمەن دەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدۇ.

زامانىۋى ئادەملەر بىلىمگەن ساھەلەردە ئىزدىنىشنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار مەقسەتلىك، پىلانلىق تۈردە بىلىمنى، ياشاش ماھارىتىنى يېڭىلاشقا، ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىلىمنى، ئەقلنى، قابىلىيەتنى قەدىرلەش ۋە بۇلارنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش كەيپىياتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار ئىلمىي تەجرىبىلەرگە، پاكىتقا ۋە ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىدۇ. خۇراپىيلىققا ئىشەنمەيدۇ.

بارىدۇ، مۇھىم ئورۇنغا چىققاندىمۇ ئۆكتەملىك قىلىپ باشقىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلىرىنى باسمايدۇ، يۇقىرىنىڭ پىكىرىگە قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ ۋە يۇقىرىنىڭ توغرا يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي غەرەزلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باسۇرۇپ قويمايدۇ. كىشىلەرگە ئەمەلىي نەپ كەلتۈرمەيدىغان قۇرۇق گەپلەرگە ئىشەنمەستىن، ئوبرازلىق سەزگۈلىرىگە، ئىسسىق-سوغاقلىقنى، قاتتىق-يۇمشاقلىقنى بىلىنىپ تۇرغان جانلىق ئوبيېكتىپلىققا ئىشىنىدۇ، سۇبيېكىپ بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ بىرلىكىنى قوغلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ پاراسەت ئوبرازى يارقىن، ئىچكى دۇنياسى جاسارەت بىلەن تولغان بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەملەر ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار شەكلەن ئىشلارغا بېرىلىدۇ، مەسىلىلەرگە ئىزدىنىش پوزىتسىيەسى تۇتمايدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر قىلماي، قاتمال تەپەككۇر قىلىدۇ. جامائەت ئىشلىرى ئالدىدا تولۇق جاۋاپكار بولماي، ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ دەپ، شەكلەن نەرسىلەرگە ھېرىس بولۇپ، كۆز ئۆتكۈزگەنلىككە خوش بولىدۇ. ماھىيەتلىك ئىشلارغا بىپەرۋالىق قىلىدۇ. ھەتتا تېخى، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ تۆۋەننى باسىدىغان ئىشلاردىنمۇ يانمايدۇ.

زامانىۋى ئادەملەر "ھازىر"نى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، كەلگۈسىنى ئىگەللەيدۇ. ئۇلار ھەردەقىقە "ھازىر"نىڭ مەزمۇنلۇق بولۇشىنى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆتمۈش ۋە كېلىۋاتقان ئىستىقبالنىڭ سىمۇولى دەپ بىلىدۇ. ئۇلار تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەينەك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەجدادلارنى ئۇنتۇمايدۇ. ئەمما ئۆتمۈشكە قايتىشنى ۋە ھازىرقى كۈندە تېگىرقاپ يۈرۈشنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار كەلگۈسكە تەلپۈنىدۇ، ھەردەقىقە "ھازىر"نى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى ئىنسانلارغا

دىكى پازاسەتلىك باتۇرلۇقى بولمايدۇ. زامانىۋى ئادەملەر پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىت، يېڭىلىق يارىتىدىغان مېخانىزىم ۋە مۇۋەپ-پەقىيەت قازىنىدىغان پۇرسەت كۆپ ھاللاردا ئىزدىنىش ۋە دەرمەھەل-لىك خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، كېيىنكى كەلگەنلەر ئۇلارغا تېخىمۇ كەسكىنلىك كېرەك بولىدۇ، مۇشۇنداق مۇھىت، مېخانىزىم ۋە پۇر-سەت تۇتۇلمايدىكەن، ئىجادىيەت پىلانى ئىشقا ئاشمايدۇ. ئەمما، ھەمكارلىق روھى، خەلقچىللىق ئېڭى كەم بولسىمۇ بولمايدۇ،

زامانىۋى ئادەملەر ئۆزلىرىنى بىر دەۋرنىڭ يۇقىرىسى ھېساب-لايدۇ. كەلگۈسى ئەۋلادنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. دەۋرنىڭ ئۆزلىرىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى تولۇقى بىلەن ئورۇنداپ، مۇشۇ دەۋردە ئۆزىگە ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئەۋلادلارغا يول ئاچىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇ دەۋرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرىپ، بالا-چاقىلىرىنى مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە قىلىشقا، پەن بىلەن تەربىيىلەشكە جان تىكىدۇ. ئۇلار يەنە، دەۋر پۇخرالىقىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، قانۇن-تۈزۈمنى مۇقەددەس بىلىپ، ھەممە كىشىنىڭ دۆلەت قانۇنى ئالدىدا باراۋەر بولۇشىنى، قانۇن بەرگەن كىشىلىك ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ياقلايدۇ. ھوقۇقنى قانۇن ئۈستىگە قويىدىغان ياكى شەخسىي نەپسىنى دەپ دۆلەت ۋە جامائەت بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالىتى بولغان قانۇن-نى دەپسەندە قىلىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ، ئىمتىيازچىلىقنى ئۆچ كۆرىدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەملەر مۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئۇرتە-ھاللىقنى ئەلا بىلىدۇ، كونا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلايدۇ. دەۋرنىڭ

ئۇلار ئورۇن-مەرتىۋە تالاشمايدۇ، مۇھىم ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەقىقىي بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.
شۇنداق بولغاچقا، ئۆزلىرىگە يېڭى ئەقىل بەرگەن ۋە كىشىلەرنى
جىسمانىي ھەم ئەقلىي جەھەتلەردىن تېخىمۇ زور ئازادلىققا ئېرىشىپ
ماڭىدىغان ئىجادىي پائالىيەت قىلغۇچىلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ھەسەت-
خورلۇق قىلمايدۇ. ئۆزلىرىمۇ ئۇلارنىڭ قەدەملىرىگە يېتىشىۋېلىش
ئۈچۈن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن دوستانە مۇسابىقىگە
چۈشىدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەملەر ئۇنداق ئەمەس، نەچچە ئون يىل بىر
خىل يۈرۈشنى خالايدۇ، بىر قېتىم ئالغان بىلىمى بىلەن ئۆمۈرۋايەت
جان بېقىشنى ئويلايدۇ. ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە ئەقلىنى يېڭىلاش ۋە
ئۆستۈرۈش كويىدا بولمايدۇ. ھەتتا بەزى ئەنئەنىۋى ئادەملەر
ئۆزى بىلىم يېڭىلاش، ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىجاد قىلىش
ھەرىكەتلىرىدە ئارقىدا قېلىش بىلەن قالماي، زامانىۋى ئادەملەرنىڭ
ئەقلىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە ھەسەت قىلىپ، "مەن قىلالمى-
غاننى ساڭىمۇ قىلدۇرمايمەن" دېگەن خىيالدا بولىدۇ.

زامانىۋى ئادەملەر قالايمىقان ۋە تۇراقسىز ھادىسىلەرنى تەرتىپ-
لىك ۋە تۇراقلىق قىلىش ھەققىدە ئىزدىنىدۇ، مۇرەككەپ مەسىلە-
لەرنى يېشىشكە كۈچلۈك قىزىقىدۇ. تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئوت-
تۇرىسىدا، ئوخشاشمايدىغان پەنلەر ئوتتۇرىسىغا كۆۋرۈك قويۇشنى
ئويلايدۇ. شەيئىلەرنى ياخشى تەرەپكە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يۈكسەك
دەرىجىدە سەبرى-تاقەت بىلەن تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ، كىشىنى
چۆچۈتىدىغان جاسارەت بىلەن ئىشلەيدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار يېڭىلىق
ئۈچۈن ئىزدىنىش يولىدىكى تاغ يۈرەكلىككە بەيئەت قىلىدۇ. چۈنكى
تاغ يۈرەكلىك بولمىسا زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئىجاد قىلىش يولى-

قىزارماي تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈندۇر.
دەرۋەقە، كەلگۈسىدىكى ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ئۈچۈن، هازىرقى ئىشلارنى ياخشى قىلىش كېرەك. چۈنكى كەلگۈسى ھەققىدىكى ئەڭ ياخشى پىلان كىشىلەرنىڭ هازىرقى ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشتا ماهىر بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. كەلگۈسى ئادەملەرمۇ زامانىمىزدىكى زامانىۋى ئادەملەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئىدىيە ۋە ئىنتىقات جەھەتلەردە مۇۋاپىق بولغان بىر ئوبرازنى ئۆزلۈكسىز قوغلىشىشى ئارقىسىدا يېتىلىدۇ. لېكىن، كەلگۈسى ئادەملەر سىرلىق ئادەملەر ئەمەس. كىشىلەر زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەملەر ئوبرازىنىڭ خاتىمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ھامان، كەلگۈسى ئادەملەرنىڭمۇ زامانىمىزدىكى زامانىۋى ئادەملەرنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئالالايدۇ. شۇنداق ئىكەن، كەلگۈسى ئادەملەرنىڭ غۇۋا ئوبرازى ياكى زامانىۋى ئادەملەرنىڭ يۈزلىنىشى نېمە؟
بىز ئادەمنىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشىنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتقا يۈزلىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ يۈز يىلغا يەتمىگەن چاغدا ئىجاد قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، بۇرۇنقى بارلىق دەۋرلەردە ئىجاد قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى، ماركس بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چاغدىن باشلاپ هازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ زور بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىكى باشقا ئامىللارنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت ئەقلىي ئامىلنىلا ئەسكە ئالىدىغان بولساق،

يۈكلىگەن ۋەزىيىسنى بەزى قىيىنچىلىقلارغا باش ئېگىپ ئورۇندىيال۔ مايدۇ. ھەتتا نورمال ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى دەپ باللىرىنى ئوقۇتمايدۇ، خۇددى بالا دېگەننى ھۆكۈمەت خادىمى بولۇشقا تاپقاندەك، ھۆكۈمەت ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسگە ئوخشاش خىزمەت بەرمەيدىكەن دەپ باللىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالىدۇ. "ئاتا كەسپى" دەپ ئاتالغان ئۇششاق ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆزىنىڭ ھەم بالا ـ چاقىلىرىنىڭ جان بېقىش ۋاستىسى قىلىپلا قالماستىن، ئۇنى ئەۋلادىغىمۇ يۈكلەپ، كەلگۈسى ئەۋلادىنىڭمۇ باپكا، نىمكا، كەكە ۋە پالتۇ بىلەنلا قوراللانغان ياغاچچى، كاپىلغۇچ بىلەن بىر ئۇستىرانى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بىر ئۆمۈرنى ئۆتكۈزىدىغان سەتىراچ، بىر كىتابنى يادىۋېلىپلا بىر ئۆمۈر ئۇنى تەكرارلاش بىلەن ئۆتىدىغان قارى بولۇشنى...ئۈمىد قىلىدۇ.

## 4. كەلگۈسى ئادەم ۋە ئىجادىيەت

زامانىۋى ئادەملەر ئەنئەنىۋى ئادەملەر بىلەن كەلگۈسى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ياشاۋاتقان ئىكەن، تەبىئىي ھالدا ئەنئەنىۋى ئادەملەر ئاچقان يولدا مېڭىپ تۇرۇپ زامانىۋى ئادەمگە ئايلىنىدۇ ۋە ئىزچىسى بولغان كەلگۈسى ئادەملەرنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يۈزلىنىشنى تاللايدۇ. زامانىۋى ئادەملەرنىڭ بۇنداق قىلىشى كەلگۈسى ئادەملەرگە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ئەندىزىسى ياساپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى كەلگۈسىدىكىلەر نەزەرگە ئالغۇدەك ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلاپ يۈگۈرۈش كالتىكىنى ئۇلارغا

رولى تېخىمۇ كۆچىيىپ بارىدۇ.

مۇسابىقە ۋە جىدديي ئۆزگىرىشچانلىق بىلەن خاراكتېر-لىنىدىغان كەلگۈسدە ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، زامانىۋى ئادەملەر مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىپ كەلگۈسى ئادەملەرگە ئورۇن بېرىدۇ. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئۇنۇم ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي ئۇنۇمنى دەۋر قىلىۋاتقان دەۋرىمىزنىڭ چاقىي دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرگە ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈستۈن تەلەپ قويغان ئىكەن، كەلگۈسى جەمئىيەت ئۆز ئادەملىرىگە ئىقتىسات، پەن-تېخنىكا جەھەتلەردىلا يۇقىرى تەلەپ قويۇپ قالماستىن، ئەخلاق، پەزىلەت جەھەتلەردە تەلەپ قويىدۇ. ھازىرقى سەۋىيىمىز بويىچە ئېيتقاندا، پسىخىك خۇسۇسىيەت ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتلەردىن كىشىلەرنى ئۆزگەرتىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتىنى كەلگۈسى جەمئىيەت ۋە كەلگۈسى ئادەملەرنىڭ شەرتى دەپ ئاتاش مۇمكىن.

بىرىنچى، كۇنسايىن بىلىم ئەھلىگە ئايلىنىش كەلگۈسى ئادەملەر-نىڭ تەرەققىياتىدا ئەڭ نېگىزلىك ئامىل بولىدۇ. چۈنكى يېڭى تېخنىك ئىنقىلابى مۇسابىقىسىنىڭ يادروسى ئىختىساسلىقلار مۇسابىقىسى بولۇپ، ئىختىساسلىق بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم كاپىتالى بىلىمدۇر. كەلگۈسى ئادەملەر ھازىرقى كۈندە ئىختىساسلىقلارنىڭ كاپىتالى بولغان بىلىمنى ئۆزىنىڭ كاپىتالى قىلىدۇ. بىلىم ئىككى خىل فۇنكسىيىگە ئىگە: بىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى فۇنكسىيىسى، يەنى ئۇ ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە. يەنە بىرى ئەقىل فۇنكسىيىسى، يەنى

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئەقلىي ئامىلنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان ياپونىيەنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھازىر ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قۇرۇپ ـ قاقجىراپ كەتكەن، ئۇرۇش خارابىلىقىدا قالغان ياپونىيەنىڭ مۇنچىۋالا تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟

دۇنيا ۋە ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىچە، ئۇلارنىڭ ھەربىر مۇۋەپپەقىيەتكە تۈپلۈك تەسىر كۆرسىتىپ ماڭغان ئورتاق بىر نەرسە "پارتىلاتقۇچ ماتېرىيال" دىن، يەنى ئەقىلدىن ئىبارەت بولغان، ياپونىيە ئەقىل بولۇقىنى ئېچىشقا كاتتا مەبلەغ سېلىپ، ئەقىلنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بولۇش فۇنكسىيەسىنى تولۇق ئىشقا سالغان. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ ئەقىللارنىڭ ئونىۋېرسال بىرلىكى ئۇلارنىڭ گۈللىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئونىۋېرساللاشتۇرۇش ــ ئىجادىيەت دېمەكتۇر. يېقىنقى زامان ياپونىيەنىڭ ئىدىيىۋى تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى يازغان ئەسەرلەردە، ياپونىيەنىڭ گۈللىنىشىنى مىللىي ئۆزگىچىلىك ئاساسىدىكى ئەقىل ۋە ئىجادچانلىققا مەنسۇپ قىلغان.

دېمەك، ئەقىل ۋە ئىجادىيەت مەيلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش ۋە دۇنياغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشتە بولسۇن، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى، ئىنسانلار بىلىمىنىڭ تېز يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەقىل بىلەن ئىجادىيەتنىڭ

بىلىم دېگەن ھامان چەكلىك بولغاچقا، ئۆزگىرىشچان دۇنيادىكى مەسىلىلەرنى تەييار بىلىملەر بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولسا، دۇنيادىكى ھەممىنى يىغىنچاقلاپ ئالالايدۇ، ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ، بىلىمنى ئۆستۈرەلەيدۇ. كەلگۈسىدە شۇ تاپتىكى بېرەر سۆزگە ئېسىلىۋېلىپ خىزمەت ئىشلەش ۋە ياكى "كېيىمىز يۈزدە-يۈز توغرا" دەپ تۇرىۋېلىشلار تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى يېتىلگەن ئادەملەرنىڭ قابىلىيەت، ماھارەت كۆرسىتىش سورۇنلىرىدا ئەڭ زور ئاجىزلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، مەسىلىلەرنى ئىجادىي ئويلاش، ئىپادىلەش ۋە ھەل قىلىش قابىلىيىتى كەلگۈسىدە پۈتكۈل جەمئىيەت يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئىجادىي قابىلىيەت ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ يادروسى بولۇپ، مۇشۇ قابىلىيەت بولغاندىلا، ئىجادچان كەلگۈسى جەمئىيەتتە يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئۇسۇل يارىتىپ ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى شاللىنىپ كەتمەي تۇرغىلى بولىدۇ. توپلېرنىڭ «كەلگۈسىدىكى تەۋرەش» دېگەن كىتابىدا ئېيتىشىچە: "كەلگۈسىدىكى تېخنىك ئۇچۇن ئېھتىياجلىق بولغىنى نەچچە يۈزلەپ كىتاب مولللىسى، ئايىغى چىقمايدىغان تەكرار خىزمەتلەرنى ئوخشاش قەدەم بىلەن ئورۇندايدىغان ئادەملەر بولمايدۇ. ئۇ قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىشنىلا بىلىدىغان، يۇقىرىغا مېخانىك ھالدا بويسۇنۇش بىلەن تۆمۈر تاۋاقنى ساقلايدىغان ئادەملەرگە ھاجەت بولمايدۇ. ئۇ تەنقىدىي ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، تۈرلۈك يېڭى ۋە غارايىپ مۇھىتلاردا يول تېپىپ ماڭالايدىغان، جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان رېئاللىقتىن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئادەملەرگە ھاجەت بولىدۇ...كەلگۈسى دۇنيا ئېھتىياج-

ئۇ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، تەپەككۇرنى قوزغاش رولىنى ئوينايدۇ. ھازىرقى زامان بىلىم قاتلىمىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بىلىم شىددەتلىك پارتلاش ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. كەلگۈسى ئادەملەر بىلىملىك بولغاندىلا ئىجادچان بولالايدۇ، ئىجادچان بولغاندىلا جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ كەتمەيدۇ. بىلىم مەسىلىسىدە ئىشىكنى تاقىۋېلىش، يېرىم-ياتا بىلىمگە قانائەت قىلىش ياكى ئۆزىنى ئالەمچە چوڭ كۆرۈش، قارىغۇلۇق بىلەن مەغرۇرلىنىش قاتارلىقلار كەلگۈسىدە تازا كۆلكىلىك ئىشلارغا ئايلىنىدۇ. بىلىمسىز قوماندانلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئومۇميۈزلۈك چۈشۈپ كېتىدۇ. دېمەك، 21-ئەسىردە بىلىمسىز ئادەملەر توپىلاشقان دۆلەت ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىدۇ، گادايلىق بىلىمسىزلەر بار يەردىلا ئەگىپ يۈرىدۇ.

ئىككىنچى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە كۆزىتىش قابىلىيىتى كەلگۈسى ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئايلىنىدۇ. 21-ئەسىرگە بارغاندا، تەپەككۇردىكى قاتماللىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، "ھە-ھە، ياق-ياق" دەيدىغان مېتافىزىكىچە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا، "ياكى... ۋە ياكى..." دەيدىغان رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىلىپ، مېڭىسىگە قارىمۇقارشى پىكىرلەرنى سىغدۇرۇپ تۇرالايدىغان، قارشى بولغان تەرەپتىن مەسىلىلەرنى ئويلاپ كۆرەلەيدىغان، مېڭىسىدە قارىمۇقارشى ئىككى خىل پىكىر تۇرسىمۇ ئۆتكۈر كۆزىتىش ۋە ئەركىن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىشلارنى توغرىلىققا ئېلىپ كېتەلەيدىغان بولۇش ئادەملەرنىڭ ئەقىللىقلىقىنى سىنايدىغان ئۆلچەملەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئېيىنشتېيىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، "تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بىلىمدىنمۇ مۇھىم" بولىدۇ.

ئۇنىڭ شەخسىيەتچىلىك قىلىشقا ھامىي بولمايدۇ؛ ھەر كىمنىڭ مۇستەقىل ئىجادچانلىقىغا يېقىندىن دىققەت قىلىدۇ، ئەمما ئىجادىيەتنىڭمۇ كوللېكتىپ ھەرىكەت ئىكەنلىكىگە سەل قارىمايدۇ." («ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ھاياتى» دېگەن كىتابىدىن)

قۇلىقىغا قۇيۇپ قويۇشنى مەركەز قىلغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى ئىجادىي قابىلىيەتنى يېتىشتۈرۈشنى مەركەز قىلىدىغان خىلمۇخىل ئىلھاملاندۇرۇش شەكلىدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ئىگىلەيدۇ. ئىجادىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش، ھەسەت قىلىش ھەرىكەتلىرى كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ناپاكلىق ھېسابلىنىدۇ ياكى دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان تەنقىدلەرنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، خاسلىقنىڭ مۇستەقىللىشىشى كەلگۈسى ئادەملەرنىڭ قىممەت قارىشىدىكى مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى كەلگۈسى جەمئىيەت پەن-تېخنىكا تازا گۈللەنگەن جەمئىيەت بولىدۇ. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىستېمال تەلىپىنىڭ كۆپخىللىقى، يېڭىلىقى، ئىندىۋىدۇئاللىقى تاۋار بازارلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۇنى تاشلاپ بۇنىڭغا ئۆتىدىغان، بۇنى تاشلاپ ئۇنىڭغا ئۆتىدىغان يەككىلىك تاللىشىنى تېزلىكتە ئۇنىمۇ ھەم بۇنىمۇ كېرەك قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال تاللاشقا ئۆزگەرتىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش ئىشلەپچىقىرىشتا يېڭى يۈكسىلىش پەيدا قىلىدۇ. كارخانا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولسىمۇ، تۇرمۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ، ھەتتا كىشىلەرنىڭ

لىق بولغىنى...قان قېنىدىن كەلگۈسىنى كۆزلەيدىغان ئادەملەردۇر".
21 ـ ئەسىردىكى جەمئىيەت نەزىرىنى ئەتىگە، ئۆزگىرىشكە تىكىپ تۇرىدىغان، مۇستەقىل ئىجاد قىلالايدىغان، ئىجادىي تەپەككۇر قىلالايدىغان ئادەملەرگە ھاجەت بولىدۇ. بۇ چاغدا، ئىشچانلارنى مۇكاپاتلاپ، ھورۇنلارنى جازالاش ئۇسۇلى "مەلۇم چەكتە مۇنازىر قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەرنى مۇكاپاتلاش، قارىغۇلارچە بويسۇنغۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى جازالاش" ئۇسۇلىغا ئۆزگىرىدۇ. "ئۆزى قىلىۋاتقان خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، نوپۇزغا قارىغۇلارچە باش ئۇرمايدىغان، مۇستەقىل قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغانلار ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى كۈچلۈك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دەپ قارىلىدۇ" (توپلىرىنىڭ: «ئۈچىنچى قېتىملىق دولقۇن» دېگەن كىتابىدىن) بۇنداق ئىشچىلار 21 ـ ئەسىردە ئەڭ قارشى ئېلىنىشقا ئۇچرايدىغان ئىشچىلار بولىدۇ.
"كەلگۈسىدە ئىجادىي قابىلىيەتنى يېتىشتۈرۈش ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان داۋاملىق مائارىپ خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىنقى چوڭ ۋەزىپىسىگە ئايلىنىدۇ. كىشىلەر سەل قاراپ كەلگەن ئىجادچانلىقنى يېتىشتۈرىدىغان بەزى مائارىپ پرىنسىپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلىدىغان پرىنسىپلارغا ئايلىنىدۇ. 21 ـ ئەسىرنىڭ مائارىپى ھەربىر ئادەمنىڭ ئىجادچانلىق روھى ۋە ئىجادىي كۈچىنى قوغدايدۇ ۋە ئۇنى چىن تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى بار يەرگە قويۇشتىن ۋاز كەچمەيدۇ؛ مەدەنىيەتنى تارقىتىدۇ، ئەمما تەييار ئەندىزە بىلەن ئۇنى باسمايدۇ؛ ئۇنىڭ تالانتى، قابىلىيىتى ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىدۇ، ئەمما

تولۇق بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي يەكۈن دەپ ھۆكۈمالىق قىلالمايدۇ. ئەمما، بۇ مۇلاھىزە ۋە پەرەزلەرنىڭ تولىسى دۇنيادىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە جەمئىيەت ئەرباپلىرى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ نېگىزلىك پىكىرلىرىگە بىنائەن زامانىۋى ئادەم بولۇشنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىنىڭ ئاساسىي نىشانىنى بېكىتىشكە بولىدۇ. ئەڭ ئىخچام سۆز بىلەن ئېيتقاندا، كەلگۈسى جەمئىيەت بىلىم زىچ مەركەزلەشكەن ئىجادچان جەمئىيەت بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىغان تېخنىك ئىنقىلابىنى مەلۇم مەنىدىن "بىلىم ئىنقىلابى"، "ئەقىل ئىنقىلابى" دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، كەڭ بىلىم بىلەن قوراللانغان ئىجادچان ئادەملەر جەمئىيەتتە تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان تېخنىك ئىنقىلابى ئەڭ باي دۆلەتلەر قاتارىدا ئەڭ نامرات دۆلەتلەرگىمۇ تەرەققىيات پۇرسىتى بېرىدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە سانائەتنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشنىڭ پۇرسىتى ۋە ئىمكانىيىتىنىمۇ بېرىدۇ. بۇ پۇرسەتلەرنى ئىگىلەش ۋە ئۆز مىللەتلىرىنىڭ ئىززىتىنى ساقلاش ئۈچۈن كىشىلەر زامانىۋى ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەش ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە يۈزلىنىش ئالامەتلىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىشى كېرەك.

كۆڭلىگە يارىشا تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ بەزى كارخانىلار كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، دىرىكتورنىڭ جەمئىيەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتمىگەن خىيالى بويىچە تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ بەزى كارخانىلار تاقىلىپ كېتىدۇ. ھەربىر ئەمگەك كوللېكتىپىنىڭ جانلىق، تېتىك بولغان ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادچانلىقى جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ساغلام، ئاكتىپ، مەدەنى پائالىيەت قانات يايدۇرۇلۇپ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سەممىي ئالاقە قەدىرلىنىدۇ. خاسلىقى بار شەخسلەرنىڭ ئۇيۇشۇشى كەلگۈسىدە كوللېكتىپىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئەخلاق، خىسلەت، جىسمانىيەت، ئېستېتىكا جەھەتلەردىكى تەربىيە تېخىمۇ تولۇقلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى چۈشىنىش، باشقىلارنىڭ خاسلىقىنىمۇ چۈشىنىش؛ ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارنىڭ خاسلىقىنىمۇ ھۆرمەتلەش؛ ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، باشقىلارنىڭ خاسلىقىنىمۇ جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلار شەخسىي، جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىزچىللىشىدىغان غايە بولۇپ تىكلىنىدۇ.

روشەنكى، كەلگۈسى جەمئىيەت (21 - ئەسىرگە بارغاندا) ۋە كەلگۈسى ئادەملەر ئۈستىدىكى مۆلاھىزىمىز پەقەت تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلىپ كېلىدىغان دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەر نۇقتىسىدىن بولۇپ، ھەرگىزمۇ نىسپىي تەھلىل ئەمەس ھەمدە ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، يېڭى تېخنىك ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ زامانىمىزغا ئېلىپ كەلگەن ۋە كەلگۈسىگە ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى ھەققىدە تۈرلۈك مۆلاھىزە ۋە پەرەزلەر بار. مۆلاھىزە ۋە پەرەزلەرنى ھېچكىممۇ

# 智慧与品德

(维吾尔文)

依斯拉木江著

民族出版社出版发行　各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米　1/32　印张：17 3/4
1990年6月第1版
1990年6月北京第1次印刷
印数：0001—11,000册
ISBN 7—105—01096—7/G·57
民文　（维 2）　定价：4.15元



ISBN 7—105—01096—7/G·57
民文（维 2） 定价：4.15元